تۇردى سامساق



# ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر

ISBN 978-7-5371-2335-8

9 787537 123358 >

باھاسى: 25.00 يۈەن

تۇردى سامساق

# ئەرشتىن كەلگەنلەر

( رومان )



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：阿布力孜·克尤木
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
封面设计：阿里甫·夏

www.uyghurkitap.com

# 从阴间来的人（维吾尔文）

吐尔地·沙木沙克　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　12.5 印张
2008年4月第2版　2008年4月第1次印刷
印数：1—5000

ISBN978-7-5371-2335-8　定价：25.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىز قېيۇم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر

ئاپتورى: تۇردى سامساق

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا، 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 12.5
2008 - يىل 4 - ئاي 2 - نەشرى
2008 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978—7 — 5371 — 2335 — 8
سانى: 1—5000
باھاسى: 25.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# نەشرىياتتىن

شائىر ۋە يازغۇچى تۇردى ساماساق 1923 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ، دەسلەپكى ساۋاتىنى ئۆز يۇرتىدا چىقىرىپ بىرقانچە يىل مەكتەپتە ئوقۇغان بولسىمۇ ، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغان . تۇردى ساماساق 1942 ـ يىل 3 ـ ئايلاردا قەشقەردىن چىقىپ كېتىپ ، ئىلى ، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا بارغان ، 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ، ئارمىيىدە تەشۋىقاتچى ، ھەربىي مۇخبىر ۋە كەڭساي ئاتلىق ئىسكادرونىنىڭ مۇئاۋىن يېتەكچىسى ، زەمبىرەكچىلەر قىسمىدا ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ كومىسسارى بولۇپ ئىشلىگەن . مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 ـ كورپۇسى بولۇپ قايتا تەشكىل قىلىنغان چاغدا ، تۇردى ساماساق مەزكۇر كورپۇسنىڭ 14 ـ دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمىدە تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ، دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ ۋاقىتلىق باشلىقى بولغان ، 1951 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇرۇمچى ھەربىي رايون قارمىقىدىكى ھەربىي ـ سىياسىي كۇرسىنىڭ 2 ـ قارارىدا ئوقۇغان ھەم ئوقۇش تاماملاپ ، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپى تىل ـ ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان .

تۇردى ساماساق 1954 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ «ئالغا» ژۇرنىلىدا ، 1956 ـ يىلىدىن تارتىپ «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم» ) ژۇرنىلىدا ئىشلىگەن ، كېيىنكى يىللاردا «سول» لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە

ئۇچراپ، خىزمەتتىن ئايرىلىپ كۆپ رىيازەت چەككەن. 1979 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئىشلەپ، ئاساسەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ھادىسىگە ئۇچراپ، 69 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تۇردى سامساق ئەدەبىيات ساھەسىگە 1947 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن، شۇنىڭدىن تارتىپ ئىزچىل شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ياشلىقىم»، «ئىلتىجا»، «دوستلۇق تەشەككۇرى»، «يۈرەك»، «كەچۈر مېنى»، «بەخت يولتۇزى»، «كۆكۈل سۆيگۈسى»، «يېشىل يايلاق»، «كېچەش» قاتارلىق يۈزلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېمىسى، پىكرى يېڭى، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئوبرازلىق، تىلى تاللانغان، ئاممىباب بولغاچقا، خەلقىمىز ئارىسىغىمۇ كەڭ تارقالغان.

تۇردى سامساق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى. ئۇ، 50 ـ يىللاردىن تارتىپلا ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «قەشقەر گۈزىلى»، «سىرلىق ساندۇق»، «بەش تال ئوق»، «تىيانشان باغرىدا»، «ئىنتىقام»، «يۈرەك سىرلىرى» قاتارلىق بىر مۇنچە ھېكايە ـ پوۋېستلارنى ھەم «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ناملىق رومانىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

تۇردى سامساق دراما ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇپ، «قەھرىمان قىز»، «ئۆي ئىشىمۇ ئىش»، «تۇرمۇشتا كۈرەش» قاتارلىق درامىلىرى سەھنىلەردە ئوينالغان ۋە رادىئودا بېرىلگەن.

تۇردى سامساقنىڭ هازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «كۆكلەم» (1957 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، «ياشىل باغرىدا» (1982 ـ يىل ، مىللەتلەر نەشرىياتى) ناملىق ھېكايىلار توپلىمى ، «بەشكېرەم» (1983 ـ يىل ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، «ئۆچمەس يۇلتۇزلار» (1985 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) ناملىق ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى ، «يۈرەك سىرلىرى» (1988 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» (1985 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) ناملىق رومانى قاتارلىقلار بار . ئۇنىڭ بىر مۇنچە ئەسەرلىرى مۇكاپاتلانغان ھەم چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان .

تۇردى سامساق هايات ۋاقتىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى .

«ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» مەرھۇمنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ ، شىنجاڭنىڭ ئالدىنقى ئەسىر ئازادلىق ھارپىسىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق بىرقەدەر جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بىز مەزكۇر رومانىنى قايتا نەشر قىلىش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئەمگەكلىرىگە بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىمىزنى بىلدۈرىمىز .

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

### قەشقەر قىزى


مۇقەددىمە ........................................ 3
بىرىنچى باب بۇ قىسسە مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ ........... 5
ئىككىنچى باب قوڭغۇراقلىق مەپە .................... 23
ئۈچىنچى باب ئاشخانىدىكى ئۇچرىشىش ................. 30
تۆتىنچى باب گۈلقىز ................................ 40
بەشىنچى باب مۇھەببەت گۈلزارى ..................... 55
ئالتىنچى باب ئالتۇن زىرە ........................... 74
يەتتىنچى باب پىغانلىق كۈنلەر ....................... 93
سەككىزىنچى باب كۈنلىرىم .......................... 98
توققۇزىنچى باب سىرلىق سۆھبەتلەر .................. 113
ئونىنچى باب قەشقەر ئاسمىنىدا قانلىق بۇلۇتلار ........ 124


## ئىككىنچى قىسىم

### بىرىنچى بۆلۈم قانلىق ساي


مۇقەددىمە ........................................ 135
بىرىنچى باب ئانا قەشقەر ........................... 141
ئىككىنچى باب دەھشەتنىڭ باشلىنىشى ................. 152

ئۈچىنچى باب ئالتۇن ئالتاي ...... 168
تۆتىنچى باب قانلىق داغلار ...... 187

## ئىككىنچى بۆلۈم مىللىي ئارمىيە مەيداندا

بىرىنچى باب ئالتاي ئاسمىنىدا نۇر ...... 223
ئىككىنچى باب باش قوماندان ھوزۇرىدا ...... 241
ئۈچىنچى باب ماناس دەرياسى بويىدا ...... 258
تۆتىنچى باب كۆڭۈللۈك كۈنلەر ...... 277
بەشىنچى باب ئالتاي ئوت ئىچىدە ...... 294
ئالتىنچى باب تاشقا يېزىلغان تارىخ ...... 304
يەتتىنچى باب غۇلجىدا ...... 314
سەككىزىنچى باب يېڭى سەپەر ...... 321
توققۇزىنچى باب بەشىنچى كورپۇس ...... 333

## ئۈچىنچى بۆلۈم شىنجاڭ قىزى

بىرىنچى باب ئېچكىرى ئۆلكىدىكى كۈنلەر ...... 345
ئىككىنچى باب ئاياللار ئەترىتى ...... 360
ئۈچىنچى باب ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار ...... 368
تۆتىنچى باب ئاقسۇ ئاخشىمى ...... 374
بەشىنچى باب ئەزىزانە قەشقەر ...... 384

**خاتىمە** ...... 390

# بەرینچی قسم

# قەشقەر قىزى

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مۇقەددىمە

يازغانىكەن كۆپ قەلەمكەشلەر ،
قەشقەر قىزى ھەققىدە قىسسە .
ئوقۇپ كۆرسەم ئۇنىڭ بەرىدىن —
ئاڭلىنىدۇ غەم بىلەن غۇسسە .
تۇگىمەپتۇ بۇ ئۇزۇن تارىخ ،
قان - ياش بىلەن شۇنچىلا پۈتسە .
ئەمدى نۆۋەت ماڭا يېتىپتۇ ،
قوشار بولدۇم يېڭى بىر ھەسسە .
ياش قەشقەرنى كۆرەر ئەۋلادلار ،
بۇ ئۆمۈرنىڭ پۈرسىتى يەتسە .

بۇ ئاجايىپ ۋەقەلەرنى مەن ئۇزاقتىن بۇيان يادىمدا ساقلاپ ۋە رەتلەپ كەلگەنىدىم . يېزىشنى بولسا ئاساسەن 1977 - يىلى شىخونىڭ خاڭگۇڭ دېگەن يېرىدە ، ئەترەتتە قوي بېقىۋاتقان چاغ-لىرىمدا باشلىدىم ۋە بىرىنچى قىسمىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىدا يېزىلغان ۋە ھازىرمۇ ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان تۆۋەندىكى ئابزاستىن مۇقەددىمە ئورنىدا پايدىلىنىشنى ئوشۇق كۆرمەيمەن .

ئەي قىز ، سېنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتلىرىڭ ، قان - ياش-لاردىن تۆرەلگەن قىسسەڭ سەھىپىلەردىن ئورۇن ئالماي كۆمۈ-لۈپ قالسا تارىخقا ئۇۋال بولىدىغۇ !··· مەن ئۇنى : مانا يازىمەن ، ئەنە يازىمەن دەپ يۈرۈپ ، يىگىتلىك يىللىرىمنىڭ بىرمۇنچە پۇر-سەتلىرىنى سەۋەبلەر باياۋىنىغا كەتكۈزدۇم ، ۋەھالەنكى ، ئەمدى-لىكتە قەلەم بىلەن خوشلىشىپ ، كەتمەن بىلەن دوستلىشىپ ،

نادامەت دەشتلىرىدە يانتاقتا يالاڭ ئايىغ دەسسەپ يۈرگەن چاغلىد-
رىمدىمۇ سېنىڭ نالە - زارىڭ ، ئاھۇ پەريادىڭ قۇلىقىم تۈۋىدىن
زادى كەتمەي مېنى يېزىشقا ھامان قىستاپ ، كۆڭلۈمگە ھېچ ئارام
بەرمىگەچ قەلەمنى يەنە ئالدىم . ئەمدى ھەرقانداق قىيىنچىلىق-
لار — ئۆيدىكىلەرنىڭ : بولدىلا ، قەغەز - قەلەمنىڭ دەردى-
بالاسىنى ئاز تارتمىدۇققۇ ، دەپ ئەنسىرەشلىرى ياكى چىرىغىمنىڭ
يېغى تۈگىدى ، پۇل يوق ، توخۇلارمۇ تۇغمايۋاتىدۇ ، ماگىزىندىمۇ
كىرسىن تۈگەپ قاپتۇ ··· دەپ ۋايساشلىرى ۋە ياكى كۈندۈزلىرى
ۋاقتىمنىڭ يوقلۇقى ، كېچىسى مەجلىسلەرنىڭ كۆپلۈكى قاتارلىق
سەۋەبلەرمۇ ماڭا پۇتلىكاشاڭ بولالمايدۇ . مەن ئەمدى بۇ يولۇمنى
كېچىلەپ بولسىمۇ بېسىپ مەنزىلىمگە يەتمىگۈچە ئىشىمنى ھەر-
گىز ۋە ھەرگىز توختاتمايمەن .

دېمەك ، مېنىڭ مۇشۇنداق شارائىتىم ۋە پۇرسەتكە موھتاج-
لىقىمنى بىلگەن ھۆرمەتلىك جامائەت قىسسەمدە سەۋەنلەر سېزىل-
سە ئەلۋەتتە ئەپۇ ئېتەر . ئەمدى قۇرۇق گەپنى قويۇپ قىسسەمنى
باشلاي :

# بىرىنچى باب

# بۇ قىسسە مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ

## 1

ھېيتگاھ مۇنارىسىگە جان كىردى. ئەرەب مەزىن بامداتقا ئەزان توۋلىدى. ئەرەبنىڭ ئاڭلىغۇچىنى يىغلاتقۇدەك مۇڭ ئاۋازى بىلەن غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان شەھەر قوينىنى ئارىلاپ يىراق - يىراقلارغا كېتەتتى. خورازلار بەس - بەستە قىچقىراتتى. قەيەردىدۇر يەر ئاستىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك خىرىلداپ ھاۋشىغان ئىت ئاۋازى كېلەتتى. رەستە تەرەپتىكى ناۋايخانىدىن بولسا، ئەگلەك ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىنغان يىگىتنىڭ مۇڭلۇق ناخشا ساداسى ئاڭلىناتتى. ئاسمان باغرىدا بولسا، قاپقارا بۇلۇت تۇركۇملىرى لەيلەپ يۈرەتتى. قەيەردىدۇر بىر كىشىنىڭ يۆتىلىپ، قاقىرىپ تاھارەت ئېلىۋاتقان شەپىسى كېلەتتى.

سۇبھى سۈزۈلۈپ تاڭمۇ يورۇشقا باشلىدى. توپ - توپ قاغىلار قاقىلدىشىپ ھەريان ئۇچماقتا، قۇشقاچلارمۇ چۇرۇقلاشماقتا ئىدى. كوچا - كويدىكى ۋە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ كەڭ سەينالىق ھويلىسىدىكى دەل - دەرەخلەر بولسا، ئاخشامدىن بېرى ياغقان يامغۇردا ئېغىرلاشقان شاخلىرىنى ئېگىپ گويا قەشقەرنىڭ قايغۇلۇق كۈنلىرىگە سۈكۈت ساقلاۋاتقاندەك مۇڭلىنىپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى كوچىلاردىن بىر - ئىككىلەپ كېلىۋاتقان كىشىلەر بۇ سۈكۈتلۈك كۈنلەرگە مەرسىيە ئوقۇۋاتقاندەك دۈ-

رۇت ، ئىستىغپارلار ئېيتىپ ، ئېگىز پەشتاقلاردىن ئۆرلەپ مەس-
چىت مەنزىلىدىن غايىب بولماقتا ئىدى .
مانا ، جامائەتمۇ نامازدىن ياندى . تۇرلۇك – تۇمەن ھۆپىگەر-
لەر ئېشەك ، ئۇلاغلىرىغا سوكەن ، سېۋەتلىرىنى ئارتقان بازار –
كالا ھارۋىلىرىغا نەرسە – كېرەكلەر باسقان ، تەۋەڭلىرىنى ياپىلاش-
لىرىغا ئاسقان ياكى باشلىرىدا كۆتۈرگەن ناۋايلار بىلەن دېھقان،
باققال ۋە باشقىلار ؛ قول ، قولتۇقلىرىدا سۇت ، قايماق ، توخۇ
تۇخۇم كۆتۈرگەن ياش – قېرى ، ئەر – ئاياللار تەرەپ – تەرەپلەر-
دىن كېلىپ ھېيتگاھ مەيدانىغا جان كىرگۈزمەكتە ئىدى . ھۆپى-
گەرلەرنىڭ خېرىدار قىچقىرىپ توۋلاشلىرى ، ئاشپەز – ناۋايلار-
نىڭ مانتا ساناشلىرى ، نانلىرىنى ماختاشلىرىمۇ بىر سەنئەت
ئىدى .
مانا ، سۇت ، قايماقچىلار قوشۇنىنىڭ ئاخىرقى بىر ئەزاسى ،
ئۇستى – ئۇستىگە دەستىلەنگەن قاچىلىرىنى ساڭگىلىتىپ كى-
چىككىنە بىر قىزمۇ تەرلەپ – تەپچىرەپ يېتىپ كەلدى .
— گۇلقىز... ھوي گۇلقىز... مەيەرگە كېلىڭ ، مەيەرگە .
چاقىرغۇچى نۆكچە بوي ، ناۋات رەڭ ئۆڭلۇك ، قاڭشارلىق
بىر چوكان ئىدى . گۇلقىز ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇ قولىدىكىلە-
رىنى قويا – قويمايلا قاپقارا چوقۇر بىر خوتۇن كوتۇلدىغىلى
تۇردى . گۇلقىز خىجىللىقتا تېڭىرقاپ قېلىۋىدى ، ھېلىقى
چوكان :
— مەيەرگە قويۇڭ ، قويۇۋېرىڭ ، — ئۇ سەل نېرى سۈرۈل-
دى ۋە — بازارنى ھېچكىم سېتىۋالمىغان ، — دېگەننى قوشۇپ
قويدى .
گۇلقىز نەرسىلىرىنى قىستاڭغا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ھا-
ۋا رەڭ ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلى-
دى . چوكان يەنە :
— ھەمرا ئاچام كىرمەي سىز كىرىپسىزغۇ ؟ — دەپ



www.uyghurkitap.com

سورىدى .

— ئانامنىڭ مىجەزى بولمىغاچ كىرەلمىدى ، مەنمۇ كىرمەي دېۋىدىم ، ماۋۇ نەرسىلەر بۇزۇلۇپ قالمىسۇن دېدىم .

— قاچان ئاغرىپ قالدى ؟... ئۇلۇشكۈن ساق ئىدىغۇ ؟

— تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ؛ ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ .

— ھازىر قانداقراق ؟

— خېلى ياخشى . ئاخشام قارىئۆرۈك سىلىپ شوۋىگۇرۇچ ئېتىپ بېرىۋىدۇق ، ئۇنىڭ ئالدىدا كۆك يۇمغاقسۇتنى سىقىپ ئىچۇرۇۋىدۇق ، ئىسسىتمىسى خېلى ياندى .

— خۇدايىم بۇيرۇسا يانىشىمدا يوقلاپ ئۆتىمەن ، بولمىسا ئاخشاملىققا ، بىللە چىقىپ كېتەرمىز .

— پاتەم ئاچامنى... ئاخشاملىققا دېگىنىنى... مەن ماۋۇ نەرسىلەرنى تۇگەتسەملا چىقىپ كېتىمەن ، ئانام ئاغرىق ياتسا...

— ھە راست ، ماقۇل ، شۇنداق قىلىڭ ، قېنى ، خۇمرىلار-نىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قويۇڭ .

خۇمرىلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا پاتەمخانمۇ ياردەملىشىشكە باشلىدى.

سودىلار قىزىماقتا ، گۈلقىز ئەتراپقا زوقمەنلىك بىلەن قارى-ماقتا ئىدى . بۇلۇتلار باغرىدا ئۇچۇۋاتقان توپ - توپ كەپتەرلەرنى بىر جۈپ لاچىن ئۇيان - بۇيان سۈرۈپ يۈرمەكتە ؛ كىشىلەر بولسا چۇرقىرىشىپ تاماشا كۆرمەكتە ؛ كەپتەرلەرنىڭ غۇڭ قاپاق ، سۆزگەنلىرىمۇ بارغانسېرى كۆچلۈك ئىسقىرتىپ قەشقەر ئاسمى-نىنىمۇ تاماشا بازىرىغا ئايلاندۇرماقتا ئىدى . گۈلقىزمۇ ئاغزى ئېچىلغان ئاشۇ بۇلۇتلار باغرىدىكى ئويۇن - تاماشىغا ھەيرانلىقتا قاراپ قالغانىدى .

كۈن كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى . ئادەملەر كۆپەيمەكتە ، يەر ۋە ئاسماندىكى تاماشىنى ھەممە كىشى قىزىقىپ كۆرمەكتە ، سودا -

سېتىقلارمۇ قىزىماقتا ئىدى . شۇ ئەسنادا شۇ يەرگە پەيدا بولغان بىر ھەربىي ئەمەلدارغا يانداش ماڭغان ئۇيغۇر ئايال گۈلقىزنى كۆرسىتىپ لىپپىدە كۆز ئىشارىتى قىلىۋىدى . ئەمەلدار ئاستا توختاپ قالدى . ئايال بولسا ، ئۇيان ـ بۇيان قاراپ تۇرۇپ ئاڭلاپ ماڭدى . ھەربىي ئىسكەتسىز سالپاڭ قۇلاق گەلەپى سىڭىنىڭ دۈۋسۈنى ئۈستىدىكى يانچۇقىغا قوللىرىنى تىقىپ ، خۇددى ئەر-كەك غازدەك بوينىنى ئېگىپ غەلىتە بىر ھالەتتە تۇراتتى . پېشا-نىسىدىكى ھەرە چىشلىق ھەربىي بەلگىلىرى كىشىگە بەئەينى يىلاننىڭ چىشىدەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ چاپاق قايناپ تۇرغان خۇنۇك كۆزلىرى ، خۇنسىز ياغاق يۈزىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى . ئۇ ، ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇق ئۆسكەن چىمچىلاق قولىنىڭ تىرنىقى بىلەن تۇكلۇك بۇرنىنىڭ قاقاچلىرىنى كولاپ تۇراتتى . ھېلىقى ئايال بولسا ، ئۇنى ـ بۇنى كۆرگەن بولۇپ ئاخىرىدا گۈلقىزنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى ـ دە ، كۈلۈمسىرەپ :

— ھەي قىز… سىزمۇ كىرگەنىكەنسىزغۇ ؟… مەن سىزنى كىرمىگەن چېغى… دەپ سۈت ـ قايماقنى بۆلەك يەردىن ئالغىلى تاس ـ تاماس قاپتىمەن ، — دېدى .

— ھېلىراق كىردى … — دېگەننى قوشۇپ قويدى پاتەمخان .

— بۇ قىزنىڭ قايمىقى قويۇق ، بەك بەلەن ، بۇ قىز بىلەن بىز خېلىدىن بۇيان چۆپقەت ، ھىھ … ھىھ… ھىھ ، — ئايال يالغان چىشىنى پارقىرىتىپ كۈلەتتى .

شۇ ئەسنادا بىر كىشى گۈلقىزدىن قايماق ئالماقچى بولۇۋى-دى ، ھېلىقى «چۆپقەت» خوتۇن نارازىلىق جاكارلاپ :

— بۇ قىزنىڭ سۈت ـ قايمىقىنىڭ ھەممىسىنى مەن ئالىمەن دەۋاتسام ، — دەپ سۆرۈن چىرايىنى تېخىمۇ سۇسلاشتۇرۇپ كو-تۇلدىدى .

— سىلىمۇ ئالسىلا ، خېنىم ، بىزمۇ ئالايلى ، — دېدى كەكە ساقال ئۇ كىشى .

— ئۆيۈمدە مېھمىنىم بار ئىدى ، مەن بالدۇر سۆزلەشكەن تۇرسام ، — دەيتتى ئايال غودۇراپ .

ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن قايرىلىپ قارىغان قىز بىر تۇرلۇك تاتلىق كۈلۈپ :

— ھە ، سادىقكام ئىكەنغۇ ، ھېلىراق كىرىۋىدىم ، ئۆزلىرى قاچان كىرگەن ؟... نېمە ئەكىرگەن ؟ — دېگەچ قولىدىكى پۇللىرىنى پۇرلەپلا جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى .

— مەنمۇ ھېلىراق كىرىۋىدىم ، — دېدى سادىق ئاق تۇمشۇق قاۋۇل قارا ئېشىكىنى سەل ئالدىغا تارتىپ ، — كۆك بېدە ئەكىرىۋىدىم .

— ساتتىلىمۇيا...

— چۈشۈرۈپ بېرىۋاتقان يەر بار ئىدى . شۇ يەرگە بەردىم .

— بولۇك ، قىز ، ماۋۇ قالغان نەرسىگىزنىڭ ھەممىسىنى مەن ئالىمەن ، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بېرىپلا پۇلىگىزنى ئالىسىز . ئۆيۈم ئايەردىلا... بولۇك تېزرەك ، — دەيتتى «چۆپقەت» خوتۇن .

گۈلقىز تېگىرقاپ قالدى . پاتەمخان قاياققىدۇر كېتىپ قاپتۇ . قىز ئۇيان ـ بۇيان قاراۋېتىپ يانچۇقىغا قولىنى سالدى ـ دە ، ۋارقىرىۋەتتى :

— ۋايجان... ئەمدى قانداق قىلاي ، پۇلۇمنى ئوغرى ئېلىۋاپتۇ...

— ئاۋۇ ئېلىۋالدى ...— دېدى كىمدۇر بىرى ، كۆزىنىڭ پاختىسى پۇلتىيىپ تۇرغان ئالغاينى كۆرسىتىپ ، سادىق ئېشەكنى تارتىپلا تېرەككە باغلىدى ـ دە ، ئېرىقتىن ئاتلىۋىدى ، ھېلىقى ئالغاي قاچتى . سادىق چاپىنىنى سېلىپ تاشلاپ يۈگۈرۈپ تاپ باستۇرۇپ بارغىنىچە ئۇنىڭ گەدىنىگە مۇشت بىلەن سالدى . ئالغاي دۈم چۈشتى . ئۇ ، ئۆمىلەپ قوپۇۋىدى ، سادىق ساغرىسىغا قاتتىق بىر تەپتى . ئالغاي دومىلاپ بېرىپ سىم ياغاچقا شۇنداق ئۇستىكى ، سىم ياغاچنىڭ ئۇچىدا گۇگۇتلاپ ئولتۇرغان پاختەكمۇ

پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى . بۇرنى قاناپ كەتكەن ئالىغاي مۇشت ئېتىۋىدى ، سادىق ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئېغىز ـ بۇرنىنى تۇپتۇز قىلىۋەتتى . كىشىلەر كۇلۇشۇپ :

— ئوغۇل بالا ئىكەن ؛ ئەدىپىنى ئەجەبمۇ بەردى . ئوغرى دېگەننى ئايىمىسا بولىدۇ ، — دېيىشەتتى . ئۇلار مۇشتلىشىۋاتقان-دا ئاۋاق ، ئورا كۆز ، سېرىق چىراي بىرى كېلىپ ئاجراتماقچى بولۇپ ياماشتى ، ئەمما تېزلا كېتىپ قالدى .

كىشىلەر : «پۇلنى ئاۋۇ ئەكەتتى ، پۇلنى ئېلىپ قاچتى... چاپاننىمۇ ئېلىپ قاچتى ، تۇت ئوغرىنى» دەپ چۇرقىرىشاتتى . سادىق بولسا ئالىغاينى چىڭ بوغۇپ ، تام ، تۇۋرۇكلەرگە ئۇستۇر-مەكتە ئىدى . شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر ئىككى ساقچى پەيدا بولدى ـ دە ، تاپانچىلىرىنى تەڭلەپ ئۇلارنى ھەيدەپ كەتتى .

## 2

«قاچ... قاچ...»

ئۇشتۇمتۇتلا قاتتىق قاچ ـ قاچ بولۇپ ھېيتگاھ مەيدانى قىيا ـ چىياغا تولۇپ كەتتى . ناۋايلارنىڭ تەۋەڭلىرى ئۆرۈلۈپ گىردىلەر كىشىلەرنىڭ ئايىغىدا غىلدىرلاپ يۈرەتتى . باققاللارنىڭ يېمىشلىرى دەسسىلىپ ، لەڭپۇڭچىلارنىڭ غالتەكلىرى غۇلاپ ، كاۋاپچىلارنىڭ چوغلىرى ۋە باشقىلىرىمۇ چېچىلماقتا ئىدى . شۇن-چىۋالا بالا ـ قازانىڭ سەۋەبكارى ئىككى قوتۇر ئات ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن ؟...

ئوتۇنچىنىڭ قۇرۇق ھارۋىنى ئېلىپ قاچقان ئىككى ئېتى ئاشۇنچە غادىر ۋسكۇنچىلىقىنى باشلاپ ، ئۆستەڭ بويى تەرەپتىن ھېيتگاھقا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى . چۇقان كۆچىيىپ ، بىر چاغ-دا ، ھۇيت... ھۇيت بىلەن كۆلكە قىزىپ كەتتى . كىشىلەر شۇ كۆلكە چىققان ياققا يۈگۈرمەكتە ئىدى . توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا

ئابىيىقى بىز كۆرگەن ياغاق يۈز، چاپاق كۆز ھەربىي ئەمەلدار نىمىلەرنىدۇر دەپ چالۋاقاپ قايناۋاتاتتى. ئەلپازىدىن ئۇنىڭ قاتتىق خاپا بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، پەش ۋە يەڭلىرىدىن بولسا قايماق، قېتىقلار چىپىلداپ ئېقىۋاتاتتى. كىشىلەر كۆلگەندىرى ئۇ تېخىمۇ جىلە بولۇپ، يەرنى تېپىپ، قايناپ نىمىلەرنىدۇر دەپ كالدۇرلىماقتا ئىدى. ھارۋىنى تاراقلاتقان ئىككى ئات بولسا، قاياقتىن كەڭرەك يول بوشىسا شۇ ياققا چاپقىنىچە كېلىۋاتاتتى. تەرلەپ كەتكەن ئاتلارنىڭ ھالىمۇ ئاران قالغان، قاتتىق ئۇركۈنۈپ كۆزلىرىمۇ ئالاقزادە ئىدى. بىر يىگىت پەملەپ تۇرۇپ بىرلا ئىرغىپ ھارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، شوتىدىكى ئالا ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى سالدى. خارت... قىلغان ئات قوشقۇنغا زوڭلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ يىگىت ئۇنىڭغىچە بىر قولىدا بوجىدىن، يەنە بىر قولىدا ئاتنىڭ قۇلىقىدىن ئالدى. بۇ، بادامدوپپىلىق، ئالدى ئوچۇق ئاق كۆڭلەك كىيگەن، قىزىل يۈزلۈك تەمبەل يىگىتكە ھەممە ئادەم ئاپىرىن ئەيلەپ كەتتى. بىر چاغدا كىمدۇر بىرىنىڭ: «بۇ يىگىت تۆمۈرچى، ئېتى ئۆمەرجان...» دېگىنى ئاڭلاندى. ئاڭغىچە ھارۋىنىڭ ئىگىسىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئېگىز بويلۇق، قاڭشارلىق، قىزغۇچ سېرىق ساقاللىق قاتاڭغۇر كىشى بولۇپ، ئاتمىش ياشلارئەتراپىدا ئىدى. نىمكەش قارا چەكمەن چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن خام بەلباغ باغلىغان، بېشىدا بولسا، ياغلىشىپ كەتكەن تېرە تۇماق، پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ ئىدى. ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدار بۇ ئادەمنى كۆرۈشى بىلەنلا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئالدىرىغىنىچە كەلدى ـ دە:

— سانىما... ھۇ ئۆلگۈر ھايۋان، — دەپ يۈزىگە تۇكۇرۇپ ئىككى كاچات سالدى.

ھېلىقى ئادەم بولسا، ساقىلىدىن چۈشۈۋاتقان تۈكۈرۈكنى يېڭى بىلەن ئېرتىۋېتىپ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئات ئۈركۈپ كەتتى، ھېچ ۋەقەسى

يوق ... — دەيتتى . ئەمەلدار تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ، سوت ، قايماققا بۇلغانغان لاتا ئاياغ بىلەن دېھقاننى شۇنداق ئۇرۇپ كەتتىكى ، بىچارىنىڭ يۈز - كۆزىنى كۆرگۈسىز قىلىۋەتتى . بەزىلەر ئارىچە-لاپ «بولدى قىلىڭ... بولدى قىلىڭ...» دېسىمۇ ئۇ زادى ئۇنى-مايتتى . شۇ ئەسنادا ھېلىقى تۆمۈرچى يىگىت ئەمەلدارنىڭ كەي-نىدىن كېلىپ قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە بىرنى قويۇۋىدى . ئۇ ئويۇنچى كەپتەردەك تىك موللاق چۈشتى . ئەتراپتا كۈلكە ، چۇقان كۆچە-يىشكە باشلىدى . ئۇ ، ئىنجىقلاپ قوپقىنىچە بۇلغانغان لاتا ئاياغ-نىڭ سوڭىغا دەسسەپ ، ئۆردەكتەك تايىنىپ يولغا راۋان بولدى . بەزىلەر :

— ھە ، ئىشىنىڭ كارى مۇنداق ئىكەنغۇ ؟... تەلۋىنى تاياق ئوڭلايدىكەنغۇ ؟ ...— دەيتتى .

كىشىلەر نېمە دېسە دەۋەرسۇن ، بىز ئەمدى گۈلقىزنى ۋە ئۇنىڭ ماجىراسىغا ئارىلىشىپ ساقچى ھەيدەپ كەتكەن سادىقنى ھەم ئۇنىڭ كوچىدا قالغان ئېشىكىنى ئىزدەيمىز .

## 3

گۈلقىز ئابايىقى مالىمانچىلىقتا قېپقالغان قاچىلىرىنى دەس-تىلەپ ، يەنە بىر قولىدا سادىقنىڭ ئېشىكىنى يېتىلەپ ، نېمە قىلارىنى ۋە نەگە بارارىنى بىلمەي ، پاتەمخانىنىمۇ تاپالماي گاڭگىراپ تۇرغىنىدا ، ياۋاغ دەرۋازا تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ ئۈنلۈك ۋارقى-راپ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ھەي خالايىق ، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ؛ تۇمەن دەرياسىغا تاشقىن كەلدى ، ياۋاغ كۆۋرۈكىنى ئېلىپ كەتتى . غاپىل بولماڭ-لار ، ئۆيۈڭلارنى تېپىۋېلىڭلار...

ئادەملەر ياۋاغقا قاراپ سەلدەك ئاققىلى تۇردى . گۈلقىزمۇ بۇ سەلگە قوشۇلدى . ئۇ كاللىسىغا كېلىۋاتقان ۋەھىمىلىك خىيال-

لارنىڭ ھېچبىرىنى ئويلاپ ئۇلگۇرەلمەيتتى. تۇرلۇك تەشۋىشلەر خىيالىدىن غالىب كېلىپ، ئۇنى تەمتىرىتىپ قوغلىماقتا ئىدى. شۇ ھەلەكچىلىكتە ياۋاغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، تۆت كوچا ئاغزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئېشەك ئارقىغا تارتقاندەك قىلدى. قارىسا ئېشەك يوق، بىر كىشى كېسىلگەن ئۇچىغا دەسسىگەنلىكتىن ئارغامچا تارتىشقانىكەن. ئەھۋالنى كۆرگەن قىز ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ، شۇ يەردە بىردەم يىغلاپ تۇرسۇن. بىز ئەمدى ساقچى ھەيدەپ كەتكەن سادىقنىڭ كەينىدىن بارىمىز.

## 4

«قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى»نىڭ يوغان ۋە ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى جەنۇبقا قارايتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېسىلغان بىرى قىزىل، بىرى كۆك — چوڭ ئىككى بايراقنىڭ پەشلىرى يەرگە تەگكۇدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئىككى ساقچى تاپانچا تەڭلەپ سادىقلارنى ھەيدەپ كەلگەن پېتى ئەنە شۇ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

ئۇلار، ئوڭ قول تەرەپتىكى ئۆينىڭ دەرۋازا دوقمۇشىدىكى بۆلۈمىگە كىرگەندە، يالپاق يۈز بىر ساقچى پۇقراچە كىيىنگەن، ئەپەندى چىراي ئاق سېرىق بىر كىشى بىلەن نېمىلەر ھەققىدىدۇر سۆزلىشىۋاتاتتى.

— ئاۋۇ تەرەپكە ئۆتۈش، — دېدى ساقچىلار سادىق بىلەن ئالىغايغا. پاراڭلىشىۋاتقانلارمۇ پاراڭلىرىنى توختىتىپ ھەيدىلىپ كەلگەن «جىنايەتچىلەر»گە قارىغىلى تۇردى. ئۇلار قىبلە تام تەرەپتىكى شادىلىق ئۇزۇن ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە بېرىپ ئولتۇردى. ھەيدەكچىنىڭ يوغان باش، يالپاق بۇرۇن، چېقىر كۆز بىرى ئوتتۇرا ئىشىكنى غىچچىدە ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردە قالغان بىردىنبىر ھېلىقى ساقچى:

— ئۇلار نېمە بولۇشۇپتۇ؟ — دەپ سورايتتى .

— نېمە بولماقچى؟ مۇشتلاشقان بولامدۇ بۇ نوچىلار ... — ساقچى جاۋاب بېرىۋېتىپ سادىققا گۆلىيىپ بىر قاراپ قويدى . شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئوتتۇرا ئىشىك يەنە ئېچىلىپ ئۇنىڭدىن موكا يۈز ، چاڭگا باش ، شوينا بەل ، سويما چىراي ، ئىسكەتى يەتمەس ياچىۋەككە ئوخشىشىدىغان ئۇزۇنتۇرا بىرى گەلەپى شىمىنىڭ ياپ-چۇقىغا قولىنى سالغىنىچە گىدىيىپ چىقىپ كەلدى . ئۇنى باشقى-لار «جا شۇڭگەن» دەپ ئاتايتتى . جا شۇڭگەن ھېلىقىلارغا ھومد-يىپ قاراپ قويدىيۇ ، ھېچنېمە دېمىدى . بايىقى ئەپەندى سۇپەت سېرىق كىشى بىلەن ئازراق پىچىرلاشقاندىن كېيىن ، سۆڭگىچد-نى قاشلىغىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى . ئۇ قايتىپ كىرگەندە تاشقىرىقى بۆلۈمدە سادىق بىلەن ئالىغاي ۋە بىر پايلاقچىلا قالغانىدى .

— بۇ ياققا ھەيدەپ كىر ... ، — دېدى جا شۇڭگەن ئىچكىرى كىرىپ كېتىۋېتىپ ، كۆپ ئۆتمەي ، «ھۇ ئاناڭنى ...» دېگەن ئاھانەت بىلەن تەڭ شاق - شۇق قىلغان كاچات ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى ۋە يالپاق بۇرۇن پايلاقچى سادىقنى ھەيدەپ چىقىپ نەگىدۇر ئەكەتتى .

ئۇلارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن جا شۇڭگەن ئالىغايغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

— ھە ، جۇمەك ، ئىش ئەپلەشمەي قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى .

— بىرنەچچە مۇشت تېگىپ كەتتىكى ، نېمىسىنى دەيلا ، خۇددى چويۇن چوماقتەك تەگدى . مۇشۇ يەرلىرىم ھېلىمۇ ئاغرى-ۋاتىدۇ ، — دەپ قوۋۇزلىرىنى سىلايتتى جۇمەك .

جا... كۈلۈمسىرەيتتى ۋە :

— ھەسەلىڭىمۇ ھەرىسى بار ئەمەسمۇ؟... ئۇنچىلىك تاياق چوڭ گەپ ئەمەس ، پۇ... پۇلىنچۇ؟ — دەيتتى ئۇ دۇدۇقلاپ .

— ھەلەك كەلمىدىمۇ ؟

— ياق ، كەلمىدىغۇ ؟

— پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىپ قاچۇرۇۋەتكەنتىم .

— خېلى جىقمىدى ؟

— خېلى باردەك قىلىۋىدى . بىراق سۇت ـ قايماقچى خوتۇن-لارنىڭ پۇلى قانچىلىك بولىدۇ دەيلا ، شۇڭگەن .

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ ، ياپما قاپاق بىرى كىرىپ كەلدى .

— كېلىڭ ، يۇ كېجاڭ ، — دېدى جا شۇڭگەن خۇشامەت بىلەن ئورۇندۇق راسلاپ . جۇمەكمۇ دەرھال پەدىنى يۆتكەپ ئول-گۇردى :

— ئۇ ، يامان سەزگۈر كاساپەت ئوخشايدۇ . بىزنىڭ كەينىگە چۈشكىنىمىزنى تۇيۇپ قالدىمىكىن ، غىپلا قىلدى ـ دە ، توپلاش-قان ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى . قارىساق ئاقتىمۇ يوق ، كۆكتىمۇ يوق ، مېنىڭچە ، ئوردا ئالدى تەرەپكە كەتتىمىكىن دەيمەن .

— ھېلى بولسىمۇ ئىزدەش كېرەك . ئۇنداق گۇمانلىق ئا-دەمنىڭ زادى ئىزىنى يوقاتماسلىق كېرەك . تېز بارغىن . ھەلەك-نى تېپىپ ئىككى ياقلاپ ئىزدەڭلار .

— ماقۇل ئەمىسە، — جۇمەك خۇددى ئوغرى مۇشۇكتەك ئەپچىللىك بىلەن چىقىپ كەتتى .

ئۇ ، ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ ياۋاغ دەرۋازا تەرەپكە ئىل-دام كېتىۋاتقىنىدا ئالدىراپ كېلىۋاتقان ھەلەك بىلەن دوقـۇ-رۇشۇپ قـالدى . ئىككىسى يەنە بىـرلىشىپ ھېيـتگاھقا قـاراپ ماڭدى .

ئۇلار ياۋاغ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىرىدا ئابايىقى قارا ئېشەكنى يېتىلەپ ، يەنە بىر قولىدا دەستە تاۋاقلىرىنى كۆتۈ-رۇپ كېلىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بىر ـ بىرىنى

شەرەتلەشتى ؛ ئېشەكنىڭ چۇلغۇرنى شارتىلا كەستى ـ دە ، كەي-
نىگە قايتۇرۇپ مىنگەنلىرىچە ھېيتگاھقا قاراپ يېلىندەك ئويند-
تىپ كەتتى .

قۇرۇق ئارغامچىنى سۆرىگەن گۇلقىز بولسا ئاپايا بىر كۆر-
گەن يەرگە كەلگەندە ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا بىر كىشى دەسسەپ
سالغاندىلا ئەھۋالنى بىلىپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىغانىدى . ئۇ ،
ئاشۇنداق يىغلىغان پېتى بىر بىسسىپ ، ئىككى بىسسىپ ياۋاغ كۆۋ-
رۈكىگە قاراپ ماڭدى .

كۆردىكى ، ئادەم دېگەن تىقما تىقماق ، قىيا ـ چىيا ،
يىغا ـ زار ، نالە ـ پەرياد بىلەن سۇنىڭ دەھشەتلىك شارقىراش-
لىرى قوشۇلۇپ ، تومەن بويى گوياكى قىيامەت قايىنىمىغا
ئايلانغانىدى . مېغىش تورماق دەسسەشكە يەر تېپىلمايتتى . كىشى-
لەر ياۋاغ كۆۋرۈكىنىڭ بىرەر تال تۈۋرۈكىمۇ ساق قالمىغانلى-
قى ، ھەر يوغان دەرەخلەرنىڭ ، ئات ، ئېشەك ، قوي ، كالا ،
ھارۋا ـ ئۇلاغلارنىڭ ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆز-
لىمەكتە ئىدى .

گۇلقىز بۇ قورقۇنچلۇق سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، مۆلدۈردەك ياش
تۆككىنىچە يەنە كەينىگە قايتىپ ياۋاغ دەرۋازىسى تەرەپكە كېلىۋا-
تاتتى . ئۇ ، ئاپايا ئارغامچا ئۇچىغا بىر كىشى دەسسىۋالغاندا ئۆزى
يىغلاپ تۇرغان تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە چىنىباغ تەرەپتىن
كەلگەن بىر مەپە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . مەپىدىن ئەتى-
گەنكى «چۆپقەت» خوتۇن بېشىنى چىقىرىپ ، ئېچىنغان ۋە ئەنسى-
رىگەن قىياپەتتە :

— ھوي قىز ، سىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز ؟ —
دېدى .

— ... كۆۋرۈكنى سۇ ئېلىپ كېتىپتۇ ... — دېگەننى ئاران
ئېيتالىدى قىز ۋە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى .

— يىغلىماڭ ، مەپىگە چىقىڭ . گۆزەرنىڭ كۆۋرۈكى ساق

دەيدۇ . شۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ قويسام ئۆيىڭىزنى تېپىپ چىقىپ كېتەلەمسىز ؟

گۇلقىز ، «ھەئە »گە بېشىنى لىڭشىتتى .

— ئېھ... ئېھ... ئېھ... ئاپئاق قىز ، چىقىڭ مەپىگە ، يىغلىماڭ .

«چۆپقەت » خوتۇن قىزنى قولىدىن تارتىۋېلىپ مەپىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى - دە :

— بەكمۇ چاڭ - توزان بولۇۋاتىدۇ . مىلەڭزىنى چۈشۈرۈۋەت . شەھەر ئىچى بىلەن ھەيدە ، — دەپ ، مەپىكەشكە قاراپ قېشىنى بىر ئوينىتىپ قويدى . مەپىكەشكە مەنزىل ئايان ئىدى . ئۇ ، دىككىدە سەكرەپلا مەپىنىڭ ئالدىغا ئولتۇردى - دە ، قامچىدىن قارس چىقىرىشقا باشلىدى . يالىسى قىزنىڭ ماڭلىيىدەك قىرقىلغان ، قۇيرۇقى چىگىلگەن جىرەن قاشقا ئات بولسا ، بويۇن - باشلىرىدىكى مارجاندەك قاتار ۋە ساز قوڭغۇراقلىرىنى سايراتقىنىچە ئويناپ كەتتى .

قوڭغۇراقلىق مەپە مېڭىپ تۇرسۇن ! بىز ئەمدى ھېلىقى ساقچى ئىدارىسىدە قالغان سادىقنى ئىزدەيمىز .

## 5

سادىقنى ئاشۇنداق ئىتتىرىپ ئاچىققانچە ئىمارەتنى ئايلاندۇرۇپ ئاپىرىپ ئۇزۇن بىر كوچا (زال )غا ئەكىردى . كوچىنىڭ ئىچى گۇگۇم ۋاقتىدەك غۇۋا ئىدى . ئىككى تەرىپىدە ئىشىكلىرى بىر - بىرىگە ئۇدۇل تۇرىدىغان بىرمۇنچە ئۆيلەر بولۇپ ، ھەممە ئىشىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاۋاق پاتقۇدەك تۆشۈك بار ئىدى . ھەيدەكچى سادىقنى كوچىنىڭ ئىشىكتىن كىرگەندىكى بىرىنچى ئۆيگە ئەكىردى - دە ، قارا چوقۇر بىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى . چوقۇر سادىقنىڭ كىيىمىنىڭ يىرتىقىدىن باشلاپ ، ئىش-

www.uyghurkitap.com

تىنىنىڭ لەپەزلىرىگىچە قويماي ئاختۇرۇپ، يىڭنە چاغلىق نەرسىسىنىمۇ قالدۇرماي ئېلىۋالدى ـ دە، ئاندىن بىر چېتىق ئاچقۇچنى جالدىرلىتىپ «ماڭ» دەپ ھەيدەپ، سىلىقنى ئۇزۇن كوچىنىڭ بىر يەرلىرىگە بارغاندا «توختا» دېدى. ئۇ بىر ئىشىكنى قاتتىق تېپىپ ئاچتى ـ دە، سادىقنى گەجگىسىدىن ئىتتىرىپلا كىرگۈزۈۋېتىپ، قۇلۇپلاپ كېتىپ قالدى.

— كەلسىلە، يېڭى مېھمان.

— ھوي… مېھمانغا قارا.

— مېھماننى تۆرگە باشلايلى!

— مېھماننىڭ كۆزى يېڭى ئۆيدىن يېتىرقاۋاتىدۇ.

— ھوي… شوك ئولتۇرۇش، توۋا قىلىشمامسەن؟ ئاناڭنىڭ تويى بولۇۋاتمىغاندىكىن…

— ھا… ھا… ھا…

— ھې… ھې… ھې…

ئاشۇنداق ئاۋازلارنى ئاڭلىمىغان بولسا، سادىق ئۆزى كىرگەن ئىشىكنىمۇ ئىلغا قىلالماي بوسۇغا تۈۋىدە تۇرغان بولاتتى. كىمدۇر ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

— بۇ تەرەپكە مېڭىڭ، — دەپ تارتتى ۋە ئەكىلىپ بىر يەردە ئولتۇرغۇزدى. يېقىنلا يەردە بىرىنىڭ ئىنجىقلاپ «پو» ئاتقىنى ئاڭلىنىۋىدى، بۆلەك بىرى:

— ھەي ھەيتەك، يىرتىلىپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى.

— بولدى ـ بولدى… بۆلەك گەپنى قويۇڭلار!… ھەي داۋۇت، ھېلىقى ھېكايەڭنىڭ ئايىغىنى ئېيتقىنا.

— قەيەرگە كېلىۋىدۇقا؟…

— تۇمشۇققا، ھېلىقى تۇزچىنىڭ ئىشكى پېتىپ قالغان يەرگە.

— ھە بولدى ـ بولدى، تاپتىم. شۇنداق بوپتۇ، سىيىت نوچى ئۇچتۇرپاننىڭ ئامبىلىدىن ھېلىقى خەتنى ئېلىپتۇ ـ دە،

قەشقەر نەدىسەن دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرىگە كەلگەندە، تۇزچىنىڭ قوتۇر ئېشىكى ئۆتكەن يەردىن سىيىت نوچىنىڭ ئارغىماق ئېتى ئۆتەلمەي پېتىپ قېلىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن تۇزچى بوۋاي ئاتنى ئېشەككە ئارتىپ، قۇيرۇقلىرىدىن تارتىپ چىقىرىشىپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇ بوۋاي نېمە دەپتۇ دېسەڭلار: «ئەي يىگىت، تەقى - تۇرقىڭىزغا قارىسام كۆزۈمگە بۆلەكچىلا كۆرۈنىسىز؛ زاتىڭىزنى ئېيتىڭ، كىم بولىسىز» دەپتۇ. ئۇنىڭ سىيىت نوچى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن بۆلەكتىن كۆرۈشۈپتۇ، ھالۇ ئەھۋال سوردىشىپتۇ. مېھمان بولۇشقا تۇتقانىكەن، سىيىت نوچى ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپتۇ. شۇ چاغدا تۇزچى بوۋاي:

«ئوغلۇم، ئېلىپ يۈرگەن خېتىڭىزدىن كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى، ئوقۇتۇپ باقسىڭىز نە بولۇر» دەپتىكەن، سىيىت نوچى مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ.

ئامانەتكە خىيانەت،
نامەرد ئىشىدۇر.
پالاكەتنىڭ ئامرىقى،
قورققاق كىشىدۇر.

كەلسە ئەجەل ناۋادا،
جاننى ئالادۇر.
سۆلار كېتىپ ئاستىدا،
تاشلار قالادۇر...

«خەير...» دەپ بوۋاي ئاق ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ سىيىت نوچىغا باشتىن - ئاياغ بىر نەزەر سېلىپتۇ - دە، ئاندىن: ئامىن دەپ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر دۇئا قىپتۇ.

شۇندا سىيىتئاخۇن سىماۋى چەكمەن چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ، گۈل كەشتىلىك چەندازىسىگە قولىنى سۈرتۈپ ـ دە، ئىككى سەر تەڭگىنى ئاپتۇ، ئاق تەڭگىنى ئىككى قوللاپ بوۋاقىغا ئۇزاتقانـكەن. شۇ چاغدا بوۋاي قانداق قىپتۇ دېسەڭلار، ئاق تەڭگىنى ئالماپتۇ.

«ئوغلۇم!... بۇ تەڭگىنى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ. قەشقەرگە بارغىنىڭىزدا، تۆشۈكدەرۋازىدىن كىرەر چىغىڭىزدا سېپىلنىڭ تۈۋىدە، بېشىغا ئاق رومال ئارتىپ، ئىككى بالىسىنى ئىككى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، پاتمەمنىڭ كۆڭلەكىنى... ئوقۇپ ئولتۇرغان كۆزى ئەما بىر موماي بار، شۇنىڭغا بېرىڭ... ئەي يىگىت، سىـزگـە خـۇدا رەھمەت قىلغاي، ئىلاھا ئامىن...» دەپ...

ھېكايە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىشىك يەنە بايىقىدەك زەردە بىلەن ئېچىلدى. سادىق شۇ چاغدىلا تام ـ تورۇسنى، بۇ كاتەكـتەك ئۆيدىكى سۇكەنگە قاچىلانغان شاپتۇلدەك غۇچچىدە ئادەملەرـنىڭ پارقىرىغان كۆزلىرىنى، كىر باسقان يۈزلىرىنى، پاخپايغان چاچ ـ ساقاللىرىنى ۋە ھېلىقى قولىدىن يېتىلەپ ئېلىپ بېرىپ ئولتۇرغۇزغان كىشىنىڭ سىياقىنى كۆرەلىدى. خورمارەڭ چىـبەرقۇت چاپانلىق ئۇ كىشى بىر قاراشتىلا باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ مەھبۇسلارنىڭ ئاشۇ ئىككىسىدىن بۆلەك ھەممىۋاسىلا ئىشىك ئېچىلىش بىلەن تەڭ پەگاھقا تويلاشقانىدى. چوقۇر گۇندىپاي بولسا، دېۋەيلەپ تۇرغانلارغا گۈلىيىپ ۋارقىـراپ:

— ئۇماچقا دوم چۈشۈپ ئۆلۈپ بېرىشەمسەن؟ توختاپ تۇـرۇشامسەن؟ ئاچ كۆز پىسەندىلەر، — دەيتتى.

ئۇماچ جېڭىدىن كىيىنكى كۈننىڭ سۈرلۈك ۋە قاپقاراڭغۇـتۇن تەڭ مەزگىلى ئىدى. ئىشىك يەنە تاراقلاپ ئېچىلدى، بىرى «سادىق» دەپ توۋلىدى. كەلگەنلەر سادىقنى ئۇ يەردىن ئاچىقىپـ

لىرىچە بۆلەك بىر بۆلۇمگە ئەكىرىپ ، پۇت ـ قوللىرىغا كويزا ، كىشەنلەرنى سېلىپ ياخورغا[1] قامىتۋەتتى . ئەھۋالنىڭ نېمە ئۇچۇن-لۇكىنى كېيىنكى بابلاردىن ئاڭلايسىز .

## 6

چاشگاھ مەزگىلى ئىدى . چوقۇر گۇندىپاي ئىشىكنى غەزەپ بىلەن ئاچتى ۋە :

— چىقىشە ... — ۋارقىرىدى . چۈنكى ، ئۇ «يېڭى جىنايەت-چىلەر» ئۇچۇن تۈرمىنى بوشىتىش ، بىكارنان يەيدىغانلارنى بېقىـ-ۋەرمەسلىك بۇيرۇقىنى ئالغانىدى . قامالغانلار قوتاندىن قوي چىققاندەك قاپلىشىپ چىقىپ ، تام تۈۋىلىرىنى بويلاپ ئىككى تەرەپتە قالايمىقان تۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېلىقى خور-مارەك چىبەرقۇت چاپانلىق يىگىت بولسا ، بىر بۇلۇڭدا چاپىنىنىڭ ياقىسىغا تۇمشۇقىنى تىقىپ ، بۆلەكچە بىر قىياپەتتە شۇمشىيىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قاپقارا ئويناق كۆزلىرىدىن قانداقتۇر چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر ھالەت ئىپادىلىنەتتى .

چوقۇر گۇندىپاينىڭ يېنىدىكى دورداي كالپۇك بىرى قاتتىق ئاۋازدا سۆزلەيتتى :

— كوچىغا چىققاندا يەنە چاتاق چىقىرىپ ئامانلىقنى بۇزۇ-شامسەن ؟...

— ياق .

— ۋاي ياق...

— توۋا ، مىڭ توۋا ... — دېگەن ئاۋازلار ، توۋا ـ ئىستىغ-پارلار ۋە كۈلكىلەر كۆتۈرۈلدى . گۇندىپاي :

— يەنە چاتاق چىقىرىپ بۇ يەرگە كىرىدىغان بولۇشساڭ

---

① ياخور — يالغۇز كىشىلىك ئاۋاقتا .

كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈشسەن ، ماڭ چىقىش… — دېۋىدى ، پاتپاراق ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار ، كۈلكە ، خۇشلىنىشلار باشلاندى .

خورمارەڭ چىبەرقۇت چاپانلىق يىگىتنىڭ تۇرىدىن چىقىپ تاكى ياۋاغ دەرۋازىسىدىن شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچە تېنىگە پات ـ پات قاراپ قوياتتى . ھېلى بىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ «سىنى خاتا چىقىرىۋېتىپتىمىز…» دەپ قايتۇرۇپ ئاپىرىپ قامايدىغاندەك تۇيۇلاتتى .

«ۋا ئەجەبا؟ — دەيتتى ، ئۇ ، — يەكەندىن مېنى شۇنچە غەزەپ بىلەن ئەكىلىشتى ، ئەمدى مۇنداق ئوڭايلا چىقىرىۋەتتىيا؟… ھېلىقى كېچىسى ئاچىقىپ كەتكەن يىگىتنىڭ ئېيتىمۇ سادىق ئىكەن يا شۇنى مېنىڭ ئورنۇمغا سولىغاندىمۇ؟… مېنى مۇنداق كوچا جىنايەتچىلىرى قاتارىغا قامىماسلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدىغۇ؟… يا ئۇ ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغان بىرەرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا يوقىتىۋەتكەنمىدۇر؟… بولمىسا مېنى مۇنداق ئوڭاي قويۇۋەتمەس ئىدى…

ئەگەر ئۇنداق بولماي ، ھېلىقى سادىق مېنىڭ ئورنۇمغا كەتكەن بولسا ئۇ بىچارىگە بەكمۇ ئۇۋال بولىدۇ ـ دە ، بەلكى ئۇنداقمۇ بولماس ، ئۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بەرىبىر ئۇ ئوغرى بىلەن مۇشتلاشقان ـ دە…»

خورمارەڭ چاپانلىق يىگىت ئاشۇنداق خىياللارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ھېيتگاھقا قانداق كېلىپ يەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالدى . ئۇ «تىللا سارىيى»نىڭ دوقمۇشىدا بىرئاز تۇردى ، ئاندىن ئاشخانىغا كىرىشنى ئويلىدى ـ دە ، چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ ئەستىرى قېتىغا ئېھتىيات ئۈچۈن ئېشىپ تىقىۋەتكەن تىزىنى سىلاپ قويدى . ئۇ شۇيان مېڭىپ تۇرسۇن ؛ بىز ئەمدى گۈلقىزنى ئەكەتكەن قوڭغۇراقلىق مەپە ئىزىدىن بارىمىز :

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# قوڭغۇراقلىق مەپە

بىز ، قوڭغۇراقلىق مەپىنى تېپىشتىن ئاۋۋال ئۇنى ئويند-
تىپ يۈرگەن ھېلىقى «چۆپقەت» خوتۇن بىلەن تونۇشۇپ ئۆتد-
مىز : ئۇ خوتۇننىڭ ئېتى ئايپاشاخان بولۇپ ، ئەسلىدە يەكەن
يېڭىشەھەرلىك تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلغان بىر خاراباتى بەڭگىنىڭ
قىزى ئىدى . ئىنچىكە بوي ، سوقا يۈز ، ياپما قاپاق ، شادا پاچاق
بۇ قىز مەيداندا چىلىم تازىلاپ ، خاكا ئۇۋۇلاپ ۋە بەزەن بەڭنىڭ
سەرخانا تۇۋۋى «قىزمىقىنى تېتىپ ...» ئۆسكەنىدى . ئېشەك
ھاڭرىغان ، داپ داراڭلىغان يەردە يۈرۈپ بىزەڭ ئۆسكەن بۇ
داپشاق «قىز»نى ئەر ئالمىغاچ ، ئاقىۋەت ئۇ ، بىر گۆرۈخانىنىڭ
دۆك خوجايىنىغا تەگكەنىدى . دۆكنىڭ ئايلانما كوچا ئاغزىدىكى
دۇكىنىنىڭ ئالدى «گۆرۈخانا» ، ئارقا تەرىپى بولسا «بۆلەكخانا»
ئىدى . ئۇ كېيىنچە دۆك بىلەن كېلىشەلمەي ئاجرىشىپ كەتكەن-
دىن كېيىن «كوچا خوتۇنى» بولۇپ يۈرگەن ، ئاخىرى تاماشا
بىلەن قەشقەرگە كەلگەن . بۇ يەردە «لەڭزىكەش»[1] بولۇپ قال-
غان . كېيىنچە بولسا «يېڭىشەھەر جالىپى» دەپ نام ئالغان . بىز
كۆرگەن قوڭغۇراقلىق مەپىنى سېتىۋالغان ، ئۇنىڭ كۆك مىلەڭ-
زىسى دالدىسىدا كۆپ پايدىلارنى ئالغان ، ئۆز ئېھتىياجىدىن
سىرت چاغلاردا كوچا كىراسىغىمۇ سالغان ؛ بۇ كۈنلەردە ئايپاشا

---

① لەڭزە — ھەربىي گازارما .

سەمرىپ ، تولۇپ بىر ئاجايىپ «سەتەڭ» بولۇپ قالغانىدى . بۇ سۆزلەر شۇ يەردە قىلىنۇەرسۇن !...

جىرەن قاشقا ئات بويۇن ـ باشلىرىغا مارجانىدەك ئىسىلغان ساز قوڭغۇراقلىرىنى سايراتقىنىچە ئويناپ ، ئەركىنلەپ ھېيتگاھ-دىن ئۆتۈپ ، يان كوچا ئارقىلىق يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشىنى ئايلىنىپ ، دىۇنزىيە شتابى سىپىلىنىڭ تۈۋىدىكى تار كوچا بىلەن ماڭدى ـ دە ، دىۇنزىيە شتابى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى . مەيدىن سەكرەپ چۈشكەن ئاپپاشا پوستتا تۇرغان ئەسكەرنىڭ بىرىگە نىمىنىدۇر دەپ قويۇپ ، يەنە مەيگە چىقىشى بىلەن تەڭ قامچىدىن قارس ، تۇياقلاردىن پاس چىقىشقا باشلىدى .

مەپە يېڭىشەھەر دەرۋازىسىغا كەلگەندە كۈن سىپىل كەينىگە ئېگىلمەكتە ئىدى . سىپىل شۇنچە ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك ئىدىكى ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئاجايىپ راۋاقلارغا يىقىنراق يەردىن تىك قارىد-غان كىشىلەرنىڭ دوپپىسى چۈشۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى . شەھەرنىڭ ئىچكەركى ، تاشقىرىقى قوش قاناتلىق يوغان ۋە سۇر-لۇك تۆمۈر دەرۋازىلىرى شۇقەدەر ئاجايىپ ئىدىكى ، تۇنجى قېتىم كۆرگەن كىشىگە بەكمۇ سۇرلۇك بىلىنىشى تەبىئىي ئىدى . ئىل-گىرى بۇ دەرۋازىدىن كىرىپ كۆرمىگەن ئات ـ ئۇلاغلار بولسا ، ھەيۋىتىدىن ئۈركۈپ ، ماڭماي تۇر ۋۇۋىلىپ ، بىرمۇنچە تاياق يېگەن-مۇ بولاتتى ، لېكىن جىرەن قاشقا بۇ يەرلەر بىلەن ئوبدان تونۇش بولغاچقا ، دەرۋازىدىن پەرۋاسىز ھالدا كىرىپ كېتىۋەردى .

— قېنى ، گۈلقىز ، چۈشۈڭ ، — دېدى ئاپپاشا مىلەڭزىنى قايرىۋېتىپ ، گۈلقىز تېڭىرقاپ ئاپپاشادىن :

— قەيەرلەرگە كېلىپ قالدۇقا ؟ — دەپ سورىدى .

— ھېيتگاھتىن ئۆتۈپ ، قومدەرۋازا بىلەن ئايلىنىپ ، ئەم-دى مۇھىم بىر ئىشىمىز بولغاچقا ، كونا مويدۇڭزا بىلەن ئارىيار-غا كەلدۇق . ماۋۇ يەردە يولۇقۇپ ئۆتىدىغان بىر كىشىمىز بار . بىر ھەربىيگە مەپىنىڭ بىر ئېتىنى سېتىۋىدىم يا پۇلنى بىرەي

دېمەيدۇ ، ئەمدى بەرمەيدىغان بولسا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمى-سام ، يولۇقۇپ ئاندىن ماڭساقمۇ ئات بەلەن بولغاندىن كېيىن بىردەمدە يېتىمىز ، يۈرۈڭ ، شۇ يەرگە كىرىپ ئۆتىمىز...

ئۇ گۇلقىزنى قاپقارا قوش قوۋۇقلۇق ئىشىكتىن ئەپچىل تۆت چاسا بىر هويلىغا باشلاپ كىردى . ئۇلارنى يىگىرمە بەش ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر تەتەي قارشى ئالدى . ئۆي خېلى سەرەمجان ئىدى . تامدىكى ئاجايىپ - غارايىپ قىزلارنىڭ بەدەۋى سۈرەتلىرى غەلىتە نەرسە بولۇپ كۆرۈنگەچكە گۇلقىز هەممىگە هەيرانلىقتا سەپسالماقتا ئىدى . ئاۋۇ ئىككى خوتۇن بولسا ، ئۆزد-چە بىرنەرسە دېيىشىۋاتاتتى . شۇ ئاردا ئايپاشا :

— مەن تەرەتكە چىقىپ كىرەي ، — دەپ يانپىشىنى سىلاپ ، ئۇۋا ئىزدىگەن توخۇدەك يورغىلاپ تالاغا ماڭدى . گۇلقىز ئىنتىد-لىۋىدى ، ئۇ ، — مەن هازىرلا كىرىمەن ، — دېدى - دە ، ئىشىكنى هىم يېپىپ پايپاسلىغىنىچە مەيگە چىقتى - دە ، تىكد-ۋەتتى .

ئۇچقۇر ئات پۇرقۇپ ۋە ئەركىلەپ ئويناپ باراتتى . مەپە پاختا زاۋۇتىدىن ئۆتۈپ ، قىزىلنىڭ كۆۋرۈكى ئاغزىغا كەلگەندە كونىشەهەردىن ئىتتىك چىقىپ كېلىۋاتقان بوز ئاتلىق بىر مەپە بىلەن ئۇچراشتى . ئىسكەتسىز بىر كىشى بېشىنى چىقاردى . ئۇ ، هېيتگاهدىكى مالىماندا ساغرىسى سۇت - قايماق بىلەن بۇلغانغان هەربىي ئەمەلدار ئىدى . ئۇ :

— سىزنى بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپ كەتتى دەپ ئاڭلاپ ، ئالدى-راش چىقىۋاتسام توختاپ تۇرماپسىزغۇ ؟ ...— دېدى ئايپاشاغا .

ئۇمۇ خەنزۇچىسىغا ئەركىلەپ سۆزلەپ :

— ئىش توغرىلاندى ، ئەتىگەن سىز كۆرگەن قىز شۇ . ئۆيىڭىزدە قالدۇرۇپ قايتتىم . پۇڭ تەتەيىنىڭ خېلى پەمى بارغۇ ؟... ئۇ ياۋا قۇشنى ئۆگىتىۋالار . هىھ... هىھ... هى...

— رەهمەت سىزگە .

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق قىلىپ قاچان ماڭىمەن دەۋاتىسىز ، ھۆرمەتلىك ياڭ تۇەنجاڭ ؟…

— مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئىچىدە ماڭارمىز .

— يولىڭىز بولغاي ، بىزنى ئۇنتۇپ قالماسسىز . ھېھە… ھېھە… ھېھە…

— ئەلۋەتتە شۇنداق ، سىزنى ئۇنتۇشنى گۇناھ دەپ بىلىمەن . ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى تاكى ئۆلگۈچە ئۇنتۇماسلىقىمىنىڭ تەبىئىي ئادىتىم . ماڭغىچە ئۆيىڭىزگە ئالاھىدە بىر بېرىپ خوشلىشىپ قايتماقچىمەن .

— ئۇنداق بولسا قاچان كۈتىمەن ؟

تۇەنجاڭ ئاغزىنى بىرنەچچە قېتىم مىدىرلاتقاندىن كېيىن بارمىقىنى ساناپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— شەنبە كۈنى .

— ماقۇل ئەمىسە ، شەنبە كۈنى كەچتە كۈتىمەن ـ ھە ؟

— ھەئە .

— خەير خوش .

— خوش ئەمىسە ، ھۆرمەتلىك ياڭ تۇەنجاڭ .

«ياڭ تۇەنجاڭ»نىڭ ئىسمى ياڭ زېڭيۇەن بولۇپ ، قىرىق ئىككى ياشلاردا ئىدى . ئۇ مەلۇم پىيادە تۇەننىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى بولۇپ ئۆسكىنىدىن كېيىنكى ئۈچ يىل مابەينىدە تۇەنجاڭلىقنى تالىشىپ قىلمىغان ـ ئەتمىگىنى قالمىدى . تۇەنجاڭنىڭ ئۈستىدىن دۆزىيىگە ۋە باشقا جايلارغا نەچچە نۆۋەت «مەلۇمات» يوللىدى . كىم بىلسۇن ، كۆپ ئۆتمەي ياڭ زېڭيۇەننىڭ قىلغىنى ئۆزىگە يېنىشقا باشلىدى . بارلىق بۇزۇقچىلىقلاردا كېيىنكىدىكى تومۇرداش بولغانلار ئۇنى خىزمەتتىن ھەيدەش قارارىنى چىقاردى ، لېكىن بۇيرۇقنى ئۆزىگە ئاڭلاتقاندا ئۆزلىرىگە يامان بولمىسۇن ئۈچۈن «خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئىچكىرىگە بارىدۇ…» دەپ ئۇقتۇردى . بۇ بۇيرۇقتىن خەۋەر تاپقان ياڭ زېڭيۇەن يىغىرىنى

يېپىش ئۇچۇن ئايالى ۋە باشقىلارغا : «غەربىي شىمال قوماندانلىق شتابى خىزمەتكە چاقىرىپتۇ ، ئەمىلىم ئۆرلىدى...» دېگەنلەرنى تارقاتتى .

يىڭ تەتەي دەسلىپىدە ئىككىلىنىپ ۋە قايغۇرۇپ يىغلىدى . چۈنكى ئۇ قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر قىچىر بولغىنى ئۈچۈن ئىچكىرىگە بارغۇسى كەلمەيتتى ، لېكىن ئېرىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغانلىقى ۋە بۇ يەردە ئۆزىگە قارايدىغانغا كىشى بولمىغىنى ئۈچۈن ئاخىر كۆندۇ ، ئەمما ئېرىنى مۇنداق بىر شەرت (بالىسى بولمىغىنى سەۋەبلىك قەشقەردىن قىز ئەكېتىش )كە كۆندۇردۇ .

خوتۇنىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان ياڭ ئاخىرى «ئىشلەتسەم قول ، ساتسام پۇل» دەپ ئويلايدۇ ـ دە ، بۇ ئىش ئۈچۈن قولىدىن ھەممە بالا ـ قازا كېلىدىغان ئايپاشاخاننى ئاتلاندۇرىدۇ . ئايپاشا ، گۈلقىزنى گۈزەر كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇش ھىيلىسى بىلەن تاپشۇرۇقنى ئورۇنداپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا كۆۋرۈك بېشىدا ياڭ بىلەن ئۇچرىشىپ بايىقى گەپلەرنى قىلىشىدۇ .

شەنبە كۈنىنىڭ كەچلىكى . ئايپاشا تەييارلىقلارنى تەق قىلىپ قويۇپ ، ھۆرمەتلىك مېھمىنىنى تەقەززالىق ئىچىدە كۈتمەكتە ئىدى . ئەمما مېھمانىنىڭ قەرەلىدە كەلمەسلىكى ساھىبخانىنىڭ ئىنتىزارىنى ئاشۇرماقتا ئىدى . ئۇنى «ئالدامچى ئەبلەخ يەنە يالغانچىلىقىنى قىلارمۇ ؟...» دېگەن گۇمان خۇددى گېلىدىن بوغقاندەك ئازابلايتتى .

قەشقەرنى بولسا ، بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق قاپلىماقتا ئىدى .

تالادىن ئاخىرقى قېتىم سالپىيىپ كىرگەن ئايپاشاغا ئۇستەلگە تىزىلغان سەيلەر سەۋر ـ تاقەت تىلىگەندەك ، ھورنانلار ھومىيىپ قاراۋاتقاندەك ، شېشىلەر شارابقا شەرەتلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇ تاماكىدىن بىرنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە كارىۋاتقا سىڭايان بولدى ـ دە ، پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ياتتى ۋە ئاچچىق ئويلارغا پاتتى . ئۇنىڭ خىيالىنى تالادىن تۇيۇقسىز كەلگەن شەپە

ئاۋازى بۇزدى . بۇ ياڭنىڭ شىپىرلىغان قىياغ ئاۋازى ئىدى . ئۆيگە ئىنجىقلىغان پېتى كىرىپ كەلگىنىدە ئايپاشانىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى .

— مەن كۆپ ئولتۇرالمايمەن ، — دېدى ياڭ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۈلۈپ ، — يەنە بارىدىغان يەرلىرىم بار . بۈگۈن ھەممە ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ...

— كېلىش سىلىنىڭ ، كەتكۈزۈش بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا ... — دېدى ئايپاشا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ نايناقلاپ .

— شۇنداق دېگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت . شۇنچىلا جۇۋاپسىز .

— ئەرزىمەيدۇ ، ھۆرمەتلىك ياڭ تۇەنجاڭ ھىھى... ھىھى... ھىھى...

— ئىشىكلەرنى مەھكەمرەك ئېتىۋېتىڭچۇ ، بىر چىراغ چېكەيلى !

— ھىھى... ھىھى... ھىھى... ماقۇل ، ياڭ تۇەنجاڭ ، — ئۇ تايتاڭلاپ بېرىپ ئىشىكنى ئەتتى .

— سىزگە ئاتاپ ئازراق ئالغاچ كېلىۋىدىم ، — دېدى ياڭ يانچۇقىنى كولاۋېتىپ : ئۇ «قول بالىسى» قىلىپ راسلىدى ـ دە ، چىراغنى ئۇستەلگە توختىتىپ تۇرۇپ ئەپيۇننى راسا بىر شورىدى . ياڭ تالا تەرەپنى تىڭشاپ تۇرۇپ :

— بىرەر شەپە بارمۇ ، نېمە ؟ — دېدى .

ئايپاشا دەلدەڭلەپ تالاغا چىققاندا قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئالەم گۆردەك سۈرلۈك ۋە جىمجىت ئىدى . بۇ جىمجىتلىقنى قەيەردىدۇر قاۋىغان ئىتنىڭ ئاۋازىلا بۇزۇۋېتىپ تۇراتتى . ئايپاشا يۆتىلىپ تەرەتخانا تەرەپكە ماڭدى . ياڭ بولسا ، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتلەنمەكتە ئىدى . ئۇ ئىچ يانچۇقىدىن كىچىككىنە يۇمىلاق قۇتىنى ئالدى ـ دە ، رومكىنىڭ بىرىگە ئېڭىشتۈردى ، ئاندىن ئۇستىگە ھاراقنى تولدۇرۇپ ، ئىككى رومكىنى قاتارلاپ قويۇپ خاتىرجەم

ئولتۇرۇۋەردى .

ئايپاشا دەلدەڭلەپ كىرىۋېتىپ ئىشىك ئۈلگۈجىكىگە ئۆزىنى ئۇرۇۋېلىپ غەلىتە ئاۋاز بىلەن كۈلدى ـ دە ، ئاندىن ئىشىكنى چىڭ ئېتىۋېتىپ كارىۋاتتا يانتۇ ئولتۇردى .

— مەن بولسام ئەتە كېتىمەن ، — كۈلۈپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى ياڭ ، — سىزنىڭ كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىڭىز ئۈچۈن ئالتۇن بىلەزۈكمۇ ئازلىق قىلاتتى ، لېكىن ئاددىي بولسىمۇ مېنى كۆرگەن كۆزدە كۆرسۇن دەپ مۇشۇ بىر تال ئۈزۈكنى سىزگە ھەدىيە قىلماقچىمەن… قېنى ، جېنىم… ئەكېلىڭ ، ئۆز قولۇم بىلەن سېلىپ قوياي…

ئۇ ، ئۈزۈكنى ئايپاشانىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويدى ـ دە ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇپ :

— ئەمدى سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن مۇشۇ ئاخىرقى رومكىنىمۇ ئۆز قولۇم بىلەن ئىچۈرۈپ قوياي … — دېدى ۋە بەلگىلىك رومكىنى ئۇنىڭغا بىراقلا ئىچۈردى ، بېلىقنىمۇ ئۆز قولى بىلەن يېگۈزدى .

ئايپاشا كارىۋاتنىكى تۆشەككە يۆلىنىپ ، ئاۋۋال مۇشۇك-تەك ، كېيىن ئىتتەك خىرقىراپ خورەك تارتقىلى تۇردى . ئاستا قوزغالغان ياڭ ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ تالاغا قارىۋىدى . ئالەم ئابايامقىدىنمۇ قاراڭغۇ ، سۇرلۇك ۋە جىمجىت بولۇپ تۇيۇلدى . ئۇ ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كەلگىنىچە ئايپاشانىڭ ئۇزۇكى ۋە قۇلاقلىرىدىكى ھالقىسىنى ، قىزىل ساندۇقىدىكى تۈگۈچلىرىنىمۇ قويماي ئېلىپ ، چىراغنى ئۆچۈردى ـ دە ، ئىشىكنى ئېتىپ غىپپىدە تىكىۋەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

## ئۈچىنچى باب

# ئاشخانىدىكى ئۇچرىشىش

## 1

ئوردا ئالدىغا كېتىدىغان تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى ئاشخانىدا تىجارەت راسا قىزىپ كەتكەنىدى. ئاق دوپپىنى قىرلاپ كىيگەن ئېگىز بويلۇق، قارا بۇرۇتلۇق قاۋۇل ئۇستام بولسا، ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلاپ مانتا سانايتتى.

ئىشىك ئالدىدىكى تونۇر تۈۋىدە تۇرغان قارا قاش ئوغۇلمۇ «گۆشگىردە» دەپ ئاغزى بېسىلماي توۋلايتتى. ئىچكىرىدىن بولسا ساپلىق ساداسى بىلەن پىياز توغراۋاتقان قىڭراق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئوتتۇرا ئىشىك ئۈدۈلىدا خۇددى قاردىن ياسالغان پومزەكتەك پۇسمىلاق، يەل بىرىپ كۆپتۈرگەندەك سېمىز بىر كىشى غولاچلاپ لەگمەن سوزۇۋاتاتتى. بۇلۇڭ تەرەپتىكى خالىي خانىلاردىن ئەر - ئاياللارنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان، چاقچاقلىشىۋاتقان، كۈلۈشۈۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدىكى بوشلۇقتا تولىسى دېھقانلار ئولتۇراتتى.

بىرگە تونۇش ھېلىقى خورمارەڭ چىبەرقۇت چاپانلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، ئوتتۇز بەش ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى يىگىتمۇ ئىشىككە يېقىن يەردىكى بىر ئورۇندا ھەممىگە بىر - بىر نەزەر سېلىپ تىپتىنچ ئولتۇراتتى، ئاق پەرتۇق تارتقان كۈتكۈچىلەر بولسا پۇت - پۇتىغا، قول - قولىغا تەگمەي يورغىـ

لىشىپ يۈرەتتى .
بىر چاغدا ئىشىكتىن ئاشۇ يىگىتكە تەگتۈش دېگۈدەك بىر يىگىت كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئەتراپقا نەزەر تاشلاۋېتىپ ھېلىقى خورمارەڭ چاپانلىقنى كۆرۈپ :
— ھوي... سالامۇئەلەيكۇم ، — دەپ ، تېگىرقاپراق قول ئۇزاتتى ۋە ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاياغ سەپسېلىشقا باشلىدى . ئۇ بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ يىگىتكە ئۇدۇل ئولتۇردى ـ دە :
— مەن ئۆزلىرىنى تونۇغاندەك قىلىمەن ، — دېدى .
— تونۇسىلىمۇ تونۇغانلا ، — دەپ تەبەسسۇم قىلدى خورمارەڭ چاپانلىق يىگىت .
— نەدىن سورايمىز ؟
— ئاقسۇدىن .
ھەر خىل ئېھتىماللارغا قارشى ھازىرلىق قىلىپ ئولگۇرگەن خورمارەڭ چاپانلىق يىگىت دەرھال ئادرېسىنى ئۆزگەرتىپ ئۈلگۈردى .
— ئاقسۇدا بىزنىڭ ساۋاقداشلاردىن قاسىم ، قادىرلارنى بار ئىكەن دەپ ئاڭلىۋىدىم ، بەلكى كۆرگەن بولۇشلىرى مۇمكىن .
— مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىدىم ، ئەمما كۆرمىدىم . ئۆزۈممۇ ئاقسۇدا كۆپ بولمىغانمەن ، — دەپ پەلپەتىش جاۋاب بەردى ئۇ .
— تونۇپلا تۇرىمەن ، راستىنى دېسەم ئاتلىرى تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا تۇرىدۇ ، نېمىدى ؟ سا... نېمە ؟
— سايىم ، — دەپ دەرھال گەپنى ياسىۋەتتى خورمارەڭ چاپانلىق يىگىت .
— ھە ؟... سايىم ؟... يا... ياق ، ئۇنداق ئەمەسقۇ دەيمەن ؟
— ئەمىسە نېمە ؟ ...— ئۇ قايتۇرمىلاپ سورىدى .
— دېدىمغۇ ، تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا تۇرىدۇ دەپ... ھە مەيلى ؛ سايىم بولسىمۇ بولسۇن ! ھېلىقى ...ھە ، ھېلىقى... «دېدىل» دېگەن نام بىلەن شېئىر يازىدىغان ئۆزلىرى ئەمەسمۇ ؟

شۇ ئەسنادا خورمارەك چاپانلىق يىگىتنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى.

— راستمۇ؟··· تاپتىممۇ؟··· راست تونۇپتىمەنغۇ؟···

ئۇنىڭ قىلىق ۋە قىياپىتىدە چىن سەمىمىيەت بەزگەن خورمارەك چاپانلىق يىگىت ئىختىيارسىز كۈلدى ۋە:

— راست···— دەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەكەلسىلە قوللىرىنى باشقىدىن كۆرۈۋالاي···

يىگىت ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئۇنىڭ قولىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ شۇنداق سەمىمىي تۇتتىكى، سۆيۈپ كۆرۈشكىلى ئاز قالدى، ئاندىن:

— تاماق بۇيرۇتتىلىمۇ؟··· يامان يەردە ئولتۇرۇپ قاپتۇمىز، تاماكىدىن بىرنى چەككەچ ئولتۇرايلى،— دېدى يېنىنى كولىغاچ ئاشپەزنى توۋلىدى.

دېدىل بىلەن لىتىپجان ئاشخانىدىن چىققاندا كۈن قىيام بولۇپ قالغان چاغ ئىدى.

— مەن مۇنچىغا بارماقچىدىم،— دېدى دېدىل.

— مۇنچا ـ پۇنچىنى قويسىلا، هازىر بىزنىڭ ئۆيگە بارىمىز،— دېدى لىتىپجان. ئۇلار تەكەللۇپ قىلىشىپ تۇرغاندا ئېگىز بويلۇق، جەندە چاپانلىق بىر كىشى كېلىپ سازا قىلدى. لىتىپجان دېدىلنى ھەرىكەتتىن توسۇپ، قويۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئالدى ـ دە، ئارىسىدىن ئىلغاپ يېڭى بىر تىزىنى دىۋانىگە بەردى. دىۋانە دۇئا قىلىپ بولۇپ پاكىز ۋە ئۆسكىلەڭ ساقىلىنى سىيپىغاچ ھەر ئىككىيلەنگە بىر ـ بىرلەپ نەزەر سالغىنىدا ئوتلۇق كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئاجايىپ نۇر چاقناپ كەتتى.

— ئاجايىپ ئادەم ئىكەن،— دېدى لىتىپجان دىۋانىنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ.

— «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار» دېگەن گەپ بىكار

ئەمەس، — دېدى دېدىل مەنىلىك ئاھاڭغا. ئارنىنى ئاز جىملىق ئارىلىدى. لىتىپجان بولسا، دىۋانە تەرەپكە تېخىچە قاراپ تۇراتتى.

— شۇنداق قىلاي، — دەيتتى دېدىل مېڭىشقا تەمشىلىۋې- تىپ، — مۇنچىغا بېرىپ كېلەي.

ئۇ لىتىپجان بىلەن ھېيتگاھ مۇنارىسى تۇۋىدە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلىشىپ مۇنچا تەرەپكە يول سالدى.

دېدىل كېتىۋېتىپ: «بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ؟ ‹ئويلىمىغان يەر- دىن تۇغۇلمىغان توشقان چىقىپتۇ›، دېگەندەك، كۆتمىگەن بىر چاغدا، كۆتۈلمىگەن كىشىگە يولۇقۇپ قالدىما؟... بۇ ماڭا نېماز- چىۋالا قىلىدۇ؟ دارىلئېتامدا بىللە ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئامراق ئاغىنە بولساقمىغۇ بىر گەپ ئىدى. بۇنى ‹لىتىپ خوراز›، دەپ ھېچكىم ياقتۇرمايتتى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

## 2

جۇمەنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشماقتا، ئەرەب مەزىن ئەزان ئېيت- ماقتا؛ لىتىپجان بولسا، دېدىل كەتكەن تەرەپكە كۆز تىككەچ مېڭىپ يۈرمەكتە. مىغىلدىغان كىشىلەر دۇرۇت - ئىستىغپار ئوقۇپ مەسچىتكە كىرمەكتە ئىدى.

دېدىل نېرىدىنلا لىتىپجاننى كۆرۈپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاچ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى.

— سىلىنى ساقلىتىپ تازىمۇ سەت بولدى - دە، بارسام ئۇ كاساپەتنىڭ بىرنېمىسى بېسىق ئىكەن ئەمەسمۇ؟... سەرراپتىمۇ بىرقانچە ئادەم بار ئىكەن. شۇڭا مەن...

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى لىتىپجان خۇش تەبەسسۇم بىلەن. ئۇلار جۇمەدىن تارقىغاندا ئادەملەر دېڭىزىغا ئايلانغان ھېيتگاھدا سودا - سېتىق قىزىماقتا ئىدى.

— يۇرسىلە ، ئاۋۇ دۇكانغا كىرىپ ئۆتىدىغان بىر ئىش بار ،— دېدى لىتىپجان دېدىلغا . ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى ئوردا ئالدىنىڭ رەستىگە كېتىدىغان دوقمۇشتىكى سوپا دۇكىنى ئىدى . پاكىنەك ، ئاق سېرىق ، چار ساقال سېتىقچىغا ، — تور ياغانىڭ بەلەنرەكىدىن بولسا ئەكەلسىلىچۇ ، — دېۋىدى ، سېتىقچى قوتاز قۇيرۇقى يەلپۈگۈچنى ئىشقا سالغاچ دوپپىدىن بىرقانچىنى كەلتۈردى ۋە مەدداھەدەك جاۋىلداپ ماختىغىلى تۇردى .

— مانى كىيىپ باقسىلا ، — دېدى لىتىپجان دېدىلغا .

— ياق - ياق ، — دېدى دېدىل بېشىنى قاچۇرۇپ .

— كىيسىلە ، كىيىپ كۆرسىلە ، كىيىپ كۆرگەنگە پۇل ئالمايمىز ، — دېدى كۆلگۈنچەك سېتىقچى ۋە دوپپىنى هاپىلا - شاپىلا كىيدۈرۈپ ئۈلگۈردى .

— ئۇنداق بولسا ، مەن چىمەندوپپا كىيەي .

— هە... هە... دۇرۇس ، — دېدى لىتىپجان دەرهاللا ، — بېشىمدىكى چىمەندوپپا... ئەمەسمۇ - هە ؟

ئۇلار ئۇزاپ ماڭدى . يانداش كېتىۋېتىپ ، چىمەندوپپىغا پات - پات قاراپ قويغان لىتىپجان مۇنداق بىر شېئىرنى ئاستا ئوقۇپ باراتتى :

كۆردۈڭمۇ ، بېشىمدىكى چىمەندوپپا ،
گۈلىنى قەشقەر قىزى ئۆزى تىككەن .
زەن قويساڭ ئالتۇن يىڭنە ئىزلىرىغا ،
كۆزىنىڭ خۇنلىرىنى راسا تۆككەن .
چېۋەرلىك خىسلىتىگە قارىغىنا ،
قانداق خوش نەقىشلەرنى نەپىس چەككەن .
هەر چىمەن ، هەر چېچەكنىڭ چانىقىغا ،
بىر ئۆمۈر مۇهەببەتنىڭ مېهرى چۆككەن...

— توغرىمۇ ؟
— توغرا !
دېدىل بىر تاتلىق كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىق-لىدى .
ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە رابىيەم تۇگۇلگەن چۆچۈرىلەرنى خۇددى رەتكە تىزىلغان ئەسكەرلەردەك قاتارلاپ قويۇپ ساقلاپ ئولتۇرغانىدى . لىتىپجان بوسۇغىدىن كىرىۋېتىپ :
— مېهمان باشلاپ كەلدىم ، ياخشى مېهمان ! — دېدى .
— كەلسىلە .
— ئەسسالام .
بەقەسەم كۆرپە قاتلاپ سېلىندى ، تىنچلىق ، ئامانلىق سورد-شىشلاردىن كېيىن ، رابىيەم ئۆز ئىشىغا كىرىشتى . لىتىپجانمۇ ئارىلاپ كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى . دېدىل بولسا ، بۇ ئازادە ، پاكىز ۋە سەرەمجان خانىدانىنىڭ جاي - جايىنى تاپقان ھەربىر رەتلىك نەرسىسىگە زوقمەنلىك بىلەن نەزەر سالماقتا ئىدى . يەڭ-لىرى تۈرۈلگەن لىتىپجانمۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئول-تۇردى . دېدىلغا دېرىزىدىن قىيپاش چۈشكەن كۈننىڭ ئالتۇن شولىسىمۇ بۇ ئەپچىل ۋە چىرايلىق ھۇجرىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ ، ھاياتقا ھالاۋەت بېغىشلاۋاتقاندەك ؛ تامدىكى ئانار گۈل-لۈك رەڭدار زىلچىمۇ ۋە ئۇنىڭ مىخىغا ئېسىلغان سەدەپ نەقىش-لىق قەشقەر دۇتارىمۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن چىشلىرىنى پارقىرد-تىپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .
تەكلىپ - تەكەللۇپلارمۇ ئاشقا لەززەت قوشماقتا ئىدى .
— ئاش ئوخشىماپتىمۇ يا ؟ ... — دېدى قاچا - قۇچا يىغىشتۇرۇۋاتقان رابىيەم تەكەللۇپنى ئۇزۇپ قويماي .
— ياق - ياق ... ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ، ئۇكام . ئاش ئوبدان ئوخشاپتىكەن ، ئۆزۈممۇ چۆچۈرىگە ئامراق بولغاچ ، بىر چىنە زىيادە ئىچىۋەتتىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەرلەر سۆھبەتكە ، رابىيەم ھەرىكەتكە چۈشتى . ئۇ ، قاچا - قومۇچلارنى جايلاپ بولغاندىن كېيىن لىگەندەلىق ئۈزۈم كۆتۈرۈپ كىردى .

— بەشكېرەمنىڭ ئۈزۈمىدىن يەپ باقايلى !

— بىزنىڭ يۇرتنىڭ ئۈزۈمىدىن دېمەمسىز ؟ — زوقلانغاندەك كۈلدى لىتىپجان .

— بۇ سىڭلىمىز بەشكېرەمدىنمۇ ؟

— ھەئە ، بەشكېرەمدىن .

— باغىنىڭ باغرىدىن ئىكەن - دە ، بەشكېرەم دېمەك — بېھىشكېرەم دېمەكتۇر .

شۇ ئەسنادا ئەركىلەپ كىرگەن ئوماق ئوغۇل دىققەتنى تارتتى .

— نىجات… بالام ، يور ئىككىمىز ئاۋۇ ئۆيدە يەيمىز ، — دېدى رابىيەم ئوغلىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىۋېتىپ .

— بالا نەچچە ؟

— خۇدا ئۆمرىنى بەرسە ئىككى ئوغۇل ، بىر قىزىمىز بار .

— ئىسىملىرىچۇ ؟ — «نىجات» دېگەن نامنى ئاڭلىغاچ قىزىقىپ سورىدى دىيدىل .

— چوڭىنىڭ ئېتى نىجات ، ئىككىنچىسىنىڭ دىلشات ، قىزىمىزنىڭ ئېتى بەختىگۈل .

دىيدىل جەينىكىنى جوزىغا تىرەپ ، چىمەندوپپىلىق بېشىنى بىر قولى بىلەن يۆلەپ ئولتۇراتتى . ئۇ ، ئاغزىغا ئاپارغان ئۈزۈمنى چىشلەشكە تەمشىلىۋېتىپ :

— دېمەك ، نىجات تاپساق ، دىلشات بولۇپ بەختىمىز ئېچىلىدۇ… دېگەن سۆز ئىكەن - دە ! — دېدى .

رابىيەم بىر تاتلىق كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى . لىتىپجان سۆزگە ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتاتتى . تالادىنلا ۋاتىلداپ كىرىۋاتقان ئايال ئاۋازى دىققەتنى بۇزدى .

— ھېيتگاھتا بىرى خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، — دەيتتى ئايال ئالدىراپ سۆزلەپ، — ئۇن بەش يېرىگە پىچاق سېلىپتۇ، ئەمچەكتە بالىسى بار چوكان ئىكەن...

— ئۆيگە كىرسىلە، رازىخان ئاچا.

— خوش... خوش، ئىشىم ئالدىراش.

ئۇ ئالدىراپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۆيدە ئۆلتۈرغانلارمۇ رازىخان ئارقىلىق ئاڭلىغان ئەھۋالنى بىلىشكە كەتتى.

## 3

— بالامەي... بالامەي...

— ۋاي بالام... ۋاي بالام، كۆزى ئوچۇق كەتكەن قىزىم، ئىككى بالاڭ يېتىم قالدى، قانداق قىلاي...

ئاق چاچلىق ئانىنىڭ ئاھۇ پەريادى ھېيتگاھنى تىترىتىپ، قازاندەك قاينىغان ۋاراڭ - چۇرۇڭنى بېسىپ چۈشمەكتە ئىدى. كىشىلەر دېگىزدەك تەۋرىنەتتى. ھەركىم ھەرنېمىلەرنى دەيتتى:

— ئون ئۈچ يېرىگە پىچاق سېلىپتۇ.

— پىچاقنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ساقچىغا ئۆزى كەتتى.

— مەردلىك بىلەن بارغاندىن كېيىن گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، ئەخمەق، ئاشۇمۇ مەردلىك بولامدۇ؟

— مەردلىك بولماي نېمە؟

— قانخور قاتىلنى مەرد دەيدۇيا، ماۋۇ بىرنېمە؟

— مەن دېدىممۇ، ئاۋۇ دېدى.

— سەن دېمەي كىم دېدى؟...

كىشىلەر توپى دۇررىدە بۆلۈندى. قىيا - چىيا، يىغا - زار ئىچىدە ئۆلۈكنى ئېلىپ ماڭدى. ياش چوكان يىگىرمە تۆت

ياشلاردا ئىدى . كۆزى يېرىم يۇمۇلغان ، پۈتۈن ئەزايى قانغا بويال-
غان ؛ پۇتى زەمبىلدىن سەل ساڭگىلىغان ؛ ئۇزۇن ۋە تۇم بىر
جۈپ چېچى يەرنى سۈپۈرۈپ ، زەمبىلدىن تامچىلىغان قانلارنى
ئەخلەت بىلەن كۆمۈپ باراتتى . مۇسىبەت ئەھلى قاتتىق
قاقشىغانلىرىچە يامۇل ئالدى تەرەپكە كەتتى . ھېيتگاھدا پايتەق-
دەك ئەپقاچتى گەپلەر يەنە باشلاندى .

— ئەمچەكتە بالىسى بار خوتۇننى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قولى بارغاندۇ مۇناپىقنىڭ...

— ۋىجدانسىز نىمىكەن - دە ، ئەبلەخ .

— چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدىغان لەنتى ئىكەن !

— ئۆلتۈرەرمىش تېخى... ئۇنىڭ بىر ئاكىسى چوڭ يەردە ئىشلەيدۇ .

— شۇنداق بىر يېرى بولمىسا ، مۇنداق قىلالامدۇ ؟...

— پۇلىغىمۇ ئىشىنىدۇ ئۇلار .

— راست گەپ . بۇ ھۆكۈمەتكە پۇل بولسىلا بولدى ، پۇل دېسە ۋىجدانىنىمۇ ساتىدۇ .

— ۋىجداننى ساتىدۇ... دەيدا ماۋۇ . گومىنداڭدىمۇ ۋىجدان بارمۇ ؟... باشلىقلىرى پارىخور ، ئەپيۇنكەش ، لەقۋا ، ئەسكەرلى-
رى ئوغرى ، قىمارۋاز ، لۇكچەك...

— مۇشۇ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمەت بولۇپ شەھەر سورىغىنىغا ھەيرانمەن .

— ھەي... خەلق نادان - دە.... خەلقتە بىرلىك يوق ، شۇڭا قاپاق باشلار شەھەر سورايدۇ .

شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر داراڭلىغان دۇمباق ئاۋازى ئاڭلان-
دى . دۇمباقلار ئۆستەڭ بويى تەرەپتىن ھېيتگاھقا كىرىپ كەل-
مەكتە ئىدى . ئۇلار بەش كىشى بولۇپ ، قاپقارا بىرى ئالدىدا
ۋىلىسىپىت يېتىلىگەن ، ئۇنىڭ كەينىدىن بىرى تۆت چاسا ئورۇن-
دۇقنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ، يەنە ئىككىسى چوڭ - كىچىك ئىككى

دۇمباقنى بويىنىغا نوختىلاپ باغلاپ داڭگىرلاتقان؛ ئېگىز بويلۇق
تومپاي بىرى بولسا، خۇددى ئۆزىگە ئوخشىشىدىغان ئۇزۇن بىر
ياغاچىنىڭ ئۇچىغا «ئېلان تاختىسى»نى ئېسىپ ئېگىز كۆتۈرگەنىد-
دى. ئۇنىڭ ئېلان تاختىسىغا قىزىل ۋە قارا يوغان ھەرپلەر بىلەن
مۇنداق سۆزلەر يېزىلغانىدى:

«كۆرۈشكە ئالدىراڭلار! ياۋاغ دەرۋازىسى تېشىدا، كى-
نو تەرەققىيات شىركىتىدە، بۈگۈن كەچ سائەت سەككىزدە
ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ناھايىتى قىزىق ‹مۇھەببەتلىك كې-
چە›، دېگەن ئاۋازلىق كىنو قويۇلىدۇ. بېلەت باھاسى ئالدى-
نىڭ... موچەن، كەينىنىڭ... كويچەن... يىل... ئاينىڭ...
كۈنى.»

ئۇلار ھېلىقى ئادەم ئۆلگەن يەرگە توپلانغان كىشىلەر ئارى-
سىدا توختاپ، ۋېلىسىپىت يېتىلىگەن قارىۋاي ئورۇندۇققا چىقى-
تى. ئۇ خۇددى شالغۇت خورازدەك بويىنىنى سوزۇپ، ئاۋازىنىڭ
بارىچە ۋارقىراپ:
— بۇرادەرلەر، بۈگۈن، — دەپ گەپ باشلىدى ـ دە، ئېلان
تاختىسىغا يېزىلغاننى تولۇق تەكرارلىغاندىن كېيىن رەستە تەرەپ-
كە ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

## گۈلقىز

### 1

گۈلقىزنىڭ ئەسلى ئېتى گۈلسۈمئاي ئىدى . ئۇ ، تولىمۇ چىرايلىق بالا بولغىنى ئۈچۈن ھەممەيلەن ئۇنى «گۈلقىز» دەپ ئەركىلىتىپ يۈرۈپ ، بۇ ئىسىم ئۆزلىشىپ قالغانىدى .

گۈلقىز بەش ياشلارغا كىرگىنىدە ئۇنىڭغا قىزىل چىقتى . ئۇنىڭغىلا ئەمەس ، پۈتۈن يۇرتتىكى بالىلارنىڭ ھەنىۋاسىغا دېگۈدەك قىزىل چىقىپ ، نۇرغۇن بالا قىرىلىپ كەتتى . گۈلقىزنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ قاتتىق قايغۇرۇشقان بولسىمۇ ، ئۇ ئاستا - ئاستا ئوڭلىنىشقا باشلىغان ، تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەن چاغلار ئىدى . پۈتۈن يۇرتنى ئارىلاپ كەلگەن كېزىك كېسىلى ئاقىۋەت گۈلقىزغىمۇ چاپلاشتى . تېخى دەرمانىغا كىلىپ بولالمىغان بالا تۆپىلەپ كەلگەن بۇ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇش بىلەن خۇددى تاغدىن چۈشكەن تاشتەك يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ قالدى . ئېغىزلىرى گەز باغلاپ ، تېنىدىن تونۇر تەپتىدەك ھارارەت لاۋۇلداپ تۇراتتى . ئۇ ھە دېسىلا جۆيلۈيتتى . جۆيلۈگەندە «قاپقاراڭغۇ ئۆي بولسا ، مۇزدەك يەر بولسا··· » ، «ھە··· ھە··· بولدى··· بولدى··· ئىشىكنى ئەت ؛ ئېتىۋەت··· كەت··· مەن ئۇخلايمەن··· » دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى . قىزنى يەلپۈپ ئولتۇرغان ئاپىسى بولسا : «ئۇ ، ئاخىرەتنى ، ئۇ دۇنيانى كۆرۈۋاتىدۇ··· »

دەپ ئويلايتتى ۋە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى، بالىنىڭ پېشا-نىلىرىنى سىلايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىغان، ئەتمىگىنى قالمايتتى. تېۋىپكە تومۇرىنى تۇتقۇزاتتى. قولاق ئاڭلىغان، كۆز كۆرگەننى قىلاتتى. قارا سۆگەتنىڭ يوپۇرمىقىنى، يۇمران بېدىنى، پاقىيو-پۇرمىقىنى سۇغا چىلاپ ئاستىغا سېلىپ بېرەتتى. كۆك يۇمغاق-سۇتنى سىقىپ ۋە سوقۇپ، قېتىققا قوشۇپ ئىچۈرەتتى ۋە چېكى-لىرىگە چاپاتتى. كەپتەرنىڭ باچكىسىنى بوغۇزلاپ قېنىنى دۈم-بىسىگە ئېقىتاتتى.

قىز بولسا، كۆزىنى ئاچماي هامان جۆيلۈگىنى جۆيلۈگەن-دى. «ئالىمادىس ئىنسانچىلىق» دەپ ئىككىنچى خىل ئېھتىمال-نىڭ راسكەرلىكىمۇ قىلىپ قويۇلغانىدى. ئەمما گۈلقىز ئاستا - ئاستا كۆز ئېچىپ ئوڭلىنىشقا باشلىدى. قىرىق ئەللىك كۈنلەر دېگەندە ئاز - تولا مېڭىپ ھەرىكەتلىنىدىغانمۇ بولغانىدى. لېكىن بىر كېچىسى قاتتىق ۋارقىراپ ئويغاندى - دە، قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. قىزنىڭ ئەنسىز ئۈندىن چۆچۈپ ئويغانغان ئانا ئۇنىڭ چېكىسىنى سىلىۋىدى، ئۇ چىلىق - چىلىق تەرلىگەنىدى، تاڭمۇ تەستە ئاتتى. ئاچچىق ئاقىۋەت شۇ بولدىكى، گۈلقىزنىڭ ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى.

بەزىلەر: «شامال دارىپتۇ» دېسە، بەزىلەر «كېزىكنىڭ يېلى قاپتۇ، قۇرۇق يەل» دەيتتى. بەزىلەر «دۇئا ئوقۇتسا ساقىيىدۇ» دېسە، بەزىلەر «پىرە ئويناتسا ئوڭلىنىپ كېتىدۇ» دەيتتى. ئې-شەكنىڭ پۇتى سۇنسىمۇ داخانغا دۇئا ئوقۇتىدىغان، بالىنىڭ ئىچى سۈرسىمۇ داخاننىڭ دەمىدىسىنى ئىچۈرىدىغان، چىشى ئاغرىسا باخشى چاقىرىپ پىرە ئوينايدىغان قەشقەردە ئۇنداق ئىشلار قىلىن-ماي قالارمىدى؟...

پالانى يەردە بىر داخان بار ئىكەن. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن كۆكىرىپ تۇرغان دەرەخنى «سۇف» دەپلا قۇرۇتىۋېتىدىكەن؛

دەريانىڭ سۈيىنى بىر ئۇرۇپلا ئارقىسىغا شاررىدە قايتۇرۇۋېتىدى-كەن؛ پوكۇنى دېگەن باخشى كەتمەننى قىپقىزىل چوغ قىلىپ پاژ - پاژ... دەسسىسە، خۇدانىڭ كارامىتى بىلەن پۇتى كۆيمەيدى-كەن... دېسە، مۇشۇنىڭغا ئىشىنىش بىلەن سەھرايىلىك ساددا ئادەملىرى خۇدانى قويۇپ خۇراپاتقا بەند بولۇپ قالاتتى-دە، ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلاتتى، ئاشۇنداقلارنى تېپىپ كەلمەي ياكى ئاغرىقنى ئاشۇلارغا ئېلىپ بارماي قالمايتتى.

گۈلقىزنىڭ دادىسى خېلى زېرەك ئادەم بولسىمۇ، لېكىن يەنە شۇ شارائىت ۋە ئەل ئېتىقادىنىڭ ئەھلى بولغىنى ئۈچۈن ئۇدۇمنى ئادا قىلىپ، ئارىلىقى بىر كۈنلۈك يەر بولغان يېڭىئۆستەڭ ئاچىتامدىكى ئىسلام باخشى دېگەننى ئەكەلدى. ئېگىز بويلۇق، ئاق ساقاللىق ئىسلام باخشى ئالا ئېتىنىڭ يانپىشىغا يوغان داپلىرىنى تېڭىپ، تۆت شاگىرتىنى كەينىدىن سوكۇلدىتىپ يېتىپ كەلدى-دە، قارا ئارغامچىدا ئايۋاننىڭ تۆرىگە تۇغ باغلاپ، يەتتە ئۆيدىن تىلەتكەن پارچە - پۇرات لاتا - پۇتا يۇلۇندىلارنى تۇغ - ئارغامچىغا ئېسىپ، بىچارە گۈلقىزنى بىر كېچە - كۈندۈز ئوك ۋە تەتۈر پىرقىرىتىپ، تۆت چارەك بۇغداينى ھەم ئالتە چۈجىسى بىلەن ئاق مېكىياندى ئەكەتكەندىن ئارتۇق نەتىجە بولمىدى.

ئاۋات چاگادىكى ئىمىن داخان دېگەننىمۇ ئەكەلدى. گەۋدىلىك، قويۇق ساقاللىق ئۇ ئادەم: «بالىغا ھال دارىپتۇ: ئوغرى ھال قىلسا، بىرەر جاندارغا كۆچۈرسە، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ...» دەپ، گۈلقىزنىڭ دادىسىنى بىرەر جانلىق مال ئوغرىلاپ كېلىشكە ئۈندىدى. ئۆمرىدە ئەلنىڭ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىگە قارا ساناپ كۆرمىگەن كىشىگە بۇ ئىش ئۆلۈمدەك ئېغىر بىلىندى، لېكىن: «قىزىمغا شىپا بولسىلا، قىرىق كۈندە تۆلەپ بېرىدىغان بولغاندىن كېيىن مەيلىلا...» دېدى-دە، مال ئوغرىلاپ كېلىشكە كۆندى.

— شامال بالىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن دارىپتۇ ... — دەيتتى داخان ، — مال سىلىنىڭ ئۆينىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يەتتىنچى ئۆيدىن ئەكېلىنىسە بولىدۇ .

تۇن تەڭ مەزگىل ئىدى . گۇلقىزنىڭ دادىسى ئالا ئارغامچىنى بېلىگە باغلاپ مېخۇۋاتقىنىدا ، داخان :

— ئىلاج بار مالنىڭ سېمىز بولغىنى ياخشى . جاندار ئورۇق ، ئاجىز بولسا ، شىپا قىلىشى كەم ، زەئىپ بولىدۇ . يەنى مەسىلەن ، ئورۇق مال زەئىپ بولغىنىدەك ... — دېدى .

سېمىز ئاق پاقلاننى كۆرگىنىدە «موللام» شۇقەدەر زوقلىنىپ كەتتىكى ، دۇمبىسى ۋە قۇيرۇقلىرىنى نەچچە نۆۋەت سىلىۋەتتى . ئىشىك ، تۇخلۇك چىڭ ئېتىلدى . گۇلقىزنى پاقلاننىڭ بوينىغا ئېسىلدۇرۇپ ئولتۇرغۇزغان داخان سېرىق تەسۋىنى سىيرىپ ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى . ئۇ قىزنى تەسۋى بىلەن پات - پات ساۋىلاپ «سۇف ، سۇف »لەيتتى . «كۆچ... كۆچ... كۆچمىسەڭ كەينىڭدىن بورىغا يۆگەپ ئوت قويىۋېتىمەن كۆچ... » دەيتتى .

شۇنداق قىلىپ ، ئىمىن موللامۇ ئاق پاقلان بىلەن ئالا خۇرجۇندا لىق ناننى ئېلىپ ، قاۋۇل بىر يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا ، تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن يولغا راۋان بولدى . ئۇ ، كېتەر چېغىدا ئۆزىنى تەسۋىنى بوينىغا سېلىپ تۇرۇپ شۇنداق بىر دۇئانى باشلىدىكى ، ئەۋلىيا ، ئەنبىيا ، يەتتە سۇلتان ، يەتمىش چىلتەن ، مازار - ماشايىخلاردىن تارتىپ ئوغرى - مۇناپىقلارغىچە بىرمۇنچىسىنىڭ نامىنى قىچقىرىپ ، ئاخىرىسىنى «ئەزىزانە قەشقەرنى بېسىپ ياتقان ھەزرىتى ئاپئاق غوجام مەدەت قىلغاي... » بىلەن تۈگەتتى ۋە : «ھەممىنى بىلگۈچى ئاللا ، قىز قىرىق كۈندە ساقىيىدۇ... » دەپ قويۇپ كەتتى .

قىرىق كۈنمۇ ئۆتتى ، يۈز قىرىق كۈنمۇ ، ھەتتا ئۈچ يۈز قىرىق كۈنمۇ ئۆتتى ، ئەمما گۇلقىزنىڭ كۆزىدە ئۆزگىرىش بول-

مىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «بالىمىزنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن…» دەپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئىككى كۆزى ئەما گۈلقىزنى يېتىلەپ يۈرىدىغان بولدى.

## 2

يازنىڭ تۇنجى ئايلىرى، ئۈجمە پىشقان كۈنلەر ئىدى. ھەمرا ئاچا گۈلقىزنى ھويلىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئەگلەك سوراش ئۈچۈن قوشنىلارغا چىقىۋىدى، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بىر كىشىگە ئۇچراپ قالدى. كۆزەينەك تاقىغان، كۆك ئىشەكنى يېتىلىۋالغان، توكى ـ توكىياڭ دۇمبىقىنى پىلدىرلىتىپ چالغان، ئەللىك بەش ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى قارامتۇل، دوغىلاق ئۇ ئادەم تەكرارلاپ كېلەتتى:

— چىنە قادايدۇ… چىنە قادايدۇ…

ئۇ، ھەمرا ئاچىنى كۆرۈپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ياڭگاڭزا! ياخشىمۇ؟… سۇنغان چىنە بارمۇ؟ مەن قادايدۇ، — دېدى.

— چىنە بار، تەخسە بار، — دېدى ھەمرا ئاچىمۇ كۈلۈپ، — بىزنىڭ ھويلىغا يۈرۈڭ، — دەپ ئۇنى باشلاپ ماڭدى.

قاداقچى ھويلىغا كىرىشى بىلەن ھەۋەسلىنىپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. ئۇ، ئىشىكنى ئىغىل ئالدىدىكى تۈۋرۈككە باغلىدى، ئاندىن ئەپچىل ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ سۇپىغا كەلدى. سۇپا ئۈجمىنىڭ ئاستىدا بولۇپ، ھويلىغا ھۆسن بېرىپ تۇرغان سۆلەتلىك بۇ يوغان ئۈجمە باراقسان شاخلىرىنى پېشايۋان ئۆگزىلىرىگىچە ساڭگىلىتىپ ئارامبەخش سايىسى بىلەن بۇ چىرايلىق خانىدانغا ھۇزۇر بېغىشلاپ تۇراتتى. ئۈجمىنىڭ تۈۋىگە قويۇلغان يوغان تاش كۆپ بولسا، مۇزدەك سۈزۈك سۈيى بىلەن ھەر كۈنى



www.uyghurkitap.com

كۆپلىگەن ئەر - ئايال مېھمانلارنى زىيارەت قىلدۇرۇشنىڭ بىر-دىنبىر پاسىبانى ، رەڭدار گۇللەر بولسا ، كۆزلەرنىڭ مېھرىبانى ئىدى .

دېمەككى ، پۈتۈن ياز بويى مەھەللىنىڭ ھەممە قىز - چوكان-لىرى بۇ ھويلىغا توپلىشىپ ، ناخشا دېگەننى چاڭ كەلتۈرۈپ چاق ئېگىرەتتى ؛ دوپپا ، كەشتە ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى تىكەتتى .

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى ، بىردەمنىڭ ئارىلىقىدىلا ھويلا خۇددى بىر كىچىك بازارغا ئايلىنىپ كەتتى . بالىلار ، ئانىلار ، قىز ۋە چوكانلار قاداقچىنى ئورىۋالغانىدى .

مۆمىن ئاكا كەتمىنىنى ئۆشنىسىگە سېلىپ باغدىن چىقىپ كەلگەندە بۇرنىنىڭ ئۇچىغا چۈشۈپ قالغان كۆزەينىكىنى ئېگىز-لىتىشكىمۇ چولىسى تەگمىگەن قاداقچى تەرلەپ - تەپچىرەپ غىدى - غىداڭ بىلەنلا بولۇپ كەتكەنىدى . مۆمىن ئاكا :

— قاداقچى ئۇستا ، ياخشىمۇ ؟ — دېگەندىلا ، قاداقچى لىپ-پىدە قاراپ قويۇپ ، يەنە ئۆز ئىشىنى داۋام قىلىۋەردى .

مۆمىن ئاكا پۇتلىرىغا چاپلىشىپ قالغان لايلارنى كەتمىنىنىڭ بىسى بىلەن تازىلىۋېتىپ ، دەھلىزگە كىرگەندە ھەمراخان كى-چىككىنە ياغاچ تەڭنىدە خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى . ئۇ :

— نان ياقمەن دېگەندەك قىلىۋىدىڭلارغۇ ؟ — دېۋىدى ، ھەمراخان :

— ئۇن تۈگىگەندە ئۇياتلىق مېھمان كەپتۇ... دېگەندەك نان ئاخىرلىشىپ قالغاندا بۇ قاداقچى ئۇستىنىڭ كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەملا ، غىزا قىلاي دېدىم ، — دېدى .

— بوپتۇ ، ئوبدان قىلىپسىلە ، ئانىسى ، ئاڭغىچە مەنمۇ باغنى سۇغىرىۋېتىپ چىقىمەن .

ئۇ ، ھويلىغا چىققىنىدا سالپىيىپ تۇرغان كۆك ئىشەككە كۆزى چۈشتى - دە ، كېلىپ يېشىشكە باشلىۋىدى ، قاداقچى :

— ئاخۇن ، نېمە بولدى ؟ — دېۋىدى ، مۆمىن ئاكا پەرۋاسىز

كۇلۇپ :

— ئېشەكنى ئوغرىلاپ قاچاي دېۋىدىم، كۆرۈپ قالدىڭىز ـ ھە؟… ئەمدى بۇنىڭغا بېدە سېلىپ بېرەي، — دېدى ـ دە، ئاپىرىپ ئوقۇرغا باغلاپ كۆك بېدە سېلىپ بەرگەندىن كېيىن كېلىۋىدى، قاداقچى قاقاقلاپ كۇلۇپ بۆلەكتىن كۆرۈشتى.

مۆمىن ئاكا بىر دەمدىن كېيىن باغدىن قايتىپ چىقىپتۇ. قاداقچى يەنىلا تازا تەرلەپ ـ پىشىپ ئىشلەۋاتاتتى. مۆمىن ئاكا ئۇستىنى تاماققا تەكلىپ قىلدى ۋە چۆرىدەپ تۇرغان باللار بىلەن باشقىلارغىمۇ :

— ھەربىرلىرىڭىزمۇ ئالدىراش ئىشلىرى بولمىسا، تاماققا كېلىشمەملا؟ — دەپ كۇلۇپ چاقچاق قىلدى. ئۇ، قاداقچىنى يەنە ئالدىراتتى.

قاداقچى بولسا :

— مانا ھازىر تۈگەيدۇ، — دېگەچ غىدى ـ غىداك بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى.

— قىچىپ كېتىدىغاندەك بۇ چىننى نېمانچىمۇ چىڭ نوختىلىۋەتكەنسەن؟ — دېدى مۆمىن ئاكا.

— مۇشۇنداق چىڭ نوختىلىمىسا قاچىدۇ، — دېدى قاداقچىمۇ كۇلۇپ.

تاماق تۈخۇم چۆپ ئىدى. ئۇنى داستىخانغا قويۇۋېتىپ مۆمىن ئاكا ئۆزرە ئېيتتى :

— ئاددىيلا سەھرا تامىقى.

— ياخشى… ياخشى، — مېھمان بولسا، بۇ ئاددىي، ئەمما مەزىلىك تائامنى يەپ ماختاپ ئولتۇرۇپ، ياغاچ قوشۇق بىلەن كۆرەپ ھوزۇر بىلەن يۇتماقتا ئىدى. ئۇلار تاماق داۋامىدا ئۇيان ـ بۇياندىن ئاز ـ تولا سۆزلەشتى ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ئات ـ جونلىرىنى سوراشتى.

— مەندە ئات ما مىڭغاك، — دەيتتى قاداقچى، — ئۇيغۇرلار

مېنى مۆمىنئاخۇن دەيدۇ .

— بىزنىڭ ئاۋۇ ئادەمنىڭ ئېتىمۇ مۆمىنئاخۇن ، — دېدى ھەمراخان .

— ئەييا ، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى قاداقچى ، — سىزدە ئاتمۇ مۆمىن ، مەندە ئاتمۇ مۆمىن ، بۇ تازا قاملاشتى .

ئۇلار ئۇجمە تۈۋىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇشقانىدى . ھەمراخان بىلەن گۈلقىز بولسا ، دەھلىزدە تاماق يەۋاتاتتى .

— ئىش تولا ، كۆپ ئولتۇرسا بولمايدۇ ، — دېدى قاداقچى ۋە رەھمەت ئېيتىپ قوزغالدى . ئۇ ، پەشتامىنى تارتىپ غىدىغۇچنى ئەمدى قولىغا ئېلىۋاتاتتى . شۇ ئەسنادا ئېگىز بويلۇق ، قاڭشارلىق ، قاتاڭغۇر بىر ئايالمۇ قادىتىدىغان نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالدىراپ كىرىپ كەلدى .

شۇنداق قىلىپ ، قاداقچى مۆمىن ئۇستا كەچكىچە ئارامسىز ئىشلىگەن بولسىمۇ ، بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئۈلگۈرەلمىدى . ئۇ نەچچە كۈنلەر ئىچىدە يەنە بىر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى ، ئاياللار ئولىشىپلا تۇرۇۋالدى . ساھىبخانىلارمۇ قاداقچىنى قونۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلدى . قاداقچى ئاخىرى بۇ تەكلىپنى رەت قىلالماي قونۇپ قالىدىغان بولدى .

ئايدىڭ ئاخشام ئىدى ، ھەمراخان گۈلقىز ۋە ئۆزى ئۈچۈن دەھلىزگە جاي راسلاپ ، ئىككى مۆمىنئاخۇنغا پېشايۋان سۇپىسىغا ئورۇن سېلىپ بەردى . ئۇلار يېتىپلا مۇڭداشقىلى باشلىدى . قاداقچىنىڭ :

— نەچچە بالا بار ؟ — دەپ سورىغان سوئالىغا جاۋابەن مۆمىن ئاكا ئۆز سەرگۈزەشتىسىنىڭ باللار قىسمىنى سۆزلەشكە باشلىدى .

— بۇ خوتۇن ئەل ئۆمرىدە تۆتنى تۇغدى ، ئىلگىرى ئىككى بالىمىزنىڭ بىرى قىزىل ، بىرى بوغما كېسەل بىلەن ئۆلۈپ

كەتكەن . ئۇنىڭدىن كېيىنكى بالىسىمۇ ئوغۇل ئىدى . ھەي… نېمىسىنى دەيسەن ؟… ئوغلۇمنىڭ ئىسمى ئابدۇراخمان ئىدى . ئۇ شۇنداق بىر بالا بولۇۋىدىكى… نېمىسىنى دەي ؟… قانداق قىلاي ؟… ئۇھ…

— ھە… ھە… نېمە بولدى ؟ — قاداقچى مۆمىن ئاكا تەرەپكە ئۆرۈلدى .

— ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋېتىمىز… دەپ ئەكېتىپ … شۇنىڭ بىلەن…

مۆمىن ئاكا كېيىنكى سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى .

ھۆرمەتلىك كىتابخان !

قىسسىمىزنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئابدۇراخمان ھەققىدە يەتكۈدەك توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە مۇشۇنىڭ بىلەن چەكلىنىمىز . ئەمدى گەپنى يەنە گۈلقىز ھەققىدە ئاڭلايمىز :

## 3

خورازنىڭ قانىتىدا چاۋاك چېلىپ ئۇنلۇك قىچقىرىشى ئۇلارنى ئويغىتىۋەتتى . ئىككى ئېشەكنىڭ بەسلەشكەندەك دەھشەت بىلەن ھاڭرىشىمۇ پۈتۈن سەھرانىڭ ئارامىنى بۇزدى . بۇ چاغدا مۆمىن ئاكا ئويغانغان بولسىمۇ ، ئەمما قاداقچى مېھمىنىنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن جىمجىت ياتاتتى . بىردەمدىن كېيىن مەھەللە مەسچىتىنىڭ مۇنارىسىدىن بۇقا مەزىنىنىڭ تۈگمەنىنىڭ بۇرغىسىدەك چىققان ھەيۋەتلىك ئاۋازى پۈتۈن ئەتراپنى ياڭرىتىپ ، مۆمىن ئاكىنى تاھارەت تەرەددۇتىغا تۇرغۇزدى . ئۇ ، ئالدى بىلەن ئېشەكلەرگە بېدە بېرىۋېتىپ ، ئاندىن پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ تالاغا ماڭدى . بۇنى بىلىپ ياتقان قاداقچى ئۆزىگە بولۇۋاتقان ئېھتىرام ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەدەپ ، خۇلقىغا ئىچىدە ئاستا پىچىرلاپ ئاپىرىن ئەيلىمەكتە ئىدى .

مۆمىن ئاكا نامازدىن قايتىپ كىرگىنىدە ھەمراخانمۇ بامدات-نى ئۆتەپ چىقىپ، كالىنىڭ تېزەكلىرىنى كومىلاچلاپ ئېغىلنىڭ تاملىرىغا چاپلاۋاتاتتى. قاداقچى ئۇستا بولسا، ئۈجمىنىڭ نېرى يېقىدا ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، تام بويلاملىرى ۋە ئويماڭ-لاردىكى رەڭگارەڭ گۇللەر بىلەن چۆنەكلەردىكى رەتلىك ئۆسكەن ئوتياشلار ھەم ئېرىق بويلىرىدىكى كۆچەتلەرگە چىن زوقى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

ئەتىگەنلىك چاينى ئۇلار پېشايۋان سۇپىسىدا دەرقەمتە ئولتۇ-رۇپ ئىچىشتى. خام قايماق بىلەن ئوخشىغان چاينى ھەمراخان پات - پات لىقلاپ تۇراتتى. يېڭى كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ ئالتۇن زەررىلىرى پېشايۋان تاملىرىدىن باشلاپ باغ ۋە ھويلىغا نۇردىن سۇپەت، گۇل - چېچەكلەرگە زىننەت بەرمەكتە ئىدى.

چايدىن كېيىن قاداقچى، گۇلقىز ھەققىدە ئاخشام ئاڭلىغان-لىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئالىقىنىنى قويۇپ كۆزلى-رىنى خۇددى تېۋىپلاردەك تەكشۈرۈپ كۆردى، ئۇ گۇلقىزنىڭ كۆزىنى كۈنگە ئۇدۇللاپ تۇرۇپ:

— نېمە بار؟ ... — دەپ سورىۋىدى.

— چىراغ... چىراغمۇ... نېمە؟ — دېدى گۇلقىز. كېيىن قاداقچى قاراڭغۇ ئۆيدە ئۇنىڭ كۆزىگە چىراغ تۇتۇۋىدى، قىز قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ چىراغنى ئىزدىدى.

— بىرنېمە، بىرنېمە بار ... — دەيتتى گۇلقىز قولىنى سوزۇپ.

— مېنىڭچە بالىنىڭ كۆز نۇرى ئاجىزلاپ كەتكەن، ئەمما ئۆچكەن ئەمەس ... — دېدى قاداقچى. ئۇ، يەنە بىرئاز ئويلاندى - دە، ئاندىن ئۆزىنىڭ ياخشى تەجرىبىلىك بىر تېۋىپ ئاغىنىسى بارلىقىنى، بالىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىش زۆرۈرلۈكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمۇ قولىدىن كېلىشىچە ياردەمگە تەييار ئىكەن-لىكىنى ئېيتتى.

قاداقچى ئۇستا ئىش ـ پىشلىرىنى تۈگىتىپ ، تاماقتىن كېيىن ئىشكىنى يېتىلەپ ماڭغاندا كۆرۈن پېشىن نولاي دەپ قالغانىدى . ئۇ ، رەھمەت ـ تەشەككۈرلىرىنى تەكرارلاپ، تېۋىپ توغرىسىدىكى تەكلىپى ۋە ۋەدىسىنى يەنە بىر بىلدۈرگەندىن كېيىن يۇرۇپ كەتتى .

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتتى . ئۆگۈنى چۈش مەزگىلى بولۇۋىدى ، قاداقچى كۆك ئىشكىنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى . ئۇ دەرۋازىدىنلا تېۋىپ توغرىسىدا سۆزلەپ كىرمەكتە ئىدى . قاداقچىنى خۇشال قارشى ئالغان ئاتا ـ ئانا تەييارلىقنىڭ گېپىنى قىلىشۋىدى ، قاداقچى :

— نېمە تەييارلىق ؟ — دېدى . ئۇلار پۇلنىڭ گېپىنى چىقىرىشۋىدى ، قاداقچى دەرھاللا :

— ھەي مۇسۇلمان ، ھازىر پۇل نېمىگە كېرەك ؟ ... ئالدى بىلەن بالىنى كۆرسەتمەمدۇ ؟ — دېدى .

مۆمىن ئاكا چامبۇل ئىشەكنى توقۇدى . ئۇ گۈلقىزنى ، قاداقچى بولسا ھەمراخان تۇخۇم قاچىلاپ چىققان چىغ سېۋەتنى ئالدىغا ئالدى ـ دە ، يولغا راۋان بولدى .

## 4

گۆزەر كوچىلىرى ئادەم بىلەن ئاۋات ئىدى . شەتەي[1] ساردىينىڭ ئالدىدا يېمىش سېتىۋاتقان يوغان قارا خوتۇن قوتاز قۇيرۇقىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچ بىلەن چىۋىن قورۇپ ئولتۇرۇپ تىنماي توۋلايتتى :

---

① شەتەي — 1911 ـ يىلىدىن 1923 ـ يىلىغىچە قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەشەددىي ئىستىبدات ماتىتەي (ما فۇشىڭ ، خۇيزۇ )نىڭ ئوغلى . ئۇ ، ئوغلى شەتەي نامىدا ھەشەمەتلىك «ساراي» ياساتقان . بۇ ساراي كونىشەھەرنىڭ تۆشۈكدەرۋازا تېشىدىكى گۆزەردە بولۇپ ، كېيىنكى كۈنلەرگىچە ئاشۇنىڭ نامىدا ئاتىلىپ كەلگەن .

— ئاله بەشكىرەمنىڭ ئۇزۇمى ، مەي باغلىغان ئۇزۇم !
مۆمىن ئاكىلار ئىشەكلىرىنى سارايغا جايلاشتۇرۇپ چىققىدىن كېيىن ھېلىقى ئاغزى بىسىلماي توۋلايدىغان باققال خوتۇننىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ، گۈلقىزنى يېتىلىگەنلىرىچە تۆشۈكدەرۋازا تەرەپنى كۆزلەپ ماڭدى . ئۇلار كېلىپ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى كۈنگەيگە قارايدىغان ئەپچىل دۇكان ئالدىدا توختىدى . ئۇلارنى دۇكاننىڭ پوكىيىگە مەيدىسىنى تىرەپ تۇرغان ، ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى ئاق يۈزلۈك تەتەي يۇمشاق كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالدى . قاداقچى بىرنىمىلەرنى دېۋىدى ، ئۇ دەرھال پوكەينىڭ قاپقىقىنى كۆتۈردى . ئۇلار گۈپۈلدەپ دورا ـ دەرمانلار پۇراپ تۇرغان دۇكان ئارقىلىق ئىچكىرىگە كىردى . چاققان دەھلىزگە ئۇدۇلمۇدۇل ئىككى تەرەپتە ئىككى ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇراتتى . ئۇنىڭ سول ياقتىكىسى ياتاقخانا ، ئوڭ ياقتىكىسى بولسا ، تېۋىپنىڭ ئىشخانىسى ئىدى . ئېگىز بوي ، تاقىرباش تېۋىپ كېسەل كۆرۈۋاتاتتى . ئۇ ، كىرگۈچىلەر بىلەن مۇنداقلا تىنچلىق سوراشتى ـ دە :
— بىردەم ئولتۇرەء.. ھە ؟ ئولتۇر ، — دېدى . تەلەپپۇزىغا قارىغاندا بۇ تېۋىپمۇ ئۇيغۇرچىنى خېلى ئوبدان سۆزلەيتتى . مۆمىن ئاكا بولسا ، بۇ تېۋىپنى كۆرۈش بىلەنلا داڭ قېتىپ قاراپ قالدى . ئۇ ، نېمە ئۈچۈنكى ھېلىمۇ شۇ ھەيرانلىقىدا ، ئاغزى كاماردەك ئېچىلغان ھالدا قادىلىپ قاراپ تۇراتتى . تېۋىپ بولسا ، كۆزى قاتتىق ئاغرىغان ، قويۇق ساقاللىق بىر ئۇيغۇرنى كۆرۈۋاتاتتى .
تېۋىپ بۇ ئاغرىقنى ئۇزاتقاندىن كېيىن قوللىرىنى يۇدى ـ دە ، ئاندىن گۈلقىزنى كۆرۈشكە كىرىشتى :
— سەۋەب مەندىن ، ساقايتىش خۇدادىن ، — دېدى ئۇ ، قايىنتىپ كۈندە ئۈچ ۋاخ ئىچىدىغانغا بىر بولاق دورا ، ھەر كۈنى كەچتە كۆزىنى يۇمۇپ تېمىتىدىغانغا كىچىك قۇتىدا سۇيۇقلۇق

بېرىپ ، ئۆيىنىڭ ئارىلىقىنى ئۇقۇقاندىن كېيىن ، جىددىي ئەھۋال بولمىسا ھەپتىدە بىر كېلىشىنى ، دورا تۈگىسە ۋاقتىدا ئېلىشىنى ، ئۈزۈۋېلىنىش جەھەتتىگە كەلگەندە ، ئارپىبەدىيانى دەملەپ بې-رىش ، ئۆچكە سۈتى ئىچۈرۈش ، قوينىڭ جىگىرىنى خامسۇفىراق كاۋاپ قىلىپ بېرىش قاتارلىق قوشۇمچىلارنىمۇ ئاپىلىدۇ . «مېۋە ـ چېۋىنى خام ياكى بۇزۇلغان بولمىسىلا يەۋەرسە بولىدۇ» دېدى . داۋالاشنىڭ بىرىسى بىر ، نېرىسى ئۈچ ـ تۆت ئاي بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

مۆمىن ئاكا قاداقچىنى ئاستا جەينەكلىۋىدى ، ئۇ پۇلنىڭ گېپىنى چىقاردى ، تېۋىپ پايىنەك بېشىنى سىلاۋېتىپ ، موچەن ، كويچەن دەۋاتقىنىدا كىرىپ كەلگەن تەتەي بىرنېمە دېۋىدى ، تې-ۋىپ توختاپ :

— بولدى ، پۇل ئالمايدۇ ، — دېدى . مۆمىن ئاكا بولسا قىزىل تىزىلارنى تەڭلەپ تۇراتتى .

— بولدى ، پۇل ئالمايدۇ ، سىز بىرمۇنچە تۇخۇم ئەكەلدى ئەمەسمۇ ؟ — دېدى تەتەي كۈلۈپ . مۆمىن ئاكىمۇ ئۇنىماي تۇراتتى .

— مەن دورىغا پۇل ئالسا ، سەنمۇ تۇخۇمغا پۇل ئاله ، — دېدى تېۋىپ . مۆمىن ئاكا پۇلنى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويدى . قاداقچىمۇ ئارىلاشتى . تېۋىپ تىزىدىن بىرنى ئېلىپ قالغىنىنى قايتۇرۇپ بەردى .

تېۋىپتىن ئۇزاپ چىققاندا سېۋەتنى ساڭگىلىتىپ ماڭغان قاداقچى مۆمىن ئاكىلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى .

ئۇلار ئېشەكلىرىگە مىنىپ ، كوزىچى ياربېشى تەرەپكە ماڭ-دى . دۆڭباغقا يېقىن كەلگەندە بىر يان كوچىغا كىردى ـ دە ، قىبلىگە قاراپ تۇرغان كىچىك دەرۋازا ئالدىدا توختىدى . ئۇلارنى ئوتتۇرا بوي ، بۇغداي ئۆڭ ، قارا چاچ ، قىرىق ياشلاردىكى خۇش-خۇي بىر تەتەي كۈتۈۋالدى . بۇ تەتەي ئۇيغۇرچىنى ھەممىدىن

ئوبدان سۆزلەيتتى . ئۇ ، گۈلقىزنىڭ چاچلىرىنى قايتا سىلايتتى . ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتقانلىقىنى، تېۋىپكە كۆرسىتىشكە ئېرىنى ئالدىراتقانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ تۆت بالىسى ، بۇ قىز بىلەن تەڭ بىر قىزى بارلىقىنى ، بۇگۈن ئاچىسىنىڭ يېنىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتاتتى . ئۇ ، گۈلقىزغا چاقماق قەنتلەرنى تۇتقۇزۇۋېتىپ سورايتتى :

— بۇ بالىنىڭ ئېتى نېمە؟

— گۈلقىز .

— گۈلقىز... گۈلدەك قىز ئىكەن . بۇ ئات ئۆزىگە تازىمۇ باب كېلىپتىكەن . بىراق بىچارە بالىنىڭ كۆزىگە يامان بوپتىكەن ـ دە...

تەتەي كېسەلنىڭ تارىخىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى .

— ساقىيىپ كېتەر . خۇدا شىپالىق بېرەر ، لاۋ تاڭ ئۇستا تېۋىپ ، بىزنىڭ ئادەم بىلەن كۆڭلى يېقىن . بۇ كۈچ چىقىرىدۇ . مەن ئۆزۈممۇ تاپىلايمەن . كېيىنكى دورەمدە ئۆزۈم بىللە ئاپىرىمەن ، — دېدى . ئاندىن ئۇ لاۋ تاڭنىڭ ئەسلىي ئېتى تاڭ جۇفاڭ ئىكەنلىكىنى ، يۈزىدە خال ـ تاجىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا تاجاخۇن دەپ ئات قويۇۋالغانلىقىنى ئېيتتى .

تەتەي تاماققا تەرەددۇت قىلىۋىدى ، مۆمىن ئاكا ئۇنىمىدى .

— ئابايام ئېيتتىمغۇ ، بىزنىڭ ھەممە قوشنىلىرىمىز مۇسۇلمان ، بىز چوشقا گۆشى يېمەيمىز ، قازانلىرىمىز پاكىز ، — دېدى تەتەي .

ئۇ ھەرىكەتتە ئىدى . مۆمىن ئاكا ئەمدى تەتەيگە يالۋۇرۇشقا باشلىدى :

— خۇش بولاي ، بىز كەچ قالىمىز . بولدى ، رەھمەت ، تاماقنى يەنە يەرمىز...

تەتەي ئاخىرى ئاق نان ۋە قەنت ـ گېزەك بىلەن چاي

قويدى .

مۆمىن ئاكا قاداقچىنىڭ ئۆيىدىن تۇراپ چىقىشىغىلا تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى مەسچىتتىن ئەسىرگە ئەزان چىقتى .

ئۇ ، گۈلقىزنى ۋە دورا سېلىنغان سېۋەتنى ئالدىغا ئېلىپ بوز تۇمشۇق ھاڭگىنى يورغىلىتىپ باراتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قاداقچىنىڭ ھېلىقى خۇشخۇي خوتۇنىنىڭ قىلىقلىرى ، گەپ ـ سۆزلىرى بىر ـ بىر ئۆتمەكتە ئىدى . ئۇ : «ئىش ئوڭغا تارتسا ، ئىشتانمۇ سوڭغا تارتىدۇ» دېگەن گەپ بار . بولمىسا ، خۇدايىم بۇ قاداقچىنى بىزگە باشلاپ بارارمىدى ؟… بۇمۇ ئىشىمىز ئوڭغا تارتقانلىقىنىڭ ئالامىتى . ئىنشائاللا ، قىزىمنىڭ كۆزى ساقىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس . ئىگەم بار ، نىغەم بار… ھېلىقى تېۋىپمۇ… »

ئۇ كېتىۋېتىپ تاجاخۇن تېۋىپنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى ـ دە ، ئابايام ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا داڭ قېتىپ قاراپ قالغىنىنى ، ئۆزىنى ھەيران قالدۇرغىنى ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى چۆرىسىگە خۇددى قەلەم بىلەن سىزغاندەك ھالقىسىمان چۆرگىلىمەچ قوڭغۇر خال ـ تاجىسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ، مۆمىن ئاكىنىڭ كۆڭلى يىراق ئۆتمۇشنى ، ئوتتۇز يىللار ئاۋۋالقى بىر قىزىق ۋەقەنى ئەسلەشكە كەتتى . ئۇ قانداق ۋەقەلىكنى كېيىن نۆۋىتى كەلگەندە يازىمىز ، ئەمدى گەپنى دىدىل بىلەن لىتىپجاندىن ئاڭلايمىز :

## بەشىنچى باب

# مۇھەببەت گۈلزارى

مۇھەببەت ئەھلىدىن ئۈمىدلەر كۈتتۈم ،
مىڭ ئۆينىڭ يېنىدىن مىڭ بىر رەت ئۆتتۈم .
نېسىدىن بىتەلەي بىر يىگىت ئىدىم ،
يوقنى ئاختۇرماستىن نەقنىلا يۇتتۇم…

— «مۇھەببىتىم» ناملىق شېئىردىن

1

— سىلەر بۇ ئىشنى تولىمۇ ياخشى قىلغان ، — دەيتتى دىدىل «مۇھەببەت گۈلزارى» ناملىق قىلىن مۇقاۋىلىق توپلامنى ۋاراقلاۋېتىپ ، — ئەگەر بىزنىڭ مەرپەت سۆيەر كىشىلىرىمىزنىڭ ، شۇ جۈملىدىن خەت - ساۋاتى بارلىكى دوستلارنىڭ ھەنندىۋاسى مۇشۇ ئۇسۇلغا ئادەتلەنسە ئىدى . ئۇ چاغدا ئاددىي ۋە ئاسانلا يول بىلەن ناھايىتى نۇرغۇن مەنىلەر مەجمۇئەسى ئوڭايلا جۇغلىنىپ قالغان بولاتتى . مانا قانداق ياخشى… شۇنچە ئىلمىي نەرسىلەر : شېئىر ، داستانلار ، مەسەل ، تەمسىل ، تېپىشماقلار : قوشاق ، بېيىت ، لەتىپە ، چاقچاق ۋە چۆچەكلەر… مانا بۇلار جەمئىيەتتە چېچىلىپ ياتقان قىممەتلىك بايلىق ، ئېسىل ئۈنچە - مارجانلار… سىلىنىڭ سەۋەبلىرى بىلەن مۇشۇنچە مۇھىم ، ئەمما

قەدرى بىلىنمىگەن بايلىقلار توپلىنىشىپ قالغان . سىلىنىڭ بۇ خىزمەتلىرى ئەلۋەتتە ئاپىرىن ئەيلەشكە ئەرزىيدىكەن .

— نەدىمۇ ئاپىرىن ئەيلىگۈچىلىكى بولسۇن ! — دېدى لىتىپجان مەنىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — دەرۋەقە بۇ ئىش بىر ئاجايىپ ئادەمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن باشلانغانىدى .

«ئاجايىب ئادەم» دېگەن سۆز دىدىلنى قىزىقتۇردى . ئۇ يەنە سورىدى :

— قانداق ئاجايىپ ئادەم ؟

— گەپنى باشتىن باشلاي ، — دېدى لىتىپجان ، دىدىلنىڭ رايىغا بېقىپ :

— كۆزنىڭ ياخشى كۆنلىرىدىن بىرى ئىدى . ياۋاغدا كېتىۋاتسام كوچىدا بىرمۇنچە ئادەملەر ئولىشىۋالغانىكەن . نېمە ئىش بولغاندۇر ، دەپ بارسام ، ئاق ساقال بىر ئادەمگە مۇتتەھەم بىر لۈكچەك ئېسىلىۋاپتۇ . چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى قايرىپ بېلىگە قىستۇرۇۋالغان يالاڭ ئاياغ ئاق ساقال ئادەم ئۇ لۈكچەككە : «ئۇكام ، ھېچ ۋەقەسى يوق» دەپ يالۋۇرۇپ يېلىناتتى . ياغاق يۈز ، چېقىر كۆز ، ئۇچلۇق بۇرۇن لۈكچەك بولسا ، بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ ، ئۇ ئادەمنىڭ ياقىسىنى چىڭ سىقىپ ، ئاق ساقىلىنىمۇ ئاغزىغا ئېلىپ تىللايتتى . لۈكچەك ھە دەپ بىقىنىنى سىلاپ ۋايسايتتى . كىشىلەر بۇ لۈكچەكنىڭ خەقنىڭ ئىشەك ـ ئۇلاغلىرىغا ئەتەي ئۆزىنى ئۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن ئېسىلىۋېلىش ياكى يېتىۋېلىش بىلەن ئۇششۇقلۇق قىلىپ پۇل ئېلىپ يامان ئۆگىنىۋالغانلىقىنى ئېيتىشاتتى . مۇتتەھەم لۈكچەكنىڭ قىلمىشلىرىغا ئىچىم قايناپ ئارىلاشماقچى بولۇۋاتقىنىمدا ، مەن قۇراملىق بىر يىگىت توپنى يېرىپلا ئوتتۇرىغا كىردى ـ دە ، بارغىنىچە لۈكچەكنىڭ قولىنى ئاق ساقال ئادەمنىڭ ياقىسىدىن ئاجراتماقچى بولدى . ئەمما ، نائەھلى لۈكچەك ئۇ يىگىتنى جەينەكلىۋەتتى . يى-

گىت بولسا لوكچەكىنىڭ كېكىردىكىدىن كاپلا ئالدى ـ دە، تامغا بىر ـ ئىككى ئۇستۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، كەپكىسىنىڭ سايىۋدىنىنى ئارقىسىغا قايرىپ، تاسما بەلبېغىنى چىڭىتىپ، چىبەرقۇت گىمناستۇركىسىنىڭ پەشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ لوكچەككە گۆلدىيىپ قاراپ: «هە ئوغرى، نېمە دەيسەن؟» دېۋىدى، باياتىن كىشىلەر شۇنچە گەپ قىلسا ئۈنىمىغان، هۆركىرەپ كوچىنى بىر ئالغان لوكچەك خۇددى سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك شۈمشەرەپ، زۇۋانى گەپكە كەلمەي، كېكەچتەك دۇدۇقلاشقا باشلىدى. يىگىتنىڭ لەۋلىرى لىپىلداپ، ئويناق كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. ئۇ، ئىككى قولىنى بىقىنىغا تىرەپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن سۆزلەيتتى: «هە، چاپىنى كونىمىكەن؟··· بوزەكمىكەن؟··· هەي كاززاپ ئوغرى، سەن ئاپئاق ساقال ئادەمنى شۇنچە هاقارەتلەيسىدىنا؟··· نېمە قىلماقچىدىڭ؟» دەپ سوراقلاپ ئاخىرى لوكچەكنى بۇ يەردىن تىكىۋېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

كىشىلەر بۇ يىگىتنى «ياخشى يىگىت ئىكەن؛ ئەزىمەت بالا ئىكەن؛ ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق بولسا» دەپ ئاغزى بېسىلماي ماختاپ كەتتى. بۇ يىگىتنىڭ كىملىكى هەققىدە بىر ـ بىرلىرىدىن سوراشتى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن هېيتگاهتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام شۇ يىگىت بىرمۇنچە ياشلار بىلەن توپ ئويناۋاتقانىكەن. ئىشىم ئالدىراش بولسىمۇ ئۇنىڭ تونۇگۇنكى مەردانىلىكلىرى، بۇ مەيداندىكى چاقماقتەك هەرىكەتلىرى زوقۇمنى كەلتۇرگەچ، بىردەم قاراپ تۇردۇم. هەقىقەتەنمۇ ئۇ كۆرگەنلىكى كىشىنىڭ هەۋىسى كەلگۈدەك چاققان، چەبدەس، خۇش چاقچاق بىر يىگىت ئىكەن.

ئەتىسى هېيتگاهتا تازا ئالدىراش سودا قىلىۋاتسام، ئاشۇ يىگىت ئۇيان ـ بۇيانغا سەپسىلىپ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ قالدى ـ دە، سالاملاشتى. مەن جىلىڭ ـ پىڭنى قويۇپلا قولۇمنى ئۇزاتتىم.

«ئاكا ، ياخشىراق تاماكىلىرىڭىزدىن ئازراق بەرسىلىچۇ ؟ » دې-
دى ئۇ مۇلايىم كۈلۈپ .

«ئوبدان » دېدىم ، مەن ئۇ ئەزىمەت يىگىتنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا جان - تەن بىلەن تەييار ئىدىم . ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىۋىدىم :

«ئەسلىم غۇلجىدىن ، ئېتىم لۇتپۇللا ، ھازىر ئۈرۈمچىدىن كېلىشىم » دېدى . بىزنىڭ تونۇشۇشىمىز شۇنچىلىكلا بولغانىدى . ئۇ تاماكا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ، كىشىلەر : «ل . مۇتەللىپ دېگەن شائىر ئاشۇ ئىكەن ، ئاجايىپ يىگىت ئىكەن » دېيىشتى . مەن ھەيرانلا قالدىم . شائىر دېگەن ئەجەبمۇ مەردانە بولىدىكىنە ، دېگەن بىر ئىشتىياق كۆڭلۈمنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى . شۇ كۈن-لەردە گېزىتكە چىققان شېئىرلارنى كۆرگەن بولسامۇ ، ئانچە دىققەت قىلمىغانىكەنمەن .

شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن كېيىنلا «قەشقەر گېزىتى » گە ل . مۇتەللىپنىڭ بىر شېئىرى چىقتى . جانلىرىم سۆيۈنۈپ ئوقۇدۇم . راست ، ئۇ ئاجايىپ ياخشى شېئىر يازىدىغان شائىر ئىكەن . ئۇنىڭ سۆزلىرى ئوقۇماققا ئاددىي تۇيۇلسىمۇ ، ئەمما مەنىسى چوڭقۇر ئىكەن . شۇ شېئىردىن يادىمدا قالغانلىرىنى ئېيتىپ بېرەي :

راۋابىڭنى يېڭى مۇقامغا سازلىمىساڭ ،
كونا مۇقامىڭ تولا قۇلاققا خۇشياقماس .
باغ ياساپ ، چىمەنلەر تىكىپ ياشناتمىساڭ ،
غازاڭلىقتا بۇلبۇللار قانات قاقماس...

شۇنىڭ بىلەن لۇتپۇللا ئەپەندىگە ئىخلاسىم تېخىمۇ ئاشتى . ئۇنى كۆرۈشنى ، يەنە كېلىشىنى ، مېنىڭ تاماكامدىن چېكىشىنى تەقەززالىقتا كۈتمەكتە ئىدىم .



www.uyghurkitap.com

بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ كەلدى . بۇ دورەم بۆلەكلاتىن كۆرۈ-
شۈپ ، تازا تونۇشتۇم ، قويۇۋەتمەستىن ئاشخانىغا باشلىدىم .
ل. مۇتەللىپ شۇنداق ئاجايىپ بىر يىگىت ئىكەنكى ، تۇر-
غان ـ پۈتكىنى بىر ئوت ئىكەن . ئۇ پۈتۈن خۇلق چاقچاقلىرى ،
چاقماقتەك سۆزلىرى بىلەن بىر كۆرگەن كىشىنى مىڭ كۆرۈشكە
مەپتۇن ، مىڭ كۇلۇشكە خۇمار قىلىدىغان ، جاننى ئۆزىگە تارتىپلا
تۇرىدىغان جانلىق بىر ماگنىت ئىكەن .

شۇنداق قىلىپ بىز شائىر لۇتپۇللا بىلەن دوستلىشىپ كەت-
تۇق . بىر جۇمە كۈنى ئۆي تامىقىغا تەكلىپ قىلىۋىدىم ، ئۇ
باردى . كارامەتنى كۆرۈڭكى ، لۇتپۇللا دېگەن جانلىق ماگنىتلا
ئەمەس ، بەلكى جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئالتۇن تارلىق ساز ، شېئىر
دېگەننىڭ قاينام بۇلىقى ، ئۆركەشلەپ ئاققان دەرياسى ئىكەن .
ئۇ ، شۇ كۈنى بىللە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەننىۋاسىنىڭ مەيلىنى
مايىل ، قەلبىنى قايىل قىلىۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قەشقەر
ياشلىرىنى ھەيران قالدۇردى . ئۇنىڭ : «ئادەم ئالەمگە ئۆمرى
بىلەن بازارنى ، ئۆلۈكى بىلەن مازارنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈنلا
كەلگەن ئەمەس ... ھايات دېمەك — كۈرەش دېمەكتۇر» دېگەن
سۆزلىرى ھېلىمۇ يادىمدا .

شائىر لۇتپۇللا مېنىڭ مۇشۇ دەپتىرىمدىكى ئانچە ـ مۇنچە
كۆچۈرۈپ قويغانلىرىمنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ ماختاپلا كەت-
تى ، ئاندىن «مۇھەببەت گۈلزارى» دېگەننى ئۆز قولى بىلەن گۈل
چىقىرىپ يېزىپ ، بۇنىڭغا مۇشۇنداق نەرسىلەرنى ، كۆرگەن ،
بىلگەن ، ئاڭلىغان ، ئۇققانلارنى ، ھاياتتا يۈز بەرگەن بەزى تاسادى-
پىي ئەھۋاللار ، مەسىلەن ، يەر تەۋرەش ، ئاپەت ياكى ئۇرۇشقا
ئوخشاش ۋەقەلەرنى خاتىرىلەپ ، توپلاپ بېرىشىمنى تاپىلىغانىدى .
ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشۇنداق ئاددىي نەرسىلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن قىممەتلىك تارىخ بولۇپ قالىدۇ... دېگەنىدى ئۇ . ئۇنىڭ
دېگەنلىرى راست ئىكەن . مۇشۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن ياخشى

ئىش ئىكەن . مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن...

— مۇنداق دېسىلە ، — دەيتتى دىدىل ، — ئاكام لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ئۇلپەتچىلىكىم بار دېسىلە...

شۇ ئەسنادا ئىشىك قېقىلىپ «لىتىپجان بارمۇ؟» دېگەن ئاۋاز دىققەتنى بۇزدى

## 2

قەشقەرنىڭ خىلۋەت كېچىسى . ھەممە ياق جىمجىت . تاڭ خورازلىرىمۇ قەشقەرلىققە ئوخشاش غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئىدى . ئادىتىچە بالدۇر ئويغانغان دىدىل ئۇستەلدىكى يېرىم يېنىق پانارنىڭ پىلىكىنى چوڭراق چىقىرىپ قويدى ـ دە ، ئاندىن يېلىڭ پەشمىتىنى يېپىنچاقلاپ يوتقاندا ئولتۇرۇپ ، بۇگۈنكى چۈشىدە يازغان شېئىرىنى كۆچۈرۈشكە كىرىشتى :

كۆرۈڭلاركى ماڭا ، ھىجران كۇنىدە كۆپ ئازاب ئەيلەر ،
نادامەت ئوتلىرى ئۆرتەپ يۈرىكىمنى كاۋاپ ئەيلەر .
بىرىپ بۇلبۇلغا ئەرز ئەتسەم ، ئوقۇپ ئۇ ھەم مۇناجاتىن ،
پىغانلار داستانىدىن تېخى پۇتمەس جاۋاب ئەيلەر .
پەلەك پەيمانىدىن كۆڭلۈم تولۇپمۇ داغۇ ھەسرەتكە ،
بىلىڭلارچۇ ، رەھىم ئەتمەي نىچۇن مۇنچە بىتاب ئەيلەر ،
ئادالەت ئاپتاپىدىن نىشانە كۆرمەيىن كەتسەم ،
كېلىپ ئەھلى ۋاپادارىم مازارىمنى تاۋاپ ئەيلەر...

ئۇ يەنە نىمىنىدۇر يېزىشقا ئىنتىلىۋاتاتتى . دەھلىزدىن بەختىگۇلنىڭ يىغلاپ ئويغىنىشى ۋە رابىيەمنىڭ ئەللەي ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ پانارنى نېرىغىراق ئىتتىرىپ قويۇپ ياتتى . ئۇيقۇسى

قاچقان دىدىلنىڭ خىيال كەپتىرى تېخىچە قانات قاقماقتا ئىدى .

«شائىر ل . مۇتەللىپنىڭ قەشقەر ياشلىرى ئارىسىدا ئويىن-غان رولى ھەققىدە چوڭ ئىكەن - دە.... »

«ھە.... لىتىپچان مۇشۇنداق سىرلىرىنى ماڭا ئېيتتى ، مەنمۇ يەكەندە قىلغان ئىشلىرىمىزنى ئېيتامدىم؟... ھازىرچە ياق . »

«ئەمدى يەنە بىر مۇھىم ئىش بار ، ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ تۇرمۇش مەسىلەم . بۇ ھەقتە ئۇ سورىمىدى ، لېكىن چوقۇم سورايدۇ . ئۇ چاغدا نېمە دېيىشىم كېرەك ؟ !... ھېلىقى ۋاپاسىز ئامراق بىلەن بولۇپ ئۆتكەن تۇرمۇش تارىخىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىش كېرەكمۇ ؟... ئائىلىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئېيتىپ يۈ-رۈش ئەدەپسىز كىشىلەرنىڭ خۇلقى ، شۇڭا مەن ئاددىي قىلىپلا : مجەزىمىز كېلىشەلمەي ئايرىلىپ كەتكەن دەيمەن ، خالاس . »

«ناۋادا ئۇ مېنى ئۆيلىنىشكە دالالەت قىلىپ قالسىچۇ ؟... خوتۇنما ؟ ھەي... خو... تۇ... ن... »

دىدىل ئۇيان ئۆرۈلۈپ ، بۇيان ئۆرۈلۈپ تاڭ ئالدىدىكى شې-رىن ئۇيقۇغا كەتتى .

## 3

دىدىل يەنە شۇ «مۇھەببەت گۈلزارى»نى ئارىلاۋاتاتتى . ئۇ-نىڭ كۆزى بىر شېئىرغا قادىلىپلا قالدى . بۇ شېئىر مۇنداق ئىدى :

ئېشەك ئالدىم ئاي بېشىدا ،
ئۆلۈپ قاپتۇ يار بېشىدا .
ئۆزى قاپتۇ ئا بېشىدا ،
توقۇمى قاپتۇ ما بېشىدا .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالتە قارغا بىر بولۇپ،
خەتمىقۇرئان قىپتۇ بېشىدا...

بۇ شېئىردىكى سەنئەت ۋە ماھارەت دىدىلىنى ئۇقىدىغان قايىل ۋە مايىل قىلدىكى ، ئۇ شېئىرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدى . ئەگەر شۇ تاپتا بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى ۋە ئاپتورنىڭ ئادرېسى ئېنىق بولغىنىدا ئىدى ، خەت يېزىپ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلىگەن ۋە دوستلاشقان بولاتتى .

— مانا ، قارىسىلا ،— دەيتتى ئۇ لىتىپجانغا ، — بۇ شېئىردىكى بېشىدا دېگەن بەش مىسرادا تەكرار ئىشلىتىلگەن . ھالبۇكى ، بەش يەردىكى بېشىدا بەش خىل مەنىگە ئىگە .

— ئەمدى ئالتە قارغىچۇ؟ — دېدى لىتىپجان مەنىلىك قاراپ .

— ئالتە قارغا ، — دەپ بىر ئۆكسۈندى دىدىل ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە تازا تىكىلىپ قارىغىنىچە توختاپ قالدى .

— مانا مۇشۇنداقلىرى ئادەمگە ئەلەم قىلىدۇ ئەمەسمۇ ؟ — دېدى لىتىپجان سەل كەيپى ئۆزگەرگەن ھالدا ، — ئالتە قارغا ، يەنى ئىستىبدات قارغىلار خەلقنىڭ بېشىدا دېمەملا ؟...

دىدىل ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ۋە :

— ئۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ ، ئەمما مېنىڭچە ، بۇ شېئىر شېڭ شىسەي زامانىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇشى ، ئالتە قارغا ئۇنىڭ ئالتە سىياسەت دەيدىغان بىرنېمىسىگە سىمۋول قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن ، — دېدى .

— ئازراقتىن ئىچەيلىچۇ ؟ — لىتىپجان كارىۋاتنىڭ ئاستىغا ئۆمىلىدى ۋە ئاقتىن بىر شىشە ئەكىلىپ قويۇپ دەھلىزگە چىقىپ كەتتى .

دىدىل ئاستا پىچىرلايتتى :

«ئۆزۈم ئىچمىسەممۇ ، بۇ بۇرادىرىمىزنىڭ رايىغا دەخلى

يەتكۈزمەسلىكىم، بەلكى روھىي ئۆلپەت بولۇپ بېرىشىم كېرەك.»

لىتىپجانغا ئەگىشىپ خام سەي ۋە قىزىل تۇمشۇق چوكىلار-نى كۆتۈرگەن رابىيەمۇ كۈلۈپ كىرىپ كەلدى.

— لىتىپجاننىڭ مۇشۇنداق چاتاق ھۇنىرى بار ئىكەن ئەمەس-مۇ! — دەيتتى دىدىل ئۆزىنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ئىز-ھارلاپ.

لىتىپجان دەسلەپكى رومكىنى مۇنداق بېيىت بىلەن ئىپتىدا ئەيلىدى:

ساقىنى ساراڭ قىلىدۇ شاراب،
بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئىچىمەن.
بىر دەملىكلا بولسىمۇ كەيپى،
مەن ئۇنىڭدىن قانداق كېچىمەن؟...

ئىچمىگىن دەپ توسسەن دوستۇم،
ئىچىنىسەن جان – دىلدىن ماڭا.
ئايالىق دوست قايغۇمنى بۆل دەپ،
قانداقلارچە چىدايمەن ساڭا؟...

مەن ھاراقنى ئىچمەيمەن سۆيۈپ،
ئۇندىن بىرەر ھۇزۇر ئالاي دەپ.
ئىچىمەنكى بىھوش بوپ پەقەت،
مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالاي دەپ.

دىدىل نۆۋەتتىكى رومكىنى قولىغا ئالدى ۋە رومكىنى ئالدى-قىنىدا ئوينىتىپ بىردەم شۈك تۇردى – دە، ئاندىن تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

شىشىدە شەرەت قىلىپ كۆپ ئىستىزار قىلدىڭ هاراق،
ئىشقى مەيلىمنى ئېلىپ رومكا تىزار قىلدىڭ هاراق.
ھەممىدىن كەچتىم كوچاڭغا كىردىما... مالەڭ بوگۈن ،
راست قاپاق باش بەڭگىدەك چىن خاكسار قىلدىڭ هاراق.
ئىچتىما ، تويماي سىنى كۈن ـ تۈن چۈشۈمدە ھەم يەنە
بار بىسات پۈتتى توگەپ بىر پۇلغا زار قىلدىڭ هاراق
كۆركى يۇڭدالغان خورازدەك رەزگى ئەپتىم رەڭگىدىن
قاچتى ئۇلپەت ، يارۇ ئامراقتىن بىزار قىلدىڭ هاراق .
بۇ دىدىل دىل زەخمىگە ھېچ تاپمىدى سەندىن شىپا ،
توۋا ـ ئىنساپتىن داۋا ئىشقىمغا يار قىلدىڭ هاراق...

يۇقىرى ئىنتوناتسىيە هارارىتىگە تولغان سەنئەت ماهارەتكە مەپتۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرغان لىتىپجان چوڭقۇر خىيالغا چۆككەندى . شۇ ئەسنادا تالادىن ئاۋاز كېلىپ ئىشىكنىڭ تاقىلدىشى ئۆي كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىشكە ئالدىراتتى .

4

— بۇ بۇرادىرىمىز روزى باقى بولىدۇ . ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ ، — دەپ تونۇشتۇردى لىتىپجان كىرگەن مېھماننى . ئۇ يەنە سۆزگە ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتاتتى ، دىدىل كۆز يۇمچۇكلەپ قويدى . چۈنكى ئۇ كۆرگەنلىكى كىشىگە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشنى خالىمايتتى . روزى باقى دوغىلاق ، ئاق سېرىقراق ، چېقىر كۆز-لىرى خۇنسىز ، بېشىمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن يوغانراق بىر يىگىت بولۇپ ، سەگەك ئوقۇغۇچىمىزغا ياخشى تونۇشكى ، هېكايىمىزنىڭ باش قىسمىدا ئالغاي يانچۇقچى بىلەن سادىقنى ساقچى ئىدارىسىگە هەيدەپ كەتكەن تاپانچىلىق ئىككىسىنىڭ بىرى مۇشۇ ئىدى . بـۇ هازىر هـەممە جـەھەتتىن بەك بۆلەكچە ؛

رەڭگى ـ رۇخسارى سولغۇن ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈك ، كىـ
يىملىرى رەتسىز ، ئىككى كۆزىدىن قانداقتۇر تەشۋىش ، مۇڭغا
ئارىلاشقان بىر ھالەت ئىپادىلىنىپ ، ئېغىز مانلىرى ئەتراپىدىكى
چالا ساقايغان قوقاق يارىلىرى ئېغىر روھىي پەرىشانلىقتىن دالا-
لەت بېرىپ تۇراتتى . ئۇ ، ئاشۇ خۇنۈك كۆزلىرى بىلەن ئۆي
سەرەمجانلارغا ئېرەنسىز نەزەر سالغاچ دىدىلغىمۇ پات ـ پات قاراپ
قوياتتى . لىتىپجان رابىيەمنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇنداپ كىر-
گۈچە ئۇلار ئۇيان ـ بۇياندىن سۆزلىشىپ ئولتۇردى . ھەر ئېھتى-
ماللارغا ھازىر دىدىل روزى باقىغا پۇرسەت قالدۇرماي سوئاللارنى
ياغدۇرۇپ تۇراتتى :
— ئاتا ـ ئانىڭىز باردۇر ؟
— ئانام بار ، دادام يوق . دادامنى ما خۇسەنلەر ئەسكەرلىك-
تىن قاچقاندا تۇتۇۋېلىپ چېپىۋەتكەنىكەن .
— ئۆيلەنگەن بولغىيدىڭىز ؟
— ئۇچ قېتىم ئۆيلەنگەن ، ئەمما ھازىر خوتۇنۇم يوق .
— نەچچە ياشقا كىردىڭىز ؟
— نە... نە... نەچچە ياشتا دەمدىلا ؟... ئا... ئانامنىڭ ئېيتى-
شىچە ، ئۇجمە پىششىقىدا تۇغۇلغانىكەنمەن ، يىگىرمە سەككىزدە
دەپ يۈرىمەن .
— ئوقۇغانمۇ سىز ؟
— ئا... ئاز ـ تولا ئوقۇغان . ئەممازە ئوقۇغان بىلەن ئىت
تالاشتۇرۇپ ، كەپتەر ئويناپ ، خوراز سوقۇشتۇرۇپ يۈرۈپ
ئالتە ـ يەتتە يىلنى بوش ئۆتكۈزۈۋېتىپتىكەنمىز. شۇڭا كۆپ
بىر نەرسە ئۇقمايمەن .
— خەت ـ ساۋاتىڭىز باردۇر ؟ — مىيىغىدا كۈلدى دىدىل .
— بار ـ يوقنىڭ ئارىلىقىدا . ئەممازە خەتنى بىمالال ئوقۇيا-
لايمەن . ئەممازە يېزىشقا كەلگەندە سەل چالا . لېكىننزە ئۆزۈمنىڭ
ئېتىنى بىمالال يازالايمەن ، ئەمما لېكىن خەت بىلمىگەن بىلەنمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

راۋۇرۇس ئىشلەپ كېتىپ بارىمىز. ھېچكىمدىن قالغىنىمىز يا كى ئاچ قالغىنىمىز يوق.

— دېمەك، قورساق توق دەڭ.

— ھەئە، شۇنداق، قورساق توق.

— بولدى ئەمەسمۇ؟ جاھاندا قورساقتىن ئۇلۇغ نېمە بار-ھە؟...

— ھەئە شۇنداق...

مېيىغىدا كۈلگەن دىدىل يەنە نېمىنىدۇر دېيىشكە ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا لىتىپجاننىڭ كىرىشى سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويدى، لىتىپجان ئولتۇرۇۋېتىپ سۆز ئارىلىدى:

— ئىككىمىز ئوبدان بىر ئەھۋاللاشىساق، سىلىنگە دەيدىغان جىق گېپىم، سورايدىغان مەسلىھەتىم بار دېگىنىڭىزدىن بۇيانمۇ بىرنەچچە كۈن بولدى، ھېچ ئېپى كەلمىگەنىدى، شۇڭا ئاخشام بۈگۈنكى دەم ئېلىشىڭىزدا كېلىشىڭىزنى دېۋىدىم.

روزى باقى سەل جىددىيلىشىپ دىدىلگە بىر قاراپ قويۇپ دەيتتى:

— ئۇ توغرىدا كېيىنرەك سۆزلىشەرمىز. ھازىرچە ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى.

ئۇنىڭ گەپلىرى يەكپاي ۋە تاقفا - تۇققا ئىدى. لىتىپجان سورىدى:

— ھازىر سۆزلەشسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ. ماڭا قانداق ئىشەنسىڭىز، بۇ بۇرادىرىڭىزگىمۇ شۇنداق ئىشىنىۋەرسىڭىز بولىدۇ.

— بۇ ئاكىمىز كىم بولىدۇ؟

— بۇ كىشى ئاقسۇدىن كەلگەن قەدىرلىك مېھمىنىمىز، مېنىڭ قەدىناس ساۋاقدىشىم.

ئاغىنىسىنىڭ ئاقىلانە جاۋابىدىن دىدىل مەمنۇن ئىدى. ئىشىك چېكىلدى. لىتىپجان چىقىپ كىردى. داستىخان تارتىلدى.

— ماۋۇ بۇرادىرىمىزنىڭ پەرزى بار ئىكەن ، بىز ئازراقتىن ئىچىمىز ـ دە ، — دەيتتى لىتىپجان ئاقتىن بىرنى ئۇستەلگە قويۇۋېتىپ .

— بۇ ئاكىمىز ئىچمىسە بىز ئىچمىزمۇ ؟

— شۇنداق ، — لىتىپجان توغرىسىنى ئېيتتى ، — دېدى دىدىل ، — دوختۇر چەكلىگەن ، بولمىسا راست پەيزى قىلغان بولاتتۇق...

ئۇچىنچى رومكىدىن كېيىن روزى باقى تۇگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇشقا ، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمۇ ئاۋۇشقا باشلىدى .

— ناخشا دېگەن شارابنىڭ ئىشتىھا نەغمىسى ... — دېدى دىدىل گىلەم مىخىغا ئېسىلغان سەدەپ نەقىشلىك دۇتارنى ئېلىۋېتىپ . دىدىل كۆپ ئۆتمەيلا پۇتۇن خۇلقى بىلەن روزى باقىنى مەپتۇن ـ مەھلىيا قىلىۋەتتى . نۆۋەتتىكى قەدەھنى قوش قوللاپ تۇتقان روزى باقى ئۇستەلنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كارىۋاتتا ئولتۇرغان دىدىلنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە :

— جېنىم ئاكا ، سىلىمۇ ماڭا ئوخشاش بىر دەردمەن ئوخشايلا . ھاراق كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئالىدۇ ، دەيدۇ . مۇشۇ بىرنى ئىچىۋەتسىلە نېمە بولار ؟

— رەھمەت ، كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ، ئۇكام ، ئۆزرەمنى ئاڭلىدىڭىز ، شۇڭا مېنىڭ ئۇچۇن بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ كۆتۈرۈۋېتىشىڭىزنى سورايمەن .

— ئەمىسە ، ئاكا ، سىلىنىڭ سالامەتلىكلىرى ئۈچۈن ، ئۆزۈمنىڭمۇ سالامەتلىكىم ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېتەي...

— رەھمەت سىزگە ، قېنى كۆتۈرۈڭ .

بىر دەمدىن كېيىن روزى باقى كارىۋاتنىڭ يان ياغىچىغا مۇشت بىلەن بىر قويدى ـ دە ، قولىنىڭ دۇمبىسىگە سىڭار يۈزىنى چاپلاپ ماكچايغىنىچە بۇرنىنى مىشىلدىتىپ يىغلىغىلى

تۇردى . دىدىل بولسا دۇتارنى جايىغا ئاستا ئىلىپ قويدى .

— مەن قانخور ، مەن قان ئىچكۈچى ، — دەيتتى روزى باقى ، — مىنى مەست بولۇپ قالدىمىكىن دېيىشىسىلە . مەن مەست ئەمەس ، لېكىن مېنىڭ دەردىم ئىچىمگە پاتماي يىغلىشىۋا- تىدۇ ، — تېخىمۇ ئېسەدەپ داۋام قىلاتتى ، — مەن ساقچىنىڭ قان ئىچكۈچى بىر ئىتىمەن . قېنى... ئاكا... ئا... ئانىڭدىن يەنە بىرنى قۇيسىلىچۇ ؟...

— مەن ئادەم قېنى ئىچكەن قاتىل ئەمدى بۇنىمۇ ئىچەي ، شۇ تاپتا زەھەر بولسىمۇ ئىچكۈم بار ، — ئۇ بىر دەم مىشىلدىغاندىن كېيىن داۋام قىلدى ، — مەن ئادەم قېنى ئىچىپ كېلىۋاتقان بىر ئىتىمەن . مېنى سەن ياخشى ، سەن ئىشەنچلىك دېسە ، خۇدۇمنى بىلمەي نېمە ئىشقا بۇيرۇسا شۇنى قىلىۋېرىپتىمەن . ئادەملەرنى ئۇر دېسە ئۇلەر - تىرىلىشىگە قارىماي ئۇرۇۋېرىپتىمەن . ئادەم ئۆلتۈرگىلى سالسا ئۆلتۈرۈۋېرىپتىمەن . يېقىندا بىر ئەھۋال بولدى . ھەي ئاكا... نېمە دەي . ئاۋۇنىڭدىن يەنە بىر قۇيسىلىچۇ ؟...

— يېقىندا مۇنداق بىر ئەھۋال بولدى : ماڭا بۈگۈن ئۆيۈڭگە كەتمە ، كېچىلىك مۇھىم ئىش بار ، دېدى . ھەرقاچان مۇنداق مۇھىم ئىش دېگەندە يەنە كىملەرنىڭ ئەجىلى تولغاندۇر دەيتتۇق . شۇ كۈنىمۇ شۇنداق بولدى . بىز ئادەم ئۆلتۈرىدىغان بىرقانچىمىزنى يېرىم كېچىدە يەنە شۇ يەر ئاستىدىكى ئۆيگە يىغىپ ئۇن يەتتە كىشىنىڭ جىنايىتىنى ئوقۇپ بەردى . ئېيتىلىشىچە ، بۇ كىشىلەرنى يىراق جىلغىغا ئېلىپ بېرىپ جايلىۋېتىپ كېلىدىكەنمىز . بۇ ئادەملەرنىڭ ئاغزىغا پاختا تىقىلغان ، پۇتلىرىدا ئىشكەل ، قوللىرى چىڭ باغلانغانىدى . شۇنىڭ ئىچىدە بىرى : يەكەن يېڭىشەھەردە ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىق ۋەرەقە چاپلاۋاتقان نەق مەيداندا قولغا چۈشكەن ، يانچۇقىدىن تەتۈر تەشۋىقات بىلەن بىر دەپتەر رېئاكسىئون شېئىر چىققان . سوراقتا ھېچ نەرسىگە قىلچە ئىقرار

قىلمىغان ئۇنداقچى يامان ، مۇنداقچى جاھىل ئوغرى… ئېتى سادىق دېدى . ئۇ قانداقراق بىر نېمىدۇر دەپ ئويلاپ ، ماڭار ۋاقتىدا مۇنداق قاراپ يۈرىكىم قارتتىدا قىلىپ كەتتى . نېمىشقا دېيىشسىلە ، ئۇنىڭدىن بىرقانچە ۋاقىت ئىلگىرى مەن يەنە بىر ئادەم بىلەن كوچا چارلاشقا چىقىپ ھېيتگاھقا بارساق ئىككى كىشى مۇشتلىشىپ قېلىپتىكەن . بىز ئۇلارنى ساقچىخانىغا ئەكەلگە-نىدۇق . بۇ سادىق دېگىنى ئاشۇ ئىككى مۇشتلاشچىنىڭ بىرى ئىدى . نەچچە ۋاقىتتىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈستىدىن ئوقۇپ بەر-گەنلىرىنى راست دەپ مەن قاپاق باش ئىشىنىپ كېلىۋېرىپتى-مەن… ئەمدى بىلسەم ئىش مۇنداق ئىكەن ئەمەسمۇ ؟ ئۇ چاغدا ئۇلارغا بىرنەرسە دېگىلى بولامدىغان ؟ ئۆزۈمنىڭ كاللام كېتىشتى-دىن قورقۇپ ھېچنېمە دېيەلمىدىم . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىچارىنىمۇ ئاشۇ قاتاردا ئۆلتۈردۇق . ئۆلتۈرگەندە قانداق ئۆلتۈردۇڭلار دېيىشمەملا ؟… ھەي ئاكا… قانداقمۇ ئېيتاي… ئاۋۇ زەھەردىن بىر قۇيسىلىچۇ ؟…

دىدىل بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بارمىقىنى ئۇزۇۋالغۇدەك چىشلەپ خۇددى بىھوش كىشىدەك ئولتۇراتتى . روزى باقى يەنە بىرنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن داۋام قىلدى :

— ھەي… شۇنداق دەھشەتلىك بىر خىل ئۆلتۈرۈش - دە ، … ھەممىسىنى جوتۇ بىلەن چاناپ ئۆلتۈردۇق . مەن جېنىغا ئۆزۈم زامىن بولغان ھېلىقى سادىق ئىسىملىك قاۋۇل يىگىتكە يولدا كېتىۋاتقاندا ئاستا ئەپلەپ شۇنداق دېدىم : بۇرادەر ، مۇنداق بولۇشنى مەن بىلمەپتىمەن . سىنىڭ قان قەرزىڭ مېنىڭ بوي-نۇمدا… مەن يەنە جىق گەپلەرنى قىلماقچىدىم ، لېكىن نېمىشقى-دۇر تىلىم گەپكە كەلمەي قويدى . شۇ چاغدا ئۇ بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ «جېنىم قىينالمىسۇن ، مېنى سەن ئۆلتۈرگىن» دېدى . ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ ئىشارەت ، قىياپەتلىرى ئوبدانلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . مەن : «جېنىڭنىڭ قىينالماسلىقى ئۈچۈن

سېنى مەن ئۆلتۈرەي ، رازى بولغىن » دېدىم . ئۇ بېشىنى لىڭشى-تىپ تۇرۇپ رازىلىق بەردى . ئۆلتۈرۈش مەيدانىغا بارغاندا مەن جوتۇنى بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ «رازى بول» دېدىم ، تەڭلا مېڭىسىگە ئۇدۇللاپ ئۇردۇم...

بىر دەمدىن كېيىن سادىق جىمىقتى . كەلسەم جېنى چىقىپ بولۇپتىكەن . بەزىلىرىنىڭ جېنى چىقىپ بولماي خارتىلداپ تۇرۇ-سىمۇ پۇتلىرىدىن سۆرەپ تاشلاپ كۆمۈۋېتىپ كەلگىنىمىزدىن كېيىن ، تاكى تاڭ ئاتقۇچە ھېچبىر ئۇخلىيالمىدىم . كۆزۈم سەل يۇمۇلسىلا ئاشۇ سادىق دېگەن قاۋۇل يىگىت ماڭا مۇشت تەڭلەپ كېلىۋاتقاندەكلا كۆرۈنىدۇ . چۆيلۈپ ۋارقىراپمۇ ۋېتىپتىمەن . ئە-تىسى ئېغىزمانلىرىمنى قورقاق قاپلاپ كېتىپتۇ . بىرنەچچە كۈن-گىچە گېلىمدىنمۇ ھېچنېمە ئۆتمىدى . چۆچۈپ ئويغىنىپ ئۇخلى-يالماي تاڭ ئاتقۇزغان كۈنلىرىم كۆپ بولدى . ئاشۇ كۈندىن بۇيان ئۆزۈمگە ئۆزۈم لەنەت ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن . مەندەك كۆڭلى قارا ، بىخۇد ، قارا يۈرەك ئادەم دۇنيادا يەنە بارمىدۇر... دەيمەن . ئۆلۈۋالاي يا ئىلىغا قىچىپ كېتەي دەپمۇ ئويلىدىم ، ئەمما قىرى ئانامغا تارتىشىپ قالدىم . زادى قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي بې-شىم گاڭگىراپ ، مەن تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىدىنمۇ كۆڭلۈمگە يارايدىغىنى لىتىپجان بولغانلىقتىن ، ئەھۋالنى ئېيتىپ بىر مەس-لىھەت سوراي دەپ ئويلىۋىدىم ، مانا بۇ ئاكىمىزمۇ ماڭا ئوخشاش دەردمەن كۆرۈنگەچ ، كۆڭۈل - سىرىمنى ئېيتىۋەردىم . ئۇلار بىر كىمگە دەيدىغان بولساڭ كاللاڭ كېتىدۇ دېگەنىدى . كەتسىمۇ كەتسۇن ، بۇ ئىتنىڭ كاللىسىدىن مەنمۇ زېرىكتىم ، ئۇھ... ، — دەپ ئېغىر نەپەس ئالدى روزى باقى .

— ئېيتسىلىچۇ ؟... مەن زادى قانداق قىلسام بولار ؟ ... بۇ ساقچى دېگەندە بىر كۈنمۇ ئىشلەشكە تاقىتىم يوق ، — دېدى .

مۇڭلىنىپ ئولتۇرغان دىدىل چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە : «قېنى بىرنېمە دېمەمسەن ؟...» دېگەندەك لىتىپجان-



www.uyghurkitap.com

غا مەنلىك بىر قاراپ قويدى .
لىتىپچان ھەسرەتلىك خورسىندى ، ئاندىن ئالدىرىماي ئول-
تۇرۇپ تۆۋەندىكىلەرنى دېدى :
— مېنىڭچە ، سىز ساقچىدا ئىشلىمەيمەن دېسىڭىز ئۆزىڭىز-
گە گۇمان تۇغدۇرۇۋېلىشىڭىز مۇمكىن . سىزدەك بىر ئادەم قې-
چىپ قۇتۇلۇپ كېتىشىمۇ ئوڭاي ئەمەس . چۈنكى سىز ئۇلارنىڭ
سىرلىق ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنسىز ، ئۇنداق بىر كىشى-
نى كەتسە كېتىۋەرسۇن دېمەيدۇ . شۇڭا سىز ئىشلىمەيمەن ياكى
قاچىمەن دېگەننى قويۇپ ، ئىشلەپ تۇرۇپ بۆلەك جايغا يۆتكىلىپ
كېتىشىڭ ئامالىنى قىلسىڭىز مۇۋاپىق بولارمىكىن...
— بۇ بەكمۇ بەلەن گەپ بولدى . بېشىم بەك گاڭگىراپ
قېلىۋىدى . شۇڭا ئۆزلىرىدىن بىر مەسلىھەت سوراي دېگىنىم
ئىدى . ئوبدان مەسلىھەت بولدى ، ئەمدى شۇنداق قىلمىسام بول-
مىغۇدەك...
ئۇ ، ئۇسسۇلۇق چايدىن كېيىن كەتتى ، ئۇنى ئۇزىتىپ كىر-
گەن لىتىپچان ، دىدىلىنىڭ كۆزى ياش يۇقى تۇرغىنىنى كۆرۈپ
«ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلگەنلەرگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقان بولسا
كېرەك... » دەپلا ئويلىدى . دىدىل بولسا تېخىچىلا بىر ئاجايىپ
غېربانە مۇڭلىنىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزىدىن ئاشۇ
تۇرمىدىن تۇندە ئاچىقىپ كەتكەن ، ئۆلتۈرۈش ئەھۋالىنى بۈگۈن
روزى باقى ئېيتىپ بەرگەن سادىق ئىسىملىك كېلىشكەن يىگىت-
نىڭ قەددى - قامىتى ۋە قاڭشارلىق ، قاراقاش ، بۇغداي ئۆڭ ،
ھۆسن - جامالى بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ مۇڭلۇق
خىياللىرىنى لىتىپچاننىڭ نادامەتلىك ئاۋازى بۇزدى :
— بۇ كاساپەتنىڭ مۇنداق ئىپلاسلىقلىرىنى خىيالىمغا زادى
كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن .
دىدىلىنىڭ يەنە ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇشى ئۇنى ئوتلۇق
ئويلارغا سالدى . ئۇ ، ئوڭايسىز ھالدا قالدى . دىدىل قاتتىق ئۇھ

تارتتى ـ دە ، ئاندىن ئاستا سۆزلىدى :

— ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپ ئوبدان قىلدىلا ، — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن كىنايە ئىپادىسىمۇ چىقىپ تۇراتتى . پەيسى قاتتىقراق گەپلەرنى قىلماقچىدىيۇ ، ئەمما دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئايىدى .

— شۇنداق دېمەي نېمە دەيمەن ، — دېدى لىتىپجان دەرھال-لا ، — قىچىپ كەت دەي دېسەم ، تۇتۇلۇپ قېلىپ ، پالاپىتىنىڭ گېپى بىلەن قاچقانتىم دەپ بىرەر بالاسى يۇقمىسۇن دېدىم...

— ھېلىھەم بالاسى يۇقماسمۇ ؟

— خۇدايىم ساقلار .

— خۇدايىممۇ ھەركىم ئۆزى ساقلىغاننى ساقلايدۇ ، — ئارنى ئاز جىملىق ئارلىدى . بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن دىدىل داۋام قىلدى ، — مېنىڭ رايىمچە بولغاندا ، ئۇ راستىنلا جېنىدىن كەچكەن بولسا ، ھازىرلا ئۆلۈۋېلىشقا مەسلىھەت بەرگەن بولاتتىم ، ئەمما ئۇ جېنىدىن كەچمىگەن . ئەگەر راستىنلا جېنىدىن كەچكەن بولسا ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەسلىھەت ئېلىپ ، قارارىنى ئېلان قىلىپ يۈرمەي ، بەلكى ئۇنى ئىجرا قىلغان بولاتتى . ئۇ ، ئاشۇنداق ئۆلۈمتۈك سۆزلىرىنى قارماققا ئىلىپ ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئولىماقچى . ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى ، ئۇنىڭ قانچىلىك ئادەملىكىنى بىرەر سۆزى ياكى كىچىككىنە بىرەر ھەرىكىتى بىلەنمۇ بىلىۋېلىش مۇمكىن . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ ساقچى خادىمى ھەققىدە قىلىشقا تېگىشلىك گەپنى قىسقا جۈملىگە جەملىگەندە ، بۇ ياخشى ئادەم ئەمەس . ياخشى ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ساقچىدا ئىشلىگەنلىكى ئەمەس ، ئۇ يەردە ئىشلەيدىغان ياخشى ئادەملەرمۇ كۆپ ، لېكىن بۇ بۇرادىرىڭىزنىڭ ، — دەپ سەل تەنلىك تەلەپپۇزدا داۋام قىلدى ئۇ ، — ياخشى ئەمەسلىكى شۇ يەردىكى ، ئۇ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ، قورقۇنچاق ھەم ئەخمەق...

شەخسىيەتچى كىشى خۇشامەتچى بولىدۇ : خۇشامەتچى كىشى

ئىككى يۈزلىمچى ، ئىرادىسىز بولىدۇ ؛ ئىرادىسىز كىشى قور-
قۇنچاق بولىدۇ . قورقۇنچاقلار ۋىجدانسىز بولىدۇ ، ۋىجدانسىزلار-
نىڭ قولىدىن پەسكەشلىك ، مۇناپىقلىقنىڭ ھەممە ئېھتىمالى كې-
لىدۇ . بۇ مەخلۇق ئەنە شۇ خىل تائىپىلەرگە تەئەللۇق بىر بەندە
ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىدىن ئوچۇق مەلۇم
بولۇپ تۇرىدۇ...

رابىيەمنىڭ چەينەك كۆتۈرۈپ كىرىشى سۆھبەتنى بۆلدى .
چاي داۋامىدا ئۇلار دىدىلىنىڭ ئەمدىكى تۇرمۇش تەرەددۇتى ،
ئىش - ئوقىتى ، ھاياتلىق يولى ھەققىدىكى مەسلىھەتلىرىنى يەنە
بۇگۈنمۇ داۋاملاشتۇردى .

شۇنداق قىلىپ دىدىل «تاماكىچى» بولۇپمۇ قالدى . ئارىدىن
ئانچە كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھېيتگاھتا شۇنداق بىر قىياپەت
پەيدا بولدىكى ، ئۇزۇن چەكمەن چاپان ئۇستىدىن بەلباغ باغلى-
غان ، بېشىغا بولسا ، سېرىق پاقلان تېرىسىدىن تىكىلگەن سالۋا
تۇماق كىيگەن ، قاپقارا ساقال - بۇرۇتلىرىمۇ قامىتىگە تازا
ياراشقان ، مۇلايىم ، چېچەن ، چاققان بىر كىشى ھەر خىل خېرى-
دارلارغا ھېلىدىن - ھېلى تاماكا كەملەپ ۋە جىڭلاپ بېرەتتى
ۋە بەزى ياشلار بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق مۇڭدىشىپمۇ كېتەتتى .
شۇ تۇرقىدا ئۇنى ئىلگىرى بىللە ئۆسكەن ، ۋەھالەنكى ، تېخى
بىرنەچچە ۋاقىت ئىلگىرىلا يەكەندە بىللە ئىشلىگەن يېقىن خىز-
مەتداشلىرى كۆرسىمۇ : ئاشۇ سادىق ئەپەندى... دەپ قىياس قى-
لىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

لىتىپجان بولسا ، ئۆز رېژىسسورلۇقىدا راسلانغان درامىنىڭ
تەبىئىي گىرىملىرى ئاجايىپ كېلىشكەن بۇ ساقاللىق رولچىسىغا
زوقى كەلگەندەك پات - پات قاراپ كۈلۈپ قوياتتى .

ئۇلار ئاشۇ يەردە ئىش - ئوقىتىنى قىلىپ تۇرسۇن ، بىز
ئەمدى گۈلقىزنى ئېشەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ قاداقچىنىڭ ئۆيىدىن
ئۇزاپ ماڭغان مۆمىن ئاكىنىڭ تاجاخۇن تېۋىپ توغرىسىدىكى
ئويلىرىغا ئورتاقلىشىمىز .

# ئالتىنچى باب

## ئالتۇن زىرە

### 1

كۈزنىڭ ئاپتاپلىق بىر كۈنى ئىدى. قەشقەر ئاسمىنىنى قاپلىغان ئالتاغىل بۇلۇتلار باغرىدا سۈزگەنلىرىنى سايرىتىپ توپ - توپ كەپتەرلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. گۈزەر كوچىسىدا بويۇن - باشلىرىغا رەڭدار پوپۇكلەر بىلەن ھەر خىل كولدۇرما، قوڭغۇراقلار ئېسىلغان؛ ئۈستىلىرىگە پرىسلانغان تاي - تاي پاختىلار ئارتىلغان بىرمۇنچە تۆگىلەر تۇراتتى. تۆگىچىنىڭ قۇلاقلىرىدىن تارتىپ قوشقۇنلىرىغىچە پوپۇك ئېسىلغان ئاق ئېشىكى پۈتۈن كوچىنى بېشىغا كىيىپ ھاڭرىماقتا؛ قوپال كۆن ئۆتۈكلەرنى كىيىپ، قەۋەت - قەۋەت گۈل كەشتىلىك يۈڭ بەلباغلارنى باغلىغان تۆگىچىلەر بولسا، ناۋاينىڭ پەشخۇنى تۈۋىدە ئالا تاغىرىغا ئاپئاق گىردىلەرنى قاچىلىماقتا ئىدى. دەڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تام بويلاپ تۇرۇشقان بىرمۇنچە كىشىلەر بۇ ياسىداق تۆگىلەرنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا دەڭنىڭ يېنىدىكى مۇنارىسىدىن پېشىنگە ئەزان چىقتى. شۇ چاغدا دەڭدىن چىققان قىزىل يۈزلۈك، ئويناق كۆزلۈك، قاراقاش بىر يىگىت ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، تۇمەن دەرياسى بويىنى كۆزلەپ ماڭدى. ئۇ، كۆۋرۈكنى بويلاپ پەسكە چۈشكىنىدە سۇ بويىدا يىغلاپ ئولتۇرغان قاۋۇل بىر جۇۋاننى كۆردى. جۇۋاننىڭ كىيىم -

كىچەكلىرى ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى كۆڭۈلسىز ھالەتلەر بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەنلىكىدىن دالالەت بېرەتتى. جۇۋاننىڭ ئەھۋالىغا ئىچى ئاغرىغان يىگىت ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ جۇۋاننىڭ قولتۇقىدىكى بوغچىسىنى كۆرۈپ «ئۆيدىن رەنجىپ ـ يامانلاپ چىققانمىدۇر» دېگەن خىيالغىمۇ كەلدى. «نېمە بولسا، بىچارىنىڭ ئەھۋالىنى بىر سوراپ باقايچۇ؟» دەپ ئويلىدى.

جۇۋان خەيرخاھ يىگىتكە مۇنداقلا كۆز سېلىۋىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر تۈرلۈك يېقىملىق مېھرىبانلىق ئالامەتلىرى ئۇرغۇغاندەك تۇيۇلدى ـ دە، ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىققان ئېسەدەشلىرى پەسىيىشكە باشلىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ ئولتۇرۇپ يۈرەك سىرىنى يىگىتكە دېدى:

— ئېرىم ئۆلۈپ كېتىپ چۆچۈردەك بەش بالام بىلەن قېلىۋىدىم، قولىمىز قىسقا ئىدى. ئۇ رەھمەتلىكنى ئۇزىتىپ چىقىمدار بولغاننىڭ تاشايىنىدا، باللار يېلىڭ ـ يالىڭاچ، قىش كېلىپ قالدى. ئەھۋالنى ئاچامغا ئېيتسام ئېرىگە ئۇقتۇرماي ئالتۇن زىرىسىنى بېرىپ تۇرۇۋىدى، ئۇنى ئالتە ئايلىق گۆرۈگە قويۇۋىدىم، قولىمىز قىسقا بولغاچقا ۋاقتىدا ئاجرىتىۋالالماي قالدىم. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئاچامنىڭ ئېرى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قېلىپتۇ. «زىرىنى تاپ، بولمىسا سەنمۇ يوقال» دەپتۇ. بىر پاقلىنىمىز بار ئىدى، شۇنى سېتىپ يەنە يېقىنلاردىن قەرز ـ قۇۋۇش قىلىپ گۆرۈخانىغا كىرسەم، گۆرۈكەش: سەن ۋاقتىدا ئاجرىتىۋالمىدىڭ، ئەمدى پايدىنىڭ ئانا ـ بالىسى تەڭ بولۇپ قالدى. دىرى بىلەن ئۆسۈمى تەڭ بولدى، دەيدۇ. ئەگەرگەن پۇلۇم يەتمىدى، يەتمىسە ساتارمەن يا گۆرۈگە قويۇپ تۇرارمەن دەپ ماۋۇ نىمچامنىمۇ ئالغاچ كىرىۋىدىم، بۇنى قوشسامۇ يەتمىگۈدەك. ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ ئولتۇرۇشۇم، ئۇكام، — چوكان كەپتەردەك

www.uyghurkitap.com

بۇقۇلدىغىنىدا يىغا ئاۋازى ئۇنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىنى تىترى-
تىپ قايناپ چىقماقتا ئىدى . ئۇ چاغدا يىگىتمۇ يۈرەك ـ باغرى
پىژىلداپ كۆيۈپ ۋە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بىر ئاجايىپ ھېسسىي
ساراسىمە قاينىمىغا چۆكۈپ باراتتى .

— ئىمچام بەك بەلەن ئىدى . تويۇمدا تىككۈزگەن كىيىمىم
ساقلىنۋىدىم ، — چوكان تۈگۈچنى يەشتى ۋە ئىمچىسىنى مەيدىسى-
گە تۇتۇپ يىگىتكە كۆرسىتىشكە باشلىدى . مايسا رەڭ دوخاۋا
ئىمچا راستتىنلا كۆزنى قاماشتۇرۇپ ۋالىلدايتتى .

— سىز ئېلىپ قويامسىزيا ؟…

يىگىت كۈلۈمسىرىدى ۋە جۇۋانغا تەسەللى بەردى . ئۇلار
بىردەم بىر تۇغقانلاردەك مۇڭدىشىپ ئولتۇردى ، ئات ـ جونلىرى-
نى سورىشتى .

— ھاۋاخان ئاچا ، — دەپ مېھرىبانلىق ئاھاڭدا سۆز باشلى-
دى يىگىت ، — مېنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئۇششاق باللىرى
بىلەن قېلىپ ، بىزنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئانام بار . مۇنداق
كۆلپەتلىك كۈننى مەن ئەقلىمگە كەلسەم ، ئانامۇ تارتماقتا ئى-
كەن . كېيىن بىز باللارمۇ تەڭ تارتقان . سىلىنىڭ ئەھۋاللىرى-
نى ئاڭلىغىنىمدا شۇ كۈنلەر يادىمغا يەتتى . راستىمنى ئېيتسام ،
شۇ تاپتا مېنىمۇ يىغا تۇتۇۋاتىدۇ ، سىلىگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىۋاتى-
دۇ… مەن ئېلىپ قويساممۇ قوياتتىم ، لېكىن سىلىنىڭ بۇ ئىش
بۇنىڭلىق بىلەن پۈتمەيدىكەن ، شۇڭا مەن بۆلەك بىر ئوي ئويلاۋا-
تىمەن . سىلى قانداق قارايلىكەنتاڭ ! … — يىگىت تاتلىق كۈ-
لۈمسىرىدى .

— قانداق ئويلاۋاتىسىز ؟ — ھەيرانلىقتا قىيا قارىدى جۇ-
ۋان . يىگىت ئويلىغىنىنى دېۋىدى ، ھاۋاخان قىزىرىپ تۇرۇپ
دېدى :

— قاملىشارمۇ ؟ … — ئۇنىڭ ئويناق كۆزلىرىدىن تەشۋىش
ئالامەتلىرى چاقنىماقتا ئىدى .

— ... ئۆزىمىز قاملاشتۇرىمىز دېسەكلا چوقۇم قاملىشىدۇ. ئادەم جىگەرلىك بولسىلا، ئالەمدە قاملاشمايدىغان ئىش يوق، — دەيتتى يىگىت.

ئۇلار هاۋاخانىنىڭ دۇخاۋا ئىمچىسى چىگىلگەن بوغچىغا ئوخشاش رەڭدە ۋە مىقداردا «تۆت بوپا» تەييارلىدى، ئاندىن كېيىن ئىككىسى بىردىن بوغچىنى قولتۇقلىرىغا تىقتى ـ دە، قالغانلىرىنى دەڭنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئالا خۇرجۇنغا ئامانەت قويۇپ، ئۆزلىرى گۆرۇخانىنى كۆزلەپ ماڭدى.

«ئانا ـ بالا» بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرىنچى خېرىدارى قاۋۇل، قامەتلىك ياش بىر يىگىت بولۇپ، ئۇلار يېتىپ كەلگەندە ئۇ ئۇستەلگە مۇكچىيىپ يۇڭ قەلەم بىلەن خەت يېزىۋاتاتتى. ئۇڭ كۆزىنىڭ چۆرىسىدە خۇددى قەلەم بىلەن سىزىپ قويغاندەك هالقىغا ئوخشاش چۆرگىلىمەچ خال تاجىسى بار ئىدى. ئۇ، ئانىنىڭ پوكەيگە قويغان بوغچىسىنى يېشىپ، يېشىل دۇخاۋا چاپىنىنى كۆردى ـ دە، ئىككى سەر باها بەردى. ئانا ئۇنىماي قويىنىغا تىقتى. ئۇ خېتىنى يېزىۋېتىپ:

— هە، ماقۇل ئىككى يېرىم سەر ئالە، — دېدى.

— بولۇپتۇ، ئانا ... — دېدى «بالىسى» ئۆزىنىڭ قوينىدىكىسىنى پوكەيگە لىككىدە قويۇپ، — بىز هاجەتمەن بولغاندىن كېيىن بېرەيلى!...

شيەنسېڭ يۇڭ قەلىمى بىلەن ئۇزۇنچاق باغاقتىن بىرنى يازدى ـ دە، ئۇنىڭ يېرىمىنى ساڭگىلىتىپ قىستۇرغان بوغچىسىنى جاۋەن جازىسىنىڭ ئېگىز بىر يېرىگە ئىلىپ قويدى، ئاندىن ۋاقتىدا ئاجرىتىۋېلىشنى تاپىلاپ ئۇلارغا ئىككى يېرىم سەر ئاق تەڭگىنى جىرىڭلىتىپ ساناپ بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

«ئانا ـ بالا» ئىشلىرىنى ئۇتۇقلۇق داۋام قىلماقتا ئىدى. لېكىن كىچىك پۇتلۇق بىر تەتەي كېيىنكى بوغچىنى يەنە ئاچماقچى بولۇۋىدى، «ئانا ـ بالا» ئىككىسى باهاغا ئۇنىمىغان،

بىر ـ بىرىگە چالۋاقىغان بولۇپ كېتىشتى . بۆلەك بىر دۇكانغا ئاپىرىپ بۇ بىر بوپا «ئېسىل مال»نىمۇ يەنە ئىككى سەر كۈمۈشكە تېگىشتى . بۇ ئاخىرقى ياغلىقتىكى «مال» ئىدى .

شۇنداق قىلىپ دۇخاۋا چاپانمۇ ئامان قالدى ، ئۆلتۈن ئىرىمۇ ئىچ يانچۇقتىن ئورۇن ئالدى . «ئانا ـ بالا» تۆشۈكدەۋاز بىلەن قۇمدەرۋازىغىچە يۈرۈپ هارغانلىرى ، قورساقنىڭ ئاچقانلىرىنىمۇ ئەمدى ئەسلىرىگە ئالدى .

— تۈرۈڭا ، مۆمىنئاخۇن ، ئەمدى قورساقنى تويغۇزۇۋالايلى ، — دېدى هاۋاخان .

ئۇلارنىڭ كېلىشىگە ئۈلگۈرۈپ ئېگىز بوي ، قارا بۇرۇت ئاشپەز قاسقاننى كۆتۈرگىنىنى جاكارلاپ ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلىدى ۋە مانتا ساناشقا باشلىدى .

«ئانا ـ بالا» ئاق لېگەندىكى پېتىر مانتىنى ئالسىلا ـ باقسىلا بىلەن ئېلىۋاتقانلىرىدا قارىمۇچنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى دىماغتىن دىلغا قەدەر سەيلە ـ ساياهەت قىلماقتا ئىدى . تەكلىپ ـ تەكەللۇپلار داۋامىدا «ئانا» ئوغۇلدىن سورىدى :

— بالام مۆمىنئاخۇن ، نەچچىگە كىرىدىڭىز ؟

— يىگىرمە ئۈچكە .

— ئۆيلەندىڭىزمۇ ؟

— يو... يوقسۇ ... — دېدى يىگىت ئوڭايسىزلانغىنىدىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ـ دە ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قىزىل گۈللۈك چەينەكنى ئېلىپ ، — چاي ئىلىقلاپ كېلەي ، — دەپ ماڭدى . هاۋاخان بولسا ، ئاغزىغا ئېلىپ بارغان مانتىنى تۇتقىنىچە بۇ چېۋەر يىگىتكە تەسۋىرلەپ تۇگەتكۈسىز بىر ئاجايىپ مېهرىبانلىق زوقى بىلەن قاراپ قالدى . «ئەجەبمۇ ئوبدان بالىكەن ، تېخى ئۆيلەنمەپتۇ ، مۇشۇنداق بىر كۈيئوغۇلغا يېتىشسە نېمە ئارمان...»

ئۇلار ئاشخانىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئايرىلغۇسى كەلمەي

گېپكى ـ مۇڭى سۆزلىشىپ گۈزەرگە كەلگىنىدە كۈن سىپىلنىڭ كەينىگە پەسلەپ بارماقتا ئىدى .

ھاۋاخان باللارغا دەپ گۆشگىردە ، ئاندىن ئاق ساقال بىر قەندالەتچىدىن بىر مۇنچە ناۋاتمۇ ئالدى. ئۇنىمىغانىغا قويماي گۆش-گىردە بىلەن نۆكچە ناۋاتنى مۆمىنئاخۇننىڭ بەلبېغىغا سېلىۋې-تىپ :

— ئانىڭىزغا مەندىن دۇئا دەڭ ، ئاۋاتنىڭ بازىرىغا بېرىپ قالسىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە كىرمەي قالماڭ. ئابايام ئېيتتىمغۇ، بىزنىڭ ئۆي چاگادا ، توخۇ بازىرىدا ، چوڭ كۆلنىڭ يېنىدىكى دەڭنىڭ تۈۋىدە ، ھويلىمىزدا مانا مەن دەپ تامدىن تالاغا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر تۈپ ئۆرۈك بار. چوقۇم بېرىڭ جۇمۇ ، جېنىم ئۇكام ، سىزگە… سىزگە… خۇدا رەھمەت قىلار … — دېدى .

ھاۋاخان كەشنى قولىغا ئالدى ـ دە ، توپا يولنى يالاڭ ئاياغ كېچىپ غىپىلداپ ماڭغىنىچە ئۇچقاندەك كەتتى .

## 2

چارشەنبە كۈنى ئاۋاتنىڭ بازىرى راسا قىزىماقتا ئىدى. يېڭىئۆستەڭ يولىدىن ئاتلىق ،ئېشەكلىك ، ھارۋىلىق ھەم پىيادە كېلىۋاتقان كىشىلەر بازار باغرىغا خۇددى سەلدەك ئېقىپ باراتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇلاغلارغا خۇرجۇن ـ تاغارلاپ نەرسىلەرنى ئارتقان ۋە بەزىلىرى ئېگىز چاقلىق كېلەڭسىز يارىيار ھارۋىلارغا ئوتۇن ـ سامان، شاخ ـ شۇمبا ياكى قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى باسقان ؛ بەزىلىرى بولسا ، ئېشەك ئۇلاغلىرىنىڭ ياپاشلىرىغا خوراز ـ مېكىيانلارنى ساڭگىلىتىپ ئاسقان يا قولتۇقلاشقان ؛ ئاياللارنىڭ تولىسى دېگۈدەك ئاپئاق كاللەك يىپلار بىلەن پاختىلارنى ياكى رەڭگارەڭ دوپپىلارنى ، تۆپە ـ تۆپىسىگە تىزىلغان قاچا ـ قۇچىلاردىكى سۈت ـ قايماقلارنى ۋە بەزىلىرى

باشلىرى ، قولتۇقلىرىدا ماتا ، چەكمەن ، سەگەز ، شاتىۋارلارنى كۆتۈرۈشكەنىدى .

كۆل بىشىدا ، يالغۇز تىرەكنىڭ قىشىدا بىلەكىدىكى يىغىزلىق دۆڭگە قويغان قىز يەڭلىرى تۈرۈلگەن بىلەكلىرىنى كۆرسىتىپ تۇ-رۇپ قىبلىگە — پەستىكى چوڭ ئۆستەڭنى بويلاپ يولىنى ئۇز-ۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قوللىرىدىكى كۈمۈش بىلەزۈك ، ھېقىق كۆزلۈك ئۈزۈكلىرى كۈن نۇرىدا ئوت چاقنىتىپ ۋالىلدايتتى . بېشىدا چۆرىسىگە كالىۋۇتۇن باسقان بېغىر رەڭ دۇخاۋا دوپپا ، ئۇچىسىدا چىمچىم گۈللۈك يېشىل بەدىس كۆڭلەك بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېتەكلىرى ۋە تال ـ تال ئۆرۈل-گەن سۇمبۇل چاچلىرى كۆل تەرەپتىن كەلگەن سەلكىندە لەرزان لەپىلدەيتتى . دەل شۇ چاغدا قىزنىڭ كۆزى ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كۆل قىشى ـ دۆڭگە ئۆرلەپ چىقىۋاتقان بىر يىگىتكە چۈشتى ـ دە ، تونۇمىغان كىشىگە بىزەڭلەرچە داپشىپ قاراپ تۇرۇشنى روھىغا راۋا كۆرمىدى . ئۇ ئۆزىنى قاچۇرغاندەك لەپپىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلگىنىدە ، سىمابتەك سۇدا بالقىپ تۇرغان ئۆز رۇخسارىنى كۆردى . ئۇ ماڭلاي چىچىنىڭ ئازراق چۇۋۇلغىنىنى سەزدى ـ دە ، ئۇنى سۇزۇك سۇ ئەينىكىگە قاراپ تۇرۇپ تۈزەتتى . ئۇ سۇدا پىلتىڭلاپ ئويناپ يۈرگەن بېلىقلارغا قاراپ تۇرغىنىدا «ئۇكام» دەپ قىچقارغان يېقىملىق ئاۋاز دىققىتىنى بۆلدى . قايرىلىپ قارىغان قىز كەينىدە يېقىنلا يەردە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قارا كۆز ، يۇملاق يۈز يىگىتنى كۆردى .

— سىڭلىم ، مۇشۇ يەردە ھاۋاخان ئاچا دېگەن كىشىنىڭ ئۆيى بارمۇ ؟

— ھەئە بار ، نېمە ئىشلىرى بار ئىدى ؟

— ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار ئىدى .

ئۇلار ئازلا سۆزلەشتى . قىز ، يىگىتكە جاۋاب بېرىۋاتقىنىدا نېمىشقىدۇر ھوپپىدە قىزاردى ـ دە ، ئوڭايسىزلىنىپ يىگىتكە

لاپپىدە بىر تىكىلگەچ يەنە يەرگە قارىۋالدى . چۈنكى ئۇ يالاڭ ئاياغ ئىدى .

— يۈرسىلە ، مەن سىلىنى ھاۋاخان ئاچىلىرىنىڭكىگە باشلاپ كىرەي ، — دېدى ئۇ ، بېشىنى يەردىن ئۈستۈن ئالماستىن چېلەكنى لىككىدە كۆتۈردى . يىگىت بولسا قىزنىڭ خۇش پىچىم قەددى - قامىتى ، كېلىشكەن تەقى - تۇرقى ، ئاغمىخانىدەك سىدىلىق مېڭىشلىرىغا نەزەر سېلىپ ئەگىشىپ باراتتى . «ھاۋاخان ئاچامنىڭ قىزىمىدۇر » دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇگەتكۈچە كۆلگە قاراپ ئوچۇق تۇرغان قوش قاناتلىق ئەپچىل دەرۋازىغا كېلىپ قالدى . بوسۇغىدىن ئەيمىنىپرەك ئاتلىغان يىگىت چىنىدەك سۇ - پۈرۈپ سۇ سېپىلگەن ھويلىغا سايىسى ياراشقان ئۆرۈكنى كۆرگىنىدە كۆزلىرى ئويناپ ، جانلىرى سۆيۈنۈپ ، يۈرەكلىرى يايراپ كەتتى . ھويلا شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئىدىكى ، ئۆرۈكنىڭ تۈۋىدىكى سۇپىدا چىڭگىلەك چاچلىق ئىككى قىزچاق تاشتەرمەك ئويناپ ئولتۇراتتى . يىگىتنىڭ كۆلۈمسىرەپ كېلىشى بىلەن ئۇلار ئويۇنلىرىنى يىغىشتۇردى . ئاڭغىچە ھېلىقى قىز ئاق كىگىز كۆرپىنى ئاچىقىپ سۇپىغا سالدى ، ئۆزى ئۆيگە ئىلدام كىرىپ كەتتى . يىگىت ، قىزچاقلارنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ھويلىغا بىرمۇبىر نەزەر سالغىنىدا ، ھەممە نەرسىلەر : ئويمانلاردىكى رەڭگارەڭ گۈللەر ، خىنە ، رەيھان ، سەبدەگۇل ، ئالمۇتاگۇل ، تاجىگۇل ۋە لەيلىقازاقلار ئۆزىگە چىن مېھىر بىلەن كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

— ئاچا… ئاچا… كۆردۈڭمۇ ، ئاكاش قەنت بەردى .

— ئاكاشقا رەھمەت دېدىڭلارمۇ ؟ — دېدى ئاچىسى قايتىپ چىقىۋېتىپ .

قىزنىڭ پۈتىدا قىزىل كونا كەشنى كۆرگەن يىگىت ئۇنىڭ كىملىكىنى پەملىۋالدى ۋە سورىدى :

— ھاۋاخان ئاچام بىر ياققا كەتكەنمۇ ؟

— ئاناما؟... ئانام بار، ھېلى كىرىدۇ.
— سىزنىڭ ئىتىڭىز ھەمراخانمۇ؟
— سىلىگە كىم ئېيتىپ قويدى؟
— ئۆزۈم شۇنداق موللا تاپقامەن، — دەپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى يىگىت.

قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئۆرۈك شېخىدا ۋىچىرلاپ ئولتۇرغان بىر جۈپ قارلىغاچمۇ كۆررىدە ئۇچۇپ كەتتى.

— ئۆزلىرىنىڭ ئىتى مۆمىنئاخۇنمۇ؟ — سورىدى قىز.
— سىزگە كىم ئېيتىپ قويدى؟
— ئۆزلىرى، مېنى بىلىۋالغان سۆزلىرى.
— ھە، شۇڭا كۆل بېشىغا چىقىپ ساقلاپ تۇرغانىكەنسىز - دە؟

قىز ئەمدى بايامقىدىنمۇ قاتتىقراق كۈلۈۋەتتى ۋە قىزىرىپ يۈگۈرگىنىچە ئايۋانغا كىرىپ كەتتى. شۇئانلا يەنە كۈلۈمسىرەپ، گۈگۈت ئاچقىپ كۈنگۈرە كەينىگە ئۆتتى - دە ۋاچىلدىتىپ ئوتۇن ئوشاتقىلى تۇردى.

— نېمە قىلىۋاتىسىزا؟ — يىگىت سورىدى.
— ئوت يېقىۋاتىمەن.
— سىزنىڭ ھۈنىرىڭىز ئوت يېقىشلا ئىكەن - دە؟

قىز لىۋىنى چىشلەپ كۈلۈپ:

— ئوت ياقمىسا ئاشمۇ پىشمايدۇ، ئىشمۇ پىشمايدۇ، — دېدى.

قىز كېلىپ سۇپىنىڭ لېۋىگە ئولتۇرغىنىدا كۈنگۈرە كەينىدىن چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— سىلە توغرۇلۇق ئانام ماڭا ھەممىنى ئېيتىپ بەرگەن.
— نېمىنى ئېيتىپ بەرگەن؟
— ھەممىنى...

كىگىزنىڭ پۆپۈكىنى ئويناپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى ھەمراخان.

— ئاشۇ مۇزدەك سۇدىن بىر ئىچەيچۇ، — دېدى يىگىت.

— مۇزدەك سوغۇق چاي بار، — ئۆيگە يۈگۈردى قىز.

قىز يوپۇرماق گۈللۈك قىزىل جانان چىنىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ يىگىتكە ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى. يىگىت بىر ئوتلاپلا قىزغا قاراپ كۈلدى. ئۇنىڭ ئاچىققىنى مۇزدەك سوغۇق، چايدەك قېنىق، شىرنىدەك شېرىن چۆلە ئىدى. ئۇنى بىراقلا سۈمۈرۈپ تۈگەتكەندىن كېيىن:

— ھەشقاللا ... — دەپ چىنىنى قايتۇرغىنىدا، قىز ئېگىلىپ ئېلىۋېتىپ:

— يەنە ئاچىقايمۇ؟ — دېدى.

— مېنى ئىچىگە شال تېرىغانمىكىن دەپ قالدىڭىزمۇ؟

قىز شوخلۇق قىلغىنىچە كۈلۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ھويلىغا كىرىپ كەلگەن ھاۋاخان بوسۇغىدىن ئاتلاپلا مۆمىنئاخۇننى كۆرۈپ شۇنداق كۆرۈشۈپ كەتتىكى: بېشىڭىزدىن ياغاچ ئوشتۇۋېتەيمۇ دېيىشىنىڭ ئورنىغا، قىزىمنى بېشىڭىزدىن ئۆرۈۋېتەيمۇ دەۋەتكىلى تاس قالدى. بۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەمراخانمۇ ئۆيدىن چىقتى، ئانىسى ئۇنى ھە دەپ ئالدىرىتاتتى. ھاۋاخان بىر چىنە سۈت ئەكىرەي دەپ چىقىپ كېتىپ ئىككى چىنىنى ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ كىردى:

— مۆمىنئاخۇننىڭ كۆڭلى تارتسا دەپ قېتىقمۇ ئالغاچ كەلدىم، — دەيتتى ئۇ.

چايدىن كېيىن مۆمىنئاخۇن دەڭدە قالغان ئېشىكىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى چىقىپ كەتتى.

مۆمىنئاخۇن ئاق تۇمشۇق كۆك ئېشەكنى يېتىلەپ، قولتۇقىدا بېدە كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرگىنىدە، ھاۋاخانمۇ كۆك بېدە ئەكىرىپ، باغلىرىنى چۈۋۈپ تەييارلاپ بولغانىدى. ئۇلا

— مەنمۇ بېدە تەييارلىغانىدىم، سىزمۇ بېدە ئەكىرىپ-

سىز ؟ !… بوپتۇ يېسۇن ، — دەپ ئېشەكنىڭ ساغرىلىرىنى سىلايتتى . ئەمما ھاۋاخاننىڭ بۇ بالىلارلا ئەمەس ، ئېشىكنىمۇ تۆرگە چىقىرىۋالغۇسى كېلەتتى .

مۆمىنئاخۇن تاماق تەييار بولغۇچە بازارغا چىقىپ كېتىشىنى ئېيتىۋىدى ، ھاۋاخانمۇ بىللە چىقماقچى «بىر نەرسە ئالىماقچى» بولدى .

ئانا ـ بالا بازارچىلار قىزىق پاراڭلىشىپ قايتىپ كەلگەندە ھەمراقىز كۆكرىكىنى ئوينىتىپ تازا پەيزى بىلەن لەڭمەن سوزۇۋاتاتتى . تاماق تەستىقتىن دېگەندەك ئۆتتى . لېكىنزە تاماقتىن… تەستە ئۆتتى ـ دە…

— يەنە بىر نەرسە چالا قېلىپتۇ ، — دەپ ھاۋاخان يانچۇقىنى كولىغان پېتى بازارغا چىقىپ كەتتى .

ئۆرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرغان يىگىت ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ ، قىزغا يەر تېگىدىن قاراپ دېدى :

— ئەستاغپۇرۇللا !… كەلمىسەممۇ بوپتىكەن .

لاپىدە قارىغان قىز چوغدەك قىزاردى ـ دە ، ناز بىلەن تولغىنىپ دېدى :

— مەنمۇ كۆل بېشىغا چىقمىسام بوپتىكەن .

«راست» دېگەندەك بار ئىخلاسى بىلەن ھاڭرىغان ئېشەك ئۇلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى . ئاندىن ئۇلار ئارىسىدا خۇددى شائىرلار مۇشائىرىسىدەك بىردەم سۆز ئويۇنى بولدى :

يىگىت : ھەر كۈنى بازار بولسا…
قىز : مېھمانمۇ كېلەر بولسا .
يىگىت : ئوخشاركەن ئەجەب بۇ ئاش ،
قىز : بەشكىرەم ئۇنى بولسا .
يىگىت : ئاۋاتنىڭ قىزى بولسا ،
قىز : تېتىشلىق تۇزى بولسا .

يىگىت : ئوت ياقۇر ئۆزى بولسا ،
قىز : شېكەردەك سۆزى بولسا .
يىگىت : باشتا بەرنى ئېيتقان ،
قىز : ئانامنىڭ ئۆزى بولسا...

يىگىت قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى . قىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى . ئەل ئېيتىدۇركى ماۋۇ بېيىتنى شۇلار چىقارغان دەيدۇ :

ئوتمۇ سەن ، ئاتەشمۇ سەن ،
قايدىن تۇتاشتى ئوت ماڭا .
مەندىكى ئوتنى ئېلىپ ،
نېمە بولار سالسا ساڭا...

ئوقۇمۇشلۇق ئوقۇغۇچىغا ئايان بولغايكى ، شۇ يىلنىڭ كۈزىدە ھەمراخان بىلەن مۆمىنئاخۇننىڭ تويى بولغان . ئۇلار تۆت بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولغان ، ئۇلارنىڭ ھاياتلىرى ئابدۇراخمان بىلەن گۈلقىز ئىدى .

## 3

گۈلقىزنىڭ كۆزى ئاستا ـ ئاستا ئوچۇلىنىشقا باشلىدى . ئۇنى داۋالىغان تاجاخۇن تېۋىپنىڭ ئەسلىي ئېتى تاڭ جۇفاڭ ئىدى . ئۇ ، شەنشىدىن شىنجاڭغا «بالا مۇساپىر» بولۇپ كەلگىنىدە گۈزەردىكى بىر گۆرۈخاننىڭ «جاڭ جاڭگۈيدى» دەپ ئاتىلىدىغان يوغان باش خوجايىنى ئۇنى مالايلىققا ئالغانىدى . مۇلايىم ۋە ئەپچىل تاڭ جۇفاڭ بۇ ياپما قاپاق ، خاپان باش جاڭگۈيدىگە ھەممە جەھەتتىن ياراپ قالغاچ ، ئۇ ئۆزىنىڭ : «يازدا ئىشلىتىپ قىشتا قوغلىۋېتىش... » ئادىتىنى تاشلاپ ، شياۋ تاڭنى خۇددى دادىسى-

دىن مىراس قالغان ئېشەكتەك ئىشلىتىۋەرگەن، پۇل ياكى نەرسە ـ كېرەك تاشلاپ قويۇش قاتارلىق كۆپ سىناقلاردىن ئۆتكۈزگىنىدىن كېيىن ئاقىۋەت ئۇنى دۇكان ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشتۇرغانىدى.

تاڭ جۇفاڭ گۆرۈ قويغىلى نەرسە ئەكەلگەن ھاجەتمەنلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، بولۇپمۇ يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، سەرپىيا-لارنى كۆرسە ئىچى ئاغرىيتتى، ئەھۋاللىرىنى ئىپتىقاچ بىچارىلەر-نىڭ مۇڭ ـ زارىغىمۇ قۇلاق سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەر-نىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ كېيىنكى كۈنلەردە «تاڭ شيەنسىڭ» نامىنىمۇ ئالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىسى خوجايىنىغا ياقمايتتى. شۇڭا ئۇ تاڭ جۇفاڭغا ھەمىشەم دېگۈدەكلا: كىشىلەرگە قايماقتەك ئېرىپ كەتمەسلىك، پوختا ... پىششىق بولۇش ھەققىدە «تەربىيە» بېرىپ تۇراتتى. تاڭ بولسا، جاڭگۈي-دىنىڭ قاتتىق ـ يىرىك ئېيتقانلىرىنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئاڭلاپ «شىڭ ـ شىڭ» دەيتتى، ئەمەلىيەتتە ئۆز ئادىتىدىن تەرك ئەتمەيتتى.

يازنىڭ ئوچۇق ھاۋالىق بىر كەچقۇرۇنى ئىدى. جاڭ جاڭ-گۈيدى، تاڭ جۇفاڭنىڭ قولىغا بىر كەكىنى تۇتقۇزدى. ھويلى-نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق بىر يەرگە لىگەندەك دائىرە سىزىپ: «مۇشۇ يەرنى چاناپ يۇمشات» دېدى. ئاندىن چۆگۈندە سۇ كەلتۈ-رۈپ ھېلىقى بوشاتقان يەرگە، يەنە ئازراق سۇنى بوشاتمىغان قاتتىق يەرگە قۇيدى. قاتتىق يەردىكى سۇ لەيلەپ تۇراتتى. ئاۋۇ بوش يەردىكىسى بولسا، ئالللىقاچان سىڭىپ كەتكەنىدى. جاڭ بىگىز قولى بىلەن يەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دەيتتى: «كۆردۈڭ-مۇ؟ دۇنيا ئەنە شۇ سۇغا ئوخشاش نەرسە؛ سەن قانچىكى چىڭ بولساڭ ئۇ سەندە توختايدۇ. بوشاڭ بولساڭ ئاشۇ بوش يەرگە سىڭىپ كەتكەن سۇدەك يوق بولىدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟...»

تاڭ جۇفاڭ بېشىنى خۇددى ئوت يەۋاتقان ئۆچكىدەك

ئاستىن - ئۈستۈن گىلدىڭلىتىپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى . ئاۋۇ ئۆزىنىڭ جازانىخور دادىسىدىن بالا چاغلىرىدا ئۆگەنگەن ھۈنىرىنىڭ كارامەتلىرىدىن بىرىنى بۈگۈن كۆرسەتكىنىگە مەغرۇرلانغاندەك غادىيىپ ، ئۇزۇن غاڭزىسىدىن تۈتۈنىنى پۇر-قىرىتىپ ئۆرە تۇراتتى . ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر ئاز تۇرغان-دىن كېيىن :

«يۈر» دەپ تاڭ جۇفاڭنى ئەگەشتۈرۈپ تالاغا ماڭدى .

## 4

كۈزنىڭ شىۋىرغانلىق بىر پەيشەنبە كۈنى ، ھاۋانىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي ، كونىشەھەرنىڭ بازىرى راسا قىزىغان . كوچىلاردا ئادەملەر تىقما - تىقماق ئىدى . كۈز قاتلىنىڭدىكى دېھقانلار ئالدىراش ئىشلىرىنى پۈتتۈرمەكتە ، نەرسىلەر ساتماقتا ، ئالماقتا ، كەلمەكتە ۋە كەتمەكتە ئىدى . بۈگۈن ھەممە دۇكان ۋە ھەممە كەسپلەرگە ئوخشاش جاڭ جاڭگۇيدىنىڭ گۆرۈخانىسى-دىمۇ تىجارەت قىزىپ كەتكەنىدى . يوغان پاينەك بېشىنى پارقىرى-تىپ ، ھاسىراپ - ھۆمۈدىگەن جاڭگۇيدىمۇ تاڭ شيەنسېڭ بىلەن تەڭ ھەرىكەتتە ئىدى . ئۇنىڭ دۇكىنىغا بىر ئۇيغۇر كىشى كەل-دى . ئۇ كىشىنىڭ ئۆسكىلەڭ ئاپئاق ساقال - بۇرۇتلىرىغا ئوخ-شاش قويۇق قاش - كىرپىكلىرىمۇ قاردەك ئاق بولۇپ ، مازلىرى مارىلىغان ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن خام بەلباغ باغلىغان ، پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ ئىدى . ئۇ ، تۇكلىرى چۈشۈپ ياغاقلىشىپ كەتكەن سەرپۇش تۇمىقىنىڭ ئەستىرىدىن پۈكلەنگەن كىچىككىنە قەغەزنى ئالدى - دە ، ئۇلارغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى . قەغەزنى پاينەك باش جاڭگۇيدى ئېلىپ ئۈلگۈردى . ئۇ ، ئوزۇنچاق باغاقنى ئېچىپ خۇددى ئوت يەۋاتقان مالدەك بېشىنى يۇقىرى - تۆۋەن قىلىپ ئوقۇدى - دە ، چوتنى ئالدىغا تارتىپ سوقتى ، ئاندىن ئاق

ساقالنىڭ ئالقىنىدىكى پۇلنى ئېلىپ بى… ئىبر… سەن… دەپ ساناشقا باشلىدى. كېيىن ئۇيغۇرچىلاپ:

— پۇلۇڭ يەتمەيدۇ، — دەپ گۆلەيدى.

— قايسى كۇنى كىرسەم كەم ئىكەن دېيۋىتىشىڭىز، ئۆزىڭىز ئېيتقاننى جايلاپ كىردىمغۇ؟… يەنە يەتمەيدۇ دەيسىز-غۇ، جاڭ-گۇيدى؟ …— ئاق ساقال تېڭىرقاپ قارايتتى. جاڭگۇيدىنىڭ ئەپت - ئەلپازى ۋە چوتنى شاراق - شۇرۇق يىغىشتۇرۇشىدىن ئاچچىقلىنىۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى. تاڭ جۇفاڭ بولسا، مۇلا-يىملىق بىلەن سۆز ئارىچىلاپ دېدى:

— گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بەلگىلەنگەن ۋاقىتىدا ئاجرىتىۋې-لىنمىسا، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنىڭ پايدىسى تەڭگە تەڭ قوشۇلى-دۇ. سىنىڭ ۋاقتى بىر ئاي ئېشىپ كەتكەن…

ئاق ساقال توخۇ، تۇخۇملىرىنى ۋە بىر تەخسىنى سېتىپ، جاڭگۇيدىنىڭ دېگىنىنى ئاران جايلاپ كىرگىنىنى، ئەمدى ئىلا-جىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ يېلىنىماقتا ئىدى. تاڭ جۇفاڭ جاڭ-گۇيدىگە ئۇقتۇرۇۋىدى، جاڭگۇيدى تەلەتىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈ-رۈپ:

— بۇشىڭ …— دەپ چالۋاقاپ قولىدىكى پۇلنى پوكەيگە ئاتتى ۋە قاپاقلىرىدىن قار ياغدۇرۇپ كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، قولىنى كەينىگە قىلىپ دومسىيىپ تۇردى.

تاڭ جۇفاڭ تەڭلىكتە قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاق ساقالغا كۆز قويـرۇقىـدا قـاراپ «ماۋۇ بولمىغانـدا بىـر ئامال قىلغىلـى بولاتتى…» دېگەندەك ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇنى تامدىكى تىكلىمە ئەينەكتىن جاڭگۇيدى كۆرۈپ قالدى - دە، قەھرلەنگەن يىرتقۇچ-تەك غەزەپ بىلەن قايرىلىپ:

— ۋاڭبادەن …— دەپ ۋارقىراپلا كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلى-رى ئۆلۈۋاتقان كالىنىڭكىدەك چەكچەيگەنىدى. خىجالەتچىلىككە چۆككەن تاڭ جۇفاڭ تامغا يۆلەنگىنىچە يەرگە قاراپ، پۇتى بىلەن

يەرنى سىجاپ تۇراتتى . ئاق ساقال بولسا ، پوكەي ئۈستىگە چېچىلغان پۇللارنى يىغىۋېلىپ ، جاڭگۇيدىغا قادىلىپ قاراپ تازا بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە ، قولىنى قوينىغا تىقىپ قاياققىدۇر ئاستا كەتتى .

تاڭ جۇفاڭنىڭ ئاشۇ ئىشارىتىدىن قاتتىق گۇمانلانغان جاڭ-گۇيدى ئۇنى بىر ئاخشام تىللىغىنى بىلەن قالماي ئەتىسىلا «دۇ-كاننى پەندەن قىلىش» ئىشىنى باشلىدى . ئۇ ، ئىگىسى ئاجرىتىد-ۋالالماي ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ ، بىر تەرەپكە قويۇۋاتاتتى . نۆۋەتتە ئۇ : دۇخاۋا چاپان ئىككى يېرىم سەر ، قەرەلى مىنگونىڭ... يىلى... ئايدىن باشلاپ ، ئاي ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتى يەتتە ئاي بولغان داكا رومالنى ئاچتى - دە ، خۇددى يامان يېرىنى كۆكۈيۈن چاققان ئىشەكتەك چىچاڭلاپ ، يەرلەرنى تېپىپ ۋارقىراپ كەتتى .

سەگەك ئوقۇغۇچىغا چۈشىنىشلىككى ، ئۇنىڭ نۆۋەتتە كۆر-گىنى ۋە ئەينەكلىك جاۋىندا بىر يىلدىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگىنى بىر جۈپ سېسىق خەي بىلەن بىر بوپا ئەسكى - تۇسكى لاتا - پۇتىلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ بىزگە تونۇش ئاشۇ هاۋاخان بىلەن مۆمىنئاخۇننىڭ ئالاھىدە تەييارلىغان «ئىسىل مال»لىرى-نىڭ بىرىنچى ياغلىقتىكىسى ئىدى .

ئېرىنىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن چۆچۈپ تايتاڭلاپ كىرگەن تەتەي ئۇنىڭ ئالايغان كۆزلىرى ، تاتارغان يۈزلىرىگە قاراپ قورقۇپ كەتتى ، ئۇ ئەھۋالنى ئۇققان ۋە ھېلىقى «ئىسىل نەرسىلەر»نى كۆرگىنىدىن كېيىن ئېرىدىن بەتتەر قايناپ : «قا-پاق باش فەنتۇڭ (هارام تاماق)» دەپ تىللاپ ، تاڭ جۇفاڭغا تۇكۇردى .

شۇنىڭ بىلەن تاڭ جۇفاڭنىڭ بويىنىغا بىرمۇنچە قەرزلەرنى ئارتىپ ، نەچچە يېرىگە بارمىقىنى باسقۇزۇپ هۆججەت ئېلىش بىلەن قانائەتلەنمەي شەنشىلىك بىر يۇرتدىشىنىڭ بورۇنغا ئېلىشى

بىلەن شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھەيدەپ چىقىرىشتى .

تاڭ جۇفاڭنىڭ سەيۋەنزىلىكتە گەندىسىدىغان بىر يۇرتدى-شى بار ئىدى . تاڭ جۇفاڭ ئەمدى ئۇ خەيرخاھ يۇرتدىشىغا ماكان-داشلا ئەمەس ، بەلكى كەسىپداش بولۇپمۇ قالدى .

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندى . كەچ كۈزنىڭ يېغىندۇنلۇق بىر كۈندە تاڭ جۇفاڭ ئۇشتۇمتۇتلا قاتتىق ئاغرىپ قالدى ، ئۇنى ھېلىقى خەيرخاھ يۇرتدىشى بىر تېۋىپكە ئېلىپ باردى .

تېۋىپ ئېگىز بويلۇق ، قاڭشارلىق ، سەل سوقا يۈز بىر كىشى بولۇپ ، مىجەزى بەك بەلەن ئادەم ئىدى . ئۇ ، تاڭ جۇفاڭ-نىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ، تىللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىدىن كې-يىن : «سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىپسەن ، ئۆزۈڭنى ئىسسىق تۇت . تەرلەن… » دەپ ، دورا بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە بىر كېلىشىنى ئېيتتى . تاڭ جۇفاڭ ئۈچىنچى كۈنى كەلگىنىدە ئۇلار ئۇيان - بۇيان سۆزلىشىپ كېلىپ بىر شەنشىلىك يۇرتداشلار ئەمەس ، بەلكى تونۇشماي يۈرگەن تۇغقانلار بولۇپ چىقتى . ئۇنىڭ-سىزمۇ قاۋۇل ۋە تەمكىن تاڭ جۇفاڭ پۈتۈن خۇلقى ئېتىبارى بىلەن بۇ زېرەك تېۋىپكە يېقىپ قالغانىدى . ئۇ مۇساپىرچىلىقتا قالغان بۇ يۇرتدىشى ، بىر جەمەت تۇغقىنىنى قانتى ئاستىغا ئالدى .

تېۋىپ ھەقىقەتەنمۇ ئەقىل - ئىدراكلىك ، پەم - پاراسەتلىك ۋە بەكمۇ ئوڭلۇق بىر كىشى ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ھۈنەر - ھېك-مەت ، تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى بۇ يۇرتدىشىغا ئايىماي ئۆگىتىش-كە ، تاڭ جۇفاڭنى ئىزباسار شاگىرتى بىلىپ ، ئۇنىڭغا مەنىۋى تەسىر سىڭدۈرۈشكە ، بىر كۆچەت ئۇندۇرۇشكە كىرىشتى . ئۇ ، ئاز ئەمما ساز سۆزلەيدىغان ، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق قىسقا ئىبارىلى-رى ئارىسىدا ھېكمەتلىك سۆز ۋە ماقال - تەمسىللەرنى ئىشلى-تىشكە ئادەتلەن كىشى ئىدى .

تېۋىپ ، تاڭ جۇفاڭنىڭ گۆرۈخانىسىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى-

www.uyghurkitap.com

نى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلەتتى ۋە : «پۇلپەرەسكە ئالەمدە پۇلدىن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس نەرسە يوق . پۇل ئۇنىڭ ۋىجدانى ۋە جېنى... بەلكى خۇداسى...» دەيتتى .

«دۈشمىنىڭ بىر بولسىمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ ، دوستۇڭ مىڭ بولسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ» ، «دوستۇڭنى سىنىماقچى بولساڭ ئاي-رىلىپ كۆر ، ھەقىقىي دوست ئېغىر كۈنلەردە بىلىنىدۇ...»

«ئۇيغۇرلار ئاجايىپ بىر خەلق . مۇنداق قاراشتا مىجەزى غالغۇي ، جېدەلخوردەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمما كۆڭلىدە كىر ساقلىمايدىغان ، ئازراق ياخشىلىق قىلىپ قويساڭ ئەسلا ئۇنتۇماي-دىغان ، كۆڭلىگە ياققان كىشىدىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايدىغان مەردانە خەلق . سەن قەشقەردە ياشايمەن دەيدىكەنسەن ، ئۇيغۇرنى ۋە ئۇنىڭ تىلىنى بىلىشىڭ زۆرۈر...»

زېرەك ئۇستازىدىن تەربىيە تاپقان تاڭ جۇفاڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ياخشى بىر دورىگىرى بولۇپ چىققانىدى . ئۇنىڭ كۆزى چۆرىسىدە قەلەم بىلەن دائىرە سىزغاندەك بىزگە تونۇش ئاشۇ خال تاجىسى بولغىنى ۋە ئىسمىنىڭ باش ھەرپىمۇ «تا» بولغىنى ئۈ-چۈن ، قەشقەر كىشىلىرى بۇ ياخشى كۆرگەن تېۋىپنى «تاجاخۇن» دەپ ئات قويۇۋالغانىدى . ئۇنىڭ ئوتتۇز يىللار ئاۋۋال گۆرۈخانىدا كۆركەم مۆمىن ئاكا ئەمدى گۈلقىزنى داۋالاتقىلى كەلگىنىدە تېۋىپلىقتا كۆرۈپ ھەيران قالغانلىرىنى تۈمەن دەرياسىنى بويلاپ ئېشەكلىك كېتىۋېتىپ بىر - بىرلەپ ئەسلەپ باراتتى .

## 5

گۈلقىزنىڭ كۆزى ئىككى ئايلاردىن كېيىن سەللىمازا ساقى-يىپ كەتتى . ئۇ ئەمدى باھار باغلىرىدەك كۆچەتتەك ياشناپ ئۆسمەكتە : چاقماقتەك قىز بولۇپ ، ئۆيىنىڭ يۈگۈر - يېتىملىرى-گە ياراپ ، بارا - بارا بازار ئىشلىرىغىمۇ ئەسقېتىپ ، تونۇش -

www.uyghurkitap.com

بىلىش قىز ـ چوكانلار بىلەن شەھەرگە كىرىپ ، سۈت ـ قايماق ـ لارنى بەخۇدۇك سېتىپ ، بەزى ئۇششاق ـ چۈششەك سودا ـ سېتىقلارنىمۇ پۈتتۈرۈپ ، ئۆينىڭ ھەم قىزى ، ھەم ئوغلى بولۇپ كەلمەكتە ئىدى . ئاكىسى ئابدۇراخماننىڭ يوقلىغىنى بىلىندۇر ـ مەي ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇ ھەقتىكى ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى بارغانسېرى پەسلىتىپ ، دەرد ـ ئەلەملەرنى ئۇنتۇلدۇرۇپ باراتتى .

«گۈلقىز — ھەمراخاننىڭ گۈلى» دەپ كۆرگەنلىكى كىشى ـ نىڭ ئۇنىڭغا زوقى كېلەتتى . ھەممىنىڭ مەيلى مەپتۇن قىلىپ ، بىر چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتقان قىزنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا ئىزسىز يوقىلىپ كېتىشى ئاتا ـ ئانىسىغا كۆتۈرگۈسىز ئېغىر ئەلەم بولۇش بىلەن بىللە ئۇنى بىلىدىغان قولۇم ـ قوشنا ، ئەل ـ جامائەتلەرنىڭمۇ يۈرەك ـ باغرىنى ئېچىشتۇرماقتا ئىدى .

گۈلقىز ھەققىدە ھەركىم ھەر نېمىلەرنى دېسىمۇ سۆزنىڭ خۇلاسىسى يەنە شۇ تۇمەن دەرياسىدا يۈز بەرگەن بالايىئاپەتلىك تاشقىن ئۈستىگە كېلىپ توختايتتى . تاشقىن توپىلىڭىدا توقاچ ئوغرىلايدىغانلارغا ئامەت ، ئەمگەكچى ئەلگە بولسا ، دەھشەتلىك ئاپەت كەلتۈرگەنىدى . تاشقىن توختىغاندىن كېيىن كۆرمىگلىغان كىشىلەر ئاپەت مەيدانىنى ئارىلاپ يوقاتقان كىشىلىرى ۋە نەرسى ـ لىرىنى ئىزدەشكە كىرىشتى . گۈلقىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئەل ئارىسىدا زار ـ زار يىغلاپ ، كۆز نۇرى ، يۈرەك پارىسى چىرايلىق قىزىنى ئاختۇرۇش يولىغا چۈشتى .

## يەتتىنچى باب

# يىغانلىق كۆنلەر

قەشقەرىيىنىڭ شەھرىدە ،
كۆن ئالماق ئېغىر بولدى .
جاپانى تولا تارتىپ ،
پۇت - قوللار يىغىر بولدى .

— خەلق قوشىقى

### 1

قەشقەرلىقنىڭ باشتىن كەچۈرۈۋاتقان كۆلپەتلىك كۈنلىرىنى ئاز كۆرگەندەك «ئۆزۈلۈككە ئارتۇق ، تۆپۈلۈككە تارتۇق» قىلىپ ئېغىر ئاپەت ئەكەلگەن تاشقىن كاساپىتىدىن قامەتلىرى قايرىلغان ، ھۆسن ۋەسلىدىن ئايرىلغان سان - ساناقسىز دەل - دەرەخلەر بىلەن ۋەيرانە ئۆي - ماكانلارنى باغرىغا باسقان تۆمەن دەرياسى كۆرمىگىلىغان كىشىلەرنىڭ يىغانۋ پەريادىنى تىڭشىماقتا ئىدى . قوللىرىغا ئارا ، ئىلمەك ، كەتمەن ، گۈرجەك ، ئاچا ياغاچ ۋە ئۇزۇن ھاسىلارنى كۆتۈرگەن كىشىلەر تۆمەن دەرياسىنى بويلاپ خۇددى ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان چۇمۇلىدەك يامراپ يۈرەتتى . بىرى دادام دەپ تۆلىسا ، يەنە بىرى ئانام دەپ زارلايتتى ؛ بىرى بالام دەپ يىغلىسا ، بىرى ئاكام دەپ ھۆكۈرەيتتى . تۆمەن بويى

گوياكى قىيامەت قايىنىمىغا ئايلانغانىدى . تىنتىزار كۆزلەر ھەريان تەلمۈرۈپ يۈرۈشەتتى . قاپچىغايلاردىن دەل - دەرەخلەر تېگىد-دىن ، دۆۋىلەنگەن قۇم - شېغىل ، لاي - لاتقىلار ئاستىدىن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەن تۈلۈك - تۇمەن ياغاچ - تاش ، مال - مۈلۈك ، جابدۇق - جاھازلار ئېقىپ كېتەتتى . نەچچە كۈنلەپ ئاشۇنداق ئىزدە - ئاختۇرۇشلار داۋامىدا نامەردلىك كۆزلەردىن تۇمەن دەرياسىغا يەنە بىر تولۇپ تاشقۇدەك قانلىق ياشلار تۆكۈلمەكتە ئىدى .

كۈن پەسلەپ باراتتى . ئۇزۇن قارا نىمچە ، بېشىغا ئاق داكا ، ئۈستىدىن قارا سەرپۇش تۇماقنى باستۇرۇپ كىيگەن ئانا تۇمەن دەرياسىنى بويلىغان توپنى ئارىلاپ ، ئاق تاياققا تايىنىپ زارۇ زار يىغلاپ كېلەتتى . ئۇنىڭ يېنىدا ئىشتانلىرى تىزىغىچە تۈرۈلگەن ، قولىغا تۆمۈر ئىلمەك ، ئۇزۇن ھاسا تۇتقان مۆمىن ئاكىمۇ مۈڭ-لۈق بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، مۆلدۈردەك ياش ئاققۇزۇپ يانداش كېلىۋاتاتتى . ئۇلار ئۇدا بىرنەچچە كۈنلۈك ئاشۇنداق ئىزدەشلەر-دىن ئۈمىد تەسۋىلىرى ئۈزۈلۈپ ، ھېچبىر دېرەكسىز قايتقانلىرى-دىن كېيىن ئاخىر بالىنىڭ ھازىسىنى ئاچتى ، ئۈچىنى بەردى ، ئاندىن ئاق ساغلىقنى سويۇپ نەزىرىسىنىمۇ ئۆتكۈزدى ، نەزىر كۈنى ماتەم كىيىملىرىنى كىيىپ ، چاچلىرىنى چۇۋۇپ ، قولىغا قارا ياغلىق تۇتۇپ ، قوشاقلار قوشۇپ يىغلىغان ھەمراخان پۈتۈن جامائەتنىڭ كۆڭلىنى غەم ، كۆزىنى نەمگە تولدۇرماقتا ئىدى . ئۇ : «ئاھ… قىزىم ، گۈلقىزىم ، گۈلۈم دېسەم توزۇپ كەتتىڭ ، گۈل بېغىمنى بۇزۇپ كەتتىڭ ، ئاكاڭ ئابدۇراخماننىڭ ئوتلىرى يەتمەسمىدى ، مېنى شۇنچە كۆتۈرۈشلۈك كۆردۈڭمۇ ؟… تىرىك دوزاختا كۆيسۇن دېدىڭمۇ ؟ تىرىك تۇرۇپ ئۆلسۇن دېدىڭمۇ ؟ ئاھ… قىزىم ، گۈلقىزىم ، ئاھ… ئابدۇراخمان چىرايلىق ئوغ-لۇم ، ئەمدى مەن قانداق قىلاي… » دەپ يىغلايتتى . بىچارە ئانىنىڭ ئاھۇزارى ، پىغانۇپەريادىغا باغرى ئېزىلگەن مىسكىن بىر قەلەمكەش گۈلقىزغا ئاتاپ مۇنداق مۇناجات ئوقۇغان :

ۋادەرىخا كەتتىڭا كەلمەسكە كۆزنى تالدۇرۇپ،
ياشنى ئازلىق قىلسا دەپ كەملىكنى قاندىن تولدۇرۇپ.
ھەسرىتىڭدىن باغرىمە ئۆچمەسكە ئوتنى ئالدۇرۇپ،
مەن غېرىبىڭنى نادامەت بىرلە داغدا قالدۇرۇپ.
ئەلۋىدا، ئەي جانجانىم، غەمگۇزارىم ئەلۋىدا،
تاڭ چېچەكلەپ، سۇبھىدەم غۇنچە تۇزارىم ئەلۋىدا.

## 2

بىز ئەمدى گۈلقىزدىن خەۋەر ئالىمىز. ئۇنى ھېلىقى جايى جەھەننەمدە بولغۇر «چۆپقەت» خوتۇن تاشلاپ قاچقاندىن كېيىن پىاك تەتەي بىرمۇنچە ئالدىدى. ئاپئاق موما، سامسا، سامبۇسا، يۇتازىلارنى، بويالغان تۇخۇم، ئانار، ئۈزۈملەرنىمۇ ئالدىغا قاتار قىلىپ تىزىۋەتتى. رەڭدار رەخت، چىرايلىق ئويۇنچۇق، تاتلىق، تاڭسۇق نەرسىلەرنىمۇ كۆپلەپ كەلتۈرۈپ تەڭلەپ تۇتقۇزۇپمۇ باقاتتى. ئەمما قىز ھېچبىرىگە نەزەر كۆزىنى سالماي، ئېتەك، ئالىقانلىرىغا سالسىمۇ ئالماي خۇددى قەپەسكە يېڭى چۈشكەن ئورمان قۇشىدەك بىر ھالەتتە يىغلاپلا ئولتۇراتتى.

ياڭ زىڭيۈەننىڭ چالۋاقاپ قىلغان پوپوزا، ھەيۋىلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا گوياكى قارا ھەرە گىژىلدىغاندەكلا ئاڭلىناتتى.

— سۈەنلى، بەس، بولدى ... — دەيتتى پىاك تەتەي ئېرىگە ھاي بېرىپ، — ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالىدۇ، ئۆگىتىۋالىمىز.

... ئەل جىمىققان جىمجىت تۈن ئىدى. ياڭ ياتقان بولسىمۇ ئۇخلىمىغان، تەتەي تېخىچىلا ئەتىكى سەپەرنىڭ تەييارلىقىدا ۋە گۈلقىزنىڭ ئاۋارىچىلىكىدە ئىدى. «ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە پاكارنىڭ جېنى چىقىپتۇ» دېگەندەك ئاخىر تەتەيىنىڭمۇ تۇۋۇدىن تۈتتى ـ دە، گۈلقىزنى زومۇزور ياسانۇرۇشقا باشلىدى. چىرقىرىتىپ ئولتۇرۇپ سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىپ تاشلىدى، قىسقا قىلىپ قىرقىغان چېكىلىرىگە گۈللۈك چازىلارنى قىستۇردى،

ئۇچىسىغا تىك ياقىلىق تاۋار جۇيازا، پۇتىغا چىرايلىق گۈللۈك لاتا ئاياغ كىيدۇرۇپ «گۇيخۇا» دېگەن يېڭى ئىسىممۇ قويىدى.

ئەتىگەندە يېڭىشەھەردىن يولغا چىققان ماشىنا تۈمەن دەريا-سىنى بويلاپ، قېچىرچى، ئارىباغلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، باشۇما بازىرىغا بارغاندا كۈن قىيام بولغانىدى. كۈنچىقىشقا قاراپ ماڭ-غان بۇ ماشىنا توپىلارنى توزۇتۇپ ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭدىكى بىر قانچە ھەربىينىڭ ئارىسىدا پىڭ تەتەينىڭ قولتۇقىغا كىرگەن گۈلقىزمۇ شۈمشەرەپ مۈگدەپ، ئانچە - مۇنچە دەلدۈگۈ-نۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئانىسى كۆرسىمۇ «تونۇمى-غۇدەك» بەلكى: «شاڭخەي قىزىمىكىن» دەپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئىدى.

ماشىنا سەككىزىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار سەنپەنكۈنىڭ «لوياڭگەي» كوچىسىدىكى تار ۋە مەينەت بىر بۇلۇڭ كوچا ئاغزىدا توختىدى. ماشىنىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ ئەخلەت - كۆللەرنى كېچىپ يۈگۈرگەن ياڭ زىڭيۇەن ئىشىكى كوچىغا ئېچىلىدىغان بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى - دە، كۆپ ئۆتمەي ئەر - ئايال ئىككى كىشىنى باشلاپ چىقتى. ئاق ئارىلىغان چېچىنى گەدىنىگە تۈگۈپ تۇرمەللىۋالغان كىچىك پۇت-لۇق ئايال ياڭ زىڭيۇەنگە يېقىن ياندىشىپ نېمىلەرنىدۇر كولدۇر-لاپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئېگىز بويلۇق، يالاڭباش، كۆڭلىكىنىڭ ئېزمىلىرىنى ئەتمىگەن، ئالدى ئوچۇق بىر ئەر كىشى ئۆزۈن غاڭزىسىدىن تۈتۈن پۇرقىرىتىپ، يەنە بىر قولىدا سۆڭگىچىنى قاشلىغىنىچە ئالدىرىماي كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار ياڭ زىڭيۇەنلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈشكە باشلاپ ماڭ-دى. ئۇزۇنچاق يوغان بىر ئېغىز ئۆينىڭ كاڭ سۇپىسى خېلى كەڭرى ئىدى. ئەمما ئوشۇقچە بىساتلار يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ئەكەلگەنلىرى بىلەن ئۆي خېلى قويۇلۇپ، بەزى جەھەتلىرى تو-لۇقلانغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇلۇڭلاردىكى ئۇزۇن - ئۇزۇن ئۆمۈچۈك تورلىرى پىڭ تەتەينىڭ نازاپەتلىك كۆزىگە يەنىلا غەلىتە

تۇيۇلاتتى . ئۇ ئۆيگە ئەجەبلىنىپ سەپسىلىۋاتقىنىدا ، ھېلىقىلار بۇ مېھمانلىرىغا — بولۇپمۇ قاش - كۆزلىرى قۇندۇزدەك ، ئۆزى بەكمۇ چىرايلىق قىزچاققا ھەيران بولۇپ قارىشاتتى . ئۆي ئىگە-سى تەتەي بولسا ، يەنىلا بايىقىدەك كولدۇرلاپ قازان بېشىدا بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى . ھېلىقى ئۆزۈنتۇرا غاڭزىلىق بول-سا ، ھېچنېمە خۇشياقمىغاندەك ، كاڭنىڭ بىر چېتىدە پەگاھقا يۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى . ئۇلار بىر - ئىككى چىراغ چېكىشكەنلىرىدىن كېيىنلا ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ ئۇيان - بۇياندىن مۇڭدىشىشقا باشلىدى .

بۇ ئۆينىڭ تەتىيى ، ياڭ زىڭيۈەنىنىڭ ھامماسى ، ئاۋۇ ئۆزۈنتۇرا ئۇنىڭ ئېرى ، كونا ھەربىي ، ھازىر ئاساسەن قىمارۋاز-چىلىق ۋە قاقتى - سوقتى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر خاراباتى ئىدى .

ياڭ زىڭيۈەن ئۇلارغىمۇ : مەنسىپى ئۆرلەپ ئىچكىرىگە كې-تىۋاتقانلىقىنى ، قىز بولسا بېقىۋالغان بالىسى ئىكەنلىكىنى ئېيت-تىۋىدى ، ھامماسىنىڭ ئېرى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . چۈن-كى ئۇ ئاخشام تەرەتكە چىققىنىدا ياڭ زىڭيۈەنىنىڭ ئۆز خوتۇنىغا تام كەينىدە ئاستا كۇسۇلداپ : «ئەتىلا يۈرۈپ كەتسەك ياخشى بولاتتى ، ئىككى كۈن توختاپ قالىدىغىنىمىز يامان بولدى . ماشى-نىنىڭ بىر يېرىنى ئوڭلىتىمىز دېيىشىۋاتىدۇ . ماڭغىچە قىزنىڭ بۇ يەردە ئۆز كىشىلىرىگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن پەخەس بول... » دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغان ۋە ئەھۋالنى چۈشىنىپ بولغان-دى . شۇڭا ياڭنىڭ سۆزىگە ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپلا قوياتتى .

ئۈرۈمچىدىن ئۇلار ئۈچىنچى كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ ئىچكىرى-گە يۈرۈپ كەتتى ، شۇنداق قىلىپ ، ئەزىزانە قەشقەرنىڭ رەڭدار بىر گۈلىنى ياۋا قوللار يۇلۇپ كەتتى .

ھۆرمەتلىك كىتابخان ! گۈلقىز بىلەن ئەمدى قىسسىمىزنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا دىدار كۆرۈشۈشىمىز مۇمكىن . ھازىرچە مۇشۇ يەردە ۋىدالىشىپ قىلىك .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## سەككىزىنچى باب

# كۈنلىرىم

ۋادەرىخ !… دىللارغا يەتكەيمۇ بۇ ئۇتلۇق ئۈنلىرىم ،
سۇبھى سۆيگەيمۇ ، سۆزلىگەيمۇ قاراڭغۇ تۈنلىرىم .
مەن يېزىپ قان ـ ياش بىلەن داستان رىۋايەت ئەيلىسەم ،
قالغۇسى تارىخ بولۇپ بۇ باشتىن ئۆتكەن كۈنلىرىم .

دىدىلغا تەرجىمىھال ئۈچۈن ئۇنىڭ «كۈنلىرىم» ناملىق ئاپتوبىئوگرافىيىسى قەلەمنىڭ ئامتى بولدى . ئۇ مۇنۇلار ئىدى :
بەخت قۇشى ھامان بەختلىكلەر بېشىدا ئەگىپ يۈرىدىكەن . مېنىڭ بېشىمدا بولسا ، تۆرەلگىنىمدىن تا ھازىرغىچە شۇم بىر قۇش ئەگىپ يۈرمەكتە . ئۇ بەلكى تەتۈر تەلەي ئەلچىسىمۇ ياكى ئەجەل خەۋەرچىسىمۇ بىلمەيمەن . ناۋادا ئۇنىڭ قاباھەتلىك قانىتى غالىب كېلىپ ، ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتسەم ، ئۆمرۈمدە ئۆلۈكۈمۇ كاپالەتسىز بولۇپ ، ئىزلىرىم نامۇنشانسىز ئۆچۈپ قالمىسۇن ئۈچۈن ، سەرگۈزەشتلىرىمدىن بۇ «كۈنلىرىم»نى يېزىپ قوياي دېدىم .
مەن ئانامنىڭ قورسىقىدىكى چېغىمدا دادام ئۆلۈپ كەتكەندىكەن ، ئاناممۇ مېنى تۇغقىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك شۇ كېچىسى ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن . مېنى دادامنىڭ ھامائاچىسى بېقىۋېلىپتىدىكەن . كىچىك كۈنلىرىمدىكى كۆرمىشلىرىم ماڭا قاراڭغۇ ، ئەمما ئەقلىمگە كەلگەندىن كېيىن ، چۈشۈمدىكىدەك يادىمدا قالغان كە-

چۈرمىشلىرىمنى ئەسلىسەم هازىرمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يۈرىكىمنى يىغا باسىدۇ.

هاممائاچامنىڭ ئۆيىدە مەندىن بۆلەك يەنە بىر نەۋرىسى بار ئىدى. ئۇنىڭغا غىزا بەرگەنلىرىدە مەنمۇ يەيمەن دېسەم، بەزىدە ئاز ـ تولا بېرەتتى، بەزىدە بولسا، ئۇنىڭ چېچىۋەتكەن، ئاشۇ-رۇپ قويغانلىرىنى بېرەتتى. مەن تويمايتتىم. تويمىدىم دېسەم تىللايتتى يا ئۇراتتى. بېشىڭنى يىگەندە تويىسەن، «يېتىمنىڭ يەتتە قارنى بار، ئۈستىدە بالىخانىسى بار» ... دېگەن گەپلەر مېنىڭ كۆندىلىك نېسىۋىلىرىم ئىدى. ئۇ نەۋرىسىگە بازار ـ ئۇچاردىن نەرسىلەر ئەكېلىپ بەرگىنىدە مەنمۇ يۈگۈرۈپ بارسام، قولۇمنى تەڭلىسەم ماڭا بەرمەيتتى. مەن بوينۇمنى قىسىپ بۇ-لۇڭلاردا تۇراتتىم.

بارا ـ بارا مەنمۇ دەككە ـ دەشنام، ۋارقىراش، چىمداشلار-دىن قورقۇپ ئۇنداق نەرسىلەرنى تالاشمايدىغان بولدۇم، لېكىن شۇنداقتىمۇ هامماچام بالىسىغا غىزا بەرگىنىدە «ئېچى كىرىپ قالىدۇ» دەپ مېنى تالاغا چىقىرىۋېتىدىغان بىر ئادەتنى تاپتى. بەزىدە مەن چىققىلى ئۇنىمىسام قۇلىقىمنى سوزۇپ، قولۇمدىن سۆرەپ ئاچىقىپ، تالاغا تاشلىۋېتىپ ئىشىكنى ئېتىۋالاتتى. قىش-نىڭ سوغۇقلىرىدا، قار قاتقان توڭلاردا، مۇزلار ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ دۈگدەرەپ يىغلىساممۇ، يېلىنىپ يالۋۇرساممۇ ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەي، دەسسىگەن ئىزىمدىن ئېرىگەن مۇزغا پۇتۇم چاپ-لىشىپ قېلىپ، تېپىشلەپ يىقىلىپ ياتقانلىرىم تېخىچە يادىمدا.

شۇنداق قىلىپ، ئاشقان ـ تاشقاننى يەپ، مايماق ـ سايماق-نى كىيىپ بەش ياشلارغا كىرگەن چاغلىرىم بولسا كېرەك، بىر كۈنى جىق ئادەملەر ئولىشىپ يىغلاشقىلى تۇردى. مەنمۇ قورققى-نىمدىن ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ تازا يىغلىدىم. ئاندىن ئادەملەر ئولاش ـ چولاش ئاجايىپ بىر نەرسىنى كۆتۈرۈشۈپ ئەكېتىشتى. كېيىن بىلسەم ئۇ هامماچامنى ئېلىپ ماڭغان

جىنازا ئىكەن . شۇنىڭدىن كېيىن مەن پۈتۈنلەي ئىگە ـ چاقىسىز قالدىم . ئەمدى ماڭا ئاشقان ـ تاشقىنى بولسىمۇ بېرىدىغان ، ئاخشاملىرى مۇشۇ يەردە يات دەپ ئۈستۈمگە ئەسكى ـ تۈسكىلەر ـ نى يېپىپ يۆگەپ قويىدىغان كىشىمۇ يوق . ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى يوق . تامنىڭ تۈۋىلىرىدە ئولتۇرۇپ تازا يىغلايتتىم ، بەزىدە يىغلاپ ـ يىغلاپ ئۇخلاپمۇ قالاتتىم . مۇنداق چاغلاردا ماڭا ئىچى ئاغرىغانلار بىرەر پارچە نان ياكى مېۋە ـ چېۋىلەرنى بېرەت ـ تى . ئۇنداق كىشىلەر مېنىڭ كۆزۈمگە يا ئانام ، يا دادام تىرىلىپ كەلگەندەكلا كۆرۈنۈپ كېتەتتى .

كونىلەرنىڭ بىرىدە ، كونا كۆۋرۈكنىڭ تۈۋىدە بويى مەن بىلەن تەڭ ، ماڭا ئوخشاش ئىشتىنى يوق ، كۆڭلىكى يىرتىق ، مەيدىلىرى شالتاق ، چاچلىرى ئۆسۈك ، يالاڭباش بىر بالىغا ئۇچ ـ رىشىپ قالدىم . ئۇ : «ئاۋۇ يەردە چوڭ كوچا بار ، ئۇ يەردە بازار بار ، بازاردا ئاشخانا بار ، ئۇ يەردە جىق ئادەملەر تاماق يەيدۇ . يامان ياخشى تاماق . بالىلارغىمۇ بېرىدۇ . مەن بارىمەن ، سەنمۇ بارامسەن » دېدى ، بىز باردۇق .

راست ئىكەن ، ئۇ يەردە بىزدەك بالىلاردىن خېلى بار ئىـ ـكەن . ئادەملەر ئاشقان تاماقلىرىنى ، بەزىلەر بولسا ، بىرەر ـ يېرىم سامسا ، مانتىلارنىمۇ بېرىدىكەن ، ئەجەب بەلەن ، ئەجەب تاتلىق تاماقلار ئىكەن ، مەنمۇ تازا يېدىم ، قورسىقىم تويۇپ ، يەپ بولالمىغانلىرىمنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ھامماچامنى ئويلايتتىم . ماۋۇنى مەن ئۇنىڭغا بەرسەمچۇ دەيتتىم . ئەمما ئۇ يوق ئىدى . بولغاندىمۇ مەن ئۇ يەرنى تېپىپ بارالمايتتىم . شۇڭا ھېلىقى بالىلار نەدە ياتسا مەنمۇ شۇ يەردە يېتىپ يۈردۈم . بىزنىڭ بىردىن ـ بىر ماكانىمىز ناۋايلارنىڭ تونۇرى ، ئاشپەزلەرنىڭ ئوچىقى ئىـ ـدى . بىز ئاخشاملىرى تونۇرلارنى تالىشىپ كېتەتتۇق .

بىر كېچىسى ماڭا سامسىپەزنىڭ تار تونۇرى تەگكەنىدى . ياتسام بىر چاغدا يانپىشىمنى بىر نەرسە چىشلىۋالدى . قورقۇپ

ئويغانسام، چىشلىگەن ئەمەس، ئۆچمەي كۆلگە كۆمۈلۈپ قالغان بىر تال چوغ ئىكەن. ئۇ يەر ئىچىشىپ كىچىچە ئۇخلىيالماي چىقتىم. كېيىن ئۇ يارا ئىزى يىرىڭلاپ، ئاخىرىدا قۇرتلىغىنى ھەممىدىن يامان بولدى. بۇ ھالىمغا ئىچى ئاغرىغان بىر كىشى مېنى يېتىلەپ يوغان كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى سۇ بويىغا ئېلىپ باردى ـ دە، يارامنى يۇيۇپ، قۇرتنى ياغاچ بىلەن كوچىلاپ ئېلىشقا باشلىۋىدى، جېنىم بەك ئاغرىغاچ قاچماقچى بولدۇم. ئۇ مېنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، قۇمغا بېسىپ تۇرۇپ قۇرتلارنى كولاۋاتقاندا، ئۇنىڭ يوتىسىنى چىشلىۋالدىم. ئۇ ئاغزىمغا بىر كاچات سالدى.

— ھەي شوم بىكاردىن ـ بىكار قۇرتلاپ ئۆلەي دەمسەن، — دەيتتى ئۇ ئادەم. قۇرتلىرىمنى تازىلاپ بولۇپ ھەر كۈنى يۇيۇپ تۇرۇشۇمنى ئېيتتى. ئەمما مەن ساقايتالمىدىم. كېيىن ئۇ ئادەم كۆرۈپ ماڭا خاپا بولدى ـ دە، قولۇمدىن يېتىلەپ بۆلەك بىر يەرگە ئېلىپ باردى. بۇ يەر سۆگەتلىك بىر ھويلا ئىدى. ئۇ ھويلىدا سۆگەت سايىسىدىكى سۇپىدا كۆزەينەكلىك بىر كىشى كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ كىشى يارامنى كۆرۈپ بىر نەرسىنى سۈركىۋىدى، ئېچىشىشلىرى پەسلىدى، ئاندىن ئاق لاتا بىلەن تېڭىپ قويدى، يارامۇ پات كۈندە ساقايدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھالىمدىن خەۋەر ئالغان ھېلىقى كىشىنى كۆرسەملا يېنىغا كېلىپ يۈردۈم.

ئۇ ئادەم مەن يۈرگەن كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى مەسچىتنىڭ ئېگىز بىر يېرىگە چىقىپ ئەزان ئېيتىدىغان بىر كىشى. بىر كۈنىسى ئۇ ئادەم مېنى قىچقىرىپ، سۇ ئەكەلگىن دەپ، جوغىسى يوق بىر ئۆرۈكنى بېرىپ:

— ئېلىپ قاچما جۇمۇ؟ ياخشى بالا دېگەن باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە قارا سانمايدۇ. چوڭلار گەپ قىلسا ماقۇل دەيدۇ، — دېدى. ماقۇل دېدىم. سۇ ئەكېلىپ بەردىم، شۇنىڭدىن

كېيىن ئۇ ئادەم ماڭا بەزىدە قويماق ــ چەلپەكلەرنى ئالغاچ كېلىدىغان بولدى . مەن ئۇ ئادەمنى دادا قىلىۋالدىم . كىشىلەر مەزىن ئاخۇنۇم دېگەچكە مەن مەزىن دادا دەيتتىم . مەزىن دادام بىر كۈنى ئۇۋرىقنى بېرىپ :

— ئۇچقاندەك بېرىپ سۇ ئەكەلگىن ، — دېدى . پېشكەللاپ چاپقىنىمچە باردىم ـ دە ، قايتىپ ئىلدام كېلىۋېتىپ ، بىر نەرسى-گە پۇتلىشىپ قاتتىق يىقىلىپ چۈشتۈم ، ئۇۋرىق چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتتى . بۇ چاغدا مەزىن دادام نېرىدا قاراپ تۇرغانىكەن ، ئۇ مېنى ئۇرمىدى ، يېڭى ئۇۋرىق ئەكەلدى . مەن سۇ توشۇپ بېرىپ يۈردۈم .

سەھرادىن ئېشەككە قوغۇن ئارتىپ كىرگەن ئاقساقال بىر كىشى ماڭا بىر چىلگە بېرىۋىدى ، خۇش بولۇپ ئويناپ ئولتۇر-سام ، ئۇنى ئالا كۆز بىر بالا ئېلىپ قاچتى . مەن يىغلاپ مەزىن دادامغا ئالا كۆزنى چېقىشتۇرۇۋىدىم ، دادام :

— بوپتۇ ، ھېچ ۋەقەسى يوق ، مەن كېيىن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن . يىغلىما ، ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنداق يىغلاڭغۇ بولمايدى-غان ؛ باشقىلارنى چېقىشتۇرغۇچى چېقىمچى بولمايدىغان ، چېقىم-چىلىق يامان ئادەت . سەنمۇ ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرنىڭ نەرسىسىنى تارتىۋالما ، ئاچ كۆز بولما ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى تارتىۋېلىش ئەسكى ئادەملەرنىڭ ، نومۇسسىز ئادەملەرنىڭ قىلىقى ، — دېدى ـ دە ، قولۇمدىن يېتىلەپ ئېلىپ بېرىپ دەڭنىڭ ئالدىدا قوغۇن سېتىۋاتقان قارا خوتۇندىن تازا چىرايلىق بىر چىلگە ئېلىپ بەردى . مەن مۇنداق ئوبدان دادا تېپىۋالغىنىمغا ناھايىتىمۇ خۇش ئىدىم .

بىر كۈنى مەزىن دادام «يۈرە ، سېنى بىر يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىمەن» دەپ بىلىكىمدىن يېتىلەپ ماڭدى . بىز خېلى جىق ماڭدۇق ، نەدىن نەگىچە ماڭغانلىقىمىزدىن پەقەت ئېگىز سېپىل ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاجايىپ

ھەيۋەتلىك راۋاق يادىمدا قاپتۇ. بىز سېپىلنى بويلاپ خېلى ماڭ-دۇق.

مەزىن دادام مېنى كەڭ ھويلىغا، ئاندىن يوپيورۇق بىر ئۆيگە ئەكىردى، ئۇ يەردە چىرايلىق كىيىنگەن بىرقانچە ئاكىلار بىلەن چىرايلىق چوكان ئاچىلار بار ئىكەن. ئۇلار مەزىن دادام بىلەن سالاملىشىپ بىردەم سۆزلەشكەندىن كېيىن، ماڭا ئىچ ئاغرىتقىلى تۇردى. مەن ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاشۇنداق چىرايلىق ئاچاشلارنىڭ ئالدىدا ئالدىم ئوچۇق، باش - كۆزلىرىم مەينەت ھالدا بېزىرىپ تۇرۇشتىن ئىزا تارتىپ، ئالدىمنى تامغا قىلىپ تۇردۇم. ئۇلار گەپ سورىغاندىمۇ ئۇيان ئۆرۈلەلمەي بېشىمنى بۇراپ قارىدىم. خانىملاردىن بىرىنىڭ:

— ئىزا تارتىۋاتىدۇ، ئىشتىنى يوق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئاستا سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئوقۇمسەن؟ — سورىدى بىر ئاكام.

— ھەئە، ئوقۇيمەن، — دېدىم.

— ئېتىڭ نېمە؟ — سورىدى بىر خانىم.

— ئېتىم سادىق، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— داداڭنىڭ ئېتىچۇ؟

— سادىق، — دېدىم.

ئۇلار كۈلۈشتى. «دادىسىنىڭ ئېتىنى بىلمەيدىكەن» دېيىش-تى. مەن تامنى تاتىلاپ تۇرۇپ:

— دادام مەن تۇغۇلماستىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. مەن تۇغۇلغاندا دادامنىڭ ئېتىنى قويۇپتىكەن، — دەپ ھاممائا-چامدىن يادىمدا قالغانلىرىنى ئېيتىپ بەردىم. كېيىن مەزىن دادام كەتتى. مەن يىغلىغۇم كەلسىمۇ چىداپ ئۇ يەردە قالدىم. مېنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ، سوپۇنلاپ يۇدى، باشتىن - ئاياغ يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈردى. ئۆزۈمگە قارىسام كۆڭلۈم خۇش بولۇپ تۇردۇ، لېكىن كىيىملەرنى قاچان قايتۇرۇۋالاركىن دەپ قور-

قوپ تۇرىمەن. تارتىۋالغۇچە قېچىپ كېتەمدۇ دەيمەن. قاچسام نەگە بارىمەن؟ !... تۇتۇۋېلىپ ئۇرارمۇ دەپ قورقىمەن.

ئاخشامدا جىق باللار قاتار ياتتۇق. كېيىن بىلسەم، بۇ بارغان يېرىم «دارىلئېيتام» ئىكەن. بۇ يەردە مەندەك باللار بەك جىق ئىكەن. ئۇلارغا ئارىلىشىپ ھەر خىل قىزىق ئويۇنلارنى ئويناپ يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالدىم.

مېنىڭ پاتلا ساۋاتىم چىقتى. مۇئەللىمىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر ئېغىز سۆزنى زايە كەتكۈزمەي تۇتۇۋالاتتىم. ئۇلارنىڭ قىل دېگىنىنى قىلاتتىم، قىلماڭلار دېگىنىنى ئەسلا قىلمايتتىم. ئوقۇتقۇچىلار ئىشقا بۇيرۇسا بارلىق ئىشتىياقىم بىلەن كامىل ئورۇندايتتىم. شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم ۋە خانىملار ماڭا ئامراق بولۇپ، بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ كەتتى.

بۇ كۈنلەردە مەكتىپىمىزدە «قىرائەتخانا» دەيدىغان بىر ئۆي ئېچىلدى. ئۇنىڭدا ئوقۇيدىغان ھەر تۈرلۈك نەرسىلەر بار ئىدى. شۇنىڭ ئىچىدە بىر كىتابقا بەك قىزىق بىر نەرسە يېزىلغانىكەن. ئۇنى كۆرسەم خۇددى مېنى يازغاندەكلا بەك قاملاشتۇرۇپ يېزىپتىكەن. ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇم كېلەتتى، ئۇنى ئوقۇسام ئۇلا بۇرۇنقى كۈنلىرىم يادىمغا يېتىپ يىغلىغۇم كېلەتتى. ئۇنىڭدا مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى:

ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن كىچىككىنە چېغىمدا،
سولاشتى، سۇندى تامام گۈللىرىم ياش چېغىمدا.
شۇندىن باشلاپ تۇرمۇشىنىڭ ئېغىر كۈنلىرىنى كۆردۈم،
قىشنىڭ سوغۇق قارىدا يالاڭ ئاياغمۇ يۈردۈم.
كېچىلىرى مانتىپەزنىڭ ئوچىقىدا ياتاتتىم،
كۈندۈزى ئاپتاپسىنىپ پىتلىرىمنى باقاتتىم.[1]

---

① شائىر ئايۇپ مەنسۇرى (شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلگەن)نىڭ «بارات جەللىگۈر» كومېدىيىسىدىكى دېكلاماتسىيە.

بۇ ئاجايىپ ، دىلغا يېقىملىق سۆزلەرگە ھەيران بولۇپ سو-
رىغانىدىم . بىلىدىغانلار : «بۇ شېئىر··· بۇنى شائىر يازىدۇ»
دېيىشتى . شېئىر··· شائىر دېگەن سۆزلەر مېنىڭ يۈرىكىمنى
سىلاپ ، سۆيۈپ ئۆتكەندەك تاتلىق تۇيۇلدى . شائىر دېگەن قانداق
بولىدۇ ، دەپ سورىسام ، شائىر دېگەنمۇ سەندەك ، مەندەك ئادەم ،
دېيىشتى . بۇ سۆزگە زادى ئىشەنگۈم كەلمەيتتى . شائىر دېگەن
ئادەم بولسىمۇ ، لېكىن ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىلى ، ئەڭ بەختلىكى
بولسا كېرەك ، دەپ ئويلايتتىم .

مەن ھېلىقى يېتىم بالا ھەققىدىكى شېئىرنى تولۇق يادلىۋال-
غانىدىم . ئۇنى ھەمىشەملا غىڭشىپ ئوقۇپ يۈرەتتىم ، ھەتتا چۈ-
شۈمدىمۇ ئوقۇيتتىم . بەزىدە شېئىر ئوقۇپ جۆيلۈپ ئويغىنىپمۇ
كېتەتتىم .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساۋاقداشلىرىم بىلەن ھېيتگاھقا كىرگە-
نىدىم . ئۇ يەردە بىر راۋابچى بەك قاملاشتۇرۇپ شېئىر ئوقۇۋاتقا-
نىكەن . ئۇ راۋابچىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ تازا ئاڭلىدۇق . ئۇنىڭ
ئوقۇغىنى «سىيىت نوچى» قوشىقى ئىدى . مەن شۇ كۈنى ئۈچ
قېتىم ئاڭلاپ تولۇق ئۆگىنىۋالدىم ، كېيىن مەكتەپ بالىلىرىنىڭ
يىغىلىشلىرىدا سىيىت نوچى قوشىقىنى ئوقۇپ بېرىدىغان «قو-
شاقچى بالا» بولۇپ قالدىم .

ئۆزۈممۇ بارا ـ بارا بىر نەرسىلەرنى قوشۇپ باقسام قاملاش-
قاندەك قىلدى . ساۋاقداشلار كۆرۈپ ماختاشتى . شۇنىڭ بىلەن
مېنىڭ يازغانلىرىم مەكتەپنىڭ «تاڭ نۇرى» ناملىق تام گېزىتىگە
چىقتى .

بىزنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز شېئىرنى بەكمۇ
كېلىشتۈرۈپ ئوقۇيدىغان ، قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ ، قۇشلار-
نى ، ھايۋانلارنىمۇ دوراپ بىزنى كۈلدۈرىدىغان ، بەزىدە كىچىك
بالا بولۇپ بىز بىلەن بىللە ئوينايدىغان بەك بەلەن بىر كىشى
ئىدى . ئۇ ئەپەندىمىز ھەققىدە بەزىلەر : «مەمتىلى ئەپەندىمنىڭ

رەڭگى قارا بولغىنى بىلەن كۆڭلى ئاق، يۈرىكى پاك ئادەم» دەيتتى.

بىر كۈنى مەمتىلى مۇئەللىم مېنىڭ دەپتىرىمنى كۆرۈپ چىن زوقى بىلەن ئوقۇپ چىقتى، ئاندىن بېشىمنى سىلاپ كۈلۈپ:

— باقسا ئادەم بولىدىغان ئوخشايسەن، خېلى قاملاشتۇرۇپسەن، — دېدى، بەزى يەرلىرىنى تۈزىتىپ بەردى، كېيىن كۈلۈمسىرەپ قۇلىقىمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، دەرسكە دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئاساسىدا داۋاملىق يېزىپ تۇرۇشۇمنى تاپىلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن يازغان شېئىرلىرىمنى مۇئەللىمگە كۆرسىتىپ بەزىدە ماختالدىم، بەزىدە تەنقىدلەندىم.

بىر كۈنى مۇئەللىمگە يېڭى يازغان شېئىرىمنى كۆرسىتىۋىدىم، شۇ قەدەر ياراپ كەتتىكى، ئۇنى قايتا ــ قايتا ئوقۇپ چىقتى:

دېرىزە تۈۋىدە خەت يېزىپ تۇرسام،
ئويناشقا شەرەتلەپ ئېگىلىدۇ تال...

— مانا، ھەقىقىي شېئىر، بۇنى گېزىتكە بەرسەڭ چوقۇم چىقىرىدۇ، — دېدى. مەن ئۇنىمىدىم، مېنى باشقىلار زاڭلىق قىلىدۇ، دېدىم. مۇئەللىم ئېيتتى:

— ئۇنداق بولسا، مەن ساڭا بىر ئەدەبىي ئات قويۇپ بېرەي؛ شۇ ئات بىلەن چىقارساڭ سېنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شېئىرىڭنى كۆرگەنلەر ياققان يېرىنى ماختاپ، ياقمىغان يەرلىرىنى تىللاپ، ئۆزۈڭ بار يەردىمۇ پىكىرلىرىنى ئېيتىۋېرىدۇ، كەمچىلىكىڭنى تۈزىتىۋېلىشقىمۇ ياخشى، — دېدى.

— ماقۇل، — دېدىم.

— بۇرۇنىسىدا بىر شائىر ئۆتكەن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى

خەلققە بەك يېقىملىق بولغان، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئېتى بىدىل ئىدى، سىنىڭ ئېتىڭ دېدىل بولسا قانداق؟ دېدىل دېگەننىڭ مەنىسى، دادىل، ئالغا ئىنتىلگۈچى، تېتىك، تىمەن، شوخ... دېگەن بولىدۇ، — دېدى ئەپەندىم، جانلىرىم سۆيۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن «دېدىل» بولۇپ قالدىم.

كېيىن «قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» قارىمىقىدىكى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇدۇم. ئوقۇش تۈگىگەندە مېنى يەكەنگە خىزمەتكە بۆلدى. كېتەر چېغىمدا مەمتىلى مۇئەللىم بىلەن خوشلاشقىلى كەلسەم، مېنىڭ قەدىردان ئۇستازىم شۇقەدەر خۇش بولۇپ كەتتىكى، ھەتتا كۆزىگە ياش كەلدى، قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئادەمنى قەدىرلەش ئادەمنىڭ ئىشى، — دېدى.

— ئۇستازنى ھۆرمەتلەش ۋىجداننىڭ ئىشى، — دېدىم.

ئاندىن مۇئەللىم ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— ساڭا ئېيتىدىغان يەنە بىر مۇھىم گەپ بار... ئەدەبىياتچى بولىمەن دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى پىششىق بىلگەننىڭ ئاشىيىدا، يەنە بۆلەك خەلقلەردىن ئاز دېگەندە بىر ـ ئىككىسىنىڭ تىلىنى بىلىش بەك زۆرۈر... رۇس بولامدۇ، ئىنگلىز بولامدۇ ياكى جوھۇت بولامدۇ، قايسىلا بولسا بولسۇن، بىدىلىم بىردىغانلار بولسا، شۇنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش، بىلىش زۆرۈر ئىكەن، — دېدى.

مەن يەكەندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم، قەلەم ئىشلىرىمنىمۇ ھەرگىز توختاتمايتتىم. بۇ كۈنلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ھەرىكىتى باشلاندى. كۈندۈزى بالا ئوقۇتۇپ، كەچتە يەنە ئىككى سىنىپ چوڭلارغا دەرس ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ئىش بارا ـ بارا كېڭىيىپ مەھەللە ئائىللىرىنىمۇ ئۆي ـ ئۆيلەرگە يىغىپ ئوقۇتىدىغان، ۋەھالەنكى، بازار كۈنلىرى شەھەر كوچىلىرىنىڭ دوقمۇشلىرىغا قارا دوسكىنى ئېسىپ قويۇپ ئۆتكەن ـ

كەچكەنلەرگىمۇ ئۆگىتىدىغان بولدۇق. بەزىدە ئۇن بەش — يىگىرمە سائەتلەپ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. بۇ خەلقنى نادانلىق بالاسىدىن قۇتقۇزىدىغان ئۇلۇغ بىر ئىش بولغىنى ئۈچۈن ماڭا مۇشەققەتلىك ئەمەس، بەلكى بەكمۇ كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن يىراق - يېقىنلارغا بېرىش، يۇرت ئارىلاپ يۈرۈش، كۆڭۈلدە كۆپ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش ئادىتىمگە ئايلانغان، بېرىش - كېلىشلىرىممۇ، تونۇش - بىلىشلىرىممۇ ئاۋۇغان، ئەل ئاغزىدا «سادىق ئەپەندى» دەپ ئاتىلىدىغان، ھېچ قاتاردىن قالمايدىغان بولۇپ قالدىم.

بىر تۆل خوتۇنىنىڭ تەگسەم ئەپەندىگە تېگىمەن، بولمىسا ئەرگە تەگمەيمەن دەيدىغان بىر قىزى بار ئىكەن. قىزدىن بالدۇر ئانىسى ماڭا خېرىدار بوپتۇ. «سادىق ئەپەندىنى بالا قىلىۋالسام» دەپتۇ. يېقىن يارۇ بۇرادەرلىرىم سايە قىلدى. «سالاغا كەتكەن قېرىندىشىم بولماي...» دېدىم. «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالدىغىڭ نەئەتىۋا»مۇ دېدىم. كۆردۈم، كۆندۈم — دە، ئۆيلەندىم. ئانا باغرىغا باغرىم قانمىغان تۇغما بىر يېتىم بولغىنىم ئۈچۈن خۇدا بەرگەن بۇ ئانىنى «ئامرىقىم»نىڭلا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئامەت ئاسمىنىمنىڭ ئاي - يۇلتۇزى، دەپمۇ قارايتتىم.

مەن بەزى خاراباتىلارنىڭ «خوتۇن يولدا، بالا بەلدە» دەيدىغان ئەخمىقانە قاراشلىرىنى ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى ئەر - خوتۇن كۆپ ئاجرىشىدىغان قالاق ئادەتلەرنىمۇ مىللىتىمىزنىڭ ئىللىتى دەپ نەپرەتلىنەتتىم.

دىمەككى، ئۇيغۇرنىڭ يىگىت ئەۋلادىغا مەڭگۈلۈك مۇھەببەت شانۇ شەرىپىنى تىلەيتتىم. ئا... بىلەن مۇھەببىتىمىز يىگىت يوسۇندا، يىگىت پاسوندا، كىشىلەرنىڭ زوقى كەلگۈدەك ئەدەپ - قائىدىلىك ئۆتمەكتە ئىدى. ئانىمىز ئەمدى نامازنى ئادەتتىكىدىن ئارتۇقراق ئۆتەپ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلغانلىرىدا ماڭىمۇ ئۆمۈر، ئامەت، بەخت - سائادەتلەر تىلىگىنىنى تالاي تەكرار

ئاڭلىغاندىم ۋە مېنىڭمۇ ئامراقلىقىم، ئىززەت - ئىكراملىرىم بارغانسېرى ئاشماقتا ئىدى.

كۈنلەر كۈلدۈرۈپ، ئايلار ئالداپ، يىللار يىغلىتىپ ئۆتىدىغان ئالەم ئىكەن، بىر دىنلا ئالەم ئۆزگىرىپ ھەممىلا يەرنى ئەسكەر قاپلاپ كەتتى. مەكتەپلەر، مۇئەسسەسەلەر، كۇلۇب، مەيدانلار، كوچا، سەينالار، باغۇ بوستانلارمۇ ئەسكەرخانا، قىدمارخانا، قاۋاقخانا، پاھىشىخانىلارغا ئايلاندى. بۇزۇقچىلىق بىلەن تولغان جاھان جەھەننەمگە ئايلانغاندەك تۇيۇلاتتى. مانا شۇنداق كۈنلەردىلا دوستلارنىڭمۇ خوراز - مېكىيىنى ئايرىلىدىكەن. خوتۇنىڭمۇ خوتۇنلۇقى ياكى ئوتۇنلۇقى بىلىنىدىكەن. بىر چاغلاردىكى خاسىيەتلىك دۇئالار قارغىشقا، نازاكەتلىك كۈلكىلەر نالىشقا ئايلانغان پەيتلەردىلا ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ئاشكارىلىنىدىكەن.

ئاچچىق ئەپسۇس شۇ بولدىكى، ئاقىۋەت ئا... بىلەن ئايرىلىشىپ كەتتۇق.

دېمەككى، زۇلمەت دۇنياسىدا، جاھالەت ئالىمىدە مۇھەببەتنىڭ ئالتۇن رىشتىمۇ تاقەت تەسۋىسىگە يىپ بولالمايدىكەن. نادانغا قىلىنغان ئەقىدە خۇددى ئېشەككە مۇرابىا بەرگەندەك بىر ئىش بولىدىكەن، خالاس.

شۇنداق قىلىپ، بىز بىر تۈركۈم دەردمەنلەر تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىپ غەزەپ ئەتىرىتىگە ئايلىنىپ قالدۇق. بارا - بارا مۇڭدىشىپ ئۆزلۈكىمىزدىن ئۇيۇشۇپ مەۋجۇت ئىستىبدات تۈزۈمىگە قارشى ھەرىكەتلىنىش قارارىغا كەلدۇق. چۈنكى بۇ كۈنلەردە ئۇ تەرەپتىن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ، بۇ تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرىغان گومىنداڭ ئېغىر مەجرۇھلانغان يىرتقۇچتەك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئاخىرقى ئەجەل ھودۇقۇشىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ بىلەتتۇق. ئاشۇنداق قۇدرەتلىك نەيزىلەرنىڭ

ئوتتۇرىسىغا قاپلىشىپ قالغان چىرىكلىشىشتە چېكىگە يەتكەن گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھالاكىتى مۇقەررەرلىكىگە ئىشەنچى-مىز كامىل ئىدى ، شۇڭا بىز بۇ مۇناپىق ھاكىمىيەتنىڭ ئۆلۈمى-نى تېخىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بې-رىش ئارقىلىق ئىنقىلابقا مۇناسىپ ھەسسىلىرىمىزنى قوشۇش قارارىغا كېلىپ ھەرىكەتكە كىرىشتۇق .

شۇنىڭ بىلەن بىز ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ بىر پىدائىيلار قوشۇنى سۈپىتىدە ئۇيۇشۇپ ، قوشۇنىمىزغا تاڭنىڭ نىشانى قى-لىپ «چولپان» دەپ نام بەردۇق .

«چولپان» جەڭگىۋار ھەرىكەتتە ئىدى . مەن يەنە ئىككى بۇرادىرىمىز بىلەن تەشۋىق - تەرغىب ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدۇق . تۈن بويى ۋەرەقىلەر تەييارلاپ ، تۈرلۈك ئۇسۇلدا ئىش ئېلىپ باراتتۇق . ئاخىرى گومىنداڭنىڭ ئوغىسى تېخىمۇ قايناپ ، بارلىق تايغان ۋە ماشىكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئىز قوغلاشقىلى تۇردى . كوچىلارنى ھەر رەڭ - ھەر شەكىلدىكى مىللىي مۇناپىق جا-سۇس ، ساتقۇنلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى . بىز ئۇنداقلاردىن قورقات-تۇقمۇ ؟ قۇللۇق ھاياتتىن ئۆلۈم ئەلا ··· دەيتتۇق .

بىر كېچىسى تەشۋىق ۋەرەقىسى چاپلاۋاتقان چېغىمىزدا ئۈچ جاسۇس ئۈچ تەرەپلەپ كېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى . ئەتىسى تۈندە ۋىلايەتكە يۆتكەيدىغان بىر توپ جىنايەتچىلەر قاتارىدا مېنىمۇ قەش-قەرگە ئەكېلىشتى . قاپقاراڭغۇ سېسىق ھەپسىدە ئون يەتتە كۈن ياتقان ۋاقتىمدا ئەتىگەنلىكى بىرمۇنچە كوچا جىنايەتچىلىرى بىلەن قوشۇپ مېنىمۇ چىقىرىۋەتتى . بۇ ھەقتە ئاچچىق ئەپسۇس بىلەن شۇنى تەكىتلەپ كېتىشىم كېرەككى ، شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئاشۇ مەن ياتقان سېسىق تۈرمىگە سادىق ئىسىملىك بىر يىگىت كىرىپ قالغانىدى . بىر كېچىسى يېرىم تۈندە تۈرمە ئىشىكى ئېچىلىپ گۈندىپاي «سادىق» دەپ توۋلىسا ، ئۇ يىگىت «مانا مەن سادىق» دەپ يۈگۈرۈپ ئالدىغا بارغاندا ، ئىلدام ئاچقىپ كەتكەن ،

ئۇققىنىمدا ، ئۇ بىر يانچۇقچى بىلەن مۇشتلىشىپ كىرىپ قالغى-
نىنى دېۋىدى ، ئۇنىڭ قىلمىشى ئادەتتىكى جىنايەت بولغىنى ئۈ-
چۈن شۇنداق تېز چىقىرىۋەتتىغۇ ، دەپ ئويلىۋىدىم ، ئۇنداق ئە-
مەس ئىكەن . ئىسمىمىز ئوخشاشلىقى سەۋەبىدىن ئۇنى مېنىڭ
ئورنۇمغا ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن . مەن بۇ دەھشەتلىك پاجىئەنى ئۆز
قولى بىلەن پەيدا قىلغان ساقچى خادىمى روزى باقى ئىسىملىك
قاتىلنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىمدا تەنلىرىم توك تەككەندەك
جىغىلداپ كەتتى .

سادىق... شۇنداق كېلىشكەن بىر يىگىت ئىدى . سىياقىغا
قارىسام تېخى ئۆيلەنمىگەندەك قىلىۋىدى . ۋەدىلىشىپ قويغان
لايىقى ، توي قەرەلى ، ئاتا - ئانىسى ، ئامراق ئۇكىلىرى ، تۇغقاد-
لىرى بولغىيدى... ھەي ئىسىت ، ھەي ئىسىت . ئۇنداق بولۇشنى
بىلگىنىمدە ، كەلگەن ئەجەلگە ئۆز بېشىمنى تۇتۇپ بەرگەن بول-
ماسمىدىم ؟ ! مېنىڭ تارتىشىدىغان نېمەم ، سېغىنىدىغان كىمىم
بار ئىدى ؟ ! پەقەت ئوتلۇق ئىستەكلىرىم ، ئالىي ئارمانلىرىم بار
ئىدى . ئانا يۇرتۇمنىڭ خۇش باھارىنى كۆرۈشنى ، جانىجان بۇل-
بۇللىرىغا قوشۇلۇپ يايراپ كۈلۈشنى ئارزۇ - ئارمان قىلاتتىم .
ئۆستۈرگەن ئەزىزانە يۇرتۇمغا پۈتۈن قەلبىم ، ئوتلۇق قەلىمىم
بىلەن ئۇنۇملۇك ئىشلارنى قىلىش ئۈمىدىم ئىدى . بۇ مەقسەت
يولىغا ئۆمرۈم ، ئىجتىھاتىم ، ئىقتىدارىم ۋە بارلىقىمنى ئاتىغاند-
دىم . چۈنكى توم - توم رومانلارنى ، گۈزەل قىسسە ، داستان ،
دراممىلارنى بىزنىڭ ئۆزىمىز يازمىساق ، ئۆزىمىز ياراتمىساق ،
كىم قىلىپ بەرمەكچى ؟ !...

ھەي ئىسىت ! مۇپاسىل بىر زاماندا تۆرىلىپ قالغىنىم ئۈ-
چۈن ئۆمرۈمنىڭ ئۈمىد چېچەكلىرى ۋاقىتسىز نابۇت بولۇپ
توزۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ .

يەكەندە «كېلەچەككە خەت» ناملىق توپلىمىم قالغانىدى .
ئەمدى بۇ «كۆنلىرىم»نى يېزىۋاتىمەن . بۇنىڭغا يەنە باشقا يازمىش-

لىرىمنىمۇ قوشۇپ «كىگىز بىلەن كېپەنلەپ»، پۇختا بىر يەرگە جايلاپ قويماقچىمەن. بىر كۈنلەر كېلىپ، بۇ نەرسىلىرىم مەرىپەتپەرۋەر، ھالال نىيەت بىرەر قەلەمكەشنىڭ قولىغا يېتىپ قالسا، مېنىڭ قەدىردان خەلقىم بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ قالار. ئۇ چاغدا مېنىڭ جانىجان خەلقىم، غەمگۇزار خەلقىم، مېنىڭدەك باغرى قان ئۆتكەن مىسكىن ۋە دەردمەن ئوغلىنى ئەلۋەتتە يادىغا ئالار...

يەنە يازىدىغان جىق گەپلىرىم بار ئىدى. باغرىمنى كۆيدۈرۈپ بارغان نادامەت چوغلىرى ئۆرتەپ كۆل قىلىۋەتتىمۇ نېمە؟!...

كۆزلىرىمگە لىق تولغان ئاچچىق ياش قەلەم ـ قەغەزلىرىمنى توسۇپ قويۇۋاتىدۇ. قەلەملىك قولۇم غەزەپتىن تىترەپ، ئەلەملىك باغرىم ھەسرەت ھارارىتىدە كۆيۈۋاتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلۈممۇ، چۈشلىرىممۇ، ئىشلىرىممۇ بۇزۇلۇپ، ھايات مېنى مۇڭلۇق قۇچىقىغا تارتىۋاتىدۇ.

خەير ئەي ئەزىزانە قەشقەر! غېرىبانە ئوغلۇڭنىڭ ئاداققى سالىمىنى قوبۇل ئالغايسەن. بەختسىز بالاڭنىڭ بىغۇبار تەقدىرىگە گۇۋاھ بولۇپ قالغايسەن.

تۈمەن دەرياسىنىڭ قۇملۇق بويىدا، دوڭغاق سۆگەت تۈۋىدە، جۈمە كۈنىدە يازدىم. ۋاپايىڭغىمۇ سادىق، جاپايىڭغىمۇ سادىق، سېنىڭ مىسكىن، دەردمەن دىيدىلىڭ.

# توققۇزىنچى باب

# سىرلىق سۆھبەتلەر

## 1

روزى باقى يوغان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى . لى كېجاڭ سۆزىنى يەنە تەكرارلاپ :

— سەن ئەڭ ئىشەنچلىك ، ياخشى خىزمەتچىمىز ، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىڭ ئاز ئەمەس ، شۇڭا ئايلىقىڭنى ئۆستۇرمەكچىمىز . بىز يەنىلا ساڭا ئىشىنىمىز . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۆزۈڭدىن سوراۋاتىمىز ، بولمىسا بىز ھەممە ئەھۋالنى بىلىپ بولدۇق ، پاكىت تولۇق ... — دېدى ئۇ بىر ئاز خىيال سۈرۈۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى ، — دېمەك ، ھېلىقى ئىشلارنى كىشىلەرگە ئېيتقانسەن ، بولمىسا بىز نەدىن بىلەتتۇق ؟ يا بىرەر ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېيتىپ سالدىڭمۇ ؟ يا ھاراق ئىچكەندىمۇ ؟

«ھاراق ئىچكەندىمۇ ؟» دېگەننى ئاڭلاش بىلەن روزى باقى خۇددى ساغرىسىنى چايان چاققاندەك قىمىرلاپ ئولتۇرالماي قالدى ، كۆزلىرىمۇ باشقىچە چەكچىيىپ ۋە پالىلداپ ، بۇرنىنىڭ چاناقلىرى تېخىمۇ كېرىلىپ ، تىنىقلىرىمۇ ئەزۋەيلەپ ، ھەلەپكە تويغان بۇقىدەك ئېگىز - پەس پۇشۇلدىغىلى تۇردى . ئۇنىڭ كۆڭلىگە شۇ نەرسە كەلدىكى : «ئاشۇ لىتىپجان ياكى ئاقسۇدىن كەلگەن ھېلىقى مېھمىنى — ئىككىسىنىڭ بىرى ئىشپىيون ئىدىكەن - دە ، بولمىسا ، ھاراق ئىچكەندە... دەپ سورامتى ؟...»

قانداقتۇر بىر ۋاراق قەغەزگە قارىغاچ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئاستىرتىن كۆزىتىۋاتقان لى كېجاڭ ئەھۋالنى پەملىدى - دە، ياغلىما سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئىش سېنىڭ سەممىيىتىڭدىلا قالدى. ئوبدان ئويلىنىپ راستىڭنى ئېيتساڭلا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئەھۋالنى سىلىق قىلماسلىققا دىققەت قىلساڭلا بولدى.

كۆڭلى تەشۋىشكە تولغان روزى باقى ئاشۇ كۇنى لىتىپجاننىڭ ئۆيىدە ئۆزلۇكىدىن سۆزلىشۋەتكەن قانلىق قىسمەتلەر توغرىسىدىكى گەپلىرىنىڭ ئۆتمۇشىنى لى كېجاڭغا ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېيتىپ بەردى.

— سەن ياخشى، — دېدى لى كېجاڭ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا، ئاندىن خۇددى كۇچۇككە نان تاشلاپ بەرگەندەك بىر تال پاپىروس تاشلاپ بەردى، ئەھۋال تەپسىلاتىنى تولۇق يېزىۋالغاندىن كېيىن، روزى باقىنى يەنە بىر قۇر ئوبدان شىلاپ، ئۇنىڭغا چىقىش ئىجازىتى بەردى.

روزى باقى ئاشۇ قانلىق كېچىدە سادىقنىڭ ئالايغان كۆزلىرىدىن قورقۇپ قايتقىنىدىن كېيىن جۆيلۇپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپ ئۇخلىيالمىغانلىرىدا، تەشۋىشلەنگەن ئانىسىغا «ھېچكىمگە ئېيتماسلىق» شەرتى بىلەن ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەن، «قېچىپ كېتىمەن» دەپ قورقۇتقان. ئوغلىدىن ئەنسىرىگەن ئانىسى «ھېچكىمگە ئېيتماسلىق» شەرتى بىلەن ئەھۋالنى ئۆزىنىڭ ئامراق سىڭلىسىغا ئېيتىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ۋە مەدەت سورىغان. كىمنىڭ ئاغزىدىن بىرەر گەپ چىقاي دېسە ئۇنىڭغا كىندىك ئانا بولۇشقا تەييار تۇرىدىغان، بىرگە ئون گەپنى قوشۇپ تۇغدۇرىدىغان، بالا پاتقان قورسىقىغا بىرەر ئېغىز گەپ بىردەممۇ پاتمايدىغان، ئاغزىنىڭ پاشىنىسى يوق سىڭلىسى ئاچىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى «ھېچكىمگە ئېيتماسلىق شەرتى» بىلەن كىشىلەرگە ئالىقاچان ئېيتىپ بولغانىدى.

گەپلەر قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ يۈرگەن ، ھەر رەڭ ـ ھەر شەكىلدىكى جاسۇس ، مۇناپىقلار ئادەملەرنىڭ كاللىسىنى سېتىش ھېسابىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۇچۇن ھەممىلا جايدا خۇددى لالما كۈچۈكتەك سوكۇلداپ يۈرگەن بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە ، ئۇنداق جىددىي خەۋەر ساقچى ئىدارىسىگە يەتمەي قالارمىدى ؟ !

ساقچى ئىدارىسى جىددىي ساراسىمىگە چۈشكەنىدى . ئۇلار روزى باقىنى دەرھال يوقىتىۋېتىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ «سىر»نى يەنە كىملەرگە ئېيتقىنىنى تولۇق بىلىپ ، ئاندىن ھەممىنى قوشۇپ يوقىتىش ئارقىلىق بۇ قان ئىزىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشنى مەسلىھەتلىشىپ ، رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى كېجاڭ بۇگۈندىن تارتىپ بۇ تەكشۈرۈشنى باشلىغانىدى .

لى كېجاڭ ئۆز غەلىبىسىدىن مەمنۇن ھالدا گىدىيىپ ۋاڭ جۇيجاڭغا دوكلات قىلىش ئۇچۇن ماڭغىنىدا ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قېينىسىڭلىسى توغرۇلۇق پەيدا بولغان گەپلەردىن ئۆزىنى ئاقلاشقا تېگىشلىك چارىلەرنى ئويلاپ باراتتى .

ئۇ كەلگەندە ۋاڭ جۇيجاڭ بۆلۈمىدە بىر ۋاراق قەغەزگە قاتتىق قادىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇ ، پاينەك بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ لى كېجاڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ، يەنە قاتتىق سوراق قىلىش ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ، ئىقرار قىلدۇرماي قويماسلىق ھەققىدە سۆزلەۋاتقىنىدا تېلېفون جىرىڭلىدى . نەچچە تەكرار : «ۋەي... ۋەي... شىڭ... شىڭ...» دىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، كۆزەينىكىنى ئېلىپ سۈرتىۋېتىپ ، دۇبەنيىگە مەجلىسكە بارىدىغانلىقىنى بىلدۇردى ۋە بۇ ئىشنىڭ كېچىكتۈرۈلمەسلىكىنى تەكرار تاپىلاپ ئالدىراپ ماڭدى .

## 2

— ئاۋۇ يەردە ئولتۇر ، — دېدى لى كېجاك ئۇ ئەلىيارنى بۆلەكچىلا سۆرۈنلەشتۇرگەندى . روزى باقى ئۇ ئملا قلغان تۈكۈرۈك قاچىسى تۈۋىدىكى تۆت چاسا ئورۇندۇقتا ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئالاقزادە كۆزلىرى لى كېجاڭنىڭ قار يېغىپ تۇرغان قاپىقىدا بولسا ، يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر دۈكۈلدەپ تەپمەكتە ئىدى . ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قارىغان لى :

— سەن ھېلىقى ئىشلارنى يەنە كىملەرگە يەتكۈزگىنىڭنى تولۇق ئېيت ، — دېدى .

— ھېچ... ھېچ كىشىگە ... — روزى باقى دۇدۇقلاۋاتاتتى ، لى ئۇستەلنى مۇشت بىلەن بىر قويۇۋېدى ، ئۇستەلدىكى سىياھ قۇتىسى سەكرىگىنىدەك روزى باقىمۇ ئورۇندۇقتىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى .

— بىزنى بىلمەيدۇ دەمسىنا؟ بىز ھەممىنى ئاللىقاچان تولۇق بىلىپ بولغان . ھىم ... راستىڭنى ئېيت ، — ئۇ ، گۆلەيگىنىچە قاراپ ئولتۇردى .

— ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچ يەردە ھېچكىمگە دېمىگەنمەن .

— ئۇلارغا ئېيتقان ئادەم باشقا ھېچكىمگە ئېيتمىدىم دېسەك ، كىم ئىشىنىدۇ؟ دېمەك ، ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى بىر كىشىگە ئېيتقان كىشى باشقىلارغىمۇ ئەلۋەتتە ئېيتىدۇ . ھەقىقەتەن ئېيتمايدىغان ئادەم ھەرقانداق چاغدىمۇ ھېچ كىشىگە ئېيتمايدۇ ، — لى بىرئاز توختىۋالغاندىن كېيىن سىلىقراق سۆزلىدى ، — سەن يەنە ئۇلاردىن باشقىلارغىمۇ ئېيتقانسەن ، ئوبدان ئويلان ، — ئۇ ، روزى باقىغا كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ ، تاماكا تۇتاشتۇردى . بۇ دورەم ئۇنىڭغا تاشلاپمۇ بەرمىدى . ئارىنى جىمىلىق ئارىلىدى .

ھەي ... ھەممىسى ئاشۇ ھاراقنىڭ كاساپىتى ـ دە ...
دېگەنلەرنى ئويلايتتى روزى باقى .

— دېمەك ، بىز يەنىلا ساڭا ئىشىنىمىز ... — دېدى لى سىپايىلىك بىلەن كۆڭۈل ئوۋلاپ ، — ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟

روزى باقى ئىچىنى بىر تارتىۋېلىپ جىددىي سۆزلىدى :

— بىلەمسەن دېگەنلىرى نېمىسى ، ھۆرمەتلىك لى كېجاڭ ، مەن ئۇلارنى تازا ئوبدان بىلىمەن . ھەر ئىككىسىلا ھېيتگاھتا تاماكا ساتىدۇ .

— تاماكا ساتىدۇ ؟

— ھەئە ، ھېيتگاھتا تاماكا ساتىدۇ .

— ھېلىقى ئاقسۇدىن كەلگەن مېھمان دېگىنىمۇ تاماكا ساتامدۇ ؟

— ھەئە ، ئۇمۇ تاماكا ساتىدۇ .

لى كېجاڭ بېشىنى چايقىدى :

— ئۇنداق بولسا ، ئۇنىڭ ئاقسۇدىن كەلگەن مېھمان ئىكەنلىكى يالغان . مېھمان بولسا ئۇ بۇ يەردە تاماكىچىلىق قىلامدۇ ؟ !... شۇ ئادەمدە بىر گەپ بار . سەن خېلى چېچەن يىگىت بولساڭمۇ ، ئەمما شۇنى سېزەلمىگەنسەن‌كى ، ئاشۇنداق يامان ئادەملەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالغانسەن . ئۇلار ساڭا ھاراق ئىچۈرۈپ قويۇپ تاماشىلىرىڭنى كۆرگەن . ئۇلار ھەر ئىككىسى سەن بىلەن تەڭ ئىچتىمۇ ؟

— ياق... ياق... ھېلىقى ئاقسۇدىن كەلگەن مېھمان دېگىنى ئىچمىدى .

— مانا ئەمەسمۇ ؟ — لى چىگىش بىر تۈگۈنى يېشىۋالغاندەك تېتىكلىشىپ بېشىنى كۆتۈردى ، — ئۇ نېمىدەپ ئىچمىدى ؟

— پەرھىزىم بار دەپ .

— ئۇنىڭ ئىتى نېمە ؟

— بىرىنىڭ ئېتى لىتىپچان .
— مېھمان دېگىنىڭنىچۇ ؟
— ئۇنىڭ... ئۇ... ئۇ... ئېتىنى ئېيتسىدى .
— ھە ، مانا... شۇنىڭدا چوقۇم مەسىلە بار . سەن قاراپ تۇرۇپلا يامان ئادەملەرنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ ؟ بۇ ئەھۋال بىزنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدۇ .
— راست ، ھۆرمەتلىك لى كىچاك ، — دېدى روزى باقى قوغۇشۇندەك ئېرىپ داۋام قىلدى ، — سىلى بۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن ئويلاپ باقسام دەرۋەقە شۇنداق بولغان ئوخشايدۇ . ئاقسۇدىن كەلگەن مېھمان بولسا ، نېمىشقا قايتىپ كەتمەيدۇ - ھە ؟
— ھە مانا ، كاللاڭ ئەمدى ئىشلەي دەۋاتىدۇ .
— مېھمان دېگىنى تاماكىچى بولغىنىدىن بۇيان مەن بۇرۇن كۆرگەن چاغدىكى كىيىم - كېچەكلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ ، ساقال - بۇرۇتلىرىنىمۇ قويۇۋېتىپ ، بۆلەكچىلا بىر قىياپەتكە كىرىۋالدى .
— راست شۇنداقمۇ ؟
— شۇنداق دېگەنلەرى نېمىسى ؟ ئىشەنمەيۋاتاملا ، كىچاك ؟... مەن بىلەن باراملا ؟ ھازىرلا كۆرسىتىپ بېرەلەيمەنغۇ ؟...
— يۇر .
ئۇلار ئۈچ كىشى بولۇپ ھېيتگاھقا ماڭدى .

## 3

«ئورۇس گۇگۇت — چاقماق ، قاراڭغۇدا ياقماق ، بۇنى ياقمىغانلار ئۆزى ئەخمەق »
«گېزىتىڭنى ئېلىۋال ، بىلمىگەننى بىلىۋال . گېزىت... گېزىت ، ‹شىنجاڭ گېزىتى›... ‹قەشقەر گېزىتى›» ئون —

ئون ئىككى ياشلاردىكى ئىككى بالا چۇرا چالغاندەك زىل ئاۋازلى-
رىنى ماسلاشتۇرۇپ توۋلاشلىرى دىققەتنى داخىل قىلاتتى .
دېدىل گېزىتتىن بىرنى سېتىۋالدى ، ئۇنى ئىككى پارچە
قىلىپلا يىرتتى ـ دە ، ئۇدۇل كوچا دوقمۇشىدىكى قەندالەتچى
ھاجىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ناۋات ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ
ئىككى بولاقنى ئىككى يانچۇقىغا ، بىر تالنى ئاغزىغا سېلىپ
شۇمگەچ ماڭدى . ئۇ ، تۇنۇگۇن تۇندە پۈتكەن «ئىنتىقام» ناملىق
ھېكايىسى ھەققىدە ئويلىنىپ باراتتى . ئۇنى بۇگۇن يەنە بىر
قېتىم ئاخىرقى تەكشۇرۇشتىن ئۆتكۇزگەندىن كېيىن ھېلىقى
ھەۋەسكار خەتتات ئابدۇنەبىنىڭ كۆچۇرۇپ تارقىتىشىغا بەرمەكچى
ئىدى .
ئۇ ، ھېكايىدىكى سەلبىي پېرسوناژ — ئون ئىككى ياشلىق
ئىشپىيون بەختىنىڭ بىر ئائىلىدىكى زىياپەتتە چاي توشۇغۇچى
بولۇپ مېھمانلار ئارىسىغا كىرىپ ، ئۇ يەردە بولۇنغان گەپ ـ
سۆزنى ساقچى ئىدارىسىگە يەتكۈزگەنلىكى ، ئۇنىڭ ئىشپىيونلۇقى-
نى بىلىپ قالغان باشقا بالىلار بەختىنى بىللە ئوينايمىز دەپ دەريا
بويىغا ئېلىپ بېرىپ تازا ئۇرۇپ ئىقرار ۋە توۋا قىلدۇرغانلىقى
ھەققىدىكى ۋەقەنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە يىغىنچاقلاش توغرىسىدا
ئويلاپ بارماقتا ئىدى . ئۇ ، كوچا ئاغزىغا يېقىنلىغىنىدا ئالدى
تەرەپتىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىۋاتقان لىتىپجاننى كۆردى . لى-
تىپجان دېدىلنى كۆرۇش بىلەنلا توختىدى . ئۇنىڭ روھىي كەيپى-
ياتى بۆلەكچىلا جىددىي ۋە پەرىشان ئىدى .
— مۇشۇ چاغقىچە نەلەردە يۇردىلە ؟ — دېدى ئۇ .
— ئازراق بىر ئىش بىلەن بەند بولۇپ قالدىم ، — دېدى
دېدىل ۋە يۇمشاق كۇلۇمسىرىدى . ئۇ ، كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئې-
چىشنى ، غەيۋەت قىلىشنى ئۆلۇمدىن ئېغىر كۆرىدىغان ئادىتىنى
بۇ دورەمۇ تەرك ئەتمىدى . بولمىسا ، ئۇنى بىر كاپكاپ كىشى
ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ تۇرسا توختىتىۋېلىپ ، ماڭا ئېسىلىۋې-

لىپ ، يانسا كاندەك يېپىشۋېلىپ ، ھېچبىر چويلىدا توختىماي-
دىغان رېزىنكىدەك سوزۇلغان ، باش ــ ئايىغىنىڭ تايىنى يوق
تېتىقسىز گەپلىرى بىلەن بىرمۇنچە ئاۋارە قىلغانىدى .
لىتىپجان ، دېدىلنى باشلاپ كىرگىنىدە ئاشتى دۇملىنىپ بول-
غان رابىيەم كۆك تۇرۇپنى قاشتەك قەلەم قىلىپ ، كىچىك تې-
سىلەرگە سەي تەييارلاۋاتاتتى . ئۇ ، دېدىل بىلەن تىنچلىق سو-
راشقىنىدىن كېيىن ، قازاننى تىڭشاشقا باشلىۋىدى ، باللار چۇل-
دۇرلىشىپ چۆرىسىگە ئولاشتى ۋە توۋلاشتى .

تاماق ۋاقتىدا لىتىپجان : ئالسىلا ــ باقسىلا ... دىن باشقا ھېچنېمە دېمىدى . پەقەت چاي ئىچىشىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىشىكنى چىڭ يېپىۋېتىپ كېلىپ ، ئىككى جەينىكىنى جوزىغا تىرەپ ، بېشىنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ ، ئېغىر بىر خورسىنىدى ــ دە ، دېدىلنىڭ كۆزىگە قاتتىق تىكىلدى .

— نېمە ئىش ؟ — جىددىي سورىدى دېدىل ، لىتىپجاننىڭ رەڭگى ــ رۇخسارى ۋە كەيپىياتىدىكى كۆڭۈلسىز ھالەتنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەنسىرىگىلى تۇردى .

— ئېغىر ئەھۋال ، شۇم خەۋەر ، — دېدى لىتىپجان ، ھېچ-بىر ھودۇقماستىن تەمكىن ھالدا .

— ھە ؟... نېمە ؟... شۇم خەۋەر ؟...

— ھەئە ، بىز ئۈچۈن ناھايىتىمۇ ئېغىر ، ئېچىنىشلىق شۇم خەۋەر .

كۆزلىرى ئالاقزادە بولغان دېدىل لىتىپجانغا تىكىلگەنىدى . لىتىپجان :

— ئاقسۇدا شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ ، — دېدى .

— ھە ؟... نېمە ؟... شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆلتۈرۈلۈپ-تۇ ؟

— ھەئە، — دېدى لىتىپجان ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچنېمە دېيەلمىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى لىپىلداپ، تەنلىرى تەۋرەنمەكتە ئىدى. ئارىنى مۇڭلۇق سۈكۈت ئارىلىدى.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭلا؟ — ئاران سورىدى دېدىل.

— ئابايام مېنى قىچقىرىشقا ئوغلىنى ئەۋەتكەن قاسىمجان-دىن.

— گومىنداڭ جاللاتلىرىدىن جانغا جان، قانغا قان ئالىمىز، ئىنتىقام ئالىمىز، — دېدى دېدىل. ئۇنىڭ تەن ۋە تومۇرلىرى توك تەپكەندەك جىغىلداپ، ئويناق كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، تال - تال كىرپىكلىرى بىلەن ھەر تال تۈكلىرى نەيزىگە ئايلىنىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ، غەزەپ ۋە نەپرەت بىلەن غۇرۇر ۋە جاسارەت بىلەن دېدى:

— بىز قەشقەرنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىككىنچى فرونتىغا ئايلاندۇرىمىز…

## 4

مەن پەلەكنىڭ كۆرمىگەن جەبىر - جاپاسى قالدىمۇ،
بەندىلەرنىڭ باغرىدا مېھرۇ ۋاپاسى قالدىمۇ؟
قامچىلاردىن قانلىنىپ بولدى تامام كۆڭلەك، چاپان،
ئەسلىي رەختى رەڭگىدىن ئىتەك - ياقاسى قالدىمۇ.
دوپپىغا پاتقان بېشىم ئەمدى جاھانغا پاتمىدى،
بۇ جاپالىق جان ئۈچۈن جاينىڭ پاناھى قالدىمۇ.
زەخىملەپ پۇتلارنى چىشلەپ شۇم كىشەن قىلدى يارا،
دورا يوق، دەرمانمۇ يوق، دەردنىڭ دەۋاسى قالدىمۇ.
ئەي دېدىل، سەۋرىڭمۇ شۇنچە كۈندە كۆپلەر كۆلپىتىنىڭ،
ئىبيت… بۇ دۇنيانىڭ ساڭا قىلچە ساپاسى قالدىمۇ؟!…

www.uyghurkitap.com

بۇلۇڭ تەرەپتە ئىنجىقلاپ ياتقان بىرى يىغا ئارىلاش دېدى:
— ئەي... ئېيتىڭلارچۇ؟... بۇ جانغا ئارام بەرگۈچى غەزەلنى ئوقۇغان كىم؟
— كىم بولماقچى؟ تۇنۇگۇن كېچە سۆرەپ ئەكىرىلىپ ئاتىلاندىغان ھېلىقى بىچارە يىگىت، — دەپ ئىچ ئاغرىتىش ئاھاڭىدا جاۋاب بەردى بىرى.
بايىقى ئاغرىق كىشى يىغا ئارىلاش ئاجىز ئاۋازىنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ:
— ھەي ئەزىمەت يىگىت، غەزىلىڭنى يەنە بىر ئاڭلىساقچۇ؟ — دېدى.
ئاغرىقنىڭ تەلىپىنى قۇۋۋەتلەش ئاۋازلىرى ھەر ياندىن ئاڭلاندى. دىدىل پۈتىدىكى كىشەننى شىرىقلىتىپ تۇرۇپ، ئاۋازىنى ئۈرغۈتۈپ مۇڭلۇق مىسرالارنى ئوقۇشقا باشلىدى:

شۇم جاھالەت زەنجىرى بىزنى كىشەنلەپ تاشلىدى،
كىمكى چىقتى سەھنىگە ئىشنى خوتۇندىن باشلىدى...

ئىشىكنىڭ ئىچىلىشى غەزەلنى بۆلدى.

## 5

«ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ‹تىلى ياتنىڭ دىلى يات› دېگەن قىممەتلىك سۆزىنى بىز ھەرقاچان ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.» جاڭ سەنمۇ ھە دېگەندىلا سۆزىنى ئەنە شۇنداق باشلىدى. ئۇ، تۈنۈگۈن كېچىدىكى جىددىي مەجلىستە بۇ دورەم يوقىتىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىنى قانداق جىمىقتۇرۇش ھەققىدە بىر قانچە «يېڭى تەدبىر»لەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.
«بىزنىڭ بېشىمىزغا ھەممىدىن يامان بالا بولۇۋاتقىنى ئاۋۇ

سوۋېت كۆك كۆزلىرىنىڭ گىراژدان ـ پراژدان دېگەن بىرىنچىلى-رى ، — دېگەنىدى ئۇ ، — شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ بىرىنچىلەرنىمۇ بۇ قېتىم يوق قىلىدىغانلار قاتارىغا قوشۇپ ئاشۇ كۆك كۆز ئاپەتلەرمۇ ئېغىز ئاچالمايدىغان بىر ئۇسۇلدا ئىشنى ئەپلىشىمىز كېرەك… »

جۇ سىلىڭ بۇ سۆزنى ئىخلاس بىلەن تىڭشىغاندىن كېيىن ، ئىجراسىنى ئابرۇيپەرەس جاڭ سەنمۇنىڭ ئۆزىگە ۋاڭ جۇيجاڭ بىلەن بىللە بېجىرىشكە يۇكلەپلا ئىشنى ئەپلىگەنىدى . جاڭ شۇ ھەقتە تەپسىلىي مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن بۇ ئاخشام ۋاڭ جۇيجاڭ-نىڭ يېنىغا كەلگەنىدى .

ۋاڭ جۇيجاڭ لۆم ـ لۆم ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە پۈتۈن سالمىقىنى سېلىپ ، مىنگەشتۇرۇلگەن پۇتىنىڭ تىزىنى گىرەلەش-كەن ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ، پايىنەك بېشىنى تىك تۇتقىنىچە خۇددى ئەركەك غازدەك غادىيىپ ئولتۇرۇپ سۆھبەتنى تىڭشىماق-تا ئىدى .

— ھېلىقى روزى باقى دېگەن جاخونى تېزلىكتە كۆزدىن يىتتۇرۇش كېرەك ، — دېدى جاڭ ، — ئۇنى يوقاتساق بىزگە ئىشلەپ بېرىۋاتقان كىشىلەرگە يامان تەسىر بېرىپ قويارمىزمى-كىن ، دېگەن پىكرىڭىز ھەققىدە مېنىڭ قارىشىم بۆلەكچە ، بۇ قاراشلىرىمنى تۈنۈگۈن تەپسىلىي ئېيتىشقا بولمىدى . دېمەك ، بىز ئۇ جاخونى شۇنداق يوقىتىمىزكى ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆلۈكىدىنمۇ ئۆز ئىناۋىتىمىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىمىز . يەنى قاننى پۇل بىلەن كۆمۈپ تاشلايمىز ، خالاس ، — ئۇ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى ، — سىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىڭكى ، پۇل بولسىلا ، ئىشنىڭ يولىنى بىلسەكلا ، بۇ يەردە ئەخمەقلەر يەنىلا ئاز ئەمەس . شۇنداق قىلىپ بۇ دورەم يوقىتىلىدىغان بىر تۈركۈم «جاخو-لار» ھەققىدە تەپسىلىي سۆھبەتلىشىپ ، ۋاقىت قەرەلى قاتارلىق-لار توغرىسىدىمۇ مۇقىم قارارغا كېلىشكەنلىرىدىن كېيىن جاڭ ئۇزاپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئونىنچى باب

## قەشقەر ئاسمىنىدا قانلىق بۇلۇتلار

قەشقەر ئاسمىنىدا قانلىق بۇلۇتلار ،
قاچانغىچە يۈرەركىن لەيلەپ .
كۆن كۆرسەتمەي بىچارىلەرگە ،
ھالىلىرىنى خار ـ زەبۇن ئەيلەپ .

### 1

تۇمەن دەرياسى ئۈستىدە تاڭ پەيتىنىڭ سارغۇچ تۇتۇندەك تۇمانلىرى لەيلەپ يۈرەتتى . يىراقلاردىكى ۋاژ ـ ۋۇژلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا دەريا بويى تېخى تىپتىنچ ئىدى . بۇ تىنچ مۆھىتتا دەريانىڭ بىر خىل رىتىمدىكى شارقىرىشى بەكمۇ مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى . شۇ ئەسنادا ، بۇ مۇڭلۇق مۆھىتقا مەرسىيە ئوقۇغاندەك بىر ئاجايىپ ناخشىنى لەرزان غىڭشىپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئاۋازى دەريا شاۋقۇنلىرىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشماقتا ئىدى . ئۇ ئەپكەش ۋە چېلەكلىرىنى قوملۇق قاشقا قويدى ـ دە ، تاھارەت ئالدى ، ئاندىن بامدات نامىزىنى ئۆزىنىڭ بىلىدىغان پەدىسىگە شۇ يەردىلا ئوقۇدى . ئۇ ، ئاخىرقى رەكەتنى تاماملاپ ، ئەتتەھىيياتۇغا ئۆتۈشىگە ، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان بىرقانچە قاغىلارنىڭ غاقىلداشلىرى ئۇنى ئېزىقتۇرۇۋەتتى . ئۇ ، ئىچىدە بۇ بىر توپ شۇم قاغىلارنى قارغىماقتا ئىدى . قاغىلار بولسا ، بارغانسېرى ئاۋۇپ ،

سىغىزغانلارمۇ قوشۇلۇپ دەريا بويىنى باشلىرىغا كىيىپ ۋارقى-راپ چۆرگىلىمەكتە ئىدى. ئەپكەشچىنى[1] بىر تۇرلۇك سۇر باس-قىلى تۇردى. ئۇنىڭ دىلى ئەيمىنىپ، تەنلىرى شۈركۈنۈپ: «بۇ يەجۈجىلەر نېمانداق قىلىدىغاندۇر» دەيتتى ئۇ، قاغا - سىغىزغان-لارغا ھومىيىپ قاراپ.

ئەپكەشچى سوغىنى چۆكۈرۈپ سۇنى ئالدى - دە، غودۇراپ، ئۇلارنى تىللاپ ئەللىك — ئاتمىش قەدەمچە مېڭىپ چوڭ يولغا ئايلىنىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ئازگالدا ياتقان ئادەم ئۆلۈكىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى.

— ھەي... ھەي...

ئەپكەشچى تىترەك ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلاپ، سېپىل تۈۋى-دىكى چوڭ يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارنى شەرەتلەيتتى:

— ھەي... ھەي. خالايىقلار، ھەي... مەيەرگە كېلىڭلار... مەيەردە ئادەم ئۆلۈكى تۇرىدۇ...

ئەپكەشچى سوغىسىنى شۇ يەردە قويۇپ تۇرۇشىغا تۆت - بەشچە ئادەم يىغىلدى. ئادەملەر ئەيمىنىپ قاشتا تۇرۇشاتتى. ئۇلار «ئوغرى ئۆلتۈرگەن ئوخشايدۇ، كاللىسى! قېنىدۇر...» دېيىشەتتى.

— ئەنە كاللىسى! — دېدى بىرەيلەن قورققان ئاۋازدا. ھەممە كۆزلەر دوڭغاق سۆگەتنىڭ پۇتىقىغا ئېسىقلىق تۇرغان قانلىق كاللىغا قادالغانىدى. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان «جىپ» ماشىنا ئادەملەر توپىنىڭ يېنىغا كېلىپ شىپپىدە توختىدى - دە، ئۇنىڭدىن ئۈچ ساقچى چۈشتى.

— جەسەتنى ئەڭ ئاۋۋال كۆرگۈچىلەر كىم؟ — سورىدى ساقچىنىڭ ئېگىز بويلۇق بىرى.

— مەن، — دېدى ئەپكەشچى ۋە ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتتى.

---

① ئەپكەشچى — سۇ توشۇغۇچى، سۇچى.

ساقچىلار دۈربۈن بىلەن ئەتراپقا قاراپ باقتى. ئاپپارات بىلەن نەق مەيداننى سۈرەتكە ئالدى. ئۇلار سۈرگەت پۈتتىغا قولىقىدىن تېشىپ سىم بىلەن ئېسىلغان قانلىق كاللىنى پۇشۇرالىدى ـ دە، ئەپكەشچى باشلىق تۆت كىشىنى ئېلىپ قېلىپ قالغانلارغا ئاتارقىلىشقا بۇيرۇق قىلدى.

ئېگىز بويلۇق ساقچى ئىككى كىشىسىنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ، كېسىلگەن باش بىلەن ئەپكەشچى باشلىق تۆت كىشىنى ئېلىپ ماڭدى.

ساقچىلار بۇ تۆت كىشىنى ساقچى ئىدارىسىگە ئەكەلدى ۋە تۇمەن دەريا بويىدىكى قانلىق ۋەقەدىن كۆرگەنلىرىنى ئېيتقۇزۇپ، بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلەپ ھەربىر كىشىنى ئۈچتىن قەغەزگە قاتار ـ قاتار بارماق باسقۇزۇپ، ئۆي ـ ئادرېسلىرىنى ئېنىق خەتلىتىۋالغاندىن كېيىن «خاتىرجەم» قىلىپ چىقىرىۋېتىشتى.

شۇنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندىلا كونىشەھەر كوچىسىدا يوغان ۋە ھەيۋەتلىك بىر ئېلان پەيدا بولدى. ئېلان مۇنداق ئىدى:

## ئېلان

قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن:

شۇ خۇسۇستا مەلۇم بولغايكى، مۇشۇ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى شەھىرىمىزدە بىر پاجىئە يۈز بەردى. تۇرمىدىن ئۈچ ئوغرى قاچتى. ئوغرىلار ئىدارىمىزنىڭ ئىشەنچلىك خادىمى روزى باقىنى كېچىلىك نۆۋەتچىلىكىدىن قايتىپ ئۆيىگە كېتىۋاتقىنىدا، تۇمەن بويىدا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈپ قاچقان. جىددىي تەدبىر قوللىنىشىمىز نەتىجىسىدە ئوغرىنىڭ بىرى تۇتۇلدى. قالغان ئىككىسى تاشقورغان تەرەپكە قاچقانلىقى مەلۇم. مەزكۇر ئوغرىلارنى تۇتۇپ بەرگەن كىشىگە ئىككى مىليون يۈەن



www.uyghurkitap.com

ئىنئام بېرىمىز ، قاتىللار قاتتىق جازالىنىدۇ .

مەرھۇم روزى باقى ھۆكۈمىتىمىزگە ، پىرقىمىزگە ۋە سەنىمىنجۇيىغا سادىق بىر كىشى ئىدى . ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرى ئۈچۈن ئائىلىسىگە بىر مىليون يۈەن ياردەم بېرىلدى .

شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەتنىڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش بىلەن توپىلاڭچى ئوغرىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ساقلىنىشقا ھوشيار بولۇشلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئالاھىدە بۇ ئېلان چىقىرىلدى .

مىنگونىڭ ×× يىل ×× ئاي ×× كۈنى

## 2

قاتتىق دۆشكەلەپ ئەكىرىلگەن دېدىل دەلدۈگۈنۈپ بارغىنىچە تامغا يۆلىنىپ قالدى . شۇ تۇرقىدا ئۇنى ئەڭ يېقىن قەدىناسلىرىدىن بىرەرى كۆرسىمۇ تونۇماسلىقى ، تونۇسىمۇ تۇرقىدىن قورقۇپ قاتتىق ۋارقىرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى . چۈنكى ، ئۇ ھازىر بەك جۇدەپ ، رەڭگى - رۇخسارىدىن پۈتۈنلەي كەتكەن . ئىككى كۆزىنىڭ پارقىراپ تۇرغىنى بىلەن تىرىك دېگىلى بولمىسا ، ئەپتى بەئەينى مۇردىغا ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇ ھازىر قوش كىشەنلىك ئىككى پۇتىنى كېرىپ ، دۈمبىسىنى تامغا تىرەپ ، خۇددى پۆپۈكلىرىنى قار قاپلىغان قومۇشتەك لىغشىپ ئارانلا تۇراتتى . شۇ چاغدا بىرى سەت توۋلىدى :

— ھەي جاھىل ئوغرى ، ئاۋۇنى كۆردۈڭمۇ ؟ !

دېدىلگە ئاچ بۆرىدەك تىكىلگەن ئۇزۇنتۇرا ، توك قاپاق بىرى بىگىز قولى بىلەن تام تۈۋىدە خىرقىراپ ياتقان كىشىنى كۆرسىتىپ ۋارقىرىدى . دېدىل كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئۇ كىشىگە قاراپ شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىكى ، جازا ئەترىتىنىڭ تۈيۈق-

سىز تۇرغان مەلئۇنلىرى بۇ ئاچچىق ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن ئو-رۇندۇقلىرى بىلەنلا ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاس قالدى. دىدىلنىڭ ئۆزىمۇ ئارقىسىدىكى تامغا بېشىنى تىرەپ بىلەك تۈزۈۋالمىغان بولسا، بەلكى يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى. ئۇ ئەمدىلا ئۆپكىسىنى باسالماي بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى ۋە قان ئىچىدە ياتقان كىشىگە خۇددى ئانا كۆكسىگە تەلپۈنگەن بوۋاقتەك تەلمۈرمەكتە، ئىنتىل-مەكتە ئىدى. چۈنكى قان ئارىسىدا ياتقان ئۇ كىشى لىتىپجان ئىدى. بۇلارنى ئاشۇ كېچىسى تۇتۇپ كەلگەنلىرىدىن تارتىپلا ئايرىم - ئايرىم قاماۋەتكەنىدى.

نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى سوراق - سوئاللار ئارقىلىق، دىد-دىل ئۆزىنىڭ جانجان دوستى لىتىپجاندىن تامامەن مەمنۇن ئىدى. ئۇ نىڭ جاۋابىدىن ساقچىلار باغلاپ ماڭغان ۋاقتىدا دىدىل-نىڭ ئەقلىگە ئىشارەت قىلىپ بەرگەن بەلگىلىرىدىن لىتىپجاننىڭ ھېچبىر چەتلىمىگەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى.

— ......

— سەن سايىم؟

— ھەئە، مەن سايىم.

— سەن ئاقسۇدىن كەلگەن؟

— ھەئە، مەن ئاقسۇدىن كەلگەن.

— ئاقسۇدىن نېمىشقا كەلگەن؟

— تاماكىچى ئىدىم، قەشقەرنىڭ تاماكىسى ياخشى دەپ تاماكا ئالغىلى كەلگەنىدىم.

— تاماكا ئالغىلى كەلگەن بولساڭ، ئالدىغىنىڭنى ئېلىپ نېمىشقا كەتمىدىڭ؟

— بۇ يەردە ئوقەت بەك بەلەنكەن، ئاقسۇدا ئايدا ئالىدىغان پايدىنى بۇ يەردە...

— بولدى، كۆز بويامچىلىق قىلما. بىزنى ئالدايمەن دەپ ئويلىما، راستىڭنى ئېيت، سېنى ئاقسۇدىن كىملەر، قانداق

تاپشۇرۇق بىلەن ئەۋەتكەن ؟

— ھېچكىم ، ھېچقانداق تاپشۇرۇق...

— ھەي ئوغرى ، بىز ھەممىنى بىلىپ بولدۇق ، قولىمىزدا پاكىت تولۇق ، راستىڭنى ئېيت .

— راستىم شۇ .

— ھەي كاززاپ ئوغرى ئاقسۇدىن سېنى ئىلى ئوغرىلىرى ئەۋەتكەن ، روزى باقىدىن ئاڭلىغانلىرىڭنى ، يەنە قانداق مەخپىيەتلىكلىرىمىزنى ئوغرىلاپ ، كىملەر ئارقىلىق ئۆز خوجايىنلىرىڭغا يوللىغانلىرىڭنى ، ئاقسۇ ۋە قەشقەردىكى مۇناسىۋەتلەشكۈچى كىشىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئېيت ! تولۇق ئېيت ! يا سەنمۇ ئاشۇنداق...

بار دەرمانى ۋە غەزىپىنى جۇغلاپ ئۆزىنى بىراقلا ئاتقان دېدىل باش بىلەن بىر قويۇپ سوراقچىنىڭ مايمۇنىنىڭكىدەك تۆشۈكلىرى تۆپىگە قارىغان بۇرنىنى ماكچايتىۋېتىپ ئۆزىمۇ دۈملا يىقىلدى . جازا جاللاتلىرى بىراقلا ئېتىلىپ كېلىپ بىچارە دېدىلنى شۇنداق ئۇرۇۋەتتىكى ، ئېغىر ئازابلاردا زەخىملەنگەن ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئەمدى خۇددى پاخشە تۇخۇمدەك زېدىلىنىپ ھېچ ھالى قالمىدى . ئۇنى خۇددى كىگىز پىشۇرغاندەك دومىلىتىپ تەرەپ - تەرەپتىن تەپكەنلىرىدە ئېغىز ، بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىدىن قان كۆپۈكلىرى پۈژۈلدىغان دېدىل مۇشت ۋە چىشلىرىنى چىڭ كىرىشتۈرۈپ ياتاتتى . جاللاتلار يەر ئاستى ئازابخانىدىن ئۇلارنى سۆرەپ ئاچىققانلىرىچە قاراڭغۇ تۈن قوينىغا ئەكىرىپ كېتىشتى .

## 3

دېدىل ھوشىغا كەلگەندە ، قانداقتۇر بىر تۇرلۇك قاڭسىق پۇراق دىمىغىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى . مەھبۇسلارنىڭ مۇڭلۇق ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ، كىشەنلەرنىڭ ئاچچىق جاراڭ - جۇرۇڭلىرى

ـرى قۇلاقنى تېشىۋېتىدىغاندەك قاتتىق ئاڭلىناتتى. دېدىل بىر-دەمدىن كېيىن بىلدىكى، بۇ ئۆزى ئىلگىرى سولانغان قاماقخانا ئەمەس ئىدى.

قارامتۇل، تەمبەل، قاڭشارلىق، قاۋۇل بىرىگىنىسى بۇ قا-ماقخانا ھەققىدە مۇنداق دېدى:

— بۇ جاي ئەسلىدە قەشقەرنىڭ 1930 - يىللىرى قۇرۇلغان تۇنجى قېتىمقى زامانىۋى شىپاخانىسى بولۇپ، «ھىلال ئەھمەر① دوختۇرخانىسى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دوختۇرخانا قەشقەرنىڭ داڭ-لىق دوختۇرى تۇرغۇن ھېكىم قاتارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ كۈچى بىلەن بىنا قىلىنغانىدى. كۇرمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەۋا، رەنجىگە شىپا بېغىشلىغان بۇ مۇبارەك جاي — تەتۈر تەقدىر قىسمىتى بىلەن كېيىنكى چاغلاردا قاماقخانىغا — جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئادەم سويىدىغان قۇشخانىسىغا ئايلانغان...

تۈن، ھەممە ياق جىمجىت. ھاۋا بەكمۇ سەت تۇتۇلغان. قات - قات بۇلۇتلار ئاسماننى تەكشى قاپلىغان. پۈتۈن ئالەمنى ئاخىرەتنىڭ دوزاخ كېچىسى باغرىغا باسقاندەك مۇڭلۇق ۋە مۇد-ھىش بىر كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇ سۈرلۈك مۇھىت قوينىدا ئەزىزانە قەشقەر ئۆزىنىڭ ئەسىرلەر بويى تۈگىتەلمىگەن غەپلەت ئۇيقۇسىنى بەھۇزۇر ئۇخلىماقتا ئىدى.

بىردىنلا «تۈرمىگە ئوت كەتتى» دېگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئەتراپنى بىر ئالدى. ئوتنىڭ يالقۇنى تاملارنى ۋە ئەتراپلارنى يورۇتماقتا. تۈتۈنلەر بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆيلەرنى قاپلىماقتا ۋە قىزىل يوللۇق قارا رەختتەك يەلپۈنۈپ ئاسمانغا ئۆرلىمەكتە ئى-دى. پاختا، لاتا قاپلانغان ئېغىزلاردىن ئېتىلىپ چىقالماي يۇ-

① ھىلال ئەھمەر — يېرىم قىزىل ئاي، يەنى خەلقئارا «قىزىل كرېست جەمئىيىتى» (سەلىپە ئەھمەر)نىڭ ئىسلام ئەللىرىدە قوللىنىلغان مۇسۇلمانچە ۋارىيانتى. بۇ سەھىيە ساھەسىنىڭ خەلقئارا پىدائىيلار جەمئى-يىتى بولۇپ، 1864 - يىللىرى بارلىققا كەلگەن.

رەكلەرنى بۇرۇقتۇرما قىلىۋاتقان غەزەپ، ئازابلىق ئاھۇ پەريادلار چوغلانغان تاملارنى تىترەتمەكتە ئىدى.

شۇ ئاندا بىر يىگىت ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى غاچچىدە چىشلەپ ئۈزۈۋالدى ـ دە، ئوت يالقۇنى يورۇتقان تۇرمە تېمىغا قان بىلەن خەت يېزىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا غەزەپ ئاۋازى بىلەن ئاغزىدىن ئوت چاقناتقان بىرى:

— ئاھ ... دىدىل، — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. بۇ لىتىپجان ئىدى. ئىككى دوست گىرەلىشىپ قۇچاقلاشقىنىچە دەھشەتلىك ئوت دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتتى.

تاڭ ئېتىۋاتاتتى، تۈن بويى قاتتىق قوغداش ۋە يىغىشتۇرۇشلار بىلەن ھارغان جاللاتلار ئۆز گۆرلىرىدە ياتماقتا؛ قەشقەرلىقلەرمۇ ئەرەب مەزىنىنىڭ يۈرەكلەرنى يىغلاتقۇدەك مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئاستا ـ ئاستا ئويغانماقتا ئىدى.

ئەتراپ ئاقىرىشقا، توپ ـ توپ قارغىلارمۇ قەشقەر ئاسمىنىدا ئەركىن ئويناپ چۇقان سېلىشقا، توپ ـ توپ كەپتەرلەرمۇ سۈزگەنلىرىنى سايرىتىپ بۇلۇتلار باغرىدا جەۋلان قىلىشقا باشلىدى.

كاشكى، ناتىۋان قەشقەرلىق «ئوت كەتكەن تۇرمە»نىڭ مۇڭلۇق خارابىسىنى ئارىلاپ، يۈرەك ـ باغرىنى يارىلاپ يۈرۈپ بولسىمۇ ھەربىر كۆل گۇمبەزلىرى ئاستىدىن ئۆزلىرىنىڭ كاۋاپ بولغان باللىرىنى تېپىۋالالىسچۇ!... قارىمۇچتەك قورۇلۇپ، تارىمۇچتەك تارتىشىپ، قورۇلغان تېرىدەك بولۇپ قالغان، ئالەمدىن ئېغىر ئاداۋەتتە، ھەسرەت ـ نادامەتتە كەتكەن يۈزلەپ ئەۋلادىنىڭ بەختسىز دىدارىنى كۆرەلىسچۇ!!!...

قانلىق تام تۈۋىدە، قومۇش كۆللىرىنىڭ تېگىدە بىر ـ بىرىگە چىڭ گىرەلىشىپ قورۇلۇپ قالغان بىر جۈپ تەن دىققەتنى داخىل قىلارلىق دەرىجىدە ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئازاب قامچىلىرىدا قات ـ قات قارايغان جاراھەت ئىزلىرى، ئوتتا كۆ-

يۇپ يېرىلغان يەرلىرىدىن قاپقارا قاتلاپ تەپچىرەپ تىلىم ـ تىلىم تەنلىرىگە چاپلاشقانىدى . دېدىلىنىڭ چىشلەپ ئۈزۈلگەن بارمىقى ئۇچىدىكى ئۇيۇپ قالغان قان خۇددى ئەخلەتلەر ئارىسىدا ياقۇت يالتىرىغاندەك بىر ئاجايىپ چاقناپ ، چوغدەك ۋالىلدايتتى .

قەشقەر ئاسمىنىدا هازىر ئاخشامقى قاپقارا تۇتەك ۋە تۇمانلار يوق ئىدى . ئەمما شەھەر ئۈستىدە ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك گۈمبەز-دەك دۈپدۈگىلەك يوغان بىر پارچە قارا بۇلۇت لەيلەپ تۇراتتى. بۇ بۇلۇت تۈندىكى ئوت تۇتۇنلىرىنىڭ ئاسمان باغرىدىكى ئۇيۇتمىـسى بولۇپ ، ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئوت يالقۇنىدەك رەڭدار سىزىقلار خۇددى قىزىل دوخاۋىدىن جىيەك تۇتقاندەك ۋالىلدايتتى . بۇ بولسا ، شائىر دېدىل تۇرمە تېمىغا قان بىلەن يېزىپ قويغان خەتنىڭ بۇلۇتلار باغرىدىكى يالقۇنلۇق شولىسى بولۇپ ، ئۇ مۇنۇ ئىدى :

دۇنياغا كېلىش جىنايەت ! ! !

# ئىككىنچى قىسىم

## بىرىنچى بۆلۈم

# قانلىق ساي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

# مۇقەددىمە

پاتمىغىل مەست بولۇپ ، يوق تاماشا ،
بىل بۇ باياۋانلار ئارا كىملەر يۈرگەن .
ئاتلىرى ئاسمانغا قاراپ كىشنىشىپ ،
ئىگىلىرى سەھرالاردا ئۆلگەن .
ئۇچەيلىرىنى قۇشلار سۆرىشىپ ،
قۇرۇق قاقشال دەرەخلەرگە ئىلگەن .
ئەرلىرىنى سىغىنىپ ئامراق خوتۇنلىرى ،
كىچىلىرى چۈشلىرىدە كۆرگەن .
لەشكەرلىرىنى ئۇرۇش مەيدانىدا نابۇت قىلىپ ،
قوماندانلار ئۆزلىرى قايتىپ كەلگەن .

ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ ئۆلۈكلىرى ساينىڭ تېشىدەك ياتاتتى . تاش سۇزۇلۇپ ، ئەتراپ ئېنىق كۆرۈنمەكتە ئىدى . قىيادىكى تاش قىسىلچىدا ئاشۇ سايدىكى قانغا چىلىشىپ ياتقان ياپيالىڭاچ جەسەت-لەرگە قاراپ شۇمشىيىپ ئولتۇرغان كىشى ئۇرۇش دەھشەتلىرى تەسۋىرلەنگەن جۇڭگو جەڭنامىلىرىدىن قاچاندۇر يادىدا قالغان يۇقىرىقى شېئىرنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى . بۇ ئەشەددىي ئاۋانتۇرىست ، تاش يۈرەك ھەربىي بيۇروكراتنىڭ تېخى تۈنۈگۈنلا شەپقەتسىز كۆزلىرىدىن بۇگۇن ياشلار تۆكۈلۈۋات-قىنىغا ئەتراپتىكى قورام تاشلارمۇ ھەيران بولۇپ ، ھەربىر تۆ-شۈكلىرىدىن غەزەپ ياغدۇرۇپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى . شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر پەيدا بولغان بىر جۈپ ئالا قاغا ئاۋازىنىڭ بارىچە قاقىلداپ ئۆلۈكلەر ئۈستىدە چۆرگىلەشكە باشلىدى . ئۇنىڭغىچە

قارا قاغا ، توقۇناق قاغا ، غۇك قاغا ۋە سېغىزغانلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئاۋۇپ ، جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىشىپ ، قانلىق سايىنى سۈرلۈك بىر جەھەننەمگە ئايلاندۇرغىلى تۇردى . ئەتلىرى جۇغۇل-داپ ، كۆڭلىگە ۋەھىمىلەر تولغان ھېلىقى ئادەم پېشىنى ئېتىكى بىلەن سۈرتىۋېتىپ يېنىدىكى يىگىتكە دېدى :

— ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ، ئاجەنشىڭ ؟

— سىز نېمىچە قانداق قىلساق بولار ، سىجاڭ ؟

— قانداق قىلساق بولاركىن ...

— مېنىڭچە بۇرچىنغا قايتىشىمىز كېرەك ، بۆلەك ئامال يوق .

— يەنە شۇ ئالتايغىمۇ ؟

— ئۇنى بۇرچىنغا بارغاندىن كېيىن كۆرمەيمىزمۇ ؟

— ماقۇل ، شۇ بۇرچىنغا قانداق بارىمىز ؟

— تۇنۇگۈن كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتىمىز ـ دە ، بالئۆت-كەلگە بارغاندا چوڭ يول بىلەن ئۇدۇل كېتىمىز ، بولمىسا ، ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتكىلى بولمايدۇ .

— شۇ ـ دە... ئۇھ !... ئوزۇقنى قانداق قىلىمىز ؟

— قانداق قىلاتتۇق ؟ بىز ئۇيغۇرلاردا «باشقا كەلسە باتۇر» دېگەن گەپ بار . بىر ـ ئىككى كۈنگە چىدايمىز... بولمىسا ئۆلگەن ئاتلارنىڭ گۆشىدىن ئازراق ئېلىۋالارمىز ، بۆلەك ئامال يوق .

— بۇ دېگىنىڭ ئورۇنلۇق ، — دەۋېتىپ يانچۇقىنى سىلىدى جاڭ سىجاڭ ، — چاقماقمۇ ئاخشام چاپاننىڭ يانچۇقىدا كېتىپتۇ . ئوتنى قانداق قىلارمىز ئەمدى ؟

— بىر ئامالىنى قىلارمىز .

— ئۇنداقتا سەن بېرىپ...

— ئىككىمىز بىللە بېرىپ سېمىزدىن...

— مە... مەن مۇشۇ يەردە ماۋۇ دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپ

تۇراي . سەن... سەن ئەكەلگىن .
ئاجەنشىڭ ئىلدام ماڭدى . ئۇ پەسكە چۇشۇپ بېرىۋاتقىنىدا جاڭ سىجاڭ :
— ئا... ئاجەنشىڭ ، تېز رەك بولغىن ، — دېدى . شۇ ئارىدا ئۇ كىچىك خاتىرە دەپتىرىگە «قانلىق ساي ۋەقەسى » دېگەن قۇرنى قىڭغىر ـ قىيسىق يازالىدى ـ دە ، ئاستىغا «جۇڭخۇا مىنگو 31 ـ يىل » دەپ يازدىيۇ ، ئاي ، كۈن ، چېسلاسىنىمۇ تاپالماي قالدى .
ئاجەنشىڭ لاچىندەك پەسكە چۇشۇپ باردى ـ دە ، قىيپاش بەلدە گۇمبەزدەك ياتقان ئاق بوز ئاتنىڭ يوتىسىدىن تېرىسى بىلەن كېسىپلا قاچتى . چۈنكى قاغىلار قىيامەت قايىم قىلماقتا ئىدى .
— هازىرچە يول بىلەن ماڭماي دەريا بويى بىلەن ، چاتقاللار ئارىسى بىلەن ماڭايلى! دۆڭدە ماڭساق خەتەرلىك ، — دېدى ئاجەنشىڭ .
— قا... قانداق دەيسەن ؟ — سىجاڭنىڭ چاپاقلاشقان كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى .
— ئاخشام قاراڭغۇدا قېپقالغان نەرسىلەر بولسا تېپىۋالىمىز دەپ باندىتلار يەنە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن .
— توغرا ئېيتتىڭ . قېنى تېزرەك كېتەيلى !
ئۇلار چاتقاللار ئارىسى بىلەن پايپاسلاپ ماڭدى . بىر يەرلەرگە بارغاندا ئاجەنشىڭ بىر تال ئاق تاشنى ئېلىۋىدى ، سىجاڭ چۆچۈپ ، كۆزلىرى چەكچەيگەن هالدا سورىدى :
— ئۇنى نېمە قىلىسەن ؟
— كېرىكى بار .
— نېمە كېرىكى ؟
— ئوت چىقىرىمىز ، — ئۇ كېتىۋاتقىنىدا بىر چاغلاردا دادىسىنىڭ ئاق تاش بىلەن چاقماق چاققىنى يادىغا چۈشكەندى .
ئۇلار بىر يەرگە كەلگەندە قىيادىن دەرياغا تۇتاشقان جىرادى-

كى جىغان ، جىگدە ، قاراسۆگەت ، مەجنۇنتال ، تىۋىلغا ۋە قومۇشلار بىلەن قاپلانغان قويۇق چاتقاللىقتا تۇسۇلۇپ قالغاچقا ، دۆڭدىكى يولغا چىقىشقا توغرا كەلدى . ئۇلار دۆڭگە يامىشىپ چىقىۋاتقىنىدا ، يىراقتا تۇرغان تاغ چوققىلىرى خۇددى ئاق تۇستىدە تۇرغان ئېگىز تۇماقلىق قازاقلارنىڭ بېشىدەك كۆرۈندى-دە ، يۈرىكى قارتتىدە قىلغان سىجاڭ يان بېغىرىغا ئۆزىنى تاشلاپ سوزۇلۇپ ياتتى . بۇ چاغدا كۈن قايرىلىپ تاغدىن پەسلەپ بارماقتا ئىدى . ئۇ ، ئىنجىق ئارىلاش ئاۋازى بىلەن دېدى :

— ئاجەنىشىڭ ، ئازراق ئارام ئالايلىچۇ...

ئاجەنىشىڭمۇ ئولتۇردى . كۆپ ئۆتمەي سىجاڭ يېنىك خورەك تارتقىلى تۇردى . ئۇنىڭ جىغانلار تىتما - تىتما قىلىۋەتكەن كىيىملىرىنى ، چاڭ - توزانغا كۆمۈلۈپ ، چاپاقلارغا چۆمۈلۈپ كەتكەن يۈز - كۆزلىرىنى ۋە تېخى تۈنۈگۈنلا چوڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغان كىشىنىڭ بۈگۈن بۇ قاقاس دۆڭدە خۇددى مەجرۇھلانغان بۆرىدەك خارقىراپ خورەك تارتىپ ياتقىنىنى كۆرگەن ئاجەنىشىڭنىڭ ھەم كۈلگىسى ، ھەم يىغلىغۇسى كېلەتتى . كۆپ ئۆتمەي ئاجەنىشىڭنىڭمۇ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇ ، چۆچۈپ ئويغانغىنىدا كۈن تاغدىن پەسلەپ قالغانىدى . ئاجەنىشىڭ سىجاڭنىڭ ئۇيقۇ ئارامىنى يەنە بىردەم بۇزماسلىق ، ئالدى بىلەن يولنىڭ يېقىن - يىراقلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئاستا قوپۇپ دۆڭگە ماڭدى .

يول ئانچە ئۇزاقتا ئەمەس ، ئۈچ يۈز مېتىرچە يەردە ئىدى . ئۇنى ھەممىدىنمۇ بەك خۇش قىلغىنى ئات تېزەكلىرى ئارىسىدا پارقىراپ كۆرۈنگەن ساپسېرىق قوناقلار بولدى . ئۇ ئۆمىلەپ يۈرۈپ شەپكىسىگە قوناق تېرىشكە كىرىشتى . ئۇ قايتىپ كەلگەندە كۈن غايىب بولۇپ ، سۇس سېرىق گۇگۇم باشلىنىۋاتاتتى . سىجاڭ بولسا ، تېخىچىلا خورەكلەر خۇمدىنىدا تاۋلانماقتا ئىدى . ئاجەنىشىڭ ئۇنى قىچقىرىپ ، تەۋرىتىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئويغاتتى .

سىجاڭ شەپكىدىكى قوناقنى كۆرۈش بىلەنلا كۆزلىرىنى چىمچىق-لىتىپ بەكمۇ ھەيران قالدى ۋە غەلىتە بىر تۇرلۇك كۇلۇمسىر-دى . ئاندىن بىغىنىمۇ سورىماستىن ئۇزۇمگە ئىشتىياق باغلىغاندەك قوناقنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراشقىمۇ ئۇلگۇرمەيلا تۇ-تۇش قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تەرەپلەپ كىرىشىپ سىرىق قوناقلارنى خۇددى ئىشتىھالىق ئارغىماقلاردەك گۇرۇچلىتىپ چايناشقا باشلىدى . كېيىن سىجاڭ :

— يەنە ئازراق دەم ئالايلىچۇ ، — دېدى - دە ، موككىدە ياتتى .

سەھرا تۇنى باشلاندى . ئالەمنى گۇردەك قاراڭغۇلۇق قاپلى-ماقتا ئىدى . بۇ مۇدھىش ۋە سۇرلۇك تۇن جىمىلىقنى پەقەت نېرىراقتىكى دەريانىڭ شاۋقۇنلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى . بىر چاغلار بولۇۋىدى ، يەر تېگىدىن كەلگەندەك ئاڭلىنىشقا باشلىغان ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ ، زېمىندا زىلزىلە ، تەنلەردە تىترەك پەيدا قىلغىلى تۇردى . ئۇلار يەرگە چاپلىشىپ ياتاتتى . ئاجەنشىڭ تىڭ-شاپ :

— ماشىنا... ماشىنىنىڭ ئاۋازى ، — دېدى .

— ھە ؟... نېمە ؟... ماشىنا دەمسىنا ؟

— ھە ، ماشىنا ، بۇ كۆكتوقايدىن كېلىۋاتقان سوۋېتنىڭ ماشىنىلىرى بولسا كېرەك .

— بەلكىم .

— توسۇيلى .

— ھەي !... ساراڭ بولدۇڭمۇ ، ئەخمەق ! ئۇلارنى قانداق توسۇغىلى بولىدۇ ؟

— نېمىشقا توسۇغىلى بولمايدىكەن ؟ ئۇلارمۇ ئادەمغۇ ؟ تو-سۇمىز ، ئۇلار بىزنى بۇرچىنگە ئېلىۋېلىشى مۇمكىن . بولمىسا بۇ چۆلدە قانداق قىلىمىز ؟ يۇرۇڭ ، توسۇيلى !

— ماڭ ، ئەخمەق ، توسۇساڭ ئۆزۈڭ توسۇ .

ئاجەنشىڭ شەپكە ۋە هەربىي كىيىمىنى سېلىپ تاشلىدى ـ دە ، سېرىق كۆڭلەك بىلەن يول تەرەپكە ماڭدى .

سىجاڭ ئالدىراپ :

— ئا... ئاجەنشىڭ... مە... مەن ، — دېدى .

ئاجەنشىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوڭدىسىغا ياتاتتى . قاتارلى-شىپ كېلىۋاتقان ئالتە ماشىنىنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسىنىڭ شوپۇرى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، دۆڭنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاغزىدا مىدىرلىماي ياتقان كىشىنى كۆرۈشى بىلەنلا توختىدى . ئاجەنشىڭ ئۈيغۇرچە بىرنېمىلەرنى دەپ بەلگە بەردى ، ئاندىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ توختىغان ماشىنىنىڭ ئالدىغا باردى .

ماشىنىدىن بېشىنى چىقارغان دوغىلاق كۆك كۆز كىشى بوم ئاۋازدا :

— مۇسۇلمانمۇ ، — دېدى .

— هە... هە... لادنا... مۇسۇلمان ، — دېدى ئاجەنشىڭ .

كۆك كۆز كىشى تاپانچا تۇتقان هالدا ماشىنىدىن چۈشۈپ ، كەينىدىكى ماشىنىغا قاراپ :

— يوركا... يوركا ... — دەپ توۋلىدى .

كەلگىنى ئوتتۇرا بويلۇق ، قارىمۇتۇق ، ياپىلاق يۈزلۈك يىگىت ئىدى . ئۇ ، ئاجەنشىڭگە قازاقچە سۆزلىدى ۋە ئەھۋالنى ئۇقۇپ كۆك كۆزگە ئۆرۈۋىدى ، كۆك كۆز كىشى دەرهاللا :

— نو ، لادنا ، — دېدى .

# بىرىنچى باب

# ئانا قەشقەر

مەن بۇياققا ماڭغاندا،
ئانام دەرۋازىدا قالغان.
قاچان كېلەرسەن بالام دەپ،
قارا كۆزىگە ياش ئالغان.

— خەلق قوشىقى

## 1

جامائەت جۇمەدىن ياندى. ھېيتگاھ مەيدانى ئادەملەر قايندىمىغا ئايلاندى. ھۆپىگەرلەرنىڭ خېرىدار قىچقىرىپ توۋلاشلىرىمۇ بىر سەنئەت ئىدى.

مەسچىتتىن چىقىپ، ئادەملەر ئارىسىنى ئارىلاپ بارغان ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، كەكە ساقال كىشى چىرايلىق بىر ئوغۇلنى ئەگەشتۇرۇپ رەستە تەرەپنى كۆزلەپ ماڭدى. بۇ، ئەللىك ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى مۆمىن ئاكا بولۇپ، يېنىدىكى قاڭشارلىق، قاراقاش، ئويناق كۆز بالا ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان ئىدى.

ئابدۇراخمان بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال بىر ئىش بىلەن شەھەرگە كىرگەنىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ بىر دوقمۇشقا توپلىشىپ

قالغىنىنى كۆردى ـ دە ،ئۇ يەرگە كىلىپ «... ئۈرۈمچىگە ئوقۇ-
غۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى... يېشى، جىنسى، ۋەھاكازا...
1940 ـ يىل ئاۋغۇست» دېگەنلەرنى ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن
جانلىرى سۆيۈنۈپ ئۆيىگە ئالدىراپ قايتقان ئابدۇراخمان كۆپتىن
كۈتكەن ئۈمىدىگە ئەمدى پۇرسەت كەلگەنلىكى ھەققىدە خۇشال-
لىقنى ئېيتقاندى. ئانىسى ھەمراخان ئۇنىماي قويدى.

— ماڭا قاراڭلار، ئانىسى، — دەيتتى مۆمىن ئاكا ھەمرا-
خانغا يېلىنىپ، — بارسۇن، بىزنىڭ ۋاقتىمىزدا ئوقۇۋالسۇن!
يۇرت كۆرۈپ، شەھەر كۆرۈپ كۆزى ئېچىلسۇن! بىز دەك نادان
بولۇپ قاراڭغۇلۇقتا قالمىسۇن!

— ئۇ دېگىنىڭلارغۇ توغرا، دادىسى، — دېدى ھەمرا-
خان، — دۇنيالىقتا كۆزىمىزگە كۆرۈنگىنى شۇ ئابدۇراخمان
تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قانداقمۇ چىدايمەن!

ئاخشىمى ئايدىڭدا، ئۇجمە ئاستىدىكى سۇپىدا بۇ سۆزلەر يەنە
ئۇزاق داۋام قىلدى. ھەمراخان ئاچا ئابدۇراخماننى ئۆيلەش ھەق-
قىدىكى ئويلىرى، ئارزۇ ـ ئارمان، تۈگكەن تۈگۈچلىرى توغرى-
سىدىمۇ ئېيتىپ ئۆتتى. ئەتىسى تونۇر بېشىدا بۇ سۆزنى يېقىن
جەمەتى پاتەمخانغا دېۋىدى، ئۇ ھە دېگەندە خۇددى سوغۇق سۇ
سەپكەندەك ئەندىككەن بولسىمۇ، كېيىن كۆڭلى ئارامىغا چۈ-
شۈپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ نىيەت ـ مۇددىئا-
سىنىمۇ ئېيتىۋەتتى.

— راستىمنى دېسەم، ھەمرا ئاچا، — دەيتتى ئۇ قىزىرىپ
كۈلۈپ، — مەن ئابدۇراخماننى بالا قىلىۋالارمەن دېگەن نىيەتتە
ئىدىم. قىزىم ئارزۇگۈل سەل كىچىك بولغانلىقتىن بۇنى ئاغزىم-
دىن چىقىرالماي يۈرەتتىم. ناۋادا ئارزۇگۈل يەنە ئىككى ـ ئۈچ
ياش چوڭراق بولسا، سىلى ئېغىز ئاچمىساڭلارمۇ، مەن ئۆزۈم
ئالدىقاچان ئېغىز ئاچقان بولاتتىم.

ھەمراخان ئۇنلۇك كۈلۈۋەتتى ۋە:

— ۋاي ئۇكام ، راستمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— ما ئاچامنى ؟... راستمۇ دەۋاتقىنىنى ؟ ...
— ئۇنداق بولسا ، بالىنى ئوقۇشقا ئەۋەتمەيمەن .
— ياق ، ئاچا ، ئابدۇراخمان ئەقىللىق بالا. ئۇ ، ئوقۇپ كەلسۇن ! ئىككى ـ ئۈچ يىل دىگەن ھىچقانچە گەپ ئەمەس . ئاڭغىچە ئارزۇگۇلمۇ چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يىتىدۇ . مىنىڭ گىپىم گەپ . مۇشۇ كۇندە ھەممە كىشى ئوقۇغاننى ياخشى كۆرىدۇ . قىزلارمۇ ئەپەندىگە تىگىمىز دەيدىغان بولۇپ كەتتى . ئابدۇراخمان ئوقۇپ كەلسۇن .
— ۋاي جىنىم ئۇكام ، مىنىڭمۇ مۇددىئايىم شۇ ئىدى . بىر ئىپىنى تىپىپ ، بۇنى سىنىڭ سەمىڭگە سىلىپ ، ئارزۇگۇلنىڭ قۇلىقىغا يىپ باغلاپ قويارمەن دەپمۇ يۇرەتتىم . قىزىڭ ئارزۇگۇل ئەمەس ، ئالتۇنگۇل بولىدۇ ، ئالتۇنگۇل . ئۇنىڭغا بەكمۇ زوقۇم كىلىدۇ . ئەمىسە گىپىمىز گەپ ـ ھە ؟...
— ھەئە ، گەپمۇ ئىغىزدىن چىقىدۇ ، جانمۇ ئىغىزدىن...
شۇنداق قىلىپ ، ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قوشنا ـ قولۇملارنىڭ كىڭىشى ۋە كىلىشتۇرۇشى بىلەن ئابدۇراخماننىڭ ئوقۇشقا بىرىشى قارار تاپتى . نۆۋەتتە بالىنىڭ كەم ـ كۇتىلىرىنى راسلاشنىڭ مەسلىھەتى پۇتۇپ ، ئاق پاقلاننى ساتايلىمۇ يا تورپاقنىمۇ دىگەن سۆزلەر بولدى .
— پاقلاننى قۇربانلىققا ئاتىۋەتكەن ، ئۇنى سىتىشقا ، ئاللانى ئالداشقا بولمايدۇ . ساتساق تورپاقنى ساتايلى .
پەيشەنبە كۇنى بامداتتىن كىيىن ھەمرا ئاچا تاھارەت بويى بىلەنلا ئىسرىق تەييارلىدى . ئۇ ئىسرىقداننى ئالا تورپاقنىڭ بىشىدىن ئۆرۈپ چاتلىرىدىن ئۆتكۈزۈۋىتىپ ، بىرنىمىلەرنى ئوقۇپ سۇف ـ سۇفلىدى ۋە : «خۇدايا ، خۇۋەندا نەرخى بازارنى ، كور خىرىدارنى بىرەرسەن» دەپ تىلىدى .
ئابدۇراخمان ئالا تورپاقنى يىتىلەپ ، مۆمىن ئاكا ئىشەكلىك

ھەيدەپ شەھەرگە ماڭغاندا ، ھەمرا ئاپئاق قولنى چېكىسىگە سايىۋەن قىلىپ ، كوچا ئاغزىدا تاكى ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ قالغانىدى .

توپراق ئوبدان سىڭىلغان ؛ ئۆتۈك ۋە يوتقان ـ كۆرپىلىك قاتارلىق نەرسىلەر ئېلىنغانىدى . ئەمما ئانىسى يەنە بىر قانچە نەرسىلەرنىڭ كېيىنى قىلىپ كوتۇلداۋەرگەچكە ، بۈگۈن مۆمىن ئاكا بىلەن ئابدۇراخمان جۇمەنى ھېيتگاھتا ئۆتەپ ، ئاندىن چالا قالغانلارنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرگە يەنە كىرگەن ؛ ھازىر ئۇلارنىڭ رەستىنى كۆزلەپ مېڭىشى ئىدى . ئۇلار كېلىپ ، چۇڭقۇلداپ سۆزلەيدىغان دوغىلاق چار ساقال چاپانچىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كېلىپ توختىدى . سالامدىن سوڭرە مۆمىن ئاكا :

— ھاجىم ، ئوبدانراق چاپاندىن بولسا كۆرۈپ باقايلى ، — دېدى .

— ئوبدان ، ئوبدان ، — دېدى ھاجى ، چاپاننى ئېلىۋاتقان پېتى كەينىگە قايرىلىپ سورىدى ، — ئۆزلىرىگىمۇ يا ئوغۇللىرىغىمۇ ؟

— ماۋۇ ئوغلىمىزغا .

— ئوبدان ، ئوبدان ، مانا بۇ ئۆزى ئاۋات چاگادىكى تۇردىئاخۇن بوياقچىنىڭ كۆپىدىن چىققان چەكمەن . ئۆمرى ئۆچمەيدۇ ئۆزى ؛ نىل بوياق ، جىڭ بوياق ئۆزى...

ھاجى ئۆزى... ئۆزى... بىلەن چاپاننى ئابدۇراخمانغا تۇتقۇزۇۋېتىپ ئاغزى بىسىلماي سۆزلەيتتى .

— قانچە بېرىمىز ، ھاجىم ؟

— ئوبدان ، ئوبدان ؛ مۇشۇ سىماۋى بوياق ياقتىمۇ ئۆزى ؟ بۇنىڭغا ئۆزى ئۆزلىرىگە ئوشۇق باھا قويمايمىز ، بۇنىڭغا شۇ قىرىق دۇبەن[1] بەرسىلە .

---

① دۇبەن — شىڭ دۇبەن (جاللات شىڭ شىسەي . ئۇنىڭ چىقارغان پۇلىنى ئالتە شەھەر تەرەپلەردە «دۇبەن» دەپ خەجلىگەن ) ، «بىر دۇبەن» بىر دوللار ئىدى .



www.uyghurkitap.com

— هه ماقۇل ، ئىككى كەم قىرىق دۇبەن بەرسىلە ئۆزى…
سالاچىلارنىڭ هه ـ هۇسى ۋە شىرىنكانىسى بىلەن بىر چاپان ئوتتۇز ئالتە يېرىم دۇبەنگە توختىغان بولدى .

## 2

كەچ . مۆمىن ئاكىلارنىڭ ۋاسا جۇپلۇق ئايۋىنى ئادەمگە لىق تولدى . ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە هەقەمسايىلەر بولۇپ ، ئەرلەر چوڭ سۇپىدا ، ئاياللار بىلەن بالىلار كىچىك سۇپا ۋە پەگاهلاردا ئولتۇرۇشقانىدى .
داستىخانغا توقاچ ، كوزا ئاغزى ۋە قاتلىما نانلار ، يەل ـ يېمىشلەر قويۇلغان . دۇئادىن كېيىن مېهمانلار ئابدۇراخمانغا يوللۇق ئۇچۇن ئەكەلگەن نەرسىلىرى بىلەن داستىخاننى تولدۇرۇ-ۋەتتى .
ئاخىرىدا پاتەمخان ، ئارزۇگۇلنىڭ ئابدۇراخمان ئاكىسىغا ئاتاپ تىكىپ كەلگەن دوپپىسىنى ۋە كەشتە ياقىلىق ئاق بىدىس كۆڭلەكنى داستىخاندا قويغىنىدا ، ناۋات رەڭ يىگىت خۇددى ئاشۇ تاجى رەڭ دۇخاۋا دوپپىنىڭ رەڭگىدەك قىزىرىپ كەتتى . ئارزۇ-گۇل بولسا ، تۇۋرۇكنىڭ دالدىسىدا ماراپ ، بىر تاتلىق كۇلۇپ ، بوستان چېچىنى ئويناپ تۇراتتى . ئۇ ئاتا ـ ئانىلار بىلەن كۆپچى-لىكنىڭ رەهمەت ، هەشقاللا… سادالىرى ئىچىدە لېۋىنى چىش-لەپ ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە سارايغا كىرىپ كەتتى .
جامائەتنىڭ ئاقىيول تىلەپ بەرگەن دۇئاسىدىن كېيىن كۆپچىلىك كولكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئۇزاپ كەتتى .
پاتەمخان ۋە هەمرا ئاچىلار مېهمانلارنى ئۇزىتىپ كىرگەندە ئارزۇگۇل قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇۋاتاتتى . بەش ياشلاردىكى ئوماق گۇلقىز تۇۋرۇكنىڭ تۇۋىدە ، ئارزۇگۇلنىڭ ئۇدۇلىدا پۇتىنى سۇ-پىدىن ساڭگىلىتىپ سامسا يەپ ئولتۇراتتى . كېيىن كىرگەن

www.uyghurkitap.com

ئابدۇراخمان :

— دادام تاھارەتكە سۇ دەيدۇ ، — دېدى ۋە چۆگۈن تەرەپكە يۈزلەندى .

— مەن ئۆزۈم ئاچىقىپ بېرىمەن ، — ھەمراخان جوۋۇنگە سۇ لىقلاپ ئىلدام چىقىپ كەتتى . پاتەمخانمۇ بايا ئېلىپ قالغان بەزى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ سارايغا چىقتى .

— شۇنداق قىلىپ ، ئابدۇراخمان ئاكا ، بىزنى تاشلاپ كېتەمسەن ؟ — دېدى ئارزۇگۈل دەستىلەنگەن چىنىلەرنى تەكچىگە تىزىۋېتىپ .

— تاشلاپ ئەمەس ، كۆزۈمنى ياشلاپ كېتىمەن ، — دېدى يىگىت .

ئارزۇگۈل لاپپىدە قارىدى - دە ، ئابدۇراخماننىڭ ئويناق كۆزىدە ئېچىنىش ۋە قاپقارا قويۇق كىرپىكىدە سىمابتەك لىغىرلا- ۋاتقان نەم نۇرلىرىنى كۆرۈپ لاسسىدە بوشىشىپ قالدى . ئۇ ، قولىنى قولتۇقىغا ئېرتقاچ مۈڭلىنىپ تامغا يۆلەندى ، ئاندىن ئۆسكىلەك چىچىنىڭ پۆپۈكىنى تاراپ يەرگە قاراپ تۇرۇپ :

— ئۇنتۇپ قالمىساڭلا بولاتتىغۇ ، — دېگەننى ئارانلا ئېيتا- لىدى . ئۇ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ ، ئىچ - ئىچىدىن قايناپ كېلىۋاتقان ئېسەدەشنى كۈچ بىلەن توسۇۋاتاتتى .

بۇ چاغدا سارايدىن چىققان پاتەمخان ئۇدۇللا ھويلىغا چىقىپ كەتتى .

— مەن سىزنى ئۇنتۇمايمەن ، — دېدى يىگىت تەلمۈرۈپ تۇرۇپ .

— راستمۇ ؟

— راست بولمايچۇ .

— راست كېلەمسەن ؟

— كېلىمەن . خۇدا خالىسا چوقۇم كېلىمەن ، سىزنىڭ ئۇ- چۇن بولسىمۇ كېلىمەن . سەن چوڭ بولۇپ تۇرغىن .

— مەن چوڭ بولۇپ تۇرىمەن . مەن… مەن … —قىز بېشىنى تېخىمۇ ئېگىپ سەل يانتۇ بولدى ۋە ، — شۇنى ئۇنتۇمىدىڭ بولاتتىڭغۇ ، — دېگەننى ئاستا قوشۇپ قويدى .

— مەن سېنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن .

— مەن سېنىڭ ئۈچۈن چوڭ بولۇپ تۇرىمەن ، — بۇنى دادىل ئېيتقان قىز قىيا قاراپ ئوتلۇق كۆزىنى يىگىتكە ئوقتەك قاداپ تۇراتتى . ئۇمۇ شۇ تەقلىدتە قاراپ قالدى ۋە ئاستا ، — خەتكىمۇ مېنى سېلىپ يازامسەن ؟ — دېدى .

— ھەئە ، يازىمەن .

— نېمىدەپ يازىسەن ؟

— ئارزۇگۈلۈم دەپ…

شۇ ئەسنا ئانىلارمۇ خۇشال - خۇرام كىرىپ كېلىشتى . ئارزۇگۈلمۇ ئىشقا كىرىشتى .

## 3

«بالىنى ئوقۇشقا ئەۋەتمىسەممۇ بوپتىكەن» دەيتتى مۆمىن ئاكا بەزىدە ئۆز - ئۆزىگە ئەپسۇس بىلەن پىچىرلاپ ، چۈنكى ئابدۇراخمان كەتكەندىن كېيىن ھەمراخاننىڭ ئىشى يىغلاشتىنلا ئىبارەت ئىدى . ئۇ يا تۈزۈك بىر نەرسە يېمەيتتى ، يا ئارامدا ئۇخلىمايتتى . مۆمىن ئاكا بىچارە مەزلۇمگە ئىچى ئاغرىپ يۇمشاق سۆزلەر بىلەن تەسەللىلەر بېرەتتى . بەزى كېچىلىرى ئۆزىمۇ ئۇخلىيالماي تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى .

مۆمىن ئاكىنى كىشىلەر «خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى ، ئايدىغىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان ئادەم» دەپ تەرىپلىشەتتى ۋە ھۆرمەت - ئىززەت قىلىشاتتى . ئۇ راستتىنمۇ چىن ئۇيغۇر ئەمگەكچىسىگە خاس ئاق كۆڭۈل ، ئاددىي - ساددا ، ھالال نىيەت ، خۇش پېئىل بىر كىشى ئىدىكى ، چوڭغا چوڭ ، كىچىككە كىچىكلىك

قىلمايتتى . كىمنىڭ قانداق ئىشى بولسا ، ئۆزىنىڭ ئىشىدەكلا جان ـ دىلىدىن كۆيۈنۈپ قول سېلىشاتتى ، يالغان سۆزلەشنى يامان كۆرەتتى . ئۇ ، قولىدىن كۆپ ئىش كېلىدىغان بىر كىشى بولۇپ ، ئاساسەن جامائەتنىڭ ئىشىنى ئېتەتتى . ئۇنىڭ كېپۈرى بىلەن يوغان چويلىسى كۆپ ھاللاردا ئۆز ئۆيىگە كەلمەي ، ئۆۋەتتە تۇرغان ئۆيلەرنىڭ تالىشىش ـ تارتىشلىرىغا كېتەتتى . بىرەرسىنىڭ ئايىغى يا كىيىمى يىرتىق ۋە ياكى چاچلىرى ئۆسۈك تۇرغىنىنى كۆرسە ئىچى پۇشاتتى ـ دە ، «ئەكەل ، ھويلىغا كىرگىنە» دەپلا پۇتتۇرۇۋېتەتتى . بەزى بالىلىق ياكى بىجۇمبوش ئايالالار قاملاشـ تۇرالمايۋاتقان بولسا ، گەزنە ، رېپىدىلىرىنى قولىدىن ئېلىپلا نانلىرىنىمۇ يېقىۋېتەتتى . كىشىلەرنىڭ پالتا ، كەكە ، كەتمەنلىرىـ نى ساپلاپ بېرىشمۇ ئادەتتىكى ئىش ئىدى .

ئۇ ، كىشىلەردىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايتتى . شۇنداقلا كىشىلەر نەرسە بەرسىمۇ يۇمشاق كۈلۈپ «ھەشقاللا ، خۇدا رەھـ مەت قىلسۇن !» دەپ ئالاتتى ـ دە ، بالىلارغا ياكى غېرىب ـ غۇرۋالارغا بېرىۋېتەتتى . شۇڭا بۇ يۇرتتا ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرەرمۇ كىشى يوق ئىدى .

مۆمىن ئاكىنىڭ ھويلىسىغا كىرگەن كىشىنىڭ قايتىپ چىققۇسى كەلمەيتتى . ئۇ ، باغۋەنچىلىككە ھېرىس ۋە گۈل خۇمار ئادەم ئىدى ، قەشقەر تەۋەسىدە باركى مېۋە زاتىنىڭ ھەممە تۇرلىـ رى ئۇنىڭ باغ ۋە ھويلىسىدا بار دېيىشكە بولاتتى . ئۇ كۆچەت ئۇلاشنىڭ ، يېڭى مېۋە سورتلىرىنى يېتىشتۇرۇشنىڭ ماھىرى ئىدى . ئۇ ، قەشقەرنىڭ پىپى ، يارما ، كەسمە ، تەشمە ۋە قوزۇق ئۇلاق قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇلاق ئۇسۇللىرىنى كامىل بىلـ گەننىڭ تاشاينىدا يەنە «چاپلىما» ئۇلاش ئۇسۇلىنى ئۆزى تاپقانىدى .

گۈللەر ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر خۇسۇسىدىمۇ مۆمىن ئاكا تۇرلۇك ئىشلارنى قىلىپ كۆرگەن . توغراققا تىرەكنى ئۇلاش

ياكى قىزىلگۈلنى ئۆلاش، يانتاقنىڭ كۆتىكىدە تاۋۇز ئۇرۇقىنى ئۇندۇرۇش ياكى يانتاقتا تاۋۇز پىلىكىنى ئۆلاش قاتارلىق ئىشلار-دىمۇ بەزى نەتىجىلەر كۆرگەنىدى.

قىسقىسى، مۆمىن ئاكىنىڭ ھويلىسى بىر جەننەت ئىدى. ئۇنىڭدىكى ئايىنىپ ئۆسكەن ئاق ئۈجمە بۇ جەننەتنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سايىسىگە قويۇلغان يوغان كۆپ بولسا، پۈتۈن بىر يۇرتنىڭ چەشمە بۇلىقى سۈپىتىدە كۆڭۈللەرگە ھۇزۇر، يۈرەكلەرگە ئارام بېغىشلايتتى. شۇڭا پۈتۈن مەھەللى-نىڭ قىز ـ چوكانلىرى دېگۈدەك بۇ ھويلىغا ئولىشىپ، يۈرەك ناخشىلىرىنى توۋلىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ ئويى-نىشىپ، چاق ئېگىرىپ، دوپپا ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تى-كىپ، مېھىر ـ مۇھەببەتلىرىنى تۆكۈپ بۇ جەننەتكە تېخىمۇ جان كىرگۈزۈۋېتەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكەن ـ كەچكەن، ئېتىز ـ ئېرىققا بارغان ۋە يانغانلار بۇ ھويلىغا بىر پاتىمە ئوقۇماي ئۆتمەيت-تى. ئۇنداق چاغلاردا مۆمىن ئاكا خۇش كۈلۈپ: «ھە كەلسىلە، كېلىشسىلە، باياتىن ھەرقايسىلىرى يوق، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالغانىدى» دەيتتى.

ۋەھالەنكى، ئابدۇراخمان كەتكەندىن كېيىن كەيپىيات پۈتۈن-لەي ئۆزگىرىپ، ئۆزلىرى ئىشچان، بىساتلىرى سەرەمجان بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممە بارىدا پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ، ئاسايىش-لىق، ئارامبەخشلىك ھايات قاينايدىغان ھويلىمۇ چۆلدەرەپ قېلى-ۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. چۈنكى، ھەمراخان ھامان يىغلاپ يۈرگەندە كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل سوراپ كىرگەنلىرى بولمىسا، باشقا چاغدا كىرگۈسى كەلمەيتتى. بۇ ھال مۆمىن ئاكىنىڭ بارغانسېرى ئى-چىنى پىشۇرماقتا ئىدى. ئۇ «ھەممە خىسلەت ئابدۇراخماندى-مىكىنە؟...» دەپمۇ ئويلايتتى ۋە بۇ خىل كۆڭۈلسىز كەيپىياتنى ئۆزگەرتىشكە، تۇغقىنىشكە، ھەمراخاننىڭ سۇنۇق كۆڭلىگىمۇ ئا-شۇ ئىلگىرىكىدەك خۇشال ـ خۇراملىق كەيپىياتلىرى بىلەن ئارام

بېرىشكە كۆڭۈل بۆلۈپ ، كىشىلەرنى باغ ـ ھويلىسىغا تەكلىپ قىلىدىغان بولدى . يەنە ئىشلار ئىزىغا چۈشۈپ ، روھىي مەدەتلەر ھەسرەت ھارارەتلىرىنى پەسلەتمەكتە ئىدى . جامائەتنىڭ ئابدۇ-راخمان ھەققىدىكى ئۈمىدۋار تىلەكلىرى ۋە «يىغلىشىپ يامان بولىدۇ» دەپ بەرگەن تەسەللى تەسىرلىرى زور ئارام ۋە دەرمان بولماقتا ئىدى .

ئەپسۇسكى ، شۇ كۈنلەردە گۈلقىزنىڭ تۆپە ـ تۆپىلەپ قاپتىق ئاغرىپ ، ئاقىۋەتتە ئىككى كۆزىنىڭ كۆرمەس بولۇپ قېلىشى بىچارە ئاتا ـ ئانىلارنى ھەممىدىن بەك بىئارام قىلىۋەتتى . ئۇلارنىڭ ئەمدىكى پىكرى ـ زىكرى ، ئاشۇ قىزنىڭ كۆزى كويىدا ئىدى . بۇ كۈنلەردە بەزىلەرنىڭ «ھەمراخان تولا يىغلاپ تېپىۋالدى» دېگەن سۆزلىرىمۇ خۇددى يارىغا يېڭنە سانجىغاندەك تۇيۇلۇپ ، جانىنى ئاغرىتاتتى .

شۇ كۈنلەردە ئابدۇراخماندىن خەت كەلدى . خەتتە : ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، چوڭ ـ كىچىك ، قوشنا ـ قولۇملارغا سالام يوللىغان ۋە ئارزۇگۈل بىلەن گۈلقىز ئۇكىلىرىنى ئالاھىدە سورىغاندىن بۆلەك ئارتۇقچە گەپلەر يوق ئىدى . چۈنكى ئۇ ئۆز ۋاقتىدا كۆپىنچە يۇرتىنىڭ سالام خەتچىسى بولغىنى ئۈچۈن ، بەزىلەر يازدۇرغان خەتلىرىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى ئادەملەر ئىسمى بىلەن تولدۇرىدىغان . ۋەھالەنكى ، سالام خەتتىمۇ تۆر تالىشىدىغان قەشقەرلىقنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلەتتى ۋە ئۇنداقلار ئۇستىدىن كۈلەتتى . شۇڭا ئۇ خەتنى خۇددى ماھىر يازغۇچىنىڭ تىللىرى تاتلىق ھېكايىسىدەك ئەپچىل ، جۈملىلىرىنى ئىخچام ۋە راۋان قىلىپ قىسقىلا يازغانىدى . شۇنداق بولسىمۇ بۇ كىچىككىنە خەت پۈتۈن يۇرتنى دېگۈدەك ئارىلاپ چىقتى .

ئابدۇراخمان خەتنى قاراشەھەردىن يازغان ، ئۇرۇمچىگە تىنىچ ـ ئامان بارسىلا ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى ۋە ئۇكىلىرىغا نەرسە ـ كېرەك ئەۋەتىدىغانلىقىنى ، تېزلىكتە خەت يازىدىغانلىقىد-

نى ئىزھارلىغانىدى . ئەمما خەتنىڭ ئاخىرىدا «نېمىشقىمۇ يېشىمغا بىر ـ ئىككىنى بىكاردىن قوشۇپ ئون سەككىزگە ئالدىراپ كىرىۋالغاندىمەن...» دەپتۇ . بۇ گەپكە ھەممە كىشى ھەيران قالدى . ئاتا ـ ئانا باغرىغىمۇ ھەسرەت ھارارىتىنى سالدى . ئەمدى گەپنى ئابدۇراخماننىڭ ئەھۋالىدىن ئاڭلايسىلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## دەھشەتنىڭ باشلىنىشى

بەس ئەي كۆڭۈل ساڭا نېمە بولدى ،
تەقدىرىڭگە تەن بەرگىل سەن ھەم .
نېمە ئىكى قىش پەيتى سولدى ،
ئېلىپ قايتار ئۇنى ساز كۆكلەم .

— گېنرىخ گېينى

### 1

«ئۇرۇمچىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى»نىڭ ساختا سىرتمىقىغا چۈشكەن ياشلار باركۆلگە ئەكېلىپ سەپكە تىزىلغانلىرىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ھېچقانداق ئىلاج ۋە ئىمكانىيەتكە پۇرسەت قالمىغانىدى . بۇ يەردە دەھشەتلىك قاتتىق رېجىم ئورنىتىلغانىدى .

ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە خەنزۇچە ئىسىم قويۇلدى ۋە بۆلۈم - بۆلۈملەرگە بۆلۈندى . كۆپ ئۆتمەي قورال تۇتقۇزۇلدى . قوراللىرىنىڭ تولىسى شىداچياڭ (ئوتئاتار ئىنگلىز مىلتىقى) ، «توتۇك» (فرانسۇز مىلتىقى) ۋە ئانچە - مۇنچىسى «سانبا» (ياپون مىلتىقى)دىن ئىبارەت بولۇپ ، ھەممىسى دېگۈدەك كونا ئىدى . بۇ يېڭى ئەسكەرلەرگە ئوق بېرىلمەيتتى . ئەتراپتىكى قاتمۇقات

پوتەيلەرگە بولسا، ئىغىر - يېنىك پىلىموتلار ئورۇنلاشتۇرۇل-
غان؛ پەقەت قوغدىغۇچى - قاراۋۇللار بىلەن باشلىق، كانۋويلار-
دىلا مىلتىق، تاپانچا ۋە ماۋزۇرلار ئوق - دورىلىرى بىلەن تولۇق
بولاتتى. بۇ يېڭى ئەسكەرلەرگە قۇرۇق مىلتىقلارنىلا كۆتۈرگۈ-
زۈپ كەچكىچە مەشىكە دەسسىتەتتى. بۇ دەسسىتىدىغان ۋە باشقۇ-
رىدىغانلار پات - پات ئالمىشىپ تۇراتتى.
ئەسكەرلەرگە كىيدۈرگەنلىرى ئۆسۈملۈك سۈيىدە بويالغان
پاختەك تۈكى رەڭلىك ماتا «جۇڭيى»، تەمىناتلىرى بولسا، ئاسا-
سەن هور نان بىلەن لوبو سەيدىن ئىبارەت ئىدى. بۇلارنىڭ نامى
«ئەسكەر» بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە تۇتقۇن بولۇپ، تۇزۇملەر
تۇرمىدىكىدىن پەرقسىز ئىدى. ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئىشپىيونلار-
مۇ بار بولۇپ، هەربىر سۆز ۋە هەرىكەت مىڭ كۆز بىلەن پايلاق-
لىق ئىدى.
بۇ كۈنلەردە قازاق ئاۋۇللىرىنىڭ مانپاڭ، زەڭگى، زالۇڭ
ۋە ئۇكرىداي ئەمەلدارلىرى هەر يان ئات چاپتۇرۇپ، ئالەمنى
مالەم قىلىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار ئالتاي تەۋەسىدىن بارىكۆل تەرەپ-
لەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان قازاقلارنى ئىزدەپ تاپماق-
تا، هەيدەپ كەلمەكتە ۋە ئات - تۆگىلەرنى سەيسىگە تۇتۇپ
تۇركۈم - تۇركۈم كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئادەملەرنىڭ توۋلاشلى-
رى، ئات - ئۇلاغلارنىڭ كىشنەش، مۆرەش - مەرەشلىرى،
بوتىلىق تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى ۋە ئىتلارنىڭ هاۋشىشلىرى
قوشۇلۇپ مۇڭلۇق بىر سىمفونىيىنى ئەسلىتەتتى.
نۆۋەتتە يەنە بىر قېتىملىق رەتلەش ۋە سەپلەشلەر بولدى.
بۇ قېتىم ئابدۇراخمان (ئاجەنشىنىڭ) بىر پىلىموتچىغا ياردەمچى
قىلىپ بەلگىلەندى. پىلىموتچى ياڭ فامىلىلىك، ئېگىز بويلۇق،
كەم سۆز بىر يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزى چۇسراق، ئەپتى
سۆرۈن ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ گۇاڭدۇڭ شېۋىسىدە سۆزلىشى
ئەلپازىنى تېخىمۇ قوپال كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەمما ئابدۇراخمان-

نىڭ ئەپچىللىكى، ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلىش خىسلىتى، پات - پات ياردەمچى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ياڭنى قايىل ۋە مايىل قىلدى. ياڭ ھەدېسىدىلا «ئا جەنشىدىڭ» دەپ تۇرىدىغان بولدى.

بۇلۇتلۇق بىر ئەتىگەن ئىدى. گۈگۈمدىلا يىغىلىش سىگنالى چېلىندى. پەيجاڭدىن يۇقىرى باشلىقلار تۆەنبۇغا توپلانغىلى تۇردى، ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا تارقىلىشقا باشلىدى. ئەتراپلار بولسا، قارا قاغىدەك قاراۋۇل تولۇپ كەتتى. يۇك - تاق تېڭىشقا بۇيرۇق بېرىلدى. ئاندىن ئۇماچ جېڭى باشلاندى. گوگوزا (كاتىلوك)لارنىڭ جاراق - جۇرۇقلىرى، ئېغىز ۋە ئاياغلارنىڭ شاپۇر - شۇپۇرلىرى ناھايىتى جىددىيلەشمەكتە ئىدى. باشلىقلار «جىخې» دەپ ۋارقىراشماقتا؛ سەپكە كېيىن قالغانلارنىڭ ساغرىلىرىغا تەپمەكتە ۋە بەزىلىرىنىڭ تېخى ئۇمىچى تۈگىمىگەن گوگوزىلىرىنى تېپىپ چوڭقۇرلارغا چۇشۇرۇۋەتمەكتە ئىدى.

باركۆلنىڭ ئەتراپىدىكى تىزما تاغلار خۇددى چۆكۈنۈپ ياتقان سان - ساناقسىز يۇكلۇك تۆگىلەرگە ئوخشايتتى. ئەنە شۇ سانسىز سەپلەر تۇركۇمى تۇشمۇتۇشتىن بىر كەڭ جىرا ئىچىگە كىرىپ غايىب بولماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىگىز ئۆيلەر، كېرىگىلەر ۋە قوش چېدىرلار، ئوزۇق - تۈلۈكلەر ئارتىلغان يۇكلۇك تۆگىلەر كارۋىنى قاتارلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. تۆگە يېتىلىگەنلەرنى يانداپ، قىيا - چىيا بىلەن ئەگەشكەن ئەر - ئاياللار بىلەن باللارنى بولسا ئاتلىق ئەسكەرلەر ئورۇپ قوغلاپ، قورال تەڭلەپ قورقۇتۇپ قايتۇراتتى.

ۋاقىت چۈشكە يېقىنلاپ قالغان مەزگىلدە سەپنىڭ ئالدى - كەينى تاغ ئارىسىدىكى كەڭ بىر سايغا يىغىلىپ بولدى. چوققىلاردا قارا قاغىدەك قاراۋۇللار ئات چاپتۇرۇپ يامراپ يۇرەتتى. سايىنىڭ كەڭ بىر يېرىگە تۇركۇمى بويىچە توپلانغانلارنىڭ چەمبىرەك شەكلىدە دائىرە ھاسىل قىلىپ تىزىلىشلىرىدىن چوڭ مەي-

ىدان ، سۇرلۇك بىر سەينا بەرپا بولۇپ ، بۇ يەرگە ئاسمان كۆزلى-
رىدىن سىم - سىم يامغۇر سۇيى سىپىلمەكتە ئىدى . ئەنە شۇ
مەيداننىڭ ئوڭ ياقىسىدىكى دۇگىلەك دۆڭ ئۇستىدە بەللىرىگە
كەمەر باغلاپ تاپانچىلار ئاسقان بىر تۇركۇم باشلىقلار بىلەن بويۇن
ۋە بەللىرىگە كۆن قاپلىق ئوقدان ، يانلىرىغا قوش - قوشلاپ
ياغاچ غىلاپلىق ماۋزۇر ئاسقان كانۋوي ۋە ئوفىتسىرلارمۇ ھەيۋەت
بىلەن غادىيىپ تۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پىلاش يىپىن-
غان ئىگىز بوي ، ياپما قاپاق ، كىرپە بۇرۇن ، سۇرلۇك بىرى
بويىنىغا ئىسىۋالغان دۇربۇنى بىلەن ئەتراپقا نەزەر سالماقتا ئىدى .
كىشىلەر ئۇنىڭغا ئارىلاپ «جاڭ سىجاڭ» ، «جاڭ زىخۇي» دەپ
خىتاب قىلىشاتتى . جاڭ زىخۇي كانىيىنى كېرىپ ۋارقىرىدى .
ئۇنىڭ ئاۋازى تاغ - تاشنىڭ ئەكس ساداسى بىلەن تېخىمۇ سۇر-
لۇك ۋە ھەيۋەتلىك جاراڭلايتتى . ئۇ ، ئالدى بىلەن سەپەردە دىق-
قەت قىلىشقا تېگىشلىك نىزام - قائىدىلەرنى جاكارلىدى ، ئاندىن
كېيىن غەزەپلىك ۋارقىراپ «ھەربىي تەرتىپ»نى بۇزغان ئىككى
«جياخو»نى مەيدانغا ئەكىرىشكە بۇيرۇدى .

ئاق باش ئاتان تۆگىنى قاپقارا بىر قازاق مەيداندا يېتىلەپ
كىرگەندە ، ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىن نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى
تەڭلىگەن ئەسكەرلەر يالاپ كېلىشتى . تۆگىگە بولسا ، ئىككى
كىشى بىرى ئوڭ ، بىرى تەتۇر مىندۇرۇلگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ
پۇتلىرى تۆگىنىڭ تۆشى ئارقىلىق مەھكەم باغلانغانىدى .

بۇ ئىككى يىگىتنىڭ بىرى قەشقەر يېڭىسارلىق سىيىت ، يەنە
بىرى ياپچانلىق ياقۇپ ئىدى . ئۇلار بۇ دوزاختىن قاچقانلىرىدا
تۇتۇلۇپ قالغان كۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئالتە كىشىگە باستۇ-
رۇپ ، كالتەك بىلەن بولدى دېگۇچە ئۇرۇلغان . بىھوشلىنىپ ،
ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن قان ۋە كۆپۈكلەر ئېقىپ ياتقانلىرىدا ،
پۇت - قوللىرىغا كويزا - كىشەنلەر سېلىنىپ ، يەر ئاستىدىكى
سېسىق زەي تۇرمىگە تاشلىۋېتىلگەنىدى . ھازىر ئۇلارنىڭ چىراي-

لىرى ساماندەك سارغىيىپ، چاچلىرى پاخپىيىپ، ئەپتى بەكمۇ يامانلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار تۆگىدىن چۈشۈرۈلگەن چاغدا ساز-جاق ــ سانجاق نەيزىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى.

ــ ھەربىي تۈزۈمنى بۇزۇپ سەپتىن قاچقان بۇ ئەبلەخلەر ئۆلتۈرۈلسۇن! ــ دەپ ھۆكۈم جاكارلىدى جاك زىخۇي.

نەيزىلەر شىددەتلىك ھەرىكەتتە ئىدى. ئۇلار ئىتتىرىلىپ بىر چوڭقۇرغا چۈشۈرۈلدى ۋە نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

تامدەك تاتارغان سانسىز جانلار باركۆل تاغلىرى ئارىسىدا ئادەملەر ۋەھشىيلىكىنىڭ ئاجايىپ دەھشەتلىرىدىن ئەنە شۇنداق قانلىق كارتىنىلارنى كۆرمەكتە ئىدى.

ئابدۇراخمان (ئاجەنشىڭ) قاتتىق بىر ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنىدى ۋە بىلىنەر ــ بىلىنمەس ئۇھ تارتتى. ئۇ، يېنىدىكى جاپپار (جايىڭسەي)غا كۆز قىرىدا قاراپ قويدى ۋە «كۆرۈۋاتامسەن» دېگەندەك ئىشارە قىلدى.

قانلىق ئازگال تېزلىكتە تىندۇرۇلدى ۋە يۈرۈش پەرمانى بېرىلدى.

## 2

گۇچۇڭ شەھىرى پاكار سېپىل بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە سوقما تاملىق سانسىزلىغان زومچەك ئۆيلەر مۆڭ-لىنىپ تۇراتتى. بۇ سان ــ ساناقسىز ئەسكى تاملار خارابىسى بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆتمۈش سەرگۈزەشتىدىن دالالەت بېرەتتى. بۇ يەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان («كونا ئەسكەرلەر» دەپ ئاتىلىدىغان) ئون ئىك-كىنچى پىيادە پولك بار ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى يېڭى ئەسكەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گومىنداڭ قىرىق ئالتىنچى دىۋىزىيىسىنىڭ كېلىپ قوشۇلۇشى بىلەن گۇچۇڭدىن ئىبارەت بۇ

كىچىككىنە شەھەر گويا كى چوڭ مولىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشاش ئەس-كەرلەر قايىنىمىغا ئايلىنىپ كەتتى . بۇ «كونا - يېڭى»لارنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ «ئامراقلىقى»غا ئوخ-شايتتى . ئۇلار ھامان بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇراتتى ، پۇرسەت ۋە ئىمكان تاپسىلا بىر - بىرىنى ئۇراتتى . ئۇلار ھەممىلا كوچا - كويدا كېچە - كۈندۈز يامراپ يۈرەتتى . كۈندۈزى قىمار ئوينايتتى ، كېچىلىرى بولسا ، خەلقنى بۇلايتتى ياكى ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلاتتى . «يېڭىلار» تىزغىنچە سېرىق پايتىما ئوراي-دىغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇلارنى «سېرىق پاچاقلار» دەپ ، كې-يىنچە بولسا كاللىسى ئىشلىمەيدىغان قاپاق باشلار «شاڭنوجۇڭ-لەر» دەپ ئاتايدىغان بولدى .

ئابدۇراخمان ئۆزىگە تونۇشلىكى باللارغا : جېدەل - غوۋغا ، يامان ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق ، خەلقنىڭ قارغىشىغا قالماسلىق ھەققىدە مەسلىھەتلەر بېرىپ ، نەسىھەتلەر قىلىپ : «ئەل قارغى-شى ئوق ، بىز بولساق ئوق - دورا ئارىسىدا يۈرمەكتىمىز ؛ ئەل قارغىشىنى ئالساق ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيمىز...» دەيتتى .

ئابدۇراخماننى ھەممە باللار ياخشى كۆرەتتى ، ئۇنىڭ گېپى-گە كىرەتتى . ئەمما ئاز ساندىكى ياغاچ قولاقلار بولسا ، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ ، كۆرگۈلۈكىنى كۈندە مىڭ كۆرۈپ يۈرەتتى .

## 3

كارۋان سەپەردە ئىدى . سەپنىڭ باش - ئايىغى كۆرۈنمەيت-تى . ئۇلار سان - ساناقسىز ۋە چەكسىز قۇم بارخانلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئالتاي قۇملۇقىغا ئىچكىرىلەپ باراتتى . بۇ يەردىكى سەپلەش ۋە تولۇقلاپ رەتلەشتە ئابدۇراخمانغىمۇ بىر بەنجاڭنىڭ ئېتىنىڭ قۇيرۇقى تۇۋۇدىن ئورۇن تەگدى . ئۇ ، چار-

لىغۇچى لىيەن ئىككىنچى بەنىنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى بولۇپ بەلگىلەنگەندى. ئۇ، ھازىر ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭغان قىسىمدا باراتتى.

ئۇزۇن سەپلىك پىيادە ئەسكەرلەر كالونى ئاتلىقلارنىڭ قاتتىق «قوغداشلىرى» ھەم ئۇلارنىڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى ئارتقان نەچچە يۈزلىگەن تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئەگىشىشلىرى ئارقىسىدا مەشھۇر ۋە پايانسىز ئالتاي قوملۇقىنى ئارىلاپ، تالاي ـ تالاي تەن ۋە پۇتلارنى يارىلاپ ئۆتۈپ، بىر ھەپتە دېگەندەك بىر كىچىك دەرياغا كېلىپ يەتتى. دەريا شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، قاتمۇقات تاغلارنى ئارىلاپ ئېقىپ كېلەتتى. قوشۇن يېتىپ كەلگەن جايدا جەينەك ھاسىل قىلىپ شەرقىي جەنۇبقا ئەگىپ كېتەتتى. دەريانىڭ ئاشۇ ئەگىمى بويىدىكى كەڭ قاپچىغايدا باراقسان ئاق تېرەكلەر (تاغ تېرىكى) ئۆسكەن بولۇپ، بۇ ھەيۋەت يوغان قېرى تېرەكلەرنىڭ قوۋزاقلىرى سويۇلۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. يىقىلىپ، سۇنۇپ، سېسىپ ياتقان ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ۋە ھەيۋەت غوللارمۇ بۇ يەرلەرگە ئادەم ئەۋلادىنىڭ ناھايىتى كەم قەدىمى يېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ يەردە كۈز باشلانغان، تېرەكلەرنىڭ ئالتۇن رەڭ يوپۇرماقلىرى ئانچە ـ مۇنچە تۆكۈلۈشكە باشلىغان كۈنلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ بوك ـ باراقسان تېرەكلىكنىڭ سايىلىق ئاستى مۇنداق قاراشتا بەئەينى شەھەرلەردىكى ئىستىراھەت باغلىرىنىڭ ئارامبەخش بوستانلىرىنى ئەسلىتەتتى. بۇ ئاسايىشلىق جاي جاپالىق سەپەردىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن جاڭ زىخۇينىڭ كۆتۈرەم قوشۇنلىرىغا بېھىشتەك بىلىنىدى. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپلەردە خۇددى قىرچاڭغۇ ئاتلاردەك سوزۇلۇپ ۋە ئېغىناپ ياتماقتا ئىدى. جاڭ زىخۇينىڭ ئۆزىمۇ خېلى چارچىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىشنى ئويلايتتى.

ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. جاڭ

زىخۇي ئۆزىنىڭ چېدىرى ئورۇنلاشقان قولتۇق تۇۋىدىكى قاشقا
دۆۋىلىنىپ قالغان قۇم ئۇستىدە ئۇزۇن سوزغان پۇتلىرىنى مىن-
گەشتۇرۇپ ، گەجگىسىنى ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئېلىپ جاق
ئوڭدىسىغا ياتاتتى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى كۆزى بوز بۇلۇتلار
لەيلەپ ئۆتۈۋاتقان ئاسماننىڭ قەيىرىگىدۇر قادىلىپ قالغان بول-
سا ، كۆڭۈل ئېكرانىدا خېنەننىڭ چىرايلىق شەھەرلىرى ، كىچىك
پۇتلۇق ، كەم سۆزلۈك ئاپىسى ۋە «تۆمۈر تىرناق» نامىنى ئالغان
ئېگىز بويلۇق تاقىرباش ، دۇمچەك دادىسى ، ئوقۇغان مەكتىپى ،
شىئەن ۋە ئۇرۇمچىلەردىكى بىرنەچچە يىللىق ھەربىي خىزمەت
ئورۇنلىرى ھەم نيەنزىگۇ كوچىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئەپچىل
ئۆيدە كۇتۇۋالىدىغان كەسمە چاچلىق ، كۆپ سۆزلۈك ، كۇلگۇن-
چەك تەتەي ئاشىنىسى بىر - بىر ئۆتسە ، بۇ نۆۋەت مەنسەپ
دەرىجىسى ئۆرلەپ ئالتايغا قوشۇن تارتىپ كېتىۋاتقانلىقى ، ئۇ
يەردىكى نادان قازاق باندىتلىرىنى بىتچىت قىلىپ يوقىتىپ ،
يانچۇق - يانچۇقلارغا ئالتۇن قاچىلاپ كېلىدىغانلىقى ...
ھەققىدىكى تاتلىق خىياللارنىمۇ تۇگىتەلمەي ياتتى . بۇ چاغدا
ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى قەيەردىدۇر بىرىنىڭ خۇددى بىشەم
خوتۇن يىغلىغاندەك چىرقىرىتىپ چېلىۋاتقان غېجەكنىڭ ئاۋازى
بۇزۇپ قويدى . بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا بەئەينى قارا ھەرە گىژىلدىغاندەك
يېقىمسىز ئاڭلانماقتا ئىدى . ئۇ قۇيرۇقىنى كىرپە چىشلىگەن
يىلاندەك ئىرغىپ بېشىنى كۆتۈردى - دە ، كانۋوينى چاقىردى .
كانۋوي پەستە پۇتىنى يۇيۇۋاتاتتى . ئۇ ، لاتا ئاياغىنىڭ سوڭىغا
دەسسىگىنىچە سوكۇلداپ كەلگەندە ، قاپاقلىرى تۇرۇلگەن جاڭ
زىخۇي يولباشلىغۇچى قازاقلارنى چاقىرىشنى بۇيرۇپ ، ئۆزى ئو-
زۇنچاق كىچىككىنە دەپتىرىگە نېمىلەرنىدۇر يېزىشقا باشلىدى .
ئالتە قازاق قاتارلىشىپ كەلگەندە ، ئۇ قاپاقلىرىدىن قار ياغدۇ-
رۇپ تېخىچە شۇ دەپتەرگە قادىلىپ ئولتۇراتتى . كەلگەنلەر ئۇنىڭ
ئەلپازىدىن ھەر خىل كارامەتلەرنى كۆپ كۆرۈپ كېلىۋاتقانلار

بولغىنى ئۈچۈن ، بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ تۇرۇشاتتى .

— ئولتۇرۇش ، — دېدى جاڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا گۆلدـ يىپ قاراپ .

قازاقلار تىزلىنىپلا ئولتۇرۇشتى . جاڭ ئالدىغا خەرىتىنى يېيىپ قويۇپ ، يەر شارائىتى ھەققىدە سوراشقا باشلىدى . ھەممە دېگەندە سۆزنى چۇڭقۇلداپ سۆزلەيدىغان ، قاپقارا ، پاكىنەك مۇ-قاش ئالدى :

— مەن ••• — دەيتتى ئۇ مەغرۇرانە كۆكرەك كېرىپ ، — بۇ يەرلەرنىڭ تىغىدىن تېشىغىچە ھەممە نېمىسىنى بەش قولدەك بىلىمەن ، ماۋۇ ئۆزەن ، — دەيتتى دەريانى قولى بىلەن كۆرسىـ تىپ مۇقاش ، — چىڭگىل قۇيغىنى دەپ ئاتىلىدۇ . مۇشۇ ئۆزەنـ نى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ بىر يەرلەرگە بارغاندا تۆت تاغنىڭ تۇگۇنىدە كەڭ بىر تۇزلەڭلىك بار . ئۇ يەردە ھەيۋەت بىر مەسچىت بار ، بەيت[1] بار . ئەل ئۇنى قارا جاباغى موللىنىڭ مەسچىتى دەپ ئاتايدۇ . شۇ مەسچىتتىن يۇقىرىلاپ بىر يەرلەرگە بارغاندا سول-تۇستۇك (شىمال) تەرەپتىن كىچىك بىر ئۆزەن كېلىپ مۇشۇ ئۆزەنگە قوشۇلىدۇ . ئەل ئۇنى چاڭقان قۇيغىنى دەيدۇ . دەل شۇ چاڭقان قۇيغىنىدىن كۇنچىقىشقا قاراپ دەريانى ياقىلاپ ئۇڭغا ماڭسا چىڭگىل ئاۋدانىغا (ناھىيە بازىرىغا) ، غەربىي شىمال تەـ رەپكە ئۇدۇل ماڭسا كۆكتوقايغا ، غەربكە ماڭسا سارتوقايغا ، ئاذـ دىن بۇرۇلتوقايغا بارغىلى بولىدۇ•••

مۇقاشنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قازاقلار-مۇ باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپ «دۇرۇس••• دۇرۇس••• » دېيىشـ تى . دەر ھەقىقەت ، ئۇلارنىڭ ھەنىۋاسى ئەسلىدە ئالتاي ئېلىدىن بولۇپ ، باندىت ئوسماننىڭ كاساپىتىدىن ئەل - يۇرتىدىن ئايرىـ لىپ ، باركۆلگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ؛ ئەمدى بولسا ،

---

① بەيت — زاراتگاھلىق ، قەبرىستانلىق .



www.uyghurkitap.com

گومىنداڭنىڭ يەرلىك ياللاقچىلىرى زەڭگى ، زالۇڭلارنىڭ تۇتۇپ بېرىشى بىلەن بۇ جاڭ زىخۇينىڭ قوشۇنىغا «يولباشچى» بولۇپ ، مەجبۇرىي ھەيدىلىپ كېلىنىۋاتقانلار ئىدى .
مۇقاشنىڭ سۆزى داۋامىدا بىگىز قولىنى خەرىتىگە قاداپ ئولتۇرغان جاڭ زىخۇي ئەگرى ـ بۈگرى سىزىق ۋە توچكىلارنى بويلاپ بارمىقىنى دەممۇدەم يۆتكەپ باراتتى . ئۇزۇن قارا سىزىق (دەريا) نىڭ باش تەرىپىدە — شەرقىي تاغنىڭ تۈۋىدە قىزىل بىر توچكا كۆزگە چېلىقاتتى . بۇ ، چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ مەركىزى ئىدى . ئۇنىڭ شىمالىدىكى تاغ تىزمىلىرىنى غەربكە بويلاپ بىر يەرلەرگە بارغاندا يەنە شۇنداق قىزىل توچكا كۆرۈنەتتى . بۇ ، مەشھۇر مېتال كانى — كۆكتوقاي ناھىيىسى ئىدى . كۆكتوقايـ دىن توغرا غەربىي جەنۇبقا نەزەر سالغاندا ، يەنە شۇنداق بىر قىزىل توچكا ۋە ئۇنىڭ بىقىنىدا كىچىككىنە كۆك بەلگە كۆرۈنەتـ تى . بۇ كۆك بەلگە ئاتاقلىق ئالتاي بېلىقىنىڭ ماكانى — بۇرۇلتوقاي كۆلى ئىدى . بۇئۈچ ناھىيىنىڭ ماشتابىنى بىرلەشـ تۈرگەندە خۇددى ئۈچ بۇرجەك تۇمار شەكلىدە ئاجايىپ پايانسىز بىر ئالەم — قاتمۇقات ۋە تۈگىمەس تاغ تىزمىلىرىدىن تۆرەلگەن بىر دۇنيا ئەقلىمى قۇچاق يېيىپ ياتاتتى .
مەزكۇر قازاقلىرىمىز «باشلامچى» بولۇپ ئالتاينىڭ «بانـ دىت قازاقلىرىنى قىرىپ يوقىتىش» ئۈچۈن كېلىۋاتقان جاڭ زىخۇينىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئىبارەت ئۇ ئەجەل ئەرۋاھلىرى ئەنە شۇ تۇمار شەكلىنىڭ شەرقىي جەنۇب مەركىزىگە يېتىپ كەلگەـ نىدى .
قازاقلار قايتىۋاتقاندا ، چارلاشتىن كەلگەن ئابدۇراخمان باشـ چىلىقىدىكى يېرىم بەن ئادەم دەريا ياقىسى بىلەن كېلىۋاتاتتى . ئۇنى جاڭ زىخۇي چاقىردى . چۈنكى بۇ باشلىق جىددىي پەيتلەردە بىۋاسىتە چاقىرىۋېلىپمۇ سۆزلىشىۋېرەتتى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەقـ قىدە كۆپ گەپلەرنى ئاڭلاپ ۋە ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا

كۆز سېلىپ يۈرەتتى .

يۈگۈرۈپ كېلىپ ھەربىي سالام بەرگەن ئاجەنشىلىڭ : بارغان يەرلىرى ، كۆرگەن ئىزلىرى ۋە باشقىلىرىنى بىرمۇبىر ئېنىق سۆزلىدى . ئۇنىڭ مەلۇماتىدا «ئالاھىدە ئەھۋال يوق»لۇقىنى بىلـ گەن جاڭ زىخۇي دوكلاتنى ئېرەنسىز تىڭشىدى ـ دە ، ئۇلارغا دەم ئېلىش ئىجازىتى بەردى . بۇ چاغدا بايىقى قازاقلارمۇ قوملۇقـ تىن پەسكە تۆۋەنلەپ گۇدۇڭلىغىنىچە تۆگە قوشلىرى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى .

ئابدۇراخمان ئاتنى تېرەككە باغلاپ ئېيىللىرىنى بوشىتىۋاتـ قىنىدا ، قولىنى كەينىگە قىلىپ قاشتا تىك تۇرغان جاڭ زىخۇي ئۇنىڭغا چوڭقۇر نەزەر بىلەن قارىماقتا ئىدى . ئابدۇراخمان چىلان تورۇق ئاتنىڭ قاشقىسىنى يېپىپ تۇرغان يارىشىملىق ماڭلىيىنى سىلاپ ئەركىلەتكەندىن كېيىن ، ئۇستىباشلىرىنى قېقىشتۇرغىنىدـ چە سۇ بويىغا چۈشتى ، قول ـ باشلىرىنى يۇيۇپ ، ئاغىنىسى جاپپار (جايىڭسەي )نى چاقىرتىپ ، ئىككىسى بىللە تۆگىچىلەر تەرەپكە ماڭدى .

تۆگىچىلەر قوشى قاپچىغاينىڭ تۆۋىنىدىرەك ئىدى . ئابدۇـ راخمان كېتىۋېتىپ ، ئاغىنىسىگە :

— قەييۇم ئاكامنىڭ يېنىغا بارمىز ، بەلكى ئىسسىق كۆمەچ پىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ، — دېدى . جاپپارمۇ كۈلۈمسىردـ دى ، ئەمما ھېچنېمە دېمىدى . سۇ بويىدا ، تېرەكلەر ئارىسىدا تۆگىلەر ئوت ـ چۆپ ۋە غازاڭلارنى يەپ يۈرەتتى . بەزىلىرى كۆتۈرەم ئەسكەرلەردەك ئېغىناپ يېتىپ ئارام ئالماقتا ، كۆشىدـ مەكتە ئىدى .

ئابدۇراخمان ئوت ـ چۆپلۈك بەلنىڭ تۆۋىنىدىكى پەستە بىرنېمىلەر قىلىپ يۈرگەن قارا بۇرۇتلۇق قەييۇمنى نېرىدىن تونۇدى ـ دە ، يولنى ئۇدۇل شۇ تەرەپكە تارتتى ، سالامدىن كېيىن قەييۇمغا ئوچۇقىنىلا ئېيتتى :

— قەييۇم ئاكا، قورساققا بىر نېمە باردۇر؟

— بار، ئۇكام، بار، — دېدى قەييۇم دەرھاللا شوينا، جۇۋالدۇرۇزلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇزۇن ئالا تاغارنى يانتۇ قاشقا يايدى - دە، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆزى بېرىپ كۆسەي بىلەن كۆلنى كوچىلاۋېتىپ:

— بۈگۈن سىزنى كېلىپ قالارمىكىن، دەپ ئويلىغۇدىم، ئۇكام، چۈشۈمدە نان كۆرۈپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ ۋە چىلاندەك پىشقان كۆمەچنى جۇپ ياغاچقا قوندۇرۇپ ئەكەلدى. ئۇلار يانتۇ قاش باغرىدا، قىلقاپ ئۈستىدە چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ مۇڭداشماقتا ئىدى.

— ئۇكام ئابدۇراخمان، گۈچۈڭدىن سېلىۋەتكەن خەت تەگكەندىمۇ؟

— تەگكەندۇر، قەييۇم ئاكا، گۈچۈڭ بىلەن توقسۇننىڭ ئارىلىقى ئانچە ئۇزاق ئەمەسقۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، ئۆزىڭىزمۇ قەشقەرگە خەت سالغانسىز - ھە؟

— ھەئە، قاراشەھەردىن بىر پارچە سېلىۋىدىم، كېيىن باركۆلدىنمۇ ئىككى پارچە سالغان. گۈچۈڭدىنمۇ بىر پارچە خەت سېلىۋەتتىم.

— گۈچۈڭدىن ئاران بىر پارچە خەت سالدىڭىزمۇ، ئۇكام؟... مەن سىزدەك خەت قىلالايدىغان بولسام كۈندە بىر خەت سالار ئىدىم. كونىلار خەت يېرىم دىدار دېگەن ئەمەسمۇ؟ ئۆيدىكىلەر ئەنسىرەپ تەلمۈرۈپلا تۇرىدۇ - دە، بىزگە...

— ئۇغۇ ئەلۋەتتە شۇنداق، ئەمما شۇنىڭغا چولا نەدە، قەييۇم ئاكا؟

— ئۇ دېگىنىڭىزمۇ راست، ئۇكام، ئابدۇجاپپار ئۇكام، ئۆزىڭىزمۇ ئۆيگە خەت سېلىپ تۇرىدىغانسىز؟

— ئەلۋەتتە، قەييۇم ئاكا.

— قېنى ئېلىڭلارچۇ ؟ — دېيىشتى قەييۇم هورى چىقىپ تۇرغان ناننى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۈرگەچ، ئارىنى ئاز جىمجىتلىق ئارىلىدى . ئاندىن قەييۇم يەنە چاي لىقلاۋېتىپ دېدى :

— ئۇكىلار ، بىزنى تەقدىر بۇ كۇنلەرگە سېلىشىڭ : مۇشۇنداق مۇساپىرچىلىق دەشتلىرىدە تونۇشتۇردى . بۇ يەرلەردە بىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن بۆلەك كىمىمىز بار ؟ — قەييۇم مۇشۇ ئارىدا قاتتىق بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ۋە داۋام قىلدى ، — كىم بىلىدۇ ، بىزنىڭ جېنىمىز ئامان قالامدۇ ؟ يا تەنلىرىمىز چۆل - باياۋانلاردا قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولامدۇ ، شۇڭا دەيمەن ، ئۇكىلىرىم ، بىر - بىرىمىزنى تاشلاشمايلى ! بۇ مۇساپىرچىلىق دەشتلىرىدە بىر - بىرىمىزنىڭ هالىغا يېتىپ ، تۇغقان بولۇپ ئۆتەيلى !...

ئابدۇراخمان قەييۇمنىڭ ئاددىي سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك يۇمشاق كۆڭۈل ، مېهرىبان ئادەملىكىنى سەزسە ، غەمكىن كۆزلىرى ۋە هەربىر ئاهۇ نادامەتلىرىدىن ئېغىر روهىي مەيۇسلۇككە مۇپتىلا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ ، ئۇنىڭ پەرىشان كۆڭلىگە ئارام ۋە دەرمان بولغۇدەك مەدەتلىك گەپلەرنى قىلغۇسى كەلدى .

شۇ ئەسنادا يېقىنلا يەردە كۆتۈرۈلگەن ۋاڭ - چۇڭ سۆزىنىڭ بىلىگە تەپتى . ئۇ ، يوغان پور تېرەك تۈۋىدە دەنشاڭ[1] ئويناۋاتقان بىر توپ قىمارۋازلارنىڭ غوۋغاسى ئىدى . ئاڭغىچە كەچلىك يوقلىما چېلىنغان مىڭگان هەركىمنى ئۆز تەرەپلىرىگە يورغىلاتتى .

شۇ ئاخشىمى جاڭ زىخۇي لىيەنجاڭدىن يۇقىرىلارنىڭ يىغىنىنى ئاچتى . ئۇ ، خەرىتە بويىچە سۆزلەپ : كۆكتوقاي تاغلىرى قويرۇچۇقلارنىڭ ئاساسىي ئۇۋىسى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئوغرىلارنىڭ بىر جايدا تۇرمايدىغانلىقىنى ، هازىر ئۆزلىرى ئاشۇ «قازاق ئوغرىلىرى»نىڭ ئۇۋىسى تۈۋىگە كېلىپ قالغانلىقىنى، ئۇلار بى-

---

① دەنشاڭ — تاق ، جۈپ .

لەن قەيەردە ئۇچراشسا شۇ يەردە قەتئىي تۇتۇشىدىغانلىقىنى، ئۇ ئوغرىلارنى قويماي يوقاتمىغۇچە قەتئىي قايتمايدىغانلىقىنى ۋە ئەمەدىكى بىر نەچچە كۈنلۈك مۇساپىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرلىك يوللار ئىكەنلىكىنى، يولباشلىغۇچى قازاقلارنىڭمۇ ھەزەر قىلىشقا تېگىشلىك ئادەملەر ئىكەنلىكى قاتارلىق «بىر يۇرۇش يوليورۇقلار»نى بېرىش بىلەن ئەتە يۇرۇپ كېتىش تەييارلىقىغا بۇيرۇق بەردى. ئاندىن رەھبەرلىك مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتىش زۆرۈرلۇكىنىمۇ ئېيتىپ، ئۆزىگە ئىككى كانۋويدىن بۆلەك يەنە تۆت نەپەر ئادىيۇنانت ئالىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقتۇردى. بۇنىڭغا يارامىلىق يىگىتلەر تاللىنىشى، ئىككىسى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، بىرىگە ئۆزى كۆپتىن كۆز سېلىپ يۈرگەن ئاجەنشىگنى كۆرسەتتى.

شۇنىڭ بىلەن شۇ كېچىدىن تارتىپلا «جىددىي سەپەر» تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى.

## 4

ئاسمان ـ پەلەك تاغلار بۇلۇت بىلەن مۇگدىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ياز ۋە كۈز كۈنلىرى بۇ يەرلەردە يۈرگەن كىشى ئۆزىنى گوياكى ئېسىل دورا ـ دەرمانلار دۇكىنىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ھەممىلا ياقتىن، ھەتتا تاش ۋە توپىلاردىمۇ گۈپۈلدىگەن خۇش پۇراقلار كېلىپ تۇراتتى.

قىسقىسى، ئالتاي ئالەمگە گۈزەللىك ۋە يايلىقىنىڭ مودىسى — ئۆلگە، ئۆرنىكى ئۇچۇنلا يارىتىلغاندەك تۇيۇلاتتى.

جاڭ زىخۇينىڭ قوشۇنى ئەنە شۇنداق ئاسمان ـ پەلەك تاغ ئارىسىدىكى تاشلىق يول بىلەن غەربكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قاراكۆرە ئالدىدا، مۇقاش بىلەن باتتال ئىسىملىك ئىككى قازاقنىڭ باشلامچىلىقىدا چارلاش ليەنى ئەھۋالىدىن ئارقىغا

پات ـ پات خەۋەر يەتكۈزۈپ مېڭىشقا مەسئۇل ئىدى . جاڭ زىخۇي-نىڭ ئۆزى بولسا ، ئالتە مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ئارىسىدا ، ئۇزۇن سەپنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا باراتتى . مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەربىرى ئىككىدىن ماۋزۇرنى بويۇنلىرىغا گىرەلەشتۈرۈپ ئاسقانلىقى سىر-تىدا يەنە ، بىردىن ئالاھىدە تاپانچىلارمۇ تاقاشقانىدى . ئاجەنسىنىڭ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ياراملىق يىگىتلەر سالاھىيىتىدە، ئۆز سالاپىتىگە مۇناسىپ كەلگەن چىلان تورۇق قاشقا ئات ئۈستى-دە خۇددى «چوڭ ئىش» قىلغاندەك ، ئۆزى ئۈچۈنمۇ ھېچبىر چۈشىنىكسىز بولغان بىر تۈرلۈك مەغرۇرانە قىياپەتتە كېتىۋاتات-تى . ئۇ ئەتراپتىكى ئاشۇ خىل مۆجىزات كارامەتلىرىنىمۇ چىن زوقمەنلىك بىلەن كۆزىتىپ بېرىۋاتقاندەك بىر ھالەتتە ھەر نەر-سىگە ۋە ھەر يانغا زور ئىشتىياق بىلەن نەزەر سېلىپ باراتتى .

يول بىر ئايلانمىدىن ئۇدۇل جەنۇبقا بۇرۇلدى . بۇ خىل ھالەت — تاغ يوللىرىدا بىر تاغ ياكى بىرەر چوققىنى بىرەر كۈن چۆرگىلەش ، بىردەم ئالدىغا ، بىردەم ئارقىغا ياكى ئوڭ ـ سولغا ئۆتۈپ قېلىش ئەھۋاللىرى تەبىئىي ھادىسە ئىدى . ھازىر مۇشۇن-داق بولدى . جەنۇبقا بۇرۇلغان يول ئەتراپلىرى غىلتاڭ تاشلىق ئاجايىپ بىر جىرا ئىدى . بۇ چاغدا چارلىغۇچىلارنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەي قالدى . شۇ ئەسنادا خۇددى تاغ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققاندەكلا بىر تەرەپ تاغدىن مىلتىق ۋە پىلىموت ئوقلىرى يېغىپ كەتتى . كېتىۋاتقان قوشۇن چاقماق تېزلىكىدە تاغقا ياماش-تى ، قالايمىقانچىلىق كۆپ بولسا يېرىم سائەت داۋام قىلدى . قوشۇن تاغقا چىقىپ بولدى ، قوشۇن تەرەپ ـ تەرەپكە يامراپ ئۆمىلىمەكتە ، يۈگۈرمەكتە ئىدى . ئەمما ھەرقانچە قارىغان ، ما-رىغان بىلەنمۇ بۇ ئەتراپتا بىرقانچە ئات تېزىكىدىن بۆلەك ئالۋاس-تىنىڭمۇ ئىزى كۆرۈنمەيتتى . قوشۇندا ئەللىك ئۈچ ئادەم ۋە ئالتە ئات ئۆلگەنلىكى ئېنىقلاندى . ئېتىلغان بىر پىلىموت ۋە بىرقانچە-لىغان مىلتىقنىڭ ئاۋازى بويىچە ـ مۆلچەرلىگەندە ئوغرىلار

ئەللىك ـ ئاتمىش ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ئادەملەر ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئۇشتۇمتۇت ھادىسە بىلەن بۇ جىرادا ئاشۇنچىلىك جەسەتلەرنى قالدۇرۇپ ، ئارقىدىكى تۆگە كارۋانلى- رىنىمۇ ئامان ـ ئېسەن ئۆتكۈزۈپ ، ھەممە شارائىتى «يامان يەر» دىن تېز كېتىشكە توغرا كەلدى . چۈنكى ئۇلارنى ئوغرىلار ئەمدى ئاۋۇپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ ، دېگەن قورقۇنچلار قانلىق قامچا بولۇپ قوغلىماقتا ئىدى .

كەچقۇرۇن كۈن تاغدىن پەسلەپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە قو- شۇن كەڭ بىر سايغا بېرىپ يەتتى . بۇ يەر بۇ كۈننىڭ قونالغۇ مەنزىلى ئىدى . بۇ يەردىمۇ ئەتراپ مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن قوغدال- غاچقا ، سۈرلۈك بىر ھالەت ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى . كۆپ ئۆتمەي ھەممە بۆلۈملەر ئۆز رېتى بىلەن چەمبىرەك شەكلىدە توپلاندى ۋە مۇقاش بىلەن باتتالنىڭ نامى چاقىرىلدى . ھايت ـ ھۇيت دېگىچە نەيزىلىك سەككىز مىلتىق ئۇلارنى ھەيۋەت بىلەن ئوتتۇرى- غا ئەكىردى . بۇ ئىككى قازاق بىزنى دۈشمەن بار يەرگە قەستەن باشلاپ كەلدى دېگەن جىنايەت بىلەن ھەر ئىككىسى تىزلاندۇرۇ- لۇپ قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاندى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

## ئۈچىنچى باب

# ئالتۇن ئالتاي

ئالتۇن ئالتاي گۈزەل يەر،
نامىڭ دېسەم دىل كۆيەر.
شەرىپىڭنى ئۇلۇغلاپ،
بىز سۆيمىسەك كىم سۆيەر؟...

ساڭا بېرىپ قەشقەردىن،
كۆپنى كۆردۈم يانغىچە.
ئالتۇن يوغان سۆيۈگىدىن،
مەنمۇ ئىچتىم قانغۇچە...

1

ئالتاي دېسە، ئۇنى كۆرمىگەن كىشىلەر «ئالتۇن چىقىدىغان جاي»، «تولا ئۇرۇش بولغان يەر» دەپلا چۈشىنىدۇ. ئالتاي زادى قانداق جاي؟

ئالتاينى يارىتىشتا تەبىئەت ئۆزىنىڭ سېخىيلىق كارامىتىنى راسا كۆرسەتكەن. گۈزەللىك سەنئىتىنىڭ بارچە ھۈنەر ھېكمىتىدىنى، ئېسىل ۋە رەڭدار گۈل بوياقلىرىنىڭ سەرخىللىرىنى ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئايىمىغان، ئالەم خەزىنىسىنىڭ قىممەتلىك دۇردانىلىرىنى ئۇنىڭ ئېتىكىگە يەتكۈچە تولدۇرۇپ، ئەل ۋە ئەۋلادنىڭ

ئامەت ئاساسى ، ئانا مىراسى بولغان بايلىقلارنى پۇختا ساقلاشقا مۇئەككەل قىلىپ ، قاتمۇقات تاغلاردىن مۇستەھكەم مۇداپىئە قورغانلىرىنى قۇرۇپ ، ھەيۋەتلىك ۋە سۈلەتلىك بۈيۈك چوققىلارنى مۇقەددەس مۇنار ۋە دەرۋازا سۈپىتىدە ئورناتقان .

ئېھ ! ئالتاي...

ئاسمان ـ پەلەك گۈزەل تاغلار ئاق بۇلۇتلارنى بېشىغا قالپاق قىلىپ كىيگەندەك ، ياپيېشىل قارىغايلار بۈيۈك ۋە مۇقەددەس مۆجىزاتلارغا قاتمۇقات كىمخاب يوپۇق ياپقاندەك ياكى خىللانغان سان ـ ساناقسىز ئارمىيە مەيداندا تىك تۇرغاندەك ، ئۇنىڭ ئارىلىرىدىكى ئاق قېيىن ، تال ، تېرەك ، بۆلجۈرگەن ، ياۋا ئالما ۋە كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ گۈل ـ گىياھلار بولسا ئېسىل بۇيۇملارغا ئالتۇن يىپلىق لەيلى ـ ياقۇتلار بىلەن چىلتەك توقۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ . ھەيۋەتلىك ھاڭ تاشلار باغرىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇلاق فونتانلىرى بولسا بۇ بېھىش سۈپەت گۈزەللىك ئىقلىمىنىڭ ئابھاۋاسىنى ھەمىشەم راۋانلاشتۇرۇشقا ۋە بۇ رەڭدە گۈلچىمەنلەرگە چاڭ قوندۇرماسلىققا مۇئەككەل پەرىشتىلەر پۇركۈپ تۇرۇۋاتقان جەننەت ئىپارلىرىدەك بىلىنىدۇ . ئېگىز قىيالاردا بۈركۈت ۋە شۇڭقارلار تاشقا تۇمشۇق بىلەپ ئولتۇرسا ، تۆۋەندە تۇرلۇك ـ تۈمەن گۈلچىمەنلەرنى ئارىلاپ ئاققان سۇ بويلىرىدا بۇغا ـ مارال ، كېيىك ۋە جەرەنلەر موزاي ـ ئوغلاقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يايراپ يۈرىدۇ . ئالتاينىڭ تاغ ئېدىرلىرىدا ياز ۋە كۈز كۈنلىرى يۈرگەن كىشى ئۆزىنى ئېسىل دورا ـ دەرمەكلەر ماكانىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇكى ، ھەممىلا ياقتىن — تاش ، توپىلاردىنمۇ گۈپۈلدەپ خۇش پۇراقلار كېلىپ تۇرىدۇ .

قىسقىسى ، ئالتاي ئالەمگە گۈزەللىك ۋە بايلىقنىڭ ئەۋرىشكىسى ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك تۇيۇلىدۇ . ئالتايغا ھەربىر قارىساڭ ئىشقىڭ ، ئىشتىياقىڭ ، زوقۇڭ شۇنچە ئېشىپ ، ئاشۇنداق جاي ۋە گۈزەل يۇرتۇڭ بىلەن خەلقىئالەم ئالدىدا ماختانغۇڭ ۋە پەخىر-

لەنگوڭ كېلىدۇ . ئالتاي ئەنە شۇنداق باي ۋە گۈزەل بىر جاي .

ئالتاي ھەققىدە ئېغىز ئاچىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا ئالدى بىلەن قازاق خەلقى توغرىسىدا قىسقىچە بولسىمۇ توختىلىپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ، ئالتاينىڭ كەڭ باغرىدا ئاساسەن قازاق خەلقى ياشاپ كەلمەكتە .

قازاق دېمەك — باتۇرلۇق ۋە مېھماندوستلۇقنىڭ سىمۋولى دېمەكتۇر دېسەك ، بەلكى خاتا ئېيتمىغان بولىمىز . بۇنىڭ ئۈچۈن قازاقنىڭ ئومۇمىيەتتىكە ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى بىرنەچچىلا ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈپ ئۆتۈش كۇپايە .

قازاقنىڭ ئۆيىگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ مەيلى كۈندۈزى ۋە مەيلى كېچىسى كىرگەنلىكى كىشىگە بىر چۆگۈن چېيى بىلەن داستىخىنى ھەرقاچان تەييار . بۇنى ھەرقانداق قازاق كىشىسى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچى دەپ ھېسابلايدۇ . ئۆيىگە كىرگەن كىشىگە بىر چۆگۈن چاي بەرمەي چىقىرىشنى قازاق نومۇس بىلىدۇ .

قازاق خەلقى مېھماننى «قوناق» دەيدۇ . قوناقتا قازاقنىڭ ئىشىكى ھەرقاچان ئوچۇق . «قوناق» ھەققىدە قازاقنىڭ نۇرغۇنلىغان ماقال ـ تەمسىللىرى بار . «قۇداي قوناق» (خۇدا بەرگەن مېھمان) ، «قوناقنى قوندۇرساڭ توڭدۇرما» ، «قوناقنىڭ ئۆزىگە ئەت بەرگۈچە ، ئېتىغا ئوت بەر» ، ۋەھاكازالار .

ياۋروپا سەيياھلىرىدىن بىرى : ئەگەر يەر شارىنىڭ بەلبېغىغا پۈتۈنلەي قازاق ئورۇنلاشقان بولسا ، دۇنيانى بىر پۇلسىز ساياھەت قىلىپ چىققىلى بولار ئىدى دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقانىكەن .

قازاقنىڭ قەھرىمانلىق جەھەتتىكە كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كۇپايىكى ، «ئەل ئۈچۈن ئەر بول ، بولمىسا يەر بول» دەيدۇ قازاق . يەنە «قۇشنىڭ بالىسى ئۇۋىسىدا نېمىنى كۆرسە ئۇچقان چېغىدا شۇنى ئالىدۇ» دەيدۇ .

قازاقلار ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ بالىلىرىغا يەتتە ئاتىسىنىڭ

ئىسمىنى يادلىتىش بىلەن بىللە ئۆز قەبىلە قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسىملىرى، دەستۇرلىرى، ئىش ئىزلىرىنىمۇ ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىغا باتۇرلۇق روھلىرىنى سىڭدۈرۈپ بارىدۇ. يەنە قازاقتا ئۆزى ئاددىي، ماھىيىتى ئالىي بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ ئاۋۇللاردىكى «ئېيتىشىش» تۇر.

ئاۋۇلنىڭ ئوغۇل ـ قىز ياشلىرى، يىگىت ۋە كېلىنچەكلىرى مەلۇم ۋاقىتتا بىر جايغا توپلىنىپ ئۆلەڭ ئېيتىشىدۇ. بۇ چاغدا مۇسابىقىگە ياكى بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشكەن ھەر ئىككى تەرەپ — ئوغۇل بىلەن قىز، يىگىت بىلەن كېلىنچەك ياكى قىز بىلەن قىز ۋە باشقىلار ئۆز قەبىلىسىنىڭ قەھرىمانلىق قىسسىلىرىنى، باتۇرلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى، ئۆز ئېلىنىڭ ئالاھىدىلىكى، بايلىقى، مەردلىكى، چەۋەندازلىقى ۋە ئاقىن (شائىر) لىرىنى ئاتاپ ماختىنىدۇ، پەخىرلىنىدۇ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن نەچچە يۈزلىگەن، ھەتتا مىڭلىغان كۇپلېت بەس ـ مۇنازىرە بېيت، قوشاقلىرى نەقمۇنەق جاۋاب قايتۇرۇش يولى بىلەن ئېيتىلىدۇ. بۇنى ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن قەھرىمانلىق قىسسىلىرىنى ئوقۇش، تەمىنلەش ياكى تەربىيىلەشنىڭ ئىپتىدائىي مەكتىپى، شۇنداقلا ھازىر جاۋابلىق، چېچەنلىك، ئىجادكارلىقئا ئۆگىتىشنىڭ ئىپتىدائىي كۇرژۇكى دېيىشكە بولىدۇ. مانا شۇنداق خىسلەتلىك بۆشۈكتىن بوي تارتىپ چىققان قازاق ئوغۇل ـ قىزلىرى، ئۆزىنىڭ باتۇر ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزباسارلىرى سۈپىتىدە تارىخ يولىنى داۋام ئەتتۇرگۈچىلىرىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىللە قازاقنىڭ تارىخىي يولىدا ئاپەتلىك ئىككى ئازاب بۇ جەسۇر خەلق بىلەن بىللە چىرمىشىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى نادانلىق، يەنە بىرى نازاپەت ۋە تېبابەت ئىشلىرىغا ئېتىبارنىڭ كەملىكى ئىدى. بۇ ھەقتە قازاقنىڭ مەلۇم بىر شائىرى مۇنداق دېگەن:

قازاقىم قىرىق ئىغىزلىق خەلقىمىزغۇ،
قاتاردىن شۇ سەۋەبلىك قېلىپتىمىزغۇ
ئىلىم بىلەن مەرىپەتنى كىرەك قىلماي
نادانلىق شارابىغا قېنىپتىمىزغۇ...

ئالتاي ھەققىدە ئاممىغا شۇ نەرسە ئوبدان ئايانكى، ئۇ يەرلەردە قوزغىلاڭ، توپىلاڭ، قانلىق قىرغىنچىلىقلار كۆپ بولغانلىقىنى جامائەت كۆپ ئاڭلىغان. شۇ ئىشلار قاچان، قەيەردە، نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق بولغان؟! بۇ خۇسۇستا قىسقىچە بولسىمۇ توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدە ئاندىن بىزنىڭ قىسسىمىزنىڭ ئالتاي ۋەقەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك قانلىق سەھىپىلىرى تېخىمۇ ئايدىڭلاشقۇسى.

1939 ـ يىلى 10 ـ ئايدا باندىت شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە «قازاق، قىرغىز، موڭغۇل ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى» دېگەن بىرنېمىنى ئاچقان. ئۇنىڭغا جايلاردىن ئىككى يۈز سەكسەن ۋەكىل قاتناشقان. «قۇرۇلتاي» بىرقانچە ئاي داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى سۆز: ئاشۇ ئارقىدا قالغان ئۈچ مىللەتنى ھەر جەھەتتىن «تەرەققىي تاپقۇزۇش» ھەققىدە بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن تاغدەك ۋەدىلەر، تاغارلاپ سوسكىلار... بېرىلگەن. ئاخىرى ۋەكىللەرگە قايتىش تەييارلىقىغا «سوۋغات ئېلىش» ئۈچۈن جىق پۇللار بېرىلگەن. ئەمما شۇ چاغدا، ئۇشتۇمتۇتلا «يەنە بىر ئاز ئىش چىقىپ قالغان. بارىكۆلدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن يۇنۇسنى تىنچىتىپ، قوراللىرىنى تاپشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىڭلار» دەيدۇ. بۇ ئويدۇرۇلما باھانىسى بىلەن ئاشۇ ئۈچ مىللەت خەلقىنىڭ قولىدا بار بولغان قورال ـ ياراغلىرىنى ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلىشنى، ياپون بىلەن تىركىشىش ئۇرۇشى قىلىۋاتقان بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئالدىنقى سەپكە قورال ـ ياراغ «ياردەم قىلىش»نى ئېيتىدۇ. ئۇلارنى ئەل ئارىسىدىكى قورال ـ ياراغلارنى تاپشۇرۇپ بېرىش ھەققىدە

يۇرت ـ جامائەتكە قارىتىپ خەت يېزىپ بېرىشكە قىستىغان.

ۋەكىللەر ماقۇل بولغان ۋە خەت يېزىپ بەرگەن. شۇنىڭدىمۇ ئۇلارنى قويۇۋەتمەي يەنە داۋاملىق «يىغىن» ئاچقان. كېيىن ئۇلارنى بىراقلا قاماققا ئالغان، ئاندىن خېلىل تەيجى باشلىق بىرنەچچە كىشىنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، 1941 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئالتايغا «قورال يىغىش» ئۈچۈن ئەۋەتىپ، باشقىلارنى زاكالەت ئورنىدا تۇتۇپ تۇرغان. ئالتاي ئەھلى «كىشىلىرىمىزنى قايتۇرۇدىغان بولسا قورال ـ ياراغلىرىمىزنى بەرسەك بېرەيلى» دەپ، بار قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن. شۇنداقتىمۇ جاللات شېڭ دۇبەن ۋەكىللەرنى قويۇۋەتمەي، ئەكسىچە ئەلنى قورال تاپشۇرۇشقا قىستاپ قىيناۋەرگەچكە، تاقىتى تۈگىگەن ئەل 1942 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۆكتوقاي ئامبىلى باشلىق ئون ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق قورالغا ئىگە بولۇپ، ئېسىمقان نوغانباي ئوغلى، ئېرىقان ۋە ئاق تېكىلەرنىڭ يولباشچىلىقىدا رەسمىي قوزغىلاپ كۆتۈرۈلگەن. بۇ چاغدا كۈچ ئىشلىتىپمۇ ئامالسىز قالغان شېڭ شىسەي توپىلاڭنى تىنچىتىشقا «ئەلچى» قىلىپ ئالتاي مۆتىۋەرلىرىدىن زاتەلباينى كۆكتوقايغا ئەۋەتكەن. زاتەلباي ئەلنىڭ ئالدىغا قويغان تەلىپى ۋە مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن «ئەلچى»لىكنى تاشلاپ، قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ۋە بىر قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشتا زور جاسارەت كۆرسىتىپ، ئېسىمقاننىڭ دادىسى نوغانباي بىلەن بىللە قۇربان بولغان.

بۇ كۈنلەردە مىڭ ـ مىڭلاپ ھەربىي كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ بىتچىت بولغان شېڭ شىسەي، شېرىپقان (ئالتاينىڭ سابىق ۋالىيسى) بىلەن بۇقات بەيسىنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئالتايغا بېرىشقا ئۈندىگەن. شېرىپقان رەت قىلغان، بۇقات بارغان. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلار قوراللىرىنى تاپشۇرۇشتا شېڭ شىسەيگە ئۈچ شەرت قويغان. شېڭ شىسەي بۇ شەرتلەرگە قوشۇلغان، ئەل قوراللىرىنى

www.uyghurkitap.com

تاپشۇرغان. بۇقات ئالتايغا (شېرىپقاننىڭ ئورنىغا) ۋالىي بولغان. ئەلەن ۋاڭ باشلىق بىرنەچچە كىشىنى ئالتايغا ئېلىپ بېرىپ، ئەلگە كۆرسىتىپ، يەنە ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەتكەن. بىر مەزگىل ئەل تىنچىغان. شىڭ شىسەي كېيىنچە ۋىلايەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرغان. يۇرت باشلىقلىرى بارمىغان.

1942 - يىل 9 - ئايدا ئاۋدانلىق (ناھىيىلىك) «خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى» چاقىرىلىدۇ. شىڭ شىسەي شۇ قۇرۇلتايدا يۇرت باشلىقلىرىنى بىراقلا قولغا ئالغان. شۇ قاتاردا ۋالىي بۇقاتمۇ قولغا ئېلىنغان. كېيىن جانىمقان ئالتايغا ۋالىي، دەلىلقان ھاكىم بولغان.

جانىمقان قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن قېپقالغان ئېرىسقاننى «مېنىڭ يېقىنىم، كېسىلىنى ئۆزۈم داۋالىتىمەن» دېگەن باھانە بىلەن زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن.

ئۇلار دەلىلقان ھەققىدە «قېچىپ كەتتى» دېگەن سۆزنى تارقاتقان. ئەمەلىيەتتە مەلۇم بىر كېچىسى ئۇنى ئوغرىلىقچە تۇتۇپ، بىرېزېنت ياپقان ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭغاندا، بۇرچىندا يۈز بەرگەن بىر تاسادىپىي ۋەقەدە ئۇ بىر قازاق ساقچىنىڭ غەمخورلۇقىغا سازاۋەر بولۇپ قېچىپ كەتكەن.

كېيىن تېررورلۇق كۈچىيىپ، ئەل - يۇرتنى ئېغىر ۋەھىمىلەر قاپلىدى. كىشىلەر كېچىسىمۇ ئارامىدا ئۇخلىيالمايدىغان ئەھۋالغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ھايات ئۇچۇن كۆرەشكە كىرىشتى. دەل شۇنداق پەيتتە، كېيىنكى قېتىم قورال تاپشۇرۇشقا قوشۇلماي ئون ئۈچ كىشى بىلەن تاغقا قېچىپ كەتكەن ئوسمان باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئازاب - ئوقۇبەت چەككەن ۋە تەھدىت، تەشۋىشلەردە قالغان ئەلنىڭ مەلۇملىرى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

«بازاردا ئادەم بولمىسا ، ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇكېرىم » بول-
غىنىدەك ، ئېسىل ئوغۇللىرىدىن ئايرىلغان ئەلگە ئوسمان قول-
دىكى قورالنىڭ ھىماتى بىلەن «باشچى » بولۇۋالدى .
ئوسمان ئەشەددىي نادان ، قارا قورساق ، ئاڭسىز ۋە ئەڭ
جاھىل بىر كىشى بولۇپ ، مەقسىتى پەقەت قورالدىن ئايرىلماي
تاغدىلا يۈرۈش ، ئۇچرىغاننى بۇلاپ - تالاپ كۈن كەچۈرۈشتىنلا
ئىبارەت ئىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن چۈشەنچىسى ۋە مەقسىتى پەقەت
مۇشۇلا ئىدى . شۇڭا ئۇ بۇلاڭچىلىقتىن بۆلەكنى بىلمىدى . ئون
نەچچە يىللاپ قوراللىق يۈرگەن بولسىمۇ ، ھەتتا بىرەر ئاددىي
رايون چاغلىق يەرنىمۇ ئىگىلىمىدى . پەقەت ئەلنى ، ئالدى بىلەن
قازاق خەلقىنى خانىۋەيرەن قىلىپ قاڭغىر قاقشاتتى . ئالتايدىن
دۆربىلجىن ، چۆچەكلەرگىچە بولغان ئەل - يۇرتنى بۇلاپ -
تالىدى . ئەل خۇش بولارلىق بىرەر ئىش قىلمىدى .
شۇڭا ئەل ئۇنىڭغا «قۇيرۇچۇق » ، «قاراقچى » دېگەن نەپ-
رەتلىك نام بەردى . ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ گومىنداڭنىڭ «باتۇرى »
بولۇپ قالدى . گومىنداڭ گۇرۇھى ئۇنى «ئوسمان باتۇر » دېدى .
ئوسمانغا بېرىلگەن بۇ «نام » باتۇر ۋە جەسۇر قازاق خەلقى ئۈچۈن
ئاھانەت ئىدى . چۈنكى قازاقنىڭ تارىخىدا ئاجايىپ قەھرىمانلار
ئۆتكەن . شان - شەرەپ پەقەت باتۇر قازاق خەلقى ۋە ئۇنىڭ
ھەقىقىي قەھرىمانلىرىغا مەنسۇپ .
ئوسمان ئاشۇنداق بىر جان بولسىمۇ ، لېكىن قاتارلىرىنىڭ
كۈنسايىن كېڭىيىپ ۋە كۆپىيىپ بېرىشى چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ
ئەل ئۈستىدە ئېشىۋاتقان چەكسىز زۇلمى ئۈچۈن ئىمكانىيەتلىك
ئامىل بولۇپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ، شۇ جۈملىدىن
ئالتاي رايونىدا دەھشەتلىك شىڭ دۇبەن ، ئاپەتلىك ئوسماندىن
ئىبارەت قوش قەۋەت كۈلپەت تېغى ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى . ئالتاي
قاتمۇقات ئاسارەت ئاستىدا ئېزىلمەكتە ؛ ئەل - يۇرت ئېڭىرىماقتا ،

تەۋرەنمەكتە ئىدى . مانا شۇنداق بىر شارائىتتا ، ئاشۇ «بۇرچىن كېچىسىدە قېچىپ كەتكەن» دەلىلقان تائىپى موڭغۇلىيە ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا كېلىپ باشلامچىلىق قىلىشقا باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۈنسايىن ئۆسۈپ ، ئالتاي ۋادىسىدا زۇلمەت تەختىنى تىترەتكۈدەك قۇدرەتلىك بىر كۈچ شەكىللەندۈردى . بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق تەھلىكىگە چۈشكەن قاد-لىق تېررورلۇق ، ئالدامچىلىق ، مەككارلىق ـ نەيرەڭلىرى بىلەن خەلقنىڭ نەزەرىدىن پۈتۈنلەي چۈشكەن ، ھەددى ـ ھېسابسىز ماددىي كۈچلىرىدىن ئايرىلىپ ، ئاقىۋەتتە ئامالسىز قالغان ئىس-تىبدات ھاكىمىيەت ئەمدىلىكتە ئالتە شەھەرنىڭ ساددا ياشلىرىنى «ئۇرۇمچىدە ئوقۇتىمىز» دېگەن باھانە بىلەن ئالداپ ئەكېلىپ ، ئالتاي تاغلىرىدا مەجبۇرىي ئۇرۇشقا سالماقتا ئىدى . مانا شۇ خىل ئالدانغانلارنىڭ بىرى قىسسىمىزنىڭ قەھرىمانى ئابدۇراخمان (ئا-جەنشىڭ) ئىدى . ئۇنىڭ «جاڭ زىخۇيىنىڭ قوشۇنى» قاتارىدا ئال-تاي تەۋەسىگە كەلگەنلىكىنى بىز باشتا كۆرگەنىدۇق . ئەمدى ئابدۇراخماننىڭ ئالتاي سەرگۈزەشتلىرى ئارقىلىق قىسسىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز :

## 2

سارسۇمبە جىددىي ساراسىمىگە چۆمگەنىدى . ئېگىز چوققى-لاردا بولسا ، ئەسكەرلەر چۇمۇلىدەك مىژىلداپ يۈرمەكتە ، مىل-تىق ۋە پىلىموتلار ئۈزۈلمەي ئېتىلىپ تۇراتتى . كوچىلاردىمۇ بەللىرىگە قوشلاپ گرانات ، بويۇنلىرىغا نەيزىلىك مىلتىقلارنى ئاسقان ئەسكەرلەر يۈگۈرۈپ يۈرەتتى . شەھەر قويىنى شىددەتلىك تەشۋىشلەرگە تولغان . ھەر خىل سۆزلەر ھەر ياندىن ئاڭلىناتتى . ۋاقىت چاشگاھ مەزگىلى ئىدى . قىزىل تاغنى بويلاپ كۆتۈ-

رۇلگەن كۇن سارسۇمبىنىڭ يۇقىرىسىدىكى لاستا، مويكا، ئاي-رودروم ۋە چوركىلىقلارغا[1] چۇشۇرگەن ئاپتاپ شولىلىرىنى شەھەر كوچىلىرىغا كېڭەيتىپ كەلمەكتە ئىدى.

«قاسساپ بازىرى»نىڭ دوقمۇشىدىكى سائەت ۋەئالتۇن چىش ياسايدىغان، ئۆزىگە «كەنجاخۇن» دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىممۇ قويغان خەنزۇ ئۇستىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا بىرمۇنچە كىشىلەر توپلاشقاندى. توپنىڭ ئارىسىدا ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى قارامتۇل، قارا ساقال بىر كىشى تامغا كەينىچە يۆلىنىپ يالىڭاچ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يىرتىق ئىشتىنىدىن بۆلەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى چاڭ - توزانغا چۆمۈلگەن بولۇپ، بەدەن ۋە پاچاقلىرىدىكى تىلىم - تىلىم جاراھەت ئىزلىرىدىن قارامتۇل قان تەپچىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭگى تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز ئېغىر مۇڭغا چۆمۈلگەن بولسا، يوغان قاپقارا كۆزلىرىدىن ئالەمنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس دەرد - ئەلەم زەردىلىرى يالقۇنلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاچچىق ئۇھ تارتاتتى، ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. سۆز شىۋىسىگە قارىغاندا ئۇنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

— قۇيرۇچۇقلار كىچىسى كەلدى، — دەيتتى ئۇ، — ئەل ئۇخلىغان چاغ ئىدى. ھېچكىم تۇيماي قالدى. تاڭ ئاتقۇچە پۈتۈن جاڭزىلارنى قورشىۋالدى. ھېچكىمدە ھېچنېمە قالدۇرماي بۇلاپ - تالىدى. ھەتتا ئاياللارنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنىمۇ قويماي سالدۇرۇۋالدى. مال - مۈلۈكنى، چارۋىنى ئالسا مەيلىدىغۇ، ھەممىدىن يامىنى خامانلارغا ئوت قويۇۋەتتى. ئاشلىقتىن ھېچنېمە قالماي كۆيۈپ كەتتى. ھەممىسى كۇل بولدى. ھەممىسى تۈگىدى، — بىرئازدىن كېيىن يالىڭاچ كىشى سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — تاڭ ئېتىشى بىلەن يەنە بىر توپ ئاتلىقلار

---

① چوركا — ئوتۇن ئۇچۇن توغرالغان، دەريا ئارقىلىق ئاققۇزۇپ كېلىنىدىغان كۆتەكلەر. ئاساسەن قارىغاي كۆتەكلىرى (چوركىلىق — ئوتۇن بازىرى).

كەلگەنىدى. ئۇلار ئوت قويغان، ئەل ـ يۇرتنى بۇلىغانلارغا تازا
خاپا بولدى. جېدەللەشتى. بىر ـ بىرىنى قامچىلاپ قان بولۇشۇپ
كەتتى. كېيىن كەلگەنلەرنىڭ باشلىقى قارا بۇرۇت، قاۋۇل بىر
يىگىت ئىكەن. ئۇنى بۇركۇتباي باتۇر دېيىشتى. بۇ بۇركۇتباي
باتۇر، بۇلاڭچىلارغا خاپا بولۇپ: «ئالساك هۆكۈمەتنىڭ ئىسىنى ئال-
مامسەن! ئەلنى نېمىشقا بۇلايسەن؟ خامانلارغا نېمىشقا ئوت قوي-
دۇڭ؟ ئەل ـ يۇرتنى ئاچتىن قىرىلىپ تۈگىسۇن دەمسەن؟»
دېدى. بۇركۇتباي باتۇرنىڭ ئادەملىرى ئازراق، بۇلاڭچىلار كۆپ
ئىدى. ئۇلار قامچىلاشقىلى، مىلتىق تەڭلەپ هەيۋە قىلىشقىلى،
ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ جېدەللەشكىلى تۇردى. شۇ مالىمان
ۋاقتىدا مەن بالا ـ چاقامنى باشلاپ ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن ئۆمى-
لەپ قاچتىم. بىر جىرادا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، خۇداغا شۈكرى،
بۈگۈن كېچىسى بىلەن شەهەرگە كىرىۋالدۇق. بالا ـ چاقىلار
يالىڭاچ بولغاچقا، ئۇلارنى... ئۇلارنى ئاۋۇ جاڭجۇڭتاۋ تۇۋىدىكى
قەبرىستانلىقتا قويۇپ، ئۆزۈم بۇ يەرگە كىرىشىم. ئۇلار... ئۇلار
ئاچ، قېرىنداشلىرىم... — ئۇ ئەمدى هۆكرەپ يىغلىۋەتتى. بۇ
ئەهۋالنى كۆرگەن، تىڭشىغانلارنىڭمۇ تولىسى يىغلىۋەتتى، بۇ
سۆزلەر داۋامىدا ئېگىز چوققىلاردىن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ پىلىموت
ۋە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— قېنى، قېرىنداشلار، قاراپ تۇرمايلى! بېشىغا كۈن
چۈشكەن بۇ بىچارە قېرىندىشىمىزغا قولىمىزدىن كېلىشىچە يار-
دەم قىلايلى! كۆپ تۈكۈرسە كۆل بولىدۇ. قېنى كىم نېمە
بېرىدۇ؟ مەن ئۆزۈم ماۋۇ چاپىنىمنى بېرىمەن، — بىرەيلەن
كۆپچىلىككە شۇنداق دېۋىدى، هەممەيلەن ئۇنى قوللاشتى.
كىيىم ـ كېچەك، پۇل، ماتا ـ چەكمەن، سەگەزلەر تۆپە-
تۆپىسىگە دۆۋىلەنمەكتە ئىدى.

يالىڭاچ كىشى يىغلىغان نەرسىلەرنى كەنجاخۇن ياردەم قىلى-
غان ئاق سىيامبۇغا ئورىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا چوڭ كوچا



www.uyghurkitap.com

تەرەپتىن بىر توپ ھەربىينىڭ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ بوراندەك كېلىشى كوچىلارنى «قاچ… قاچ…» قىلىۋەتتى. ئىئانە بۇيۇملى-رىنى يۆتكىۋېلىشقا ئۇلگۇرەلمىگەنلىرى ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى ئاس-تىدا قالدى. ئۇلار قۇيۇندەك ئۆتۈپ كەتتى. كىشىلەر ئاتلىقلار-نىڭ ئارقىلىرىدىن قاراپ: «ئاپەتلەر، كاساپەتلەر، پاقا ئالالماس ئاقسالار، ھارام تاماق لەقۋالار» دەپ تىللايتتى.

## 3

نويابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، ئالتايىنى قار قاپلىغانىدى. سارسۈمبە شەھىرىنى بولسا، بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا ئەسكەر قاپلاپ كەتتى. بۇ ئەسكەرلەر: دۈشمەن قاچقاندىن كېيىن مەيدانغا چىقق-ان باتۇرلار — بىزگە تونۇش بولغان ئاشۇ جاڭ زىخۇيىنىڭ ئەزىمەتلىرى ئىدى.

خامانلارغائوت قويۇلغان كېچىسى ئالتايىنىڭ گېنېرالى ۋەن سىلىڭ ئۈرۈمچىگە «سارسۈمبە قازاق ئوغرىلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدى» دەپ جىددىي تېلېگراممىا بېرىپ قۇتقۇزۇشقا قوشۇن ئەۋە-تىشنى تەلەپ قىلغان. ئۈرۈمچى «دەرھال» جاڭ زىخۇيغا تېلېگ-راممىا يوللاپ: قول ئاستىدىكى بىر تۈەن، بىر يىڭ بىلەن سار-سۈمبىنى «قازاق ئوغرىلىرى»نىڭ قورشاۋىدىن قۇتقۇزۇش ئۈ-چۈن ئالتايغا ياردەمگە بېرىشقا، بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى مەلۇم ئاتلىق تۈەننى قوشۇپ يېڭى بىر لۈي تەشكىل قىلىپ ئۇنىڭغا لۈيجاڭ بولۇشقا بۇيرۇق بەرگەن.

جاڭ لۈيجاڭ ئەنە شۇ «جەڭگىۋار بۇيرۇق»لارنى ئىجرا قى-لىشقا، قازاق ئوغرىلىرى دېگەننى توزغاقتەك توزۇتۇۋېتىش، قويماي تۈگىتىۋېتىشكە قەسەمياد قىلىپ كەلگەنىدى.

«تاز تارانغىچە توي تارقاپتۇ» دېگەندەك ،بۇ ئۈچىغا چىققان ئابرۇيپەرەس، ھاكاۋۇر ھەربىي بايۋەچچە ئۆزىنى تۈزەپ، ئەپتىنى

بېزەپ ، كانۋىيلىرىنى سەپلەپ ، قورال ـ ياراغلىرىنى بەتلەپ ، ئات ـ ئۇلاغ ، لاۋازىمەتلىرىنىمۇ ئۆز سالاپىتىگە لايىقلاشتۇرۇپ ئالتايغا يېتىپ كەلگۈچە «قازاق ئوغرىلىرى»نىڭ ئايغىرلىرىنى ئاللىقاچان قەۋەت ـ قەۋەت قار بېسىپ بولغانىدى .

جاڭ زىخۇي (بىز يەنىلا شۇنداق ئاتاۋېرىمىز ) شىلىسۇبە-نىڭ مەركىزي كوچىسىدا چىلان تورۇق ئېتىنى ئويىنىتىپ باراتتى . ئۇنىڭ سۆلەتلىك ھەربىي جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى بويلاپ قۇيرۇقى ساڭگىلىتىلغان بىر تۈلكىنىڭ تېرىسىنى پۈتۈن پېتى بويىنىغا يۆگىۋېلىشى ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتەتتى . ئاجەنىشىڭ بىلەن ئوخشاشلا تورۇق قاشقا ئات مىنگەن ۋە ئوخشاش جابدۇنغان يەنە بىر قوغدىغۇچىمۇ ئاتلىرىنى تەڭ قاتراتىپ ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن قالماي باراتتى . ئۇ ، جىنگۈەنزەن① نىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ بېرىۋاتقىنىدا ئوڭ تەرەپتىكى تۆگىچىلەر توپىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ كېتىۋەردى . تۆگىچىلەر بولسا ، قارلارنى تازىلاپ ، قوشلىرىنىڭ كىگىز ۋە كېرەكلىرىنى سۆرەشتۈرۈپ يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قەييۇم ئاجەنىشىڭ بىلەن نېرىدىن باش ئىشارىسى ئارقىلىقلا تىنچلىق سوراشتى ۋە ھاڭقىيىپ قاراپ قالدى .

ئاتلىقلار تۆت كوچا ئاغزىدىكى مۇنەۋۋەرنىڭ لەپكىسى (ماگىزىنى ) ئالدىدىكى غەربىي چوڭ كوچىغا بۇرۇلۇپ ، ئۇدۇللا چوڭ كۇلۇب تەرەپكە ماڭدى . بۇ كۈنلەردە كۇلۇبمۇ ، ئىدارە ، جەمئىيەت ، مەكتەپ ، مۇئەسسەسەلەرمۇ ، دەڭلەر ۋە بەزى شەخسلەرنىڭ ئۆي ـ جايلىرىمۇ «ھەربىيلەر گازارمىسى»غا ئايلانغاندى . دۆڭبازاردىن ئوبىبازارغىچە ياكى تۆت كوچىدىن تارتىپ چوركىلىققىچە ھەربىي چېدىرلار تىكىلگەن ھويلا ـ ئارامىلارنى ھەممىلا كوچىدا كۆرگىلى بولاتتى .

---

① جىنگۈەنزەن — ئالتۇن ئىشلىرى ئىدارىسى .

بۇگۈن جاڭ زىخۇي ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك سالاپەتلىك بويىنى بازاردا بىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋىلايەتلىك سىلىڭبۇغا كېتىۋاتاتتى . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاجەنشىڭ ئالتاي مەنزىرىسى ، مىمارچىلىقى ۋە باشقىلىرىغا بىرمۇبىر كۆز سېلىپ باراتتى .

## 4

كۆزەينەكنى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا پەس ئىلغان زەرگەر «كەنجاخۇن» كونگەيدىكى دېرىزە ئالدىدا پاينەك بېشىنى پارقىرىتىپ مۇكچەيگىنىچە ئىشلەۋاتاتتى . ئۇ ئۇستىلىگە چۈشكەن سايىنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈرگىنىدە ، بوسۇغىسى تۈۋىدىلا ئاتتىن چۈشۈۋاتقان جاڭ زىخۇينى كۆردى ـ دە ، ھاپىلا ـ شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى . ئاڭغىچە ئويناق كۆز تەتەيمۇ ئۇلگۇرۇپ چىقىپ بۇ سالاپەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك مېھماننى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى .

ئابدۇراخمان چىلان تورۇق ئاتنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ رەڭدىكى ئېتى بىلەن يانداش ئېلىپ بېرىپ مۇنەۋۋەر باينىڭ ئارقا دەرۋازىسى تۈۋىدىكى ياغاچقا باغلىۋېتىپ ، ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا قاراپ قاسساپ دۇكانلىرى ئارىسىدىكى مىلچىمالچىنىڭ پوكىيى ئالدىدا توختىدى . بۇ چاغدا ئاق سېرىق دۇكاندار يىگىت ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ كونۋېرت ئۈستىگە خەت يېزىۋاتاتتى . ئۇ : «ئۇشبۇ خەت قەشقەر كونىشەھەر بەشكېرەم لەڭگەردە تۇرۇشلۇق دادام ئېلاخۇنغا تېگىدۇ. ئالتاي سارسۇمبە شەھىرىدە تۇرغۇچى ئوغلىڭىز ھېكىم ئېلىدىن» دەپ يېزىپ بولۇپ بېشىنى كۆتۈرگىنىدە ، ئالدىدا تۇرۇشلۇق قوش ماۋزۇرلۇق ھەيۋەتلىك ھەربىينى كۆرۈش بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ :

— سىزگە نېمە كېرەك ، ليەنجاڭ ؟...— دەۋەتتى . «ليەنجاڭ»مۇ يۇمشاق كۇلدى ۋە :

— ئاۋۇ تاماكىلىرىدىن ئەكەلسىلچۇ ، ئاكا ، — دېدى . هولۇققان هېكىم ئېلى ئالدىراپ ـ تېنەپ تاماكىلىرىنىڭ خىللىرىدىن ئېلىپ پوكەيگە تىزدى .

ئابدۇراخمان «كاپىيەن» دىن ئىككى پاچكا ، «كازبېك» ماركىلىق تاماكىدىن بىر جۈپ ئالدى ـ دە ، تاماكا كورۇپكىسىنى قارا ئاتلىق ئادەم سۈرىتىگە قادىلىپ قاراپ قالدى .

ئابدۇراخمان تاماكىنىڭ پۇلىنى تۆلەۋېتىپ :

— ئاكا ، ئۆزلىرى بەشكىرەمدىن ئوخشىمامدىلا ؟ — دېدى .

— هەئە ، بەشكىرەمدىنمەن . ئۆزىڭىز قەيەردىن ، ئۇكام ؟

— مېنىڭ ئانام بەشكىرەم ئاۋاتتىن ، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇراخمان . هېكىم ئېلى ئابدۇراخماننى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇتتى ، لېكىن ئابدۇراخمان رەهمەتلىرىنى تەكرارلاپ زادى ئۇنىمىدى .

## 5

ئالتايغا ئەسكەر ئەمەس ، تۆپىلەپ ئاپەت كەلگەنىدى . ئادەتتە كىشىلەر «تاغارنىڭ بولۇقى» دەيدىغان ، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى باقالمايدىغان . ئەمدىلىكتە خامانلىرىغا قويرۇچۇقلار ئوت قويۇپ بېرىپ ئاشلىقىنى پۇتۇنلەي كۆيدۇرۇۋەتكەن بۇ كىچىككىنە شەھەرگە ، قاتناش يوللىرىنى قات ـ قات قار كۆمگەن بۇ زىمىستاندا شۇنچە كۆپ ئەسكەرلەرنىڭ كېلىشى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئىدى . ۋەھالەنكى ، ئۇلار كەلگەننىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا ئالتاينىڭ ئاشلىق تىجارىتى پۇتۇنلەي ئۆلدى . چۈنكى قوشۇننىڭ تۆگىچىلەر ئەترىتى كېچىسى كېلىپلا ئالتاينىڭ بىردىنبىر ئاشلىق بازىرى بولغان «گىر»[1] غا ئورۇنلىشىۋالدى . ئە-

[1] گىر — پۇت ، قاداق ھېسابىدىكى جىڭ .

تىسىدىن باشلاپلا گىرچى (رەۋەندە)لەرنى تىجارەت ئورۇنلىرىغا يېقىن يولاتمايلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ساندۇق - سايمانلىرى، ئىشكاپ - جازىلىرىغىمۇ يېقىن كەلتۈرمەيدىغان، كەلسىلا قورال تەڭلەپ قوغلايدىغان بولدى.

«گىر بازىرى» جىنگۈەنزەننىڭ ئالدىدا، ئۇدۇل شەرق تەرەپىدە بولۇپ، تۆت تەرىپى قاتار تىزىلغان ساندۇقلار، بوتكىلار بىلەن توسۇپ ياسالغان كەڭ مەيدانغا ئوخشاش تۆت چاسا سەينا ئىدى. بۇ يەردە پەقەت سارسۇمبىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئالتاينىڭ ئاشلىق تىجارىتى ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇزۇلمەيتتى. بۇ يەرگە ئۇ تەرىپى كۆكتوقاي، چىڭگىلدىن ئاشلىق ئالىدىغانلار كەلسە، بۇ تەرىپى ھەتتا نەچچە كۈنلۈك يول بولغان قۇم، كەلتىكەي قاتارلىق جايلاردىن ئات - ھارۋا ۋە ئەللىكلەپ چانىلارنى قاتار قىلىشقان ئاشلىق ساتقۇچىلار كېلىپ تۇراتتى. مانا شۇنداق قاينام - تاشقىنلىق تىجارەت ئورنى بۇ كۈنلەردە ھەربىيلەرنىڭ تۆگىخانىسىغا ئايلىنىپ، تۆگىلەرنىڭ تېزەكلىرى ھەر يەر - ھەر يەردە دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. ساندۇقلارنىڭ ئەتراپىدا بولسا، نەيزىلىك مىلتىقلارنى قۇچاقلىغان قوغدىغۇچىلارلا دۇگدەرىشىپ چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار گىرچىلارنى كۆرسىلا مىلتىقلىرىنى تەڭلەيتتى، مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن ئۇراتتى.

ئالتاي راستىنىلا ئاپەتلەر ئوچىقىغا ئايلاندى. ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەشكە، ئاشخانا، ناۋايخانىلار ئارقا - ئارقىدىن تاقىلىشقا باشلىدى. ئادەتتە يۈز جىڭى ئۈچ مىسقال ئالتۇندىن ئاشمايدىن ئاق ئۇن ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىر يېرىم سەر ئالتۇنغا چىقتى. ھەتتا بىرەر چاڭگال ئالتۇن، ئۈزۈك، بىلەزۈك ۋە ھالقا، زىرىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپمۇ بىرەر جىڭ ئاشلىق تاپالمايدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەكتە ئىدى. كىشىلەر ئارىسىدا «ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن، ئارپا - تېرىق ئاش ئىكەن» ۋە

ياكى «سودىگەرنىڭ بار پۇلى ، دېھقانلارنىڭ داڭگىلى» دېگەن گەپ تارقالماقتا ئىدى . ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ، ئاپەتلىك ئېغىر كۈنلەردە ھەربىيلەرنىڭ ھە دېسە «ئويۇن بىلەن سېتىش» ھەرىكىتى تېخىمۇ ئېغىر بولماقتا ئىدى . ھەربىر كوچىدا ئالىدەك يامراپ يۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ قولىدا تۇتام ـ تۇتام بىلەت بولۇپ ، ئۇنى كۆرگەن ، كۆرۈنگەنلىكى كىشىگە مەجبۇرىي ساتاتتى .

شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كوچىغا يۈرەكلىك چىقالمايدىغان چىقسىمۇ ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ ماڭىدىغان بولدى . ئۇلارمۇ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ئۆلگۈردى . ئەمدى ئۇلار ئۆي ـ ئۆيگە ئەللىكتىن يۈزگىچە بىلەتنى ئالۋان تەرىقىسىدە مەجبۇرىي تاڭىدىغان ئادەتنى چىقاردى . شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىشىك ـ دەرۋازىلارنى تاقاپ دېرىزە ۋە شوتا ئارقىلىق ماڭىدىغان بولدى .

ۋەھالەنكى ، ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى قويىدىغان ئويۇنى «چاڭچىلە» ، بىلەتنى تاڭىدىغانلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىدى .

ھەربىيلەر ئاقىۋەتتە «ئويۇننىڭ يېڭى خىلى»نى چىقاردى . پۈتۈن شەھەردە قىمارنى قىزىتىۋەتتى . چوڭ كىلىبتا «چاڭخو» (ئاممىۋى قىمارخانا) ئاچتى . ھەر تاۋكا ئۈستىدە ئىككىدىن تۆتكىچە ئەسكەر چوتار ئېلىپ ئولتۇراتتى . ۋىلايەتلىك چوڭ كۈلۈب بولسا ، يىغىلىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلارنىڭ قىمارخانىسى بولۇپ ، ئىشىكتە قوراللىق قاراۋۇل تۇراتتى . بۇ يەرگە باي ، سودىگەر ، گۆرۈكەش خوجايىنلار بىلەن بايۋەچچىلەرنى كىرگۈزەتتى ، ئادەتتىكى ئادەملەرنى بولسا كىرگۈزمەيتتى . ھەر كۈنى بىر كاتتىباش چوتارغا نازارەتچىلىك قىلاتتى . ئەمەلىيەتتە بولسا ، شۇ كۈنكى كىرىمنىڭ ئىگىسى شۇ ئىدى .

جاڭ زىنخۇيغا نۆۋەت كەلگەن كۈنى ئۇنىڭ بىللە كىرگەن ئابدۇراخمان كۈلۈبتىكى كارامەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . شۇ كۈنى سارسۇمبىدە ھاۋا جۇت ۋە قار ئۈچقۇنداۋاتقىنىغا قارىماي ، قىمارخانا ناھايىتى قىزىپ كەتكەنىدى . كۈلۈبنىڭ سەھ-

نىسى تار كەلگەچ باش تاۋكا پەسكە — كۇلۇبنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خۇيزۇنىڭ مەشھۇر گاڭگۇڭى، ئاتاقلىق قىمارۋاز ما شۆيى چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋېلىپ نوچىلىق بىلەن ئولتۇرۇپ سىمتاك يولاۋاتاتتى. ئۇنى چۆرىدەپ ئىككى قاتار ئولتۇرغانلارنىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇرغانلار بەك كۆپ ئىدى. تاۋكاغا چىنە - چىنىلەردە تىزىۋېتىلگەن كېپەك ئالتۇنلار، «بەختىڭنى سىناپ باق» دېگەن خەت شەكىلدە تىزىلغان زىخچە ئالتۇنلار، يىپقا ئۆتكۈزۈپ گۈل چىقىرىپ قاتارلاپ قويۇلغان ئالتۇن ئۇزۇكلەر سانجاق - سانجاق تۇراتتى. ئۇلار جاك زىخۇينى ھۆرمەت بىلەن تۆرگە ئۆتكۈزۈشتى.

قىمارۋازلارنىڭ «بىر... ئىككى... ئۈچ» دەپ توۋلىغان ئاۋازى كۇلۇب تاملىرىنى تېشەرلىك دەرىجىدە سۇرلۇك ۋە شىددەتلىك ئىدى. ئابدۇراخمان ئىلگىرى كۆپ قىمارلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق چوڭ ۋە ئاجايىپ قىمارنى بۈگۈن بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقىنى ئۈچۈن ھەممە ھەرىكەتلەرگە ھەيران بولۇپ كۆز سالماقتا ئىدى.

بىر چاغدا ئۇشتۇمتۇتلا كۇلۇب سەھنىسىدىكى «ماجاڭ» تاۋكاسىدىن ماجىرا كۆتۈرۈلدى. ئۇ يەردە دۇمچەك بىرىنى بىرمۇنچىسى پۇلۇڭ يوق ئادەم نېمىشقا قارىغا ئوينايسەن؟ دەپ دۆشكەلىشىۋاتاتتى. دۇمچەك بولسا ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ پەستىكى ما شۆيى تەرەپكە قاراپ خىرقىراپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى:

— ھەي لاۋ ما، سەن ماڭا كېپىل بولغىن. مەن پۇل ئەكېلەي.

— تېز كەل - ھە!

— ماقۇل، تېز كېلىمەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە سارسۇمبىنىڭ چوڭ كوچىسىدا تۆت ئەسكەر ما شۆيىنى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. نېمە ئەھۋاللىقىنى سورىغانلارغا، ئۇ:

— ھېلىقى ياڭ شوپاڭ دېگەن دۇمچەك ئەبلەخ ئاخشام ئۆلۈۋېلىپتۇ ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى.

شۇنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئاجەنىشنىڭ، جاڭ رىخۇيىنىڭ بۇيرۇغان بىر ئىشى بىلەن بازارغا كىرگەندى. ئۇ، جاپپار (جىايىڭسەي) بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئوتتۇرا مەكتەپ (گاۋزۇما)كە كەلگىنىدە «جيافۇبەنجاڭ چاڭخوغا كەتتى» دېيىشتى.

ئاجەنىشنىڭ چوركىلىقتىكى «چاڭخو»غا كەلگىنىدە ئۇ يەردىن ئات بىلەن ئارىلاپ يۈرەلمىدى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە ھەممە كەسىپ ھەرىكەتتىن توختاپ ئادەملەرنىڭ تولىسى شۇ يەرگە ئاققانىدى. ھەتتا خېلى تەقۋادار تىجارەتچىلەرمۇ دۇكانلىرىنى تاقاپ، تاماشا كۆرگىلى كېلىپ شۇ يەردە لاغايلاپ يۈرۈشەتتى. ئادەم دېگەن مىژىلداپ يېتەتتى. ماخوچى، خوشاڭچى، كاۋاپچى، تاڭگاچى، ھاراقچى، ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە ئولاشقان بولۇپ، غالتەك، زەمبىل ۋە مەشلەرگە ئورنىتىلغان قازان - قومۇچلىرىنى ھەر يەرلەرگە قويۇۋالغان. ئەپكەشلەر بىلەن يۆتكەپ يۈرۈشكەن، موچەنلىك نەرسە كويچەنلەرگە سېتىلماقتا ئىدى.

ئاجەنىشنىڭ ئارىلاپ يۈرۈپ بىر چەتتىكى تاۋكادىن جاپپارنى تاپتى. ئەمما گەپ - سۆز قىلماستىن ئۆرىتۆپە ئادەملەر ئارىسىدا بىردەم قاراپ تۇردى. جاپپارمۇ چوتار ئىلىۋاتاتتى. ئۇ، ئۆرە تۇرغان بىرىدىن چوتار تەلەپ قىلىپ قارىغىنىدا ئابدۇراخماننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، قىزىرىپ ھولۇقۇپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى.

— مانا بىزنىڭ كۈنلەر، — دېدى ئۇ.

— ئوبدان كەسىپ تېپىۋېلىپسىلەر، — دېدى ئابدۇراخمانمۇ قىزىرىپ كۈلۈمسىرىدى.

— بۇگۈن بىزنىڭ لىيەندىن يىگىرمە كىشى تاپاۋەتكە چىققتۇق. مېنىمۇ بەلگىلەپتىكەن.

جاپپار، ئابدۇراخماننى مېھمان قىلماقچى بولۇۋىدى، ئۇ ئۇنىمىدى.

# تۆتىنچى باب

# قانلىق داغلار

## 1

قىشنى قىمارۋازچىلىقتىن باشلىغان ئالتاي ئېغىر ۋە دەھ-شەتلىك كۆنلەرنى كەچۈرمەكتە. ھېچقاچانمۇ بولۇپ باقمىغان سو-غۇق قەھر - غەزىپىنى راسا كۆرسەتمەكتە ئىدى. تۇكۇرگەن تۈكۈرۈك يەرگە مارجان بولۇپ چۈشەتتى. قار قاپلىغان كوچىلار-دا يۇرگۈچىلەرنىڭ ئاياغلىرىدىن ئاڭلانغان غاچىلداشلار خۇددى ياغسىراپ كەتكەن يارىيار ھارۋىنىڭ چاقىدىن چىققان ئاچچىق چىرقىراشلارنى ئەسلىتەتتى. يول بويلىرى ۋە ھويلا - ئارامىلاردى-كى دەرەخلەرنىڭ قار قونۇپ ئېگىلگەن شاخلىرى ئېغىر ئەلەملەر قەددىنى ئەگكەن موماي لارنىڭ مۇڭلۇق قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى.

جۇدۇنلۇق بىر ئەتىگەن ئىدى. ئېتىنى ئويىنىتىپ قوش ماۋزۇرلۇق ئىككى قوغدىغۇچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن جاڭ زىخۇي «ئالتاي ۋىلايەتلىك سىلىڭبۇ»نىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ بىرتۇيۇپ چىشلىرى كاسىلداپ، دېيزىلىك مىلتىقنى قۇچاق-لاپ، يەرنى تېپىپ، دۇگدەرەپ تۇرغان ئىككى پوستقا ھومىيىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ، ئۇدۇل بېرىپ تۆمۈر تورنىڭ تۈۋىدە توختاپ، ئاتتىن چۈشتى ۋە ھىجايغاق بىر باشلامچىنىڭ كەينىدىن سىلىڭ-بۇنىڭ ئىشىك - دېرىزلىرى جەنۇبقا قارىغان خانىلىرىدىن بىرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنى ئۇ يەردە قاپقارا پاناق بۇرۇن ۋەن سىلىڭ

باشلىق ئەمەلدارلار ئالىي ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى . جاڭ زىخۇي بوينىغا يۆگىۋالغان تۈلكە تېرىسىنى ئالدى ۋە سۆلەتلىك جۇۋىسىنى سالدى ، پۇرقىرىتىپ تاماكا چەكچەيتىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى . ئۇ تەرەپتە تامنى بويلاپ ئالتاي مۇنەۋۋەرلىرىدىن مۇنەۋۋەر ، ئەمەت شاڭزۇڭ ، ھوشۇر ھاجىم ، ھەسەن ھاجىم ، ھېلىم تۈگمەن ، غوپۇر داباڭ ، تۇردى دايى ، تۇردى شاڭيى ، ھاپىز نوغاي ، ئەزەم ، مۇقاش ، سامايلوف ، ما پۇشەڭ ، ما زىمىن ، ياڭ چىگرىن ، قاسىم دولان ، مامۇت شەيتان قاتارلىقلار قاتار ئولتۇرۇشاتتى . ئالدى بىلەن ۋەن سىلىڭ سۆزلەپ : ھازىر ئاشلىق مەسىلىسى ئالتاينىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغانلىقىنى ، شۇڭا بۈگۈن شۇ مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئالتاينىڭ ئالىي كىشىلىرى ، ئەقىل - پاراسەت ئىگىلىرى ، مۆتىۋەر زاتلارنى بۇ مەجلىسكە چاقىرغانلىقىنى ، مۇنداق مۇھىم مەجلىس ئۈستىگە ھازىرقى كۈندە ئالتاينىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاتاقلىق سەركەردە جاڭ لۇيجاڭنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنىڭ تېخىمۇ ئوبدان بىر ئىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ ، جاڭ زىخۇينى سۆزگە تەكلىپ قىلدى .

— بىز ئالتايغا ئۆلۈش ئۈچۈن كەلمىگەن ، — دەپ سۆز باشلىدى جاڭ زىخۇي ، — بىز قوغداپ تۇرمىساق ھاياتىڭلار ، مال - مۈلكىڭلار قانداق بولماقچى؟ شۇنى بىلەمسىلەر؟ — دېدى ئۇ ، غەزەپ بىلەن ھەممىگە كۆز تىكىپ ، — ھازىر بىزنىڭ بەش كۈنلۈكلا تەمىناتىمىز قالدى . ئەمدىكى تەمىنات ھەل قىلىنمايدىغان بولسا ، مەن ئەسكەرلەرگە ئۆز جانلىرىنى قوراللىرى ئارقىلىق بېقىش ئۈچۈن بۇيرۇق بېرىمەن...

---

① ھوشۇر ھاجىم — چوڭ دېھقان بولۇپ ، شېڭ شىسەينىڭ «ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش» باھانىسىدىكى بۇلاڭچىلىقىدا ئون مىڭ كورە بۇغداي بەرگەن كىشى .

ئۇ ، ئاخىرقى جۈملىنى بەكمۇ غەزەپ بىلەن ئېيتتى . ئاڭلى-
غۇچىلار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى . شۇ ئەسنادا تېز
كىرگەن پاكىنەك بىرى ۋەن سىلىڭنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى .
ئۇلار نېمىشقىدۇر تېپىرلىشىپ قالدى .

باياتىن ئاتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قالغان ئابدۇراخمان تەرەت-
خانىدىن قايتىپ چىقىۋاتقىنىدا دەرۋازىدىكىلەرنىڭ ھۆكىرەپ يىغ-
لاۋاتقان بىر كىشى بىلەن قوپال سۆزلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ
قالدى - دە ، كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلدى . كۆردىكى ، بۇ يەردە
بىر كىشى تىترەك ئارىلاش يىغلاپ ئولتۇراتتى . ئەللىك ياشلار
ئەتراپىدىكى ئېگىز بويلۇق ، قاتاڭغۇر بۇ كىشى قازاقچە سۆزلىشىد-
مۇ تەلەپپۇزى ئۇيغۇرچىغا تارتىپ كېتەتتى . ئۇ، ئالىقىنىدىكى
كاكارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ ، ئەمدىلا سۆز
باشلاۋاتقىنىدا بايىقى پاكىنەك يەنە بىرىنى باشلاپ چىقتى - دە ،
ئالدىراپ - سالدىراپ ئۇ ئادەمنى ئىچكەركى ئۆيگە ئەكىرىپ
كەتتى . ئۇلار كىرىپ كېتىشىپتىپ دەيتتى : سىلىڭ مەجلىس تۇ-
گىگۈچە توختاپ تۇرسۇن دېدى...

ئەھۋال مۇنداق ئىدى : داۋۇت دوكار قىمارخانىلاردا گۆش-
گىردە سېتىپ بالا - چاقىسىنى باقاتتى . ئۇنىڭ قازاق كېلىنچى-
كى بار ئىدى . ئاق يۇزلۇك ئەپچىل بۇ كېلىنچەك شەھەر ئىچى
ۋە ئەتراپىدىكى قازاقلارنى ئارىلاپ يۇرۇپ ئېرىنىڭ كەسپىگە كې-
رەكلىك نەرسىلەرنى تېپىشتا بەكمۇ پۇختا ، قازاق تىلى بىلەن
ئېيتقاندا «مىختا» بىر كىشى ئىدى . داۋۇت كېچىسى قىمارخانىغا
گۆشگىردە ئەكەتكىنىدە ئۇ ئىشكىنى ئىچىدىن ئېتىپ ئۆيدە قالغا-
نىدى . ئېشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن داۋۇت دالاننىڭ ئىشكى
ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۇپ ئالدىراپ ماڭغىنىدا بىر نەرسىگە
پۇتلىشىپ يىقىلدى . قارىسا كېلىنچىكى ئاسمە ئۆلۈپ قانغا چى-
لىشىپ ياتقان... ئاسمە ئېغىرىبوي ئىدى . شۇنداقلىقىغا قارىماي
ئەتىكى تىرىكچىلىكنىڭ تەرەددۇتىنى تەقلەپ قويۇپ ياتقىنىغا خې-

لى بولسىمۇ ، نېمىشقىدۇر ئۇيقۇسى كەلمەي خىياللارغا بەند بولماقتا ئىدى . بىر چاغدا نېمىدۇر تاراقشىدە قىلغاندەك بولدى . بۇ ئاۋازدىن چۆچۈگەن ئاسىمە قازاق ئاياللىرىغا خاس چەبدەسلىك بىلەن تاشقىرىغا قاراپ ماڭغاندا توسۇپ قويۇلغان بىر نەرسىگە پۇت-لىشىپ بوسۇغا تۈۋىگە يىقىلدى . ئۇ ئالا موزاينى سۆرەپ چىقىپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، ئوغرىلار-غا ئېتىلدى . ئوغرىلار تۆت كىشى ئىدى . ئۇلارنىڭ بىرى موزاينى تۇتۇپ سىرتتا قالدى . قالغىنى ئاسىمەنى ئاۋاز چىقارغۇزماي بوغۇپ ، پومداقلاپ دالانغا ئەكىردى ، ئاڭغىچە چېۋەر چوكان يامىشىپ بىرىنىڭ پېشانىسىدىكى پارقىراپ تۇرغان بەلگىسى (كا-كارى )نى يۇلۇۋېلىپ ئۇنى چىڭ سىقىمىلىۋالغانىدى .

ئاسىمەنى ئۇلار نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈشكەن ، يېنىغا بىر ئۇيغۇر دوپپىسى بىلەن قەشقەر پىچىقىنى تاشلاپ قويغان بولسىمۇ ، لې-كىن مىلتىق نەيزىسىنىڭ بالىلىق قورساقنى تېشىپ ئۇياق-تىن ـ بۇياققا ئۆتكەن ئۈچ بۇرجەكلىك كىچىك تۆشۈكلىرى ئەھۋالدىن ئېنىق دالالەت بېرىپ تۇراتتى .

ھالبۇكى ، شۇملۇق ھەققىدە باش قاتۇرغان دۇشمەن ئاسىمە-نىڭ ئالىقىنىدىكى كاكار ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمىغانىدى . مانا ئەمدى داۋۇتئاخۇن شۇ ئۆچمەس ئىزنى ئېلىپ سىلىكىۋۇغا كەلگە-نىدى ، لېكىن ھازىر ئۇلار «ئىزنى يوقىتىۋېتىش» قەستىدە ئۇنى ئېچكىرى بىر ئۆيگە ئەكىرگەن ، ئابدۇراخمان ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن بىردىن ئەھۋالنى ئېنىق بىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ۋەقە-نىڭ تۈۋىگە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ھېچبىر مۇۋاپىق چارە تاپالمى-غانىدى . ئۇ ، ئۆز «خوجايىنى» بىلەن ئۇزاپ ماڭدى .

داۋۇت دوكار تېخىچىلا تەلمۈرۈپ ، كىرگەنلەرگە يالۋۇرۇپ بۇلۇڭدىكى بىر ئۆيدە قايناق سۇ بىلەن مومىنىڭ «مېھمىنى» بولۇپ ئولتۇراتتى . ئاقىۋەت ئۇنى «دۆلەت ئارمىيىسىگە تۆھمەت چاپلىغان» دېگەن تەھدىت تېرىلىرىنى تاراقلىتىش بىلەن قاتتىق قورقۇتۇپ ، ھېلىقى كاكارنىمۇ يوقىتىپ ، بىرمۇنچە ۋەدە ۋە دەس-

تەكلەرگە بارماق باسقۇزغاندىن كېيىن ئارقا ئىشىكتىن چىقىرىۋەتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگىنى ئىدى. سارسۇمبە كوچىلىرىنى قويۇق تۇمان قاپلىغان. تۇمان قويىنىنى ئاربلاپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ پۈتلىرى كۆرۈنسە، باش تەرەپلىرى كۆرۈنمەيدىغان ئاجايىپ هالەتلەر شەكىللەنمەكتە ئىدى. هەر تەرەپتىن ئالدىراپ كېلىۋاتقان كىشىلەر جۇمە مەسچىتىنىڭ نىرىسىدىكى چوڭ كوچىغا — هوشۇر هاجىمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئولاشماقتا ئىدى. تۇمانمۇ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىمىر - چىمىر هەرىكەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

تۆت كوچا ئاغزىدىكى ساتىراشخانا ئالدىدا تۇرغان نۆكچە بوي يىگىت ئۇ تەرەپتىن ئىلدام كېلىۋاتقان چاسا ساقال كىشىدىن سورىدى:

— ئاۋۇ يەردە نېمە بولۇپتۇ؟

— هاپىز نوغاي دۇكىنىدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ.

— هە، نېمە؟... هاپىز نوغاي ئۆلۈۋېلىپتۇ؟

— هەئە، ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىپتۇ. هېلىمۇ ئېسىقلىق تۇرىدۇ.

يىگىت دەرهال ۋەقە يۈز بەرگەن تەرەپكە چاپتى. كۆردىكى، پوكەينىڭ ئىچى تەرىپىگە پۇتى سوزۇلغان، تىل ۋە كالپۇكلىرى بىلەيدەك كۆپۈپ قارىيىپ كەتكەن، كۆزلىرى چەكچەيگەن هاپىزنىڭ ئۆلۈكى بەكمۇ سۇرلۇك ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ، جاڭ زىخۇي ۋە ۋەن سىلىڭ هېلىقى مەجلىستە يۈكلىگەن «مىڭ جىڭ ئاق ئۇن» مەجبۇرىيىتىنىڭ مەهكۇم قۇربانى ئىدى.

## 2

سارسۇمبىدە تۇمانلىق بىر كۈن ئىدى. ئابدۇراخمان «ئالتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى»نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، كىچىك

كۆرۈكنىڭ ئاغزىغا چىققىنىدا چوڭ كوچىغا تولغان ئادەملەرنىڭ ئالدىراپ - سالدىراپ شەھەر تەرەپتىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى ۋە ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئاستا توختاپ بىر كىشىدىن سورىدى :

— نىمە ئەھۋال بۇ ؟

— ئادەم ئاتىدىكەن .

— قەيەردە ئاتىدىكەن ؟

— قەيەردىكىنتاڭ . مەنمۇ ئۇقالمىدىم ، مۇشۇ ئادەملەر كېتىۋاتقان تەرەپتە ئاتىدىغان ئوخشايدۇ . ئېتىلىدىغانلار ئون نەچچە كىشى دەمدۇ نىمە . خۇدايىم ، — چار ساقال كىشى ئاشۇلارنى دەپلا ئالدىراپ ماڭدى . ئابدۇراخمانمۇ ئاتنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى . ئادەملەر تۇلتا يولىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى .

تۇلتا يولى ساقچى ئىدارىسىنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىكى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوقما تامنى بويلاپ ئۇدۇل شەھەرگە تۇتىشاتتى . ئاشۇ تامدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ هارۋا بىلەن قىغ - قات ۋە نەرسە - كېرەك توشۇيدىغان ئارقا دەرۋازىسى بولۇپ ، بۇ دەرۋازا ئۇدۇل «جاڭجۇڭتاۋ»غا قاراپ تۇراتتى . هازىر مىلتىق تۇتقان نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئادەملەرنى شۇ دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىن توسۇغان ، كىشىلەر يولدىن توغرىسىغا ، ئۇياندىكى ئېتىزنىڭ قىرىنى بويلاپ شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ سانجاق - سانجاق تۇرۇشماقتا ئىدى . تاغ ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۆگزىلىرىدە بولسا ، پىلىموتلارنى قۇرغان قاراۋۇللار يامراپ يۈرەتتى .

بىر چاغدا دەرۋازا ئېچىلىپ ئىشكەلنىڭ جالدۇر - جۇلدۇر ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى ، ئاندىن دومبىسىگە تاختاي قادالغان بىر تۈركۈم باغلانغانلارنى بىرىنى ئىككىدىن ئەسكەر ئېتتىرىپ ئاچىقىپ دەرۋازىنىڭ تۈۋىدىلا ئازگالنىڭ لېۋىدە قاتار تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى - دە ، ئېتىپ تاشلاشتى . ئارقىدىنلا بىر قانچە پاي تاپانچىمۇ ئېتىلدى . تاپانچا ئاتقانلارنىڭ بىرى ئالتاينىڭ ۋا-

لىيسى ياغاق يۇز گاۋ باۋيىك ، يەنە بىرى مۇئاۋىن ۋالىي ئۈچكە ساقال جانىمقان ۋەساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى — پىك جۇيجاڭ-لار ئىدى . كېيىن ئۇلار ئۆلۈكلەرنى كۆرۈش — «ئېكسكۇرسىيە قىلىش » ئۈچۈن ئاھالىنى قويۇۋەتتى . 1943 - يىلى قىشنىڭ جۇتلۇق بىر كۈنىدە ، سارسۇمبە شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى تۆلتا بويىدا ئون ئۈچ كىشى قانغا چىلىشىپ قاتار ياتاتتى . ئۇلار-نىڭ بىرى خەنزۇ ، بىرى خۇيزۇ ، ئۈچى ئۇيغۇر بولۇپ ، قالغانلى-رى قازاق ئىدى . بىر نەچچىسىنىڭ پارچىلانغان باش سۆڭەكلىرى بىلەن مېڭىسىنىڭ قېتىقى چۇۋۇلۇپ ياتاتتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئون ئالتە ياشلىق بالىلارمۇ بار ئىدى .

ھۆكۈمنامىلەر ھەر خىل ئىدى . بىر ئۇيغۇرنىڭ ھۆكۈمنامى-سىگە مۇنداق يېزىلغانىدى : «قورال ئېلىپ قاچقان جىنايەتچى نىياز ، يىگىرمە بىر ياش ، شىنجاڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن . » ئۇنى «قورال ئېلىپ قاچقىنىغا قارىغاندا ھەربىي ياكى ساقچى بولۇشى مۇمكىن… » دېگەن خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالماسلىقى ئۈ-چۈن ، قىسقىچە ئىزاھ بېرىپ ئۆتۈش زۆرۈر . ئۇ موللا ئىسلام شياڭزۇڭ دېگەننىڭ چاكىرى بولۇپ ، ئۇ يەرگە تېلېفون سىملى-رىنى ئۇلاشقا چىققان ئىككى گومىنداڭچىنىڭ ئېتى بىلەن مىلتى-قىنى كېچىسى ئېلىپ قاچقان . ئەمما نىياز يولنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ، ئىز قوغلىغۇچىلار تەرىپىدىن ئېرىتىش بويىدا ، كۆكتو-قاي يولىدا تۇتۇلغان…

ئەمدى قالغانلىرىغا كەلسەك ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر جەسەت ئالاھىدە دىققەتكە داخىل ئىدىكى ، ئوتتۇرا بويلۇق ، بۇغداي ئۆڭ-لۈك . چىرايلىق قوڭۇر بۇرۇتلۇق ، قارا چىبەرقۇت كەمزۇلىنى پۇچماقلىرى كەشتىلەنگەن چىبەرقۇت شالۋۇرىنىڭ ئىچىگە تىقى-ۋالغان ، چىگرىن ئۆتۈكىنىڭ قونچى قايرىلىپ پۇتىغا قوش ئىش-كەل سېلىنغان قاڭشارلىق قاۋۇل بىر يىگىت ، جاق ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ ، مەيدىسى ئالاھىدە ئېچىپ قويۇلغانىدى . ئۇنىڭ كۆ-

زى ۋە كالپۇكى يېرىم ئوچۇق ئىدى. سەدەپتەك چىشلىرى غەزەپ-تتىن كىرىشكەن ياكى نەپرەتتىن كۇلۇۋاتقاندەك كۆرۈنسە، قويۇق كىرپىكلىك قوي كۆزلىرىنىڭ تارتىشقان قاراقلىرى زۇلمەت دۇن-ياسىغا قادالغان ئوقتەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمنامىسىگە مۇن-داق سۆزلەر يېزىلغانىدى: «باندىتلار باشلىقى بۇركۇتباي، ئوت-تۇز ئالتە ياش، قازاق، ئالتاينىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن،

ئەتىسىدىن تارتىپ ئالتاينىڭ پۈتكۈل تاغ - تاشلىرىدىن «ھوي قايچا» دېگەن ئەن ياڭراشقا باشلىدى. بۇ ئەننى باتۇر بۇركۇتباي تۇرمىدە قوش كىشەننى ساز قىلىپ شىرىقلىتىپ ئول-تۇرۇپ ئېيتقانىدى. ئۇ ئەندە مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى:

سالام ساغان دەلەلقان ئاغا باتۇر،
بۇركۇتباينىڭ بايلىنىپ مۇندا ياتۇر.
قىمىز ئىچىپ ئوينىغان قەيران باشىم،
بەكىيەنىڭ ئاق سۈيى بالدەك تاتۇر... ھوي قايچا...

قول - ئاياغىم بايلۇدا،
قىزىل تىلىم سايرۇدا.
مەن قايچانى ئالغاندىم،
بۇلتۇر يازغى يايلۇدا.

قازاق خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلى بۇركۇتباي كۆزدە خامانلارغا ئوت قويغان ئوسمانىنىڭ قۇيرۇچۇق گورۇھىغا قارشى قەھرىمانانە كۈرەش قىلىپ، ئەل - يۇرتنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلماسلىق تەرىپىد-دە تۇرغانىدى. ۋەھالەنكى، شۇم قۇيرۇچۇقلار بۇركۇتباينى بىر تۇركۇم يىگىتلىرى بىلەن قوشۇپ باغلاپ تاشلاپ، ئەل - يۇرتنى بۇلاپ قاچقان؛ ئاندىن ئۇلارنى جانىمقاننىڭ قارا كېرەيلىرى گو-مىنداڭچىلارغا تۇتۇپ بەرگەن؛ گومىنداڭ جاللاتلىرى ھالا بۇ

كۆنلەردە ئۇلارنى قاتمۇقات باغلاپ ئاچىقىپ، ئالتاي ئاھالىسىنىڭ كۆز ئالدىدا، تۆلتا يولىدا قانغا غەرق قىلغانىدى.
مەرھۇملارنىڭ جەسەتلىرى ئۇ يەردە قوراللىق مۇھاپىزەت ئاستىدا ئۈچ كۈن تۇردى. ئۇلارنىڭ قىپقىزىل قانلىرى يەرگە سىڭمەي قار قاتقان يولدا پارقىراپ تۇراتتى. بۇ، قەھرىمان ئالتاي خەلقىنىڭ باغرىغا ئۇنتۇلماسلىق ئۇچۇن ئۇيۇپ قالغان داغلار ئىدى. تاغۇ تاشتىن «ھوي قايچا»نىڭ ئوتلۇق ساداسى ياڭرايتتى. بۇ، باتۇر بۇركۇتباينىڭ ئاۋازى، ئالتاي قەھرىمانلىرىنىڭ زۇلمەت زامانىغا قايتۇرۇۋاتقان ئىنكاسى ئىدى.
قانلىق داغلار خاتىرىسىنى كۆڭۈل كىتابىنىڭ ئۆچمەس بەتلىرىگە ئورناتقان ئابدۇراخمان ئاتنى ئارقىسىغا ئايلاندۇرۇپ سارسۇمبە كوچىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ كەلگەندە جاپپار قىمارخانىدىن ئەمدىلا كېلىپ تۇرغانىدى. جاپپار ئابدۇراخماننى خۇشال قارشى ئالدى. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى سالقىن نەزەرنى سەزگەن جاپپار سەۋەبىنى سورىۋىدى، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ئابدۇراخمان بۈگۈنكى قانلىق پاجىئەنى نادامەت بىلەن سۆزلەپ بەردى. جاپپارنىڭ ئورنى تۆۋ مەشنىڭ ئۇ تەرىپىدە، خالىيراق جايدا ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بىردەم مۇڭداشتى.
— بىز، ئۆلۈم ئارىسىدا يۈرگەن تىرىك ئەرۋاھلارمىز، — دېدى ئابدۇراخمان، ئارىنى بىر ئاز سۈكۈت ئالىلىدى، — بۇرنىمىزغا ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدۇ…
— مېنىڭمۇ بۇ ئالتايدىن تىرىك چىقىپ كېتەلىشىمگە كۆزۈم يەتمەيدۇ، — دېدى جاپپار مۇڭلىنىپ.
— مەن بولسام، — دەيتتى ئابدۇراخمان تاماكىنى شوراپ كۆلىنى قاققاچ، — بۇ مالايلىق ۋەزىپە بىلەن بەندمەن، ئامالسىزمەن، سىلەر بولساڭلار كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە، شۇڭا بىزنىڭكىلەرگە كۆپرەك كۆچ چىقىرىڭلار، ئۇلار قىمارغا، بۇزۇقچىلىقلارغا كۆپ بېرىلمىسۇن، ئىلاج بار قورال ـ ياراغنىڭ تىلىنى

ئوبدان ئۆگىنىش زۆرۈر .

— ئاداش ، سىلى مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك جانجىگەر ئاغىنەم ، شۇڭا سىلىگە يۈرەك سىرىمنى دەۋېرەر . ۋاقتانىۋاق كەلسە بىزگە جاننى قولتۇققا ئېلىپ هاياتىمىزنى قوغداشقا توغرا كېلىدۇ . هازىر ئالتايدا ئەھۋال ئېغىر...

— راست ، ئەھۋال بەك ئېغىر ،— دېدى جاپپار .

— بىزنىڭكىلەر يەتتە يۈز...— دېدى ئابدۇراخمان ئۆيچان كۆزلىرىنى تورۇسنىڭ قەيرىگىدۇر قاداپ .

— ئۇنچىۋالا ئەمەستۇر ؟

— راست ، ھەي... ھەممىدىن يامىنى بىزنىڭكىلەر بۆلۈۋېتىلگەن ـ دە....

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىمىزغا قويۇۋەتكەن ئىشپىيونلارنىڭ كۆپلۈكچۇ تېخى...

شۇ ئەسنادا كاناي چېلىندى . گوگوزىلار تاراقلاشقا ، قىمارلار بۇزۇلۇشقا باشلىدى . تاماق كۈندە ئىككى ۋاخ بولۇپ ، بۇ ئاخىرقىسى ئىدى .

## 3

مارتنىڭ ئوتتۇرلىرى . سارسۇمبە شەھىرى شۇنداق سۇرلۇك بىر ئەتىگەننى كۆردىكى ، ھەممە كوچىلارنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا ، ھەر ئەللىك مېتىر ئارىلىقتا نەيزىلىك مىلتىقلارنى تۇتقان ئەسكەرلەر بىر ـ بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ھالدا ھەيۋەت بىلەن ھەيكەلدەك تۇرۇشاتتى . كوچا ـ كويدا ئاشۇلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىدىن بۆلەك يۇرگەن جان كۆرۈنمەيتتى . شەھەر شۇنچە ۋەھىمىلىك ئىدىكى ، كىشىنىڭ دىلى ئەيمىنىپ ، تەنلىرى جۇغۇلداپ ، كۆڭلى بىر قىسما بولاتتى . بۇ كۆڭۈلسىز كەيپىياتنى ھەريان يۇگۇرۇپ ، قېچىپ يۇرگەن ئىتلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تېخىمۇ جىد-



www.uyghurkitap.com

دىيلەشتۇرمەكتە ئىدى . مۇنداق قاراشتا ، بۇگۈن گويا كى ئىتلارغا ئاخىر زامان بولغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئەمما ئەھۋالنىڭ نېمە ئۇچۇن شۇنچە جىددىيلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئابدۇراخمان بىلەن يەنە بىر پاكىنەك قوغدىغۇچىسىنى قاتار ئەگەشتۇرۇپ ئەتىگەنلا «لاگېر»دىن يولغا چىققان جاڭ زىخۇي سارسۇمبىنىڭ مەركىزىي كوچىسىدا ئېتىنى ئوينىتىپ ، نېمىلەر ھەققىدىدۇر سۇرلۇك خىيال سۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . ئابدۇراخمان بولسا ، ئەتراپقا كۆز يۇگۇرتۇپ ، بۇ جىددىيچىلىك ھەققىدە ھەر خىل ئويلاپ باراتتى . بۇ ھەربىي ھالەتنىڭ سىرىنى ئۇ پەقەت سىلىڭبۇغا بارغاندىن كېيىنلا بىلدى . بىر دەمدىن كېيىن دەپتەر ، قەلەم ، جىڭ ، چوت ، تاغار ، لوم تۆمۈر ، كۈرەك ، نەيزىلەرنى كۆتۈرگەنلەر ھەربىر كوچىلاردا يامراپ يۇرمەكتە ؛ ئۇلار ئاشلىق ئىزدەپ «ئۆي ئاختۇرۇش» ئېلىپ بارماقتا ئىدى . ئۆيلەرنىڭ ئاستى ـ ئۇستىلىرىگە ، تام ـ تورۇسلارغا نەيزە سانجىپ ، لوم ۋە جوتۇلار بىلەن ئۇرۇپ تىڭشاپ ۋە كولاپ ، ئەل ـ يۇرتنى قاڭغىر قاقشاتماقتا ئىدى .

## 4

ئاپرېل كەلدى . قار ئېرىپ يوللار ئېچىلىش بىلەنلا بۇلتۇر كۈزدە قۇيرۇچۇقلار ھەيدەپ كەتكەن ئەل شەھەرگە قېچىپ كەلـ گىلى تۇردى . بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قازاق ئەركەكلىرى بولۇپ ، بەزىلىرىنىڭ يېتىلىۋالغان بىر ـ ئىككى بالىسىمۇ بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ھېچقانداق تىرىكچىلىك يولى بولمىغىنى ئۇـ چۇن ، ھەممىسى دېگۈدەك دىۋانىچىلىق ، خەيرچىلىك قىلدى . خەيرچى بىچارىلەر ئېچىلغانلىكى دۇكان ياكى ئىشىك ئالدىغا كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ نالە قىلىپ زارلىناتتى . بەزى دۇكانـ دارلار پارچە پۇللارنى دۆۋىلەپ قويۇپ ، ھەربىر خەيرچىگە

بىر ـ ئىككى تىيىندىن بېرەتتى . بەزى «سودىگەر»لەر بولسا، ئۇلارغا بىر تال سەرەڭگە تەڭلەيتتى . بۇ «خامانغا ئوت ياق» دېگەن تەنە ئىدى . ھالبۇكى ، خامانغا ئوت قويغان قۇيرۇچۇق ئەبلەخلەرنىڭ دەردى ـ بالاسىنى بۇ بىگۇناھ بىچارىلەرنى ئىتتىپ ئاشقۇچە تارتىۋاتاتتى .

ئاشخانىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاقالغانىدى . ئوچۇق بول‑غان «ئاشخانا» دېگەنلەرنىڭ ئېتىدىغىنى سەينى كۆپ سالغان سۇيۇقئاش ياكى ئۇماچ بولۇپ ، بىر چىنىسى ئىككى كوي ئىدى . ئۇمۇ تېخى ئاتلىقا بار ، پىيادىگە يوق ئىدى . سارسۇمبە سۇرلۇك ۋەھىمە ئىچىدە قالدى . بەش ـ ئالتە ياشلىق ئوغۇل ـ قىزلارنى بەش جىڭ ئۇن ياكى بەش شىڭ تېرىققا تېگىشىشكە ، خېرىدار تاپالمىغانلار ئۆز جىگەر پارىلىرىنى «ئۆلۈپ كەتكۈچە سەن بېقى‑ۋال» دەپ باشقىلارغا بىكارغا بېرىۋېتىشكە باشلىدى .

ئالتاي بالايىئاپەت قايىنىمىدا قالماقتا ، قازاق قىرىلماقتا ئى‑دى . ھەر كۈنى بامداتقا بىر قانچە جىنازا ئۇلگۇرسە ، پېشىن ، نامازدىگەرگىمۇ نەچچىسى تەييار بولاتتى .

## 5

« ‹ئېشەك ئۆلسە — بىر نىمىسى غېجەك تارتىپتۇ › دېگەن مۇشۇ ـ دە ! » دەيتتى كىشىلەر سارسۇمبىدە باشلانغان بۇ «يېڭى ئالامەت»نى كۆرۈپ .

ئۈچ كۈندىن بۇيان بىر قانچە ھەربىي چوڭ كۇلۇبنىڭ ئۆگزى‑سىدە دۇمباق چالماقتا ئىدى . يېشىل سىرلىق كۇلۇبنىڭ قاڭال‑تىرلىق ئۆگزىسىدە چېلىنغان چوڭ ـ كىچىك تۆت دۇمباقنىڭ سۇرلۇك مىڭگانلارغا تەڭكەش قىلغان ئاۋازىغا تۆت تەرەپتىكى ئېگىز تاغلاردىن قايتقان سادالار قوشۇلۇپ ، سارسۇمبىنى بىر ئاجايىپ گۇمبۇرلەشلەرنىڭ قايىنىمىغا ئايلاندۇرماقتا ئىدى . بۇ

سۈرلۈك ۋە دەھشەتلىك گۈمبۈرلەشلەر قايىنىمىدا قىلىنىۋاتقان كىشىلەر ئەھۋالىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، چۆچەكتىن ئىككى يۈز ھارۋا «دۆلەت ئاشلىقى» ئاچارچىلىقتا قالغان ئالتايغا ئەكىلىنىمەكتە ئىكەن. تاغۇ تاشنى تىترىتىپ، ئالەمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكۈدەك گۈمبۈرلىگەن دۈمباقلار ئەنە شۇ «دۆلەت ئاشلىقى» ئەكىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ تەنتەنىسى ئۈچۈن چېلىنغانىكەن.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندى. سارسۈمبىدە ئۈشتۈمتۇتلا قاتتىق مالىمانچىلىق باشلىنىپ كەتتى. ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن پىلىموت ۋە مىلتىقلار ئېتىلىشقا باشلىدى.

ئېگىزلىكلەردە ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر خۇددى چۈمۈلىدەك مىژىلداشقا باشلىدى. ساراسىمە ۋە ئەندىشە ئىچىدە كىشىلەر بىر ـ بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ «بۇ نىمە كارامەتتۇر؟» دېيىشەتتى. بىردەمدىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، ھەپتىدىن بېرى تاغۇ تاشلارنى ياڭرىتىپ، كۈلۈپ ئۆگزىسىدە چېلىنغان دۈمباقلارنىڭ «تەنتەنە ساداسى»نى قۇيرۇچۇقلارمۇ ئاڭلىغانىكەن. ئۇلار «دۆلەت ئاشلىقى» چۆچەكتىن چىمچەككە يېتىپ كەلگەن كۈنىلا ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئۇلگۈرۈپ كەلگەنىكەن.

قۇيرۇچۇقلار ھارۋىلارنى ۋە ھاۋىناك، چىمچەك تۇلتىلارنى تامامەن بۇلاپ، ئاشلىقلارنى تاغ ـ تاشلار ئارىسىغا تىقىۋېتىپ، ئات ـ ئۇلاغ ھازىرلاپ كېلىپ ئاشلىقلارنى ئەكەتمەكچى بولۇپ قابا ۋە ئاقچى ناھىيىلىرىنى بۇلاشقا كېتىپتۇ...

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاچ ـ زار ئەل ـ جامائەت: يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ، بېشىنى قولتۇققا قىسقان ھالدا كېچىسى تاغقا چىقىپ چۆچەكنىڭ ئاق بۇغدايلىرىنى تاغار ـ تاغارلاپ تېپىپ كىرىشكە باشلىدى.

گومىنداڭچىلار كۆرۈپ قالسا، ئۇ ئاشلىقلارنى «دۆلەت ئاشلىقى» دەپ تارتىۋالاتتى، تېخى...

# 6

«كوچا ـ كوچىلارغا چاپلانغان «خۇش خەۋەر» ئېلانى ئۆز ئەتراپىغا ئادەملەرنى ئولاشتۇرماقتا ئىدى . بۇ ئېلانلا دۆلەت ئايروپىلان بىلەن ئالتايغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ۋە جۇڭخۋا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتاي خەلقىغە قىلىنغان غەمخورلۇقى مەدھىيىلەنگەنىدى . ئېلانلارنى ئوقۇغانلار ئاستا پىچىرلىشاتتى :

«ئايلىخان ئاغىچا بوپتۇ دېسە ، كەلگەندە كۆرەرمىز دەپتىكەن . ئايروپىلانلىرىنىمۇ كەلگەندە كۆرۈپ بىرنېمە دېمىسەك ، قاپاق باش گومىنداڭنىڭ قايسىبىر ئىشى بولۇۋاتىدۇ ؟ !...»

«ھەق گەپ .»

ئاپرېلنىڭ ئاپتاپلىق بىر كۈنى ئىدى . سائەت ئونلاردا ، سەككىز ئايروپىلان سارسۇمبە ئاسمىنىغا غارقىراپ كىرىپ كەلدى .

ئايروپىلانلار ئارقا ۋە يانلىرىدا خېلى ئارىلىق قالدۇرۇپ ئىككى ـ ئىككىدىن قاتار ئۇچقانىدى . ئۇلار «جاڭجۈك قىزىل» چوققىسىنى بويلاپ ، شەرقىي تاغ باغرى ۋە شىمالدىكى بۈيۈك ئاق چوققىلار تۆۋى بىلەن ئايلىنىش ئارقىلىق لاستا ئورمانلىرى ئۈستىدىن ئەگىپ ، سارسۇمبە ئۈستىگە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى .

ئايروپىلانلار سارسۇمبىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا كەلگەندە قارا ـ قۇرا بىرنېمىلەرنى تاشلىغىلى تۇردى . دەسلەپتە تۇماقتەك كۆرۈنگەن نەرسىلەر بارغانسېرى يوغىناپ شۇنداق تېز چۈشمەكتە ئىدىكى ، ئاسماندىكى ئايروپىلان ئاۋازىغا يەردىكى جانلىقلارنىڭ قىيا ـ چىياسى قوشۇلۇپ ، سارسۇمبىنى قىيامەت قايناشقا ئايلاندۇرۇۋەتتى .

ئايروپىلانلار «ۋەزىپىنى ئورۇنداپ» ھەيۋەت بىلەن غارقى-راپ كېتىپ قالدى. بۇ ئايروپىلانلارنىڭ ئالتايغا ئەكېلىپ تاشلى-غىنى راستىنلا «دۆلەت ئاشلىقى» بولۇپ، ھەممىسى گۇرۇچ ئىكەن، ئۇنى تاغار - تاغارلارغا قاچىلاپ، برېزېنت، تېرە، كىگىز... قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئوراپ تاشلىغانىكەن.

«دۆلەت ئاشلىقى» پۇقرالارغا قانداق ئاقىۋەتلەر ئەكەلدى؟ ئەلۋەتتە ياخشى ئاقىۋەت ئەكەلمىدى. بىر تاغار گۇرۇچ يېگى مەھەللىدىكى بىر قازاقنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈپ، ئۆي - پۈيىنى كۇكۇم - تالقان قىلىپ، تۆت بالىسى بىلەن ئاتا - ئانا ئالتە جاننى مىجىپ تاشلىدى...

گۇرۇچتىن پۇقرانىڭ ئاغزىغا بىرەر تال تەگكەن بولسا، ھارام بولسۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالتاي ئاھالىسى خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇل-غان چۇمۇلىدەك پېتىراپ سارسۈمبىنى تاشلاپ ھەريان قېچىپ كېتىشكە باشلىدى.

# 7

ئالتايدىكى قىران دەرياسىنىڭ سارسۈمبىدىن چىقىپ جەنۇبقا قاراپ ئۇدۇل ئېرتىشكە ئاقىدىغان كارتىنىسىنى بىز باشتا كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. شۇ دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ جاڭجۇڭ-تاۋغا تۇتاشقان تۇلتا يېزىسى سوزۇلۇپ ياتاتتى. تۇلتىنىڭ شىما-لى — شەھەر تەرىپىدىكى ئۇدۇلىدا، دەريانىڭ ئۇ قاسنىقىدا بولسا «لاگېر چازىسى» — ھەربىيلەر گازارمىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، تۇلتا يولىدىن سارسۈمبىگە كىرىدىغان كىشى بىز گە تونۇش ساق-چى ئىدارىسى ئورۇنلاشقان ئارالنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىگە كەلگەندە ئۇدۇل ماڭسا چوڭ بانكىدىن ئۆتۈپ بازار ئىچىگە، سولغا بۇرۇلسا ئىككى كۆۋرۈكتىن ۋە ئوتتۇرىسىدىكى ساقچى

www.uyghurkitap.com

ئىدارىسى دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈش ئارقىلىق هېلىقى «لاگېر» نى بېسىپ ئۆتۈپ، چىمىچەك، هاۋىتاڭ يېزىلىرىغا، ئۇدۇلى ئېرتىش، ئۇ تەرىپى بۇرچىن بىلەن ئىلى، ئۈرۈمچىلەرگە كېتەتتى.

تۇلتىدىن ئاتلىق ئالتە قازاق ئىككى ـ ئىككىدىن ئېگىز ـ پەس قاتارلىشىپ قىزىق ئەڭگىمىلىشىپ كېلەتتى. ئۇلار شەھەر ـ دىكى هېلىقى بۇرجەككە كەلگەندە سولغا بۇرۇلدى ـ دە، كۆۋرۈك ـ كە قاراپ ماڭدى.

— هە، بازارباي، بازاردا كارامىتىڭنى كۆرسىتەرسەن، — دەيتتى بېشىغا ئالاچىت باغلىۋالغان گۇرەنلىك، بوز ئاتلىق قارا قازاق.

— جو ... — دەيتتى قۇلا قاشقا ئاتلىق چېقىر كۆز.

— چۇۋ، ئەكىڭنى... ئىت مۇرۇن ... — دەيتتى ئېگىز بوي، چاشقان بۇرۇت بىرى ساقچى ئىدارىسى دەرۋازىسىدا تۇرغان پوستلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بېرىۋاتقاندا ئاتنى قامچىلاپ، — قارىغىنا ئىتنىڭ بالىسىنىڭ تۇرۇشىنى ... — ئۇ، ئالائاياغ ئاتنى دېۋىتىپ قامچىلايتتى. بازارباي دېگىنى مۇشۇ ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە هەمراهلىرى كۇلۇشۇپ باراتتى.

قازاقلار چوڭ كۆۋرۈكنىڭ نېرىسىدا كېتىۋېتىپ غەربىي ئېگىز چوققىدا تۇرغان بىر مۇنچە ئەسكەرلەرنى كۆردى ـ دە، كۆك ئاتلىق بىرى:

— ئاۋۇلار هازىر نېمە قىلىۋاتقاندۇر؟ — دېدى.

— پىت بېقىۋاتقان چېغى بار، — دېدى بازار باي باشقىلىرى كۇلۇشتى.

— قىمار ئويناۋاتقان بولسا كېرەك، — دېدى يەنە بىرى.

ئۇلار «لاگېر» گازارمىسىغا كەلگەندە چوڭ يول ئالا ياغاچلار بىلەن توسۇقلۇق ئىدى. گازارما دەرۋازىسىدىكى ئىككى پوست بولسا، نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۈگدەپ

ئۇلتۇراتتى .

— ئۇخلا ئىتنىڭ كۈچۈكلىرى ، — دەيتتى بازار يېنىدىكى-لەر ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا ، — تۇن بويى قاتراپ يۈرۈپ چارچاپ قالغانسەن .

پوستلارنىڭ بىرى ئات شەپىسىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى چى-مىلداتتى ۋە ۋارقىرىدى .

— چىمىچىككە بارىمىز ، — دېدى بازار . پوست قوشۇمىسى-نى تۈرگىنىچە كېلىپ ئالا ياغاچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يولنى ئېچىپ بەردى .

— چۇۋ ، ئالباستى باسقىر چوشقا ، — دەيتتى بازار ئالا ئاياغ ئاتنى يەنە قامچىلىغان بولۇپ .

بۇ قازاقلار تۈلتىدا تۇرۇپ دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ھەربىيلەر-نىڭ نۇرغۇن ئاتلىرى ئوتلاپ يۈرگىنىنى كۆرگەن ۋە قورالللىرىنى ئۇزۇن چاپانلىرىنىڭ ئىچىگە ئېسىپ ، ئاشۇنداق ئايلىنىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئاتلارنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى . ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئات-لارنىڭ ئۇ تەرىپىگە ، تۆتى بولسا ، ئاتلارنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتتى - دە ، ئىككىسى ئاتلىرىنى قاتتىق چاپتۇرۇپ قاچتى . قالغان تۆتى ھايت - ھۇيتلاپ ئاتلارنى ئۈركۈتۈپ قامچىلاپ قوغ-لاپ چۇقان كۆتۈردى . قاتتىق ئۈركۈگەن ئاتلار ھېلىقى قاچقان ئىككىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بولۇشىغا چاپتى .

شۇنداق قىلىپ ، ئالتە قازاق بىر تۈەن ئەسكەرنىڭ ئېتىنى شەھەردىن ئېلىپ قاچقانىدى .

بۇ ئېغىر ئەلەم ، ئاچچىق ئاھانەتلەر ئەجەل ئوقىدەك باغرىغا پاتقان جاڭ زىخۇي ئابدۇراخمان باشلىق ئۈچ قوغدىغۇچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ، تورۇق ئېتىنى يورغىلىتىپ ، دەرغەزەپ بولغىنىچە سىلىگىبۇغا قاراپ ماڭدى . بۇ چاغدا پاناق گېنېرال ۋەن سىلىڭ ، يان كوچىدىن كۈلۈپ دوقمۇشىغا — چوڭ كوچا ئاغزىغا چىقىپ ، ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتقان پېتى خىيال سۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ

ئاتلىق كېلىۋاتقان جاك زىخۆينى نېرىدىن كۆرۈپ دەرھال كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، ھېچنېمە كۆرمىگەن بولۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

ۋەن سىلىڭ خۇددى بوردالغان ئۆردەكتەك ئۈسكىناپ قالغىنىچە سىلىڭبۇ دەرۋازىسىدىن كىرىپ تۇرۇشىغا دۇپۇرلىغان ئات ئاۋازى ئاڭلاندى.

ۋەن سىلىڭ كەلگەنلەر بىلەن ھويلىدىلا كۆرۈشتى. جاك زىخۆينىڭ ئەپتىدىن قەھر ـ غەزەپ ئۆرلەپ تۇرغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئېيتماقچى بولغىنى ئابايام تېلېفوندا ئاڭلانغان شۇم خەۋەرنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق سەزمەكتە ئىدى. جاك زىخۆينى ئۇدۇللا بۆلۈمگە باشلاپ ماڭدى. جاك زىخۆي ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا سۆز باشلىدى:

— مەندەك بىر ئادەمگە ئالتە توكتوك قازاقتا ئاتلىرىنى تارتقۇزۇپ قويۇپ پىيادە قالدى دېگەننى ئاڭلاش ئۆلۈم ئەمەسمۇ؟ — ئۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ۋەن سىلىڭ ئۇنىڭغا ئولتۇرۇش ئىشارىسى قىلدى ۋە تاماكا ئۇزاتتى. جاك زىخۆينىڭ تۈتۈن بۇخسىغان ئاغزىدىن يەنىلا ئالەمنىڭ قەھر ـ غەزەپلىرى لاۋۇلدىماقتا ئىدى. ۋەن سىلىڭ ئوت ئۈستىگە ياغ سەپكەندەك، ئۇنىڭ غەزەپ گرادۇسىنى تېخىمۇ ئۆرلەتمەكتە ئىدى. چۈنكى، بۇ پاناق گېنېرال ئۆزىنىڭ سىلىڭلىق ئورنى ئۈچۈن خەۋپلىك ئاپەت بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان جاك زىخۆيدىن ئىبارەت بۇ كۈشەندىسىنى ئورىغا ئىتتىرىشنىڭ بىرەر پۇرسىتىنى پەملەپ يۈرەتتى.

جاك زىخۆي «قازاق ئوغرىلىرى»نى قويماي قۇرۇتۇۋەتمىگۈچە توختىمايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەمياد قىلدى. ۋەن سىلىڭمۇ بۇ يولدا بارلىق كۈچىنى ئايىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ، قابا، چوڭقۇر، ئاقچىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يەنە ئاشلىق ئەكەلدۈرۈپ، ھەممىسىنى جاك زىخۆينىڭ جەڭگىۋار يۈرۈشىگە سەرپ



www.uyghurkitap.com

قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. ۋەن سىلىڭ بۇ ئىشتا مانات[1] نىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، جاڭ زىخۇي قەتئىي رەت قىلدى:

— ماناتقا ئۇزۇل ـ كېسىل ئىشىنىپ بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۆتكەن نۆۋەتلەردە شۇنچە ھەشەم ۋە ھەيۋەت بىلەن ئاتلانغان مانات چاشقانىنىڭ بۇرنىنىمۇ قاناتماستىن سارسۇمبىگە قېچىپ كىرگەنلىكى قانداقتۇر بىر ئويۇن بارلىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟...

ۋەن سىلىڭ ئويلىنىپ قالدى ۋە بېشىنى گىلدىڭلىتىپ ئېتىراز بىلدۈردى.

— ماناتنى باندىتلار بىزنىڭ ئىچىمىزگە كىرگۈزگەن بىر سۇيىقەستچى كۈچمىكىن، دەپ قارايمەن. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. چۈنكى ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى سىرلىق بىر ئويۇن بولۇپ كېلىۋاتىدۇ... — دېدى جاڭ زىخۇي گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ۋەن سىلىڭ يەنە بېشىنى گىلدىڭلاتتىيۇ، باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ، ئەمدى قېيىقنى سۇنىڭ ئېقىنىشىغا، شامالنىڭ چىقىشىغا قاراپ سالماقتا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ چوڭ بىر ئۇرۇشنىڭ جىددىي تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى.

## 8

پايانسىز ئېدىر ۋە ئېتىزلارنى باغرىغا باسقان تۇلتا دالىسى

---

[1] مانات — 1943 ـ يىل كۈزدە قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىن قېچىپ كېلىپ گومىنداڭغا سېتىلغان، نۇرغۇنلىغان قازاقنىڭ قىرىلىشىغا سەۋەبچى بولغان خائىن. ئۇ، كېيىنمۇ داۋاملىق ئەسكىلىك، بۇلاڭچىلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئازادلىقتىن كېيىن گۇچۇڭدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

سارسۇمبە شەھىرىدىن چىقىپ ئۆتۈپ، جەنۇبقا ئاقىدىغان قىران دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇ- لۇپ ياتاتتى . ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قارىغايلىق ئورمانلىقىغا توپلانغان چوڭ بىر ھەربىي قوشۇن خۇددى چەمبەر شەكلىدە سەپ تۈزۈپ ھەربىر بۆلۈملەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىستىخام يۈك - تاقلىرى ئارتىلغان ئاتلىرىنى ئېيكەگلىرىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ قاتارلىرىنىڭ ئالدىدا دىققەت بىلەن تۇرۇشاتتى . جاڭ زىخۇي قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كانۋويلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سەپنىڭ چېتىگە كەلگەندە ئالدى تەرەپتىن ئېتىنى سوكۇلدىتىپ كەلگەن ئۆزۈنتۇرا دىجورنى سالام بېرىپ :

— جانابىي قوماندان ، بۇيرۇقىڭىزغا بىنائەن بىرىگادا سەپكە تىزىلدى ، — دېدى .

جاڭ زىخۇي «راھەت» كوماندىسى بەردى . دىجورنى ئارقى- سىغا ئۆرۈلۈپ كوماندىنى تەكرارلىدى . جاڭ زىخۇي توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ ، سەپكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە ، ئاخىرقى يوقلىمىدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن چا- پارمەنگە بۇيرۇق قىلدى :

— دو مىڭگۈينى چاقىر .

چاپارمەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ تۆگىچىلەر توپىنى ئايلىنىپ نېرىقى تەرەپكە كەتتى . جاڭ زىخۇي بولسا ، ئەمدى ئەتراپ ۋە ئاسمانغا قارىغىلى تۇردى . بۇ چاغدا ئالتاي ئاسمىنىنى قاپلىغان بۇلۇتلار كالۇنىسى غەربتىن شەرققە تۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى . قوشۇمىسى تۇرۇلگەن جاڭ زىخۇي نېمىلەر ھەققىدىدۇر ئويلاشقا باشلىدى . شۇ ئەسنادا تېز يېتىپ كەلگەن چاپارمەن بۇيرۇقنىڭ ئىجراسىنى دوكلات قىلدى . ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا كەلگەن قارام- تۇل ، قاۋۇل يىگىت قارىغىر ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ باشلىق- نىڭ روبىروسىدا توختاپ ، چاقىرىق بويىچە كەلگىنىنى مەلۇم قىلدى . دو مىڭگۈي دېگىنى مانا مۇشۇ يىگىت ئىدى .

دو مىڭگۈي موڭغۇل يىگىتى بولۇپ ، ئەسلىي ئېتى دورجا ئىدى . جاڭ زىخۇي يول باشلاشقا قازاقتىن ئېلىشقا ئۇنىمىغانلىق-

تىن ، قامبىت ئىبە[1] نىڭ بىر تۈركۈم كىشىلىرى سەيسىگە تۇتۇپ كەلتۈرۈلگەندى . ئۇلارنى بىر پەي قىلىپ رازۋېدكا ئىسكادىرونى تەركىبىگە كىرگۈزۈپ ، بىرىنچى باشلىقلىقنى مەزكۇر لىيەنىنىڭ باشلىقى ئەشەددىي ئاۋانتۇرىست ۋاڭ لىيەنجاڭغا قوشۇمچە يۈكلەپ ، ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا دورجىنى تەيىنلەپ ، «دو مىڭگۈي» دېگەن يېڭى ئىسىم قويۇشقانىدى . دومىڭگۈي دەسلەپتىلا بۇ مەنسەپنى قوبۇل قىلمىغان . ئابدۇراخمانمۇ ئانچە كۆچىمىگەن ، بەلكى سۇ-كۇت قىلغانىدى . چۈنكى ، ئۇ مۇقاش قاتارلىق قازاقلارنىڭ كاللى-سى كېسىلگەن خەۋپلىك خىزمەتتىن بۇ قاۋۇل موڭغۇل يىگىتى-نىڭ خالىي بولۇشىنى خالايتتى . لېكىن بۇ يىگىت باشلىق بول-غاندا ئۇنىڭ ئۆز كىشىلىرىنىڭ ئورۇنسىز دۈمبا يېمەسلىكىنى ئويلىغان ئابدۇراخمان ئاقمۇەتتە تەشەببۇسچىمۇ بولغان ، شۇنىڭ بىلەن دومىڭگۈيمۇ بۇ مەنسەپنى قوبۇل قىلغانىدى .

دورجانىڭ خەنزۇچىدىن ساناقىنىلا بىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، موڭغۇللارنىڭ باشلىقلىرى ھېچنېمە بىلمەيتتى ، ئەم-ما قازاقچىنى ئوبدان بىلەتتى ، شۇڭا ئۇلار بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت ئاساسەن ئابدۇراخمان ئارقىلىق بولاتتى . دورجامۇ كەلگەن كۈنىدىن تارتىپلا ئابدۇراخمان بىلەن ئامراقلىشىپ ئىپ-جىل بولۇپ قالغانىدى .

دو مىڭگۈيغا گۆلىيىپ قارىغان جاڭ زىخۇي :

— سەپەر داۋامىدا خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بېرىدىغان بولسا ، سەنلەر كاللاڭ بىلەن جاۋاب قىلىشىسەن ، بۇنى ئالدىنئالا ئاڭلاپ قويۇش ، — دېدى . ئابدۇراخمان گەپنى ئۆرۈپ بەردى .

— خوپ ... — دېدى دورجا جاۋابەن . ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭگى

---

① قامبىت ئىبە — ئەسلى تۈركلەرنىڭ «كۆك مونچاقلار» قەبىلىسىدىن بولۇپ ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي ، شامان دىنىدا قېپقالغان ۋە بارا - بارا موڭغۇللىشىپ كەتكەن ، ئۇلار ئارىسىدا قەدىمىي تۈرك تىللىرىدىن «ئارغامچا» (ئىرغامچى) ۋە «چو-قوم» قاتارلىق سۆزلەر ساقلىنىپ كەلگەن . «كۆك مونچاقلار»نىڭ بىر قىسمى ھازىر ئالتاي رايونىدا ، سارسۇمبە ئەتراپىدا ياشايدۇ .

تېخىمۇ سۇرلىنىپ ، يوغان قاپقارا كۆزلىرى جاڭ زىخۇينىڭ ، ئاندىن ئابدۇراخماننىڭ كۆزلىرىگە خەنجەردەك قادالماقتا ئىدى . بۇ كېلىشكەن موغۇل يىگىتنىڭ قىياپىتىدىن پەقەت ئىلاجسىزلىقنىڭ ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى .

ھاۋانىڭ ئاشۇنداق ئوساللىقىغا قارىماستىن يۈرۈش بۇيرۇقى بېرىلدى . مەنزىل ۋە مۇساپە ئېنىق ئىدى . موغۇل يول باشلىغۇچىلارنىڭ ئىزىدىن ئەگەشكەن قوراللىق قوشۇن «قازاق قوزغىلاڭچى ئوغرىلارنى قويماي قورۇتۇۋېتىش» ئۈچۈن كۆكتوقاينى كۆزلەپ بارماقتا ئىدى .

## 9

قازاقلار «جازا ئەترىتى»نىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالدىقاچان ئاڭلاپ بولغان . ئۇلار بۇ «ئەجەل ئەرۋاھلىرى»نى ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتكۈچە بىتچىت قىلىۋەتمەكچىمۇ بولغان ؛ ئاخىرىدا قورال - ياراغ ، «ئولجا - غەنىيمەت»لەرنىڭ زايە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىشكەن . ئۇلار دۈشمەننىڭ كۈچى بىلەنمۇ خېلى دەرىجىدە ھېسابلاشقان ، شۇڭا ئەڭ ئېسىل ئاتلارنى ، قوراللارنى ، يىگىتلەرنى تاللاپ سەپنى مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرغان ؛ شۇنداقلا شىراقلىق مىلتىقچى مەرگەنلەر ئەترىتىنى يېڭى كۈچلەر ھېسابىغا تولۇقلاپ ، ھەرقايسى ئەترەتلەرگە مەخسۇس مەرگەنلەر گۇرۇپپىسىنى ، پىلىموتچىلارنى ، ئاپتوماتچىلارنى تەقسىملەپ بېكىتكەن . كۈچ ، ئورۇن ، ھۇجۇم ۋە باشقا جەھەتلەردىمۇ كەڭ كېڭەشلەر يۈرگۈزۈپ ، جاللاتلىرى بىلەن قانداق تۇتۇشۇشنىڭ تەييارلىقلىرىنى خېلى تولۇق ئىشلىگەن .

قازاقلار ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلدى . ھەر ھۇجۇمدا ھېچبىر تالاپەتسىزلا قاچتى . قازاقلارنىڭ بۇ مەغلۇبىيەت-

لىرىدىن مەمنۇن ۋە مەست بولغان جاڭ زىخۇينىڭ جازا ئەترىتى قوغلاشنى داۋام قىلماقتا ئىدى . ئۇلار يۇرۇشلىرىنى داۋام ئەتكۈزۇپ ئۈچىنچى كۈنى كەچ پەيتىدە بىر مەنزىلگە يېرىپ يەتتى . مەنزىل شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بولۇپ ، شىمالدا دەريا ، جەنۇبىدا قەۋەت ـ قەۋەت تاغ تىزمىلىرى ياتاتتى . تاغدىن دەرياغا قىيپاش چۈشكەن دۆڭدىكى بۇ پايانسىز تۈزلەڭلىكنى پىتىۋاتقان كۈننىڭ شەلپەردەك شولىسى ئوتقاشتەك يورۇتماقتا ئىدى . دەريا تۆۋىنىدىن قارىغان كىشىگە شەرققە قاراپ كېتىۋاتقان جاڭ زىخۇينىڭ قوشۇنلىرى گويا نۇرغۇن توخۇلار تام ئۈستىدىن ئۆتۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇلار بىر بەلدىن ئاشماقتا ئىدى . يول بىر سايىنىڭ ئىچى بىلەن جەنۇبقا ئەگىيتتى . ساي ئەتراپى ئادەتتىكى تاشلىق چوققىلار ۋە جىلغىلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، قورام تاش ، ئەگىمەچ ئېقىنلار بۇ يەرنىڭ تاغ سۇلىرى دەرياغا قۇيۇلىدغان قۇرۇق ئۆزەن ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى . قوشۇن سايدا ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا يولۇقتىكى ، تۆت تەرەپتىن يامغۇردەك ياققان ئوق ئات ۋە ئادەملەرنى ئۇجمىدەك تۆكۈپ تاشلىدى . تۇشمۇتۇشتىن تەڭ ئات قويۇپ كېلىۋاتقانلار تاغۇ تاشنى زىلزىلىگە كەلتۇرمەكتە ئىدى . جاڭ زىخۇينىڭ قوشۇنىغا ئارقا تەرەپكە قېچىشتىن بۆلەك ھېچ ئامال يوق ئىدى . گۈگۈم چۈشۈۋاتقان سايىنى مىلتىق دورىسىنىڭ تۈتۈنلىرى تېخىمۇ تۇمانلاشتۇرماقتا ، خىرەلەشتۈرمەكتە ئىدى . جاڭ زىخۇي ۋە ئۇنىڭ كانۋويلىرى ئاتلىرىنىڭ ياخشىلىقى ۋە يىلان ئىزىدەك ئايلانما جىلغىغا توغرا كەلگىنى ئۈچۈن شۇ قاچقانلىرىچە سايىنىڭ ئاغزىغا چىقىۋالدى . بىراق يولنىڭ كېيىنكى بۆلىكىنىڭ ئات بىلەن مېڭىشقا ناقولايلىقى ئۇلارنى ئاتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلدى . ئۇلار ئەمدى ئاتلىرىنى قويۇۋېتىپ ، جىغانلار ئارىسى بىدلەن ئېڭىشىپ ئۆمىلەشكە باشلىدى . جاڭ زىخۇي ۋە ئابدۇراخمان دەريا قىرغىقىغا كەلگەندە ، بىرنەچچە ئەسكەرنىڭ دەرياغا ئۆزىنى

ئاتقىنىنى كۆردى . ھولۇققان جاڭ زىخۇيمۇ ماۋزۇرىنى يالىڭاچلىدىغاچ سۇ ئويۇپ تاشلىغان كىچىك جىلغىنى كۆزلەپ ماڭدى . ئەلپازىدىن مۇشۇ يەردە ئاخىرقى بىر تال ئوق قالغۇچە تۇتۇشۇپ دەريا ئارقىلىق دۇنيادىن خوشلىشىشنى نىيەت قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . بۇ ھالنى كۆرگەن ئابدۇراخمان دەرياغا ئېگىلىپ تۇرغان سۆگەت تۇۋىگە يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە ، قاشنى چىرماپ كېتكەن چىڭگىلىكلەرنى قايرىپ تۇرۇپ :

— جاڭ زىخۇي… جاڭ زىخۇي ، ماۋۇ يەرگە كىرىڭ ، — دېدى . بۇ چاغدا قازاقلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئاياغ ئاۋازى يېقىنلا يەردە ئاڭلىنىۋاتاتتى . چاشقان تۆشۈكى ساراي كۆرۈنۈشكە باشلىغان جاڭ زىخۇيغا ئابدۇراخمان راسلىغان ئورۇن ئانا باغرىدەك ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ دوڭغاسلاپ كەلگىنىچە چىڭگىلەك «يوتقان»نىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كىردى . ئابدۇراخمانمۇ سۆگەتنىڭ سۇغا ساڭگىلىغان بىر شېخىغا ئېسىلدى ـ دە ، ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى . ئۇ سۆگەتنىڭ شېخىغا چىڭ چىرماق سېلىپ ، چىرىمدانلىق قاشنىڭ ئاستىدا سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ بەخىرامان تۇراتتى . بىر چاغدا دۈپۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر توپ ئاتلىق بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ـ دە ، سۆگەتنىڭ تۈۋىدە ، قاش ئۈستىدە توختىدى . ئۇلار سۆزلىشىشكە باشلىدى :

— دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدى .

— سۇغا ئۆزىنى تاشلاپتۇ ـ دە .

— ئاتلىرىنىڭ جۇغىغا قارىغاندا باشچىلىرى شۇ بولسا كېرەك .

— ھەتتىڭەي ، تىرىك تۇتالمىدۇق ـ دە !

بۇ چاغدا قازاقلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ئاتلار ئىگىسىنى ئىزدەپ چاپچىماقتا ئىدى .

ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قېلىشتى . ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىماقتا ئىدى . دەريا بىر خىل رىتىمدا تىنىمسىز

شارقىرايتتى. ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا جىمجىتلىق باشلاندى. شاخقا يامىشىپ يانباغرى قاشقا چىققان ئابدۇراخمان توڭلاشقا باشلىدى. ئۇ قاشقا ئاستا ياماشتى ۋە بوش ئاۋازدا چاقىردى:

— جاڭ زىخۇي، بارمۇ سىز؟

— ئا... ئاجەنشىڭ سەنمۇ بارمۇ؟

— مەن بار. سىز يەنە بىردەم يېتىپ تۇرۇڭ.

ئابدۇراخمان كىيىملىرىنى سىقىپ كىيگۈچە تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى جاقىلدايتتى. ئۇ، جاڭ زىخۇينى ھېلىقى «يوتقان» تېگىدىن چىقاردى. ئۇلار جىغان تۈۋىدىكى قاپچىغايدا بىردەم ئولتۇردى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. بۇ جىملىقنى پەقەت دەريانىڭ شوخ ئۆركەشلىرىدىن چىققان ئاۋازلار بۇزۇپ تۇراتتى. نەدىندۇر يىراق بىر جايدا چۆل قۇشىمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ، ئىشقىلىپ، بىرەر جانىۋارنىڭ مۇڭلۇق شەپىسى ئاران ئاڭلىناتتى. دەريادىن ئۇرغان ئاچچىق سالقىنمۇ، نەم قۇم ئارىلاش شېغىللارمۇ ئۇلارغا ئارامسىزلىق يەتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇلار كېچىكىشىپ، قىيا باغرىغا بېرىپ قاراڭغۇدا ئوبدان بېكىنىپ ئەتراپنى تىڭشاشتى، تىرىك قالغان كىشىلىرى بولسا تىپىشىشنى ئەپ كۆردى - دە، ئاخشامقى گۇگۇمدا ئۆزلىرى قېچىپ كەلگەن جىرانى بويلاپ ئاستا ماڭدى. ئۇلار سايىنىڭ ئاغزىدىكى قىياغا ئۆمىلەپ چىقىپ قورام تاشلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ بىر - بىرىگە دۈمبىسىنى چاپلاپ ياتتى. ئالەم گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. نېمىشقىدۇر ئاسماندا يا ئاي، يا بىرەر يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇپۇقنى سۇس قوڭۇر تۇمان تەكشى قاپلىغانىدى. كەسلەنچۈك ياكى چاشقاندەك بىر نەرسىنىڭ ئاجىز شىتىرلاشلىرى ئاندا - ساندا ئاڭلانغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاسمان ئاستى جىمجىت ۋە مۇڭلۇق بىر گۈمبەزدەك تۇيۇلاتتى.

تاڭمۇ تەسلىكتە ئاتتى. بۇ چاغدا قانلىق ساي سۇرلۇك ۋە

دەھشەتلىك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ يەردە ئاخشامقى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمدا ھالاك بولغان بىر برىگادا ئادەمنىڭ ۋە ئاتلارنىڭ جەسەت-لىرى قانغا چىلىنىشىپ ياتاتتى. بىر برىگادا ھېسابىغا قالغان جاڭزىخۇي بىلەن ئابدۇراخمان ئېگىز قىيادىكى تاش ئۇۋىسىدە مۆكلى-نىپ ئولتۇرۇپ قانغا چىلىنىشىپ ياتقان جەسەتلەرنى كۆرگىنىدە كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ئاچچىق ياشلار تولماقتا ئىدى.

ئابدۇراخمان ئاق ئاتنىڭ گۆشىنى تېرىسى بىلەن قوشۇپلا كېسىپ قاچقىنىدا قارغا ۋە سېغىزغانلار ساينى قىيامەت قايىنىمىغا ئايلاندۇرماقتا ئىدى. ئۇلار قازاقلارنىڭ ئۇلجىلارنى ئىزدەپ يەنە كېلىپ قىلىش ئېھتىمالىنى يادىغا ئالدى ـ دە، بۇ يەردىن يۈرۈپ كەتتى. كەچكىچە چاتقاللار ئارىسىدا مېڭىپ ھارغان، پۇتلىرى قاپارغان ھالدا قانداق قىلىشلىرىنى بىلەلمەي تۇرغان چاغدا، كۆكتوقايدىن كېتىۋاتقان ئېكسپېدىتسىيىنىڭ ماشىنىسىغا ئۇچ-رىشىپ بۇرچىنغا قاراپ كەتكىنىنى قىسسىمىزنىڭ كىرىش قىس-مىدا كۆرۈپ ئۆتكەندۇق.

راست دېگەنلىرىدەك ماشىنىنىڭ كۆك كۆز خوجايىنى ئۇلار-نىڭ يان قوللىرىنى بۇرچىن كېچىكىگە كەلگەندە قايتۇرۇپ بەردى ۋە بىردىن بولكا، بىر قۇتا بېلىق كونسېرۋاسى بېرىپ، چۈشۈ-رۈپ قويدى.

ئۇلار تەمتىرىگەنلىرىچە كېلىپ، كىمە بويىدىكى يوغان توغ-راقنىڭ تېگىدە ئارام ئېلىشتى ۋە قايان بېرىشلىرى ھەققىدە كېڭەشتى. ئۈرۈمچىگە، ئاندىن كورلىغا ياكى قەشقەرگە كېتىش ھەققىدىمۇ گەپ بولدى. ئاخىرقى قارارى قايسى تەرەپتىن ماشىنا كەلسە شۇ تەرەپكە كېتىش ئۈستىدە توختىدى.

تەلەپلىرىنىڭ تەتۈرچە ئەتىسى ئەتىگەندىلا قوبۇق تەرەپتىن ئىككى ماشىنا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە سارسۇمبىگە كەتتى.

# 10

— جاپپار ئاداش ، ئادەمگە ئەجەل يەتمىسىچۇ خۇددى ئوت ئارىسىدا پاختا ئامان قالغاندەك ئامان قالىدىغان گەپ ئىكەن .

جاپپارنىڭ ئايىغىغا ئات تېپىۋەتكەنلىكتىن دوختۇردا قىپقالغانىدى . ئابدۇراخمان سارسۇمبىگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئۇنى يوقلاپ كەلدى . ئىككىسى يىغلاپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، ئۇ ئاغىنىسىگە قانلىق ساي سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى .

جاپپار يېڭىسار ساغانلىق يىگىت بولۇپ ، بوي - تۇرقى كېلىشكەن ، ئۆزى چېچەن ، چاققان ، پەم - پاراسەتلىك ۋە ساغلام ، سۆز - ھەرىكەتتە تەمكىن ئىدى . ھەممە سالاھىيتى ، بولۇپمۇ ئادەمگەرچىلىكى ، ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە ساۋاتى ، سەمەدمنيىتى بىلەنمۇ ئابدۇراخماننىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغانىدى ، شۇڭا ئۇلار قەشقەردىن يولغا چىققىنىدا تونۇشقاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئامراق بولۇشۇپ ، بىر - بىرىگە جان كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتاتتى . جاپپار ئابدۇراخماننى ئۆزىنىڭ ئاكىسىدەك يۇقىرى كۆرەتتى ۋە ئىززەتلەيتتى ، ئۇنىڭ دېگىنىنى مۇقەددەس تەلىماتتەك بىلەتتى .

جاپپار ئابدۇراخماننىڭ مەسلىھەتى بويىچە قورال - ياراغنىڭ تىلىنى بىلىشكە تىرىشىپلا قالماي ، خەنزۇ تىل - يېزىقىنىمۇ ئۆگەنگەن ۋە ئاز بولمىغان ئۇنۇملەرگە ئېرىشكەنىدى .

ھازىر جاپپارنىڭ جاراھەتلەنگەن ئوڭ پۇتى ئوبدانلا ئوڭشىلنىپ قالغان بولسىمۇ ، ئىششىقلىرى تېخى تۈگىمىگەن ، يەنە ئازراق ئاقسايتتى . ئۇلار ئالدىرىماي مۇڭدىشىپ ماڭغىنىچە ئېرىق بويىغا كەلدى - دە ، سۆگە سايىسىدە يانداش ئولتۇرۇشتى . ئارىغا بىردەم مۇڭلۇق جىمجىتلىق چۆكتى . بۇ چاغدا ھەر ئىككى يىگىتنىڭ كۆڭۈل كۆزىدىن ئاشۇ بېسىپ ئۆتكەن تارىخ يوللىرىنىڭ ھەربىر مۇسىبەتلىك مەنزىرىلىرى — باركۆل تاغلىرى ئارىسىدا

نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈلگەن ياقۇپ بىلەن سىستېمىنىڭ قانلىق پاجىئەلى-
رى بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى . بۇ بوغۇلۇق جىمجىتلىقنى
جاڭجۇڭتاۋ ئۇستىدىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازى بۇزدى .

— ئاتە، لەقۋالار، ئۆلەرمەن ئەرۋاھلار، سەھەر ئاشىقداق
پاختىۋەن پو ئېتىشقىلا ئۇستا ، — دېدى ئابدۇراخمان تاڭ چوقۇ-
سىغا غەزەپ بىلەن قاراپ ، ئاندىن ئۇ جاپپارغا كېيىنكى ئىشلارنى
ھېكايە قىلىپ بەردى .

پاناق گېنېرال ۋەن سىلىڭ جاڭ زىخۇينى سوغۇق قارشى
ئالدى . چۈنكى سۇ ئارقىلىق قېچىپ كەلگەن ئالتە ئادەمدىن ئۇ
ئەھۋالنى ئۇقۇپ بولغان ، جاڭ زىخۇيدىن ئىبارەت بۇ شۇمبۇيدىن
قۇتۇلغىنىغا كۆڭلىدە خۇش بولغانىدى . ئۇ جاڭ زىخۇينىڭ قانلىق
دوكلاتىنى ئاڭلىغان چېغىدا ، ئاغزىدا ئېچىنغان ۋە ئۆكۈنگەن
بولسىمۇ ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە يەنىلا ئۆچمەنلىك ئوتلىرى ياڭ-
ماقتا ئىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلەرنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئابدۇراخ-
مان ئات سۇغارغىلى بارغىنىدا ئىلگىرىكى پاكىنەك كانۋوي شياۋ
چىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى .

بۇ ئۇچرىشىشتا شياۋ چىڭ ئۆزى ئاڭلىغان بىر خەۋەرنى
ئابدۇراخمانغا پىچىرلاپ تۇرۇپ ئېيتتى :

— ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپتىمىش .

— نېمە ؟

شياۋ چىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى . ئۇ بىر قانچە قېتىم باشلىق-
لارنىڭ بۇ توغرىدىكى جىددىي سۆھبىتىنى ئاڭلىغانلىقىنى ، ئەھ-
ۋالنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ خەۋپلىك دەرىجىگە يەتكەنلى-
كىنى ، كاتتىباشلارغا چاشقان تۆشۈكى ساراي بولۇپ كۆرۈنۈشكە
باشلىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭمۇ بىرەر ئەھ-
ۋالغا دۇچ كەلگىنىدە ، ئاغىنىسى ئابدۇراخماندىن «پاناھ» كۈتى-
دىغانلىقىنى بىلدۈردى .

ئابدۇراخمان بۇ ئاق كۆڭۈل ئاغىنىسىگە ۋىجدان ۋەدىسى بەردى . ئىككىسى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر سىردىشىش ، ئەھۋال ئۇقۇش ، پۇختا بولۇش توغرىسىدا تەپسىلىي كېڭەشتى .

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، شياۋ چىڭ يوغان كۆك تاشقا مىنىۋېلىپ كىر يۇيۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئويناق كۆزلىرى بۇگۇن ئادەتتىكىدىن بۆلەكچە بولۇپ ، ئەتراپقا پات - پات تىكىلمەكتە ئىدى . ئاقىۋەت ئابدۇراخمانمۇ كەلدى . ئۇمۇ ئەتەي بىر داسنى قولتۇقلىۋالغانىدى . ئىككىيلەن ياندىش ئولتۇرۇپ «كىر يۇماقتا» . ئەمەلىيەتتە بولسا سۆھبەت قۇرماقتا ئىدى . شياۋ چىڭ ئەتراپقا يەنە بىر كۆز يۇگۇرتكەندىن كېيىن ئابدۇراخمانغا :

— ئەمدى جىمىنەيدىنمۇ چاتاق چىقىپتۇ ، — دېدى .

— راستمۇ ؟

— تۇنۇگۇن كېچىدە ، ئېنىق ئاڭلىدىم ، — ئۇ ، باشلىقلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلىپ ، — قوزغىلاڭ باشچىلىرىنىڭ ئىسلام ، خوجەخمەت دېگەن ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ، قازاقلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلغانلىقىنى ، ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى ئېيتتى .

— ئۇلار مېنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى ، — دەيتتى شياۋ چىڭ ، — ئەمدى قانداق مەخپىي سۆزلىرى باردۇر دەپ پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ تىڭشىسام ، جاڭ زىخۇي ئاغزىنى بۇزۇپ ، سوۋېت قىزىل پاچاقلىرىنى تىللاۋاتىدۇ .

كاتتىباشلىرىنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئابدۇراخمان ئاڭلىغىنىدا تەنلىرى غەزەپتىن غۇژۇلداپ كەتتى . ئۇ ، يېشىل توقاي ئۇستىدىن ئېگىز تاغنىڭ قەيىرىگىدۇر قادالغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى . شياۋچىڭ قوللىرىنى قۇرۇقداپ تاماكا يۆگىمەكتە ئىدى . ئارىغا چۈشكەن جىمجىتلىقنى دەريا ئۇستىنى بويلاپ پەس ئۇچۇپ ئۆتكەن ئايروپىلاننىڭ سۈرلۈك ساداسى بۇزدى . شياۋ چىڭ تاماكىسىنى لېۋى بىلەن نەملىۋېتىپ ئايروپىلانغا

قارىماقتا ئىدى . ئابدۇراخمان ئاۋازلىق ئۇھ تارتىپ دېدى :

— ئاھ !… دەھشەتلىك كۈنلەر…

## 11

«پەۋقۇلئاددە ليەن»نىڭ تەشكىل قىلىنىشى ھېچكىمنىمۇ ھەيران قالدۇرمىدى . چۈنكى ، ئاجايىپ ئالامەتلەر ، قانلىق قىيامەتلەر قايناپ كەتكەن ئالتايدا ھېچكىمنىڭ بۇ جەھەتلەردە ئويلاپ ئاۋارە بولۇشقا چولىسى يوق ئىدىكى ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بەند ئىدى .

چاڭ ليەنجاڭ ، مۇئاۋىن ليەنجاڭ ئابدۇراخمان (ئۇ «قانلىق ساي ۋەقەسى»دىن كېيىن ئۆستۈرۈلگەنىدى ) ۋە زاپخوز سۈڭ يۈمىنلارغا ئەھۋال ئوچۇق ئۇقتۇرۇلدى . چۆچەكتىن ئالتايغا كېلىۋاتقان يۈز ھارۋا ئاشلىقنى قوغداپ ، قۇبۇقتىن سارسۇمبىگە يەتكۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن بىر «پەۋقۇلئاددە ليەن» تەشكىل قىلىنغان ، ليەن تەركىبى ئاساسەن يەرلىك ئەسكەرلەردىن ئىدى .

ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار چاڭ ليەنجاڭنى ئوتتۇرىغا ، زاپخوز سۈڭ يۈمىننى سول تەرەپكە ، ئابدۇراخماننى ئوڭ تەرەپكە ئالغان ھالدا ئىككى يۈز ئەسكەرنى باشلاپ بۇرچىنغا يۈرۈپ كەتتى . ئۇلار پاشا ، كۆكيۇنلۇك ئالاقاتتىن كېچىلەپ ئۆتۈپ بۇرچىنغا يەتتى . ئەتىسى دەريادىن ئۆتتى .

ئۇلۇغ ئېرتىش دەرياسى — ئالتۇن يوغان سۇلارنىڭ گۈزەل سىيماسى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۆركەشلەپ ئاقاتتى . يوغان ۋە ھەيۋەتلىك كېمە بولسا ، سىم ئارغامچىنى ئېگىپ ، دولقۇنلار يېرىپ ئارقىغا كەتمەكتە ؛ ئۇ قاتتىكى پايانسىز بۇرچىن ئورمانزارلىقنىڭ يېشىل توقايلىرى زۇمرەت تونلۇق توز قۇشىدەك رەڭگارەڭ جىلۋىلەنمەكتە ؛ غەربىي ئوڭ تەرەپنىڭ نېرىسىدا سۆلەتلىك ۋە سالاپەتلىك ساۋۇر تاغلىرى ، ئۇدۇل جەنۇبىي مۇساپىدە



www.uyghurkitap.com

بولسا ، قوبوق بىلەن بورچىن ئارىلىقىدىكى پاكار - پاكار تاغ تىزمىلىرى خۇددى قاتارلىشىپ چوكىلىنىپ ياتقان يوكلوك توگىلەردەك كورۇنەتتى .

ئەسكەرلەر ئاتلىرىنىڭ توشلىرىنى تارتىپ ، يوك - تاقلىرىنى ئارتىپ تەييارلانماقتا ئىدى . ئابدۇراخمان بولسا دولقۇنلۇق دەرياغا چوڭقۇر نەزەر بىلەن تەلمۇرۇپ ، ئوز - ئوزىچە ئاستا پىچىرلايتتى : «خوش ئالتاي ! خوش قال ، ئەي ئەزىم دەريا ! ئەي ئانا يۇرتۇمنىڭ مۇقەددەس دەرياسى ، سەن بولساڭ قانلىق تارىخنىڭ جانلىق گۇۋاھى ، گومىنداڭ جاللاتلىرى بىلەن ئوسمان باندىتلىرىنىڭ شەپقەتسىز قىلمىشلىرى توككەن قاندىن بويالغان تاغلارنىڭ تاشلىرىغا ، ئادەملەرنىڭ جىلغىلار تولغان باشلىرىغا جانلىق شاھىتسەن . مىنىڭ ھەسرەت - نادامەتلەر ئوتىدا پۇچىلانغان بىر قانچە يىللىق ياشلىق ئومرۇمنىڭ ئولمەس گۇۋاھچىسى سەن...

ئەي ئانا دەريا ، ئالتۇن يۇغان ئىسىل سۇلىرىڭدىن ئىچكەنگە تۇشلۇق ئىش قىلىپ بىرەلمىدىم . كاج پەلەك ، زۇلمەتلىك زامان ، قاراڭغۇ كۇنلەرنىڭ كۇلپەت زەنجىرلىرى بەختسىز بالىلىرىڭنىڭ قول - پۇتىنى چىڭ چۇشەپ ، ھايات يوللىرىنى ھارام قىلىپ كەلگەنىدى ؛ تەقدىرنىڭ تاقىتى توگەپ قۇدرەت ئىلاھى ئاھىمىزنى ئاڭلاپ ئەمدى بولسىمۇ ئىمكان مەنزىلىدىن روجەك ئاچقان ئوخشايدۇ. مانا ھازىرلا ھايات شامىغا ئوتلار ئالدۇرۇپ ، نۇرلۇق نىشان پەرۋانىسى تەلپۇنمەكتە .

تەۋەككۇل دەرياسىغا سالدىم قېيىقنى ،
يا قايىنامدىن چىقار ياكى سايرامدىن... »

— ئابدۇراخمان ... — دېگەن ئاۋاز ئۇنىڭ ئوتلۇق خىيالىنى بۇزدى ، بۇ جاپپار ئىدى .

— ھە !

— ھەممە ئىش جايىدا .

— ھەممىسى ئۆتۈپ بولدىمۇ ؟

— ھەئە .

— ئەمىسە ئىش بۇرۇنقىدەك ـ ھە ؟

— ئەلۋەتتە .

ئۇلار كەتتى . ئالتىدىن تىزىلغان ئاتلىق قوشۇن پاكار پاكار تاغلار قوينىغا كىرىپ باراتتى . رازۋېدكا ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بېرىۋاتقان جيا پەيجاڭ ئەتراپ چارلىغۇچىلىرى ۋە ئالدى ـ ئارقىنىڭ رازۋېدكىچىلىرىدىن ئۇچۇر ئۇقۇپ ، باشلىقلارغا مەلۇماتلار يەتكۈزۈپ تۇراتتى . پاراخوت بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ ، بىر تۇمشۇقتىن ئايلىنىپ ئۆتمەكتە ئىدى . ئۈچ تاغنىڭ تۇمشۇقى تۇتاشقان بۇ يەردە شۇنداق قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرە مەۋجۇت ئىدىكى ، قۇرۇپ قاقشال ۋە تارىمۇچ بولۇپ قالغان ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ ئاپئاق ئۇستىخانلىرى ، ئاق تاشتەك باش سۆڭەكلىرى بۇ جىرادا تولۇپ ياتاتتى . بولۇپمۇ بىر قىيا تاش باغرىغا يۆلەنگىنىچە قېتىپ قالغان بىر ئىنساننىڭ ئىسكىلىتى ھەممىدىن ئاجايىپ ئىدى . ھىڭگىيىپ قالغان ئاپئاق چىشلىرى ئالەمگە نەپرەتلىنىپ غەزەپ بىلەن گۆلىيىۋاتقاندەك ، گۆھەرسىز كۆزىنىڭ تۆشۈكلىرى بولسا ، بۇ كۈلپەت دۇنياسىغا قەھر ـ غەزەپ بىلەن ھومىيىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . شۇ تاپتا كۆزلىرى ئوغرى مۇشۇكنىڭكىدەك چەكچەيگەن چاڭ ليەنجاڭ ھەرقانچە چاندۇرماي دېسىمۇ ھەركەتلىرى ۋە ئەتراپقا قاراشلىرى ئاۋۇپ ئادەتتىكىدىنمۇ ئىلداملاپ باراتتى . ئۇلار جەنۇبقا قاراپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن بىردىنلا ئوڭغا بۇرۇلۇپ ، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى يولغا كىرىپ كەتتى . بىر جىلغا ئاغزىغا كەلگەندە ئابدۇراخماننىڭ تەرەت قىلماقچى بولۇپ چەتكە چىقىشى بىلەن تەڭلا ئېتىلغان تۆت پاي ئوق چاڭ ليەنجاڭ بىلەن زاپخوزنى ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈردى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

تېپىرلاشقا باشلىغان ئەسكەرلەر جاپپارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بى-لەن جاي ـ جايىدىلا توختاشتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەھۋالنى بىلىدىغانلار يىگىرمە ئىككى كىشى بولۇپ ، ئۇلار سەپنىڭ ئەڭ مۇھىم يەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . ھازىر ئۇلارنىڭ رولى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى . ئاڭغىچە ئاتنى سەكرىتىپلا جىرا ئاغزىدىكى دۆڭگە چىققان ئابدۇراخمان پەستىكىلەرگە قاراپ تۇ-رۇپ جاراڭلىق سۆزلىدى . ئۇنىڭ شۇ ھالەتتىكى تۇرقى گوياكى قايسىبىر بۈيۈك كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن ئاجايىپ قۇدرەتلىك قەھرىمانلارنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى .

— بىز نەچچە يىلدىن بۇيان مەقسەتسىز مالايلىقنى ئادا قىلىپ كەلدۇق ... — ئۇنىڭ ئوتلۇق ئاۋازىغا تاغ ـ تاشتىن قايتقان ئەكس سادالار قوشۇلۇپ ، زېمىندا زىلزىلە پەيدا قىلاتتى . بىر ئاجايىپ سۈرلۈك كەيپىيات كۆڭۈللەرنى ئۇرغۇتماقتا ئىدى ، — بىز بۈگۈندىن باشلاپ ئازادلىق مەيدانىغا قەدەم قويى-مىز . جېمىنەي قوزغىلاڭچىلىرىغا قوشۇلىمىز . جېمىنەي بۇ يەردىن ئون بەش چاقىرىم يىراقلىقتا . ۋاقىت زىچ ، ئۆزىمىزنى تۈزەشتۈرۈپ ، ئىشلارنى يىغىشتۇرۇپ تېزدىن ئاتلىنايلى !

— قانلىق بايراق تاشلانسۇن ! — دەپ ۋارقىرىدى جاپپار . بايراقنى تېخىچە تۇتۇپ تۇرغان ئۆمەر ئۇنى دەرھال يەرگە ئاتتى .

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى بۆلۈم

# مىللىي ئارمىيە مەيداندا

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

# ئالتاي ئاسمىنىدا نۇر

بىزنىڭ ئەسكەر ياش ئەسكەر ،
ياشناپ ئۆسەر بويلىرى .
مەردلەر تولغان مەيداندا ،
قىزىپ بارار تويلىرى .

— ئاكوپ قوشاقلىرىدىن

## 1

«مىللىي ئارمىيە ئېتىشقا ئۇستا . گومىنداڭچىلار قېچىشقا...» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان ، بىز ھايات ھەقىقىتىگە ھەرقاچانلا ئېتىبار بىلەن قارايمىز . بۇ قېتىم قوبۇق ئۇرۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى يەنە شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى ، بىز پەقەت دۈشمەننى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىشىنىلا كۆزدە تۇتماستىن ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارغا قېچىش ئىمكانىيىتىنى بېرىشىمىزمۇ زۆرۈر ئىكەن .

فرونت قوماندانى پولكوۋنىك ئىمىروفنىڭ سۆزىنى كوماندىرلار دىققەت بىلەن تىڭشىماقتا ئىدى . ئىلدام كەلگەن ئېگىز بويلۇق دىجورنى سالام بەرگەن قولىنى چۈشۈرۈپ ، قوچقاروف يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى .

— كەلسۇن ! — دېدى پولكوۋنىك ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى ، كۆزىدە ھاياجان ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلىدى ، — بىزنىڭ بۇ قوچقار مۇڭگۇزىنى پات - پات ياغلاپ تۇرسا خىيالى ئالدىغا كېلىدىغان ئوخشايدۇ...

شۇ ئەسنادا چەبدەس قەدەم بىلەن كەلگەن قاۋۇل قازاق يىگىتى سالامغا قول كۆتۈردى ۋە مەلۇمات بەردى :

— يولداش فرونت قوماندانى ، بۇيرۇققا بىنائەن ئېرتىش دەرياسىدىن كېچىلەپ ئۆتۈپ ، ئالتاي - بۇرچىن ئالاقە لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ۋەزىپىسىنى شەرەپ بىلەن ئورۇنداپ ، بىر ئات چىقىم تارتىپ ساق - سالامەت قايتىپ كەلدۇق . دوكلات قىلغۇچى مىللىي ئارمىيە شىمالىي فرونت رازۋېدكا ئىسكادرونىنىڭ باشلىقى كاپىتان قوچقاروف .

قوچقاروفنىڭ قاتتىق قېتىپ تۇرۇشلىرى ۋە مەغرۇرانە سۆزلىرىگە مەجلىس ئەھلى كۈلۈشمەكتە ئىدى .

راھەت ئىجازىتى بەرگەن پولكوۋنىكمۇ ، ئاندىن قوچقاروفنىڭ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى . ئۇنىڭ ھۆل ئۆتۈكى ۋە لاي يۇققان شەپكىسى جاپالىق ، جەڭگىۋار ئىشلىرىدىن دېرەك بېرەتتى . مەجلىس نەق بىر سائەت داۋام ئەتتى . ئاندىن ئوبدان ئارام ئېلىش ، ئات ، ئادەم ۋە جابدۇقلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى . كېيىن جىرا بويلاپ تۆپىگە چىققان بەش ئوفىتسېر بىر تەرىپى قىيا يار بويىدىكى دۆڭ ئۈستىدە توختىدى . بۇلار پولكوۋنىك ئىمىروف ، پودپولكوۋنىك سىدىقوف ، پودپولكوۋنىك خەمىتوف ، مايور غوجەخمەت ۋە شتاب باشلىقى سىدىقوفنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىنى كاپىتان ساغىتوفلار بار ئىدى . ئۇلار شۇ تاپتا مۇھىت مەنزىرىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە ئىدى . بۇرچىننىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بۇ دۆڭلۈكتە كەڭ ۋە پايانسىز ئالاقاق چۆللۈكى ، يىراقلاردا بولسا ئالتاينىڭ ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك ئاق باش تاغلىرى غۇۋا كۆرۈنمەكتە ئىدى .

— ئالتاينى ئېلىش — بۇ، ئالاھىدە بىر مەسىلە ، — دېدى ئىمىروف ، ئۇنىڭ يىراقلارغا تىكىلگەن ئۆتكۈر كۆزلىرى ئەقىل ۋە پاراسەتنىڭ تىنىق كۆلىدەك كۆرۈنەتتى ، ئۇ ، ئادەتتىچە تەمكىن تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋام ئەتتى ، — سارسۇمبىنىڭ تۆت تەرىپى ئاسمان - پەلەك قاتمۇقات تاغ بىلەن ئورالغان ؛ تاغدىن تاغقا ئاكوپ ۋە ئالاقە لىنىيىلىرى ئۇلانغان ، تاغلاردا ، شەھەرنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا تاشتىن قوپۇرۇلغان ئۈچ يۈزدىن ئوشۇق پوتەي بار ؛ يەنە گومىنداڭنىڭ ئامېرىكا قورااللىرى بىلەن خېلى مۇكەممەل قوراللانغان تۆت مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى بار...

بۇ چاغدا غوجەخمەت دەرھال سۆز قىستۇرۇپ :

— بىزدە ئالتايدىكى ئاشۇ گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ ، ئىككى يۈز ئاتلىق ئەسكەر بىلەن بىز تەرەپكە ئۆتكەن ئابدۇراخمان دېگەن بىر يىگىت بار ، ئۇ ، ئالتاي ئەھۋالى-نى ئوبدان - بوجۇرىغىچە تولۇق بىلىدۇ ، — دېدى . ئابدۇراخمانغا ھەممەيلەن قىزىقىپ قالدى . ئارقىدىنلا ئۇنى چاقىرىشقا بۇيرۇق بېرىلدى .

خۇش پىچىم ، قىزىل يۈز ، قارا كۆز ، كىيىملىرى يارىشىم-لىق يىگىت چەبدەس قەدەم بىلەن كېلىپ سالام بەردى . سوئالغا جاۋابەن ئۇ :

— ئابدۇراخمان مۆمىنوف ، — دېدى ئابدۇراخمان ئالتاي ئەھۋالىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالتاي ھەققىدىكى سىياسىي ، ھەر-بىي ، مەمۇرىي ۋە جۇغراپىيىۋى ئاخباراتنى كامالەت دەرىجىسىگە يەتكۈزدى .

پولكوۋنىك ئىمىروف رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى ۋە كاپىتان ساغىتوفقا مۆمىنوفنى قوماندانلىققا يوللىنىدىغان خىزمەت كۆر-سەتكەنلەر خاتىرىسىگە تىزىملاشنى تاپشۇردى .

— خوپ ، يولداش پولكوۋنىك ! — دېدى ساغىتوف . ئاندىن

ئىمىرووف ئابدۇراخمانغا كەچتە قوماندانلىق پونكىتىغا كېلىشنى ئۇقتۇردى.

قوماندانىنىڭ كۆزى گىگانت قەدەم بىلەن ئۇزاق ئېلىشىۋاتقان ياش ئوفىتسېرغا دۇربۇنىنىڭ ئەينىكىدەك پارقىراپ [illegible] قالغانىدى. ئۇ، پەخىرلىك تەلەپپۇزدا ئاستا سۆزلەپ:

— ھەقىقىي ئۇيغۇر يىگىتى، — دېدى ۋە ئاندىن غوجەخمەتتىن ئابدۇراخماننىڭ دەرىجىسىنى ئۇقىنىدىن كېيىن، — ئۆستۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭغا كاپىتان ئۇنۋانى بېرىلسە جايىدا بولغان بولىدۇ، — دېدى.

كېيىنكى ئىستراتېگىيىلىك مۇھاكىمىنىڭ خۇلاسىسىدە ئىمىرووف:

— بىز ئالتاينى ئوق بىلەن ئەمەس، ئەپ بىلەن ئالىمىز، — دېدى. ئۇنىڭ ئالتاينى قانداق «ئەپ بىلەن» ئالغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن كۆرۈڭ.

## 2

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرقى بىر كېچىسى. ئالتاي ئىقلىمىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىماقتا ئىدى. ئالاقىنى ئارىلىغان قاتار ـ قاتار ماشىنىلارنىڭ نۇرلۇق چىراغلىرى بۇ كەڭ ۋە پايانسىز تۈزلەڭلەرگە شولىلىرىنى چېچىپ، ئويمان ـ دۆڭ، ئېدىر ۋە ئاسمانلارغا سۇرلۇك سىۋىتلەرنى بېرىپ، زېمىننى زىر تىترىتىپ ھەيۋەت بىلەن كەلمەكتە ئىدى. كەينى ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان بۇ ماشىنىلار كالوننىسىنى ئېگىز تاغ ئۈستىدىن ئامېرىكانىسكى دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ دىجورنىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قوماندانلىق ئورگانلىرىغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇراتتى.

بۇ چاغدا گومىنداڭچىلار «جىددىي مەجلىس» ئۆتكۈزمەكتە



www.uyghurkitap.com

ئىدى. مەجلىسكە گېنېرال لېيتېنانت ۋەن، جاڭ زىخوي قاتارلىق هەربىي كاتتىباشلار، ۋالىي گاۋ باۋيىڭ، پىڭ جويجاڭ، ئامبال قوماش قاتارلىق مەمۇرىي باشلىقلار قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار شۇ جىددىي پەيتتىكى هايات ـ ماماتلىق مەسىلىلەرنى مۇهاكىمە قىلماقتا ئىدى. ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاپ قالغاندا تالاش ـ تارتىش بارغانسېرى كەسكىنلەشمەكتە ئىدى. شۇ مىنۇت-لاردىكى مەلۇمات بويىچە «ئىلى ئوغرىلىرى»نىڭ ئايىغى ئۈزۈل-مەي كېلىۋاتقان ماشىنىسى سەككىز يۈزدىن ئاشقانىدى. جاڭ زىخوي:

— بۇ ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئىشى ئەمەس. چوقۇم سوۋېت قىزىل پاچاقلىرىنىڭ ئىشى، — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى يەنە بىرى، — ئىلى ئوغرى-لىرىدا نەدە مۇنچىۋالا كۆپ ماشىنا بولسۇن؟!...

— زادى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ — تالاش ـ تارتىشنى ئاخىر گاۋ باۋيىڭ بۆلدى.

— ئالتاينى تاشلاپ، قوشۇننى باشلاپ، قازاقلارنىڭ قورشا-ۋىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى-مىز كېرەك، — دېدى يەنە بىر كاتتىباش.

— ئىلى ئوغرىلىرى بىلەن قازاقلارنىڭ قاتمۇقات قورشاۋى-دىن قۇتۇلۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. ئاخىرقى ئوق قالغۇچە ئۇرۇشۇش كېرەك، — دېدى جاڭ زىخوي.

ئامالسىز قالغان گېنېرال ۋەن ئالتايغا ئوت قويۇپ، ئاندىن ئەپيۇن يەپ ئۆلۈۋېلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەمما گاۋ باۋيىڭنىڭ لايىھىسى هەممەيلەنگە ياقتى. ئۇ، ئالتاينى ئۇرۇشماي تاشلاپ بېرىپ، تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق ئىچكىرىگە ئۆتۈپ كېتىش هەممىدىن مۇۋاپىق، دېگەن ئەقلىنى كۆرسەتكەنىدى.

قوماش بۇ پىكىرنى يەنىمۇ تولۇقلىدى:

— موڭغۇلىيە ئارقىلىق ئۆتۈپ كېتىش ئەقىلگە ئەڭ مۇۋا-

پىق پىكىر. موڭغۇلىيە چېگرىسى ئالايتى نەچچە ئون كىلومېتىرلا كېلىدۇ. بىراق ئالتايغا ئوت قويۇۋېتىپ قېچىش مېنىڭچە ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. شەھەردە بولاپ ـ تالىدىغان نەرسە بولسا ئوغرىلار شۇنىڭ بىلەن بەند بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئاخىرچە بىز چېگرىدىن چىقىپ بولالمىمىز.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئالتاينى تاشلاپ تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق ئىچكىرىگە كېتىشكە، سەھەر سائەت دەل تۆتتە تۆۋا يولىنىڭ جاڭجۇڭتاۋ تۆۋىدىكى بىر جايغا توپلىنىشقا كېلىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قۇماش ئۇدۇل ماناتنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇنىڭدىن:

— قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاشۇلار بىلەن بىللە قاچىمىز ـ دە.

— ھۇ ئەخمەق، سەنمۇ ئىچكىرىگە قاچامسەن؟! — تېگىرقاپ كۆزلىرى چەكچەيگەن مانات خۇددى قوشتىن چىققان قارا بۇقىدەك دۈگدىيىپ تۇرۇپ قالدى ۋە، — قەكە، سىزنىڭچە قانداق قىلغىنىمىز تۈزۈك بولار، — دېدى بىچارە قىياپەتتە.

— بىز ئىچكىرىسىگە ئەمەس، ئۇرۇمچىگە كېتىمىز، — دېدى قۇماش، — ئۇرۇمچىدە مېنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقام بار ئەمەسمۇ؟ بارساڭ تەييار ئۆيگىلا كىرىسەن، ھېچنېمىدىن بىشىڭ قاتمايدۇ. ئۇرۇمچىدە بىزنىڭ قازاقلار بار، باشقىلارمۇ، بايلارمۇ بار، ئۇلار بىزگە غەمخورلۇق قىلىدۇ.

— قەكە، سىز نېمە دېسىڭىز شۇ بولسۇن! ئاتا كۆرگەن ئەلمىزغۇ، قېنىمىز قازاققۇ...

— ئۇنداق بولسا، سەھەر سائەت تۆتتە ئۇلار چېگرىغا قاراپ ماڭسا، بىز ئۇرۇمچىگە ماڭىمىز. ئادەملىرىڭنى ئاتلاندۇرۇپ مېنىڭ يېنىمغا بارىسەن، ئۇلاستايدىن ئېشىپ، چوشقابۇلاق ئارقىلىق بۇرچىننىڭ تۆۋىنى، ئالاقاننىڭ تېۋىلغىلىق جىراسى بىلەن ئېرتىشتىن ئۆتۈپ كېتىمىز.

— جه ، ماقۇل ، ماقۇل.

قۇماش ماناتىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئۇدۇللا قاسىمقاننىڭ يې-نىغا باردى ، ئۇنىڭغا قىسقىلا بىر خەت يېزىپ بەردى - دە :

— هازىر ئاتلىنىپ سارسۇمبىدىن چىقىپ كەت . بۇنى دە-لىلقانغا يەتكۈز ! — دېدى . ئۇ ، بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى دەلىلقاندىن بىر خەت ئالغانىدى . خەتتە دەلدىلقان مۇنۇلارنى يازغان :

«قەكە ، سالامىمنى ئال ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەقلىڭنى ئىشقا سال ، ساۋاقداشلىق هۆرمىتى ، ۋىجدان هۆرمىتى بىد-لەن ساڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن . پۇرسەتنى قولدىن بەرمە ، قانداقلا بولمىسۇن ماناتنى قاچۇرما ، مەن هەممىگە كاپالەت-لىك قىلىمەن . ئۇلارنىڭ تېز قېچىشىغا كۈچ چىقار . قالغى-نىنى كۆرۈشكەندە سۆزلىشەرمىز . »

ئەمدى ماشىنىلار ئۇستىدىن گەپ ئاچساق ، قورققانغا قوش كۆرۈنگىنى بارى - يوقى يىگىرمە ئىككىلا ماشىنا ئىدى ، يىگىرمە ئىككى ماشىنا بىرنەچچە تۇركۇمگە بۆلۈنۈپ ، چىرىغىنى ياندۇ-رۇپ تاغ تۈۋىگە بېرىپ ، چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قايتىپ ، چىرىغىنى يەنە ياندۇرۇپ ئالدىغا مېڭىپ ، دۈشمەننىڭ دەپتەرلىرىنى مىڭ نەچچە يۈز ماشىنا دېگەن مەلۇمات بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى . مانا بۇ ، قوماندان ئىمىروفنىڭ «ئالتاينى ئەپ بىلەن ئېلىش» هۈنە-رىنىڭ يىگىرمە ئىككى دانە تاكتىكا تانكىسى ئىدى .

قۇماشنىڭ قاسىمقاندىن يوللانغان جاۋابىدا مۇنداق يېزىل-غان :

«هۆرمەتلىك دەلىلقان ، ئىش سىزنىڭ دېگىنىڭىز بو-يىچە توغرىلاندى . قالغىنىنى مۇشۇ خەتچىدىن ئۇقارسىز ،

سىزگە كامىل ئىشىنىپ ۋە سالامەتلىك تىلەپ ، ئالىي سالام بىلەن :

ق . ئاخىرقى ئاۋغۇست»

## 3

سېنتەبىر قۇياشى ئالتاي دىيارىغا ئالتۇن نۇرلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى . ئېگىز قالغان شەھەرنىڭ ئېگىز ئاسمىنىدا بىر جۈپ لاچىن گۈزەل ئۇپۇققا دائىرە سىزىپ ئەركىن پەرۋاز قىلاتتى . پەسلەردە بولسا ، توپ ـ توپ كەپتەرلەر زۇمرەت تونلۇق توقاي ۋە دەريا ئۈستىدىن ئۇيان ـ بۇيان ئۆتمەكتە ؛ سارسۇمبىنىڭ سان ـ ساناقسىز ئەر ـ ئايال ئاھالىسى ناخشا ـ ناۋا ، يىغا ـ زار ، داپ ـ دۇمباق ، ئاللا ـ چۇقانلار بىلەن بۇ ئەپچىل ۋە چىرايلىق تاغ شەھىرىنىڭ تاغۇ تاشلىرىنى تەۋرىتىپ لاگېر تەرەپكە قاراپ سەلدەك ئاقماقتا ئىدى . ئۇلار ، ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك جاڭجۇڭتاڭ ھەم ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى سۆلەتلىك غەربىي چوقىدىن بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك كەينى ـ كەينىدىن ئېتىلغان ، ئەمما بۇگۈنگىچە كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ نەرسىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشاتتى . بۇ ئېتىلغان نەرسىلەر خۇددى زەمبىرەكتەك سۈرلۈك سادا بىلەن ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ ، يەنە ئېگىزدىن پەسكە يۇلتۇزدەك ئېقىپ ، ئاستا ـ ئاستا غايىب بولاتتى . بۇ ئاجايىپ ئوتلۇق يۇلتۇزلار مىللىي ئارمىيىنىڭ سارسۇمبە شەھىرىگە ئالدى بىلەن كىرگەن ساپيورلار ئەترىتى ۋە رازۋېدكا خادىملىرىنىڭ كەينىدىكى قىسىملارغا «يۇرۇش بەلگىسى» بېرىپ ئاتقان راكېتا ئوقلىرى ئىدى .

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى ، ماتورلۇق قىسىملىرى ، مىنا ، زەمبىرەك ئەترەتلىرى نۇرلۇق بايرىقىنى لەپىلدىتىپ ، جەڭگىۋار مارش سادالىرىنى ئاسمان ـ پەلەككە ياڭرى-

تىپ، ھەيۋەت ، جاسارەت بىلەن سارسۇمبە شەھىرىگە كىرىپ كەلمەكتە . قىرىنداشلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكتە ؛ ئاق ساقال ئاتىلار ، ئاق چاچ ئانىلار ئۇلارنىڭ ئېتەكلىرى ، قوللىرى ، پېشانىلىرى ۋە بايراقلىرىنى سۆيمەكتە، جەڭگىۋار جەڭچى - ئوفىتسېرلار بولسا ، بوۋايلارنىڭ ساقاللىرى ، مومايلارنىڭ چاچ- لىرىنى سىلاپ ، كىچىكلەرنى ئەركىلەتمەكتە ئىدى .

ماشىنىلار كالوننىسى يېتىپ كەلدى . ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان «زىس» توپنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە ئۇنىڭ كابىنكى- سىدىن قامىتى قاملاشقان پولكوۋنىك ئىمىروف چۈشتى . قىلىچ- نى تىك تۇتۇپ ، ئات ئوينىتىپ كەلگەن ئوفىتسېر ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ قىلىچىنى پەسكە ئېگىپ دوكلات بەردى :

«يولداش فرونت قوماندانى ، سارسۇمبە شەھىرى جەڭگىۋار ھالەتتە . دوكلات قىلغۇچى مىللىي ئارمىيە شىمالىي فرونت راز- ۋېدكا ئىسكادىرون كوماندىرى كاپىتان قوچقاروف . »

جاھاننى ھاياجان قاپلىماقتا ، كىشىلەر ئازادلىق ئەلچىسى كوماندىر ئىمىروفنى ئارىغا ئالماقتا ئىدى . شۇ ئەسنادا تۆلتا تەرەپتىن جەڭگىۋار مارش ساداسى ئاڭلاندى . ئات ئوينىتىپ يۈر- گەنلەر ، دۆڭلەر ، دەرەخلەر ، ئۆگزىلەر ئۈستىدە تۇرۇپ يىراققا قاراۋاتقانلار «كەلدى ــ كەلدى» دېيىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى . دەلىلقاننىڭ ئۇزۇن سەپلىك ئاتلىق قوشۇنى «ئاللاجار»نى ياڭرى- تىپ سارسۇمبىگە قاراپ كەلمەكتە ئىدى .

جامائەت ۋە جەڭگىۋار ئەترەت ئۇلارغا قاراپ ماڭدى . ئىككى تەرەپ تۆلتا يولىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە ئۇچراشتى . چوڭ كوچا گوياكى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغاندەك بىر قاينام قۇچىقىدا قالدى . قاشقا ئات مىنگەن دەلىلقان توپ ئوتتۇرىسىدا خۇددى بۇ كەڭ جامائەتنىڭ سۆلەت تاجىدەك كۆرۈنەتتى . قازاق قائىدىسى بويىچە چاچقۇلار چېچىلدى .

بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئەڭ ئالدىدىكىسى كۆۋ-

رۇك ئۇستىگە چىقتى. دەللىقانمۇ ئاتتىن چۈشتى، ئىككى قوماندان گىرەلىشىپ كۆرۈشكەندە ھۇررا چۇقانلىرى بىلەن چاۋاكلار تاغۇ تاشنى تىترىتىپ، سۈرلۈك ئەكس سادا ھاسىل قىلدى.

ئىلى - ئالتاي قوشۇنى قاتارلىشىپ مەركىزىي كوچىسىدا ماڭغىنىدا، خۇددى قىران دەرياسى بىلەن بال ئېرتىش دەرياسى قوشۇلۇپ ئۇلۇغ ئېرتىشنى ھاسىل قىلغاندەك قۇدرەتلىك بىر ئېقىن پەيدا بولدى. ئۇلار جاسارەت بىلەن سارسۇمبە قوينىغا كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئالتاي ئاسمىنىدا ئىنقىلابنىڭ غالىب بايرىقى جەۋلان قىلىشقا باشلىدى.

## 4

ئىككى قوماندانىنىڭ ئالدىدا تىك تۇرغان ئابدۇرۇسۇل باتۇر ئۆزىنىڭ يارىشىملىق قوڭۇر بۇرۇتىنى سىلاپ - سىلاپ قويۇاتتى. دەللىقان جىددىي سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ئىش شۇ، قانداق قىلىپ بولمىسۇن گومىنداڭ قورچاقلىرىنىڭ كەينىدىن تېز يېتىڭلار، ئۇلار موڭغۇلىيە چېگرىسىغا يېتىۋالغۇچە توسۇڭلار!

— خوپ، — دېدى ئابدۇرۇسۇل باتۇر.

— ئىشنى بايا ئېيتقىنىمىزدەك ئەپلىسەڭلار تازا جايىدا بولىدۇ، — دېدى ئىمىروۋ.

ئابدۇرۇسۇل باتۇر قوماندانلارغا سالام بەردى - دە، ئەللىك يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىرىنىڭ قۇيۇندەك چاپتۇرغانلىرىچە كەتتى.

ئۇلار كېتىپ كۆپ ئۆتمەي تاغ شارائىتى ۋە يوللىرىنى ئوبدان بىلىدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەترەتلەردىن تاللىنىپ پودپولكوۋنىك خەمىتوفنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى ۋە قاچقۇنلارنى قوغلاش بۇيرۇقى بېرىلدى.

خەمىتوف جەڭگىۋار ھالەتتە ئىدى. ئۇ، ئالا ئاياغ جىرەن قاشقا ئات ئۈستىدە غالىبانە ئولتۇرۇپ، ئالدىدىكى ئاتلىق سەپكە مىللىي ئارمىيىنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامىنى: ئولجا ئالماسلىق، ئەلنىڭ مال ـ مۈلكىگە، خوتۇن ـ قىزلارغا چېقىلماسلىق، تەسلىم بولۇپ قورال تاشلىغان ئەسىرلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك، باشباشتاقلىق قىلماسلىقنى قايتا تەكىتلىگەندىن كېيىن يۈرۈش كوماندىسى بەردى. ئۇلار ئاتلىرىنى ئويناتقانلىرىچە كەتتى.

قوماندانلار شتاب باشلىقى سىدىقوف، مۇئاۋىنلىرى غوجەخمەت ۋە ساغىتوفلارغا ئالتاي گارنىزونى ھەققىدە يوليورۇقلار بېرىپ، كاپىتان قوچقاروفنى چاقىرىشقا بۇيرۇغاندا، ئالدىراش كىرگەن دىجورنى دەپنە مۇراسىمىنىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ خەلقتىن كىشى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەھۋال مۇنداق ئىدى:

گومىنداڭچىلار قاچار ۋاقتىدا ئەل ـ يۇرتنى تالاپ، بىرقانچە ئائىلىنى قانغا بويىغان. شۇ جۈملىدىن قاسىم بەختىيارنىڭ ئائىلىسىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغان. بۇنى ئاڭلىغان قوماندانلار خەلقتىن ۋەكىل ئارقىلىق ھال سوراپ، دەپنە مۇراسىمىگە قاتنىشىدىغانلىقلىرىنى ئۇقتۇرغانىدى.

قوماندانلار تۆت ماشىنا بىلەن كەلگەندە ئالتاي كۆلۈبى ئالدىدىكى دەرۋازىسى جەنۇبقا قاراپ تۇرغان قورۇدىن تۆت تاۋۇت قاتار چىقماقتا ئىدى. تاۋۇتلار ئالدىدا ئېگىز بويلۇق، قولتۇق تاياقلىق، قاۋۇل، قاڭشارلىق قاسىم بەختىيارى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇتنى ئىككى كىشى قولتۇقىدىن يۆلەپ باراتتى. ۋەقە ئۇلار چوڭقۇرغا كۆزلۈك ئاشلىق غەملىگىلى كەتكەندە يۈز بەرگەن.

بەختىيارنىڭ قىزى پىردەۋس ئالتاينىڭ ئەڭ گۈزەل ساھىبجامالى ئىدى. گومىنداڭنىڭ ئىككى ئوفىتسېرى كېچىسى كىلىپ ئۇنىڭغا خىرىس قىلغان. قىز قاتتىق قارشىلىق قىلىپ

دېرىزىدىن سەكرىگەندە ماۋزۇر بىلەن ئېتىپ تاشلىغان ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاپىسى زاھىدە خانىمنىمۇ ئېتىۋەتكەن ، ئۇن تۆت ياشلىق ئىنىسى ئەسئەتنىڭ قارنىنى چۇۋۇۋەتكەن ، ئىككى ياشلىق زۇبەيدە قورقۇپ قاتتىق يىغلىغاندا ئۇنىمۇ ئېغىر زەخىملەندۈر-گەن ، ئاندىن ساندۇقلاردىكى ئالتۇن جابدۇقلارنى ئېلىپ قاچقان.

تۆت تاۋۇتنى تالىشىپ ، مۇرىدىن ـ مۇرىگە يۆتكەپ كۆتۈر-گەن كىشىلەر شۇنچە كەڭ كوچىغا سىغىشماي باراتتى . تاۋۇتلار-نىڭ ئىككىنچىسى ئالاھىدە دىققەتكە داخىل ئىدىكى ، ئۇنىڭغا قى-زىل يوپۇق يېپىلغان بولۇپ ، توم ۋە قاپقارا ئىككى ئۆرۈمە چاچ ئىككى ياندىن ساڭگىلىتىپ قويۇلغانىدى ، كىشىلەر ھەممىدىن بەك ئاشۇ تاۋۇتنى تالىشىپ ، قولدىن ـ قولغا ، مۇرىدىن ـ مۇرىگە يۆتكەپ «گومىنداڭ جاللاتلىرىدىن جانغا جان ، قانغا قان ئالىمىز » دېگەن غەزەپ چۇقانلىرىنى ياڭرىتىپ باراتتى . تەبىئىي-كى ، بۇ ھۆسن پاساھەتتە ، ئەقىل ـ پاراسەتتە ، ئەخلاقىي پەزى-لەتتە ، خۇلقى نازاكەتتە ذۇرغۇن كۆزلەرگە نۇر تولدۇرۇپ ، ئەل ـ يۇرت ئاغزىدا داڭقى داستان بولۇپ يۈرگەن ئۇيغۇر قىزى ، ئالتاي گۈزىلى پىردەۋسنىڭ تاۋۇتى ئىدى .

— زوكسي … ياماركومۇسىپتا ؟[1] …

— بىز ، بىزلەر ئالتايدىن چىكىنىپ كېلىۋاتقان جۇڭگو ئارمىيىسى ، سىلەر ئۆزۈڭلار كىم ؟

— بىز تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ چېگرا ساقچىلىرى ، سىلەر نەگە بارماقچى ؟

— بىز سىلەرنىڭ يېرىڭلار ئارقىلىق ئىچكىرىسىگە ئۆتۈپ كەتمەكچىمىز . بىز تېلېگرامما بېرىپ جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئۇلانبا-توردىكى كونسۇلى ئارقىلىق ھۆكۈمىتىڭلار بىلەن شۇنداق كې-

---

① توختا ؟ سەنلەر نىمە ئادەملەر ؟ (موڭغۇلچە )

لىشكەندۇق .

— ھۆكۈمىتىمىزدىن بۇ ھەقتە ھېچقانداق كۆرسەتمە يوق . بىز يۇقىرى زاستاپقا تېلېفون بېرىپ باقايلى ! سىلەر ئاڭغىچە توختاپ تۇرۇڭلار .

— ماقۇل ، ماقۇل .

— ماقۇل . مانا ھازىر : ھەي ··· ھەي ···

قارىغايلىق تاغ ئارىسىدىكى «دىپلوماتىيە» ئەنە شۇنداق داۋام قىلماقتا ئىدى . ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىككىدىن موڭغۇل خادىمى ئېگىز ۋە پەستە تۇرۇپ سۆزلىشەتتى . ئابدۇرۇسۇل باتۇر ئەتراپىدىكى دۆربىلجىن موڭغۇل ئىزۋوتى ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە ماھارىتىنى ئەنە شۇنداق كۆرسەتمەكتە ئىدى .

جۇڭخۇا مىنگو ئارمىيىسى قاچاقلىرى سالپايغان ، مىلتىقلىرىنى تەتۈر ئاسقان پېتى تۇشمۇتۇشتا خۇددى قىرچاڭغۇ ئاتلاردەك ئېغىناپ ياتاتتى . ئۇلار پات - پات سۇيلەپ تۇراتتى .

بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندى . تۆت تەرەپ تاغ ئۇستىگە قادالغان مىللىي ئارمىيە بايراقلىرىنى كۆرۈپ ئېغىر ئالاقزادىلىككە چۈشكەن «جۇڭخۇا مىنگو ئارمىيىسى» خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانلارنى تېپىپ ، تىللاپ ئويغىتىپ ، پايپېتەك بولماقتا ئىدى . ئاڭغىچە قارىغايلىق تاغ بېشىدىن خەنزۇ تىلىدا جاراڭلىق ئاۋاز ياڭراشقا باشلىدى :

«ياۋاشلىق بىلەن تەسلىم بولساڭلار ، قورالىڭلارنى تاپشۇرساڭلار ، زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمىز . ھاياتىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمىز ! قارشىلىشىدىغان بولساڭلار ، ئۇستۈڭلەردە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلى ، چۆچەكلەرنى ئازاد قىلغان قۇدرەتلىك كەڭسای ئاتلىق پولكى ، دۆربىلجىن موڭغۇل دىۋىزىيونى ، قوبۇق ئىسكادىرونى ، ئەزىمەت ئالتاي قازاق قىسىملىرى تۇرغانلىقىنى بىلىڭلار ، ۋەن سىلىك ، جاڭ زىخۇيلار تېزلىكتە قورال تاپشۇرۇشقا كىرىشىڭلار، پىكىرىڭلار بولسا ، ۋەكىلىڭلارنى ئالدىمىزغا ئەۋە-

تىڭلار ، يېرىم سائەت سۈرۈك .»

شۇ ئەسنادا تۆت تەرەپتىن تەڭلا ئۇزۇن پايدىن سىگنال ئوقى ئېتىلدى . ئوقلار سۈزۈك ئاسماندا يۇلتۇزدەك نۇر چاقناتماقتا ئىدى .

جۇڭخۇا مىنگو تەرەپنىڭ ۋەكىلى تاغقا ئۆملەپ چىقىپ كەلدى .

خەمىتوف دەرھال ئىشقا كىرىشتى ـ دە، بىر ئوفىتسېرنى «ئىمىروف» ياساپ ئۇلگۇردى ، كىيىم ـ كېچەك ، پاگون ـ فورمىلارنى كېلىشتۈردى .

«قوماندان ئىمىروف» تاغ تۇمشۇقىدىكى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۇچراشماقچى بولغان پەس دۆڭدە توختىدى . ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپ ئىجازەت ئالغان خەمىتوف چەبدەس قەدەم بىلەن كەلدى ـ دە، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋەكىللىرىنىڭ دۆڭ تۈۋىگە «قوماندان ئىمىروف»نىڭ ئالدىغا بېرىشلىرىنى ئۇقتۇردى .

بۇ چاغدا «قوماندان ئىمىروف»نىڭ بىر قولىنى گەلەپى شىمىنىڭ يانچۇقىغا ، يەنە بىرىنى سۇر گېتىلىنىڭ ئالتۇن رەڭ تۈگمىلىرى ئارىسىغا يېرىم ـ يارتا تىقىپ ، قىزىل كانتىلىق شەپكە كىيگەن بېشىنى غالىبانە تىك تۇتۇپ تۇرۇشلىرى گوياكى قايسىبىر جەڭنامىلەردە تەسۋىرلەنگەن قۇدرەتلىك قەھرىمانلارنىڭ رومانتىك رۇخسارىنى ئەسلىتەتتى . ئۇ، ئاشۇنداق سۆلەت ـ سالاپىتىنى بۇزماستىن تۇرۇپ ، جەسۇرانە تەلەپپۇزدا «بۇيرۇق» بېرىۋاتاتتى . قارشى تەرەپ ۋەكىللىرى ئاۋۋال «بۇ ئاجايىپ قوماندان»نىڭ سۈرلۈك سالاپىتىدىن ھەيران قالغان بولسا، ئەمدى خەمىتوفنىڭ خەنزۇچىنى جەڭگىۋار ئاھاڭدا جاراڭلاتقانلىرىغا بەكمۇ ھەيران بولماقتا ئىدى . ئۇلار «قوماندان ئىمىروف»قا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ بەزىبىر تەلەپلىرىنى بايان قىلدى .

گومىنداڭ قوشۇنلىرى سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن،



www.uyghurkitap.com

قورال ـ ياراغلىرىنى كەڭ ساينىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىپ تەقلىدى .

شۇ ئەسنادا ئون ئاتلىق ئاپتوماتچىنىڭ ھەمراھلىقىدا قورال-سىزلانغان قوشۇن ئارىسىغا كەلگەن خەمىتوف بىر بەلدە تۇرۇپ ، ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلاپ خەنزۇچە كوماندا بەردى . گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرى قورالىرى تۇپلانغان يەر-دىن ئايرىلىپ ، خۇددى پادىدىن يانغان مالدەك ساي ئارىسىدىكى بوشلۇققا قاراپ ماڭدى .

## 5

ئىجازەت بىلەن كىرگەن دىجورنى خەمىتوفنىڭ خەۋەرچىلى-رى كەلگەنلىكىنى دوكلات قىلدى .

— كىرسۇن ، — دېدى قوماندان .

ئىككى يىگىت ھۆرمەت سالىمى بىلەن كىرىپ ئەكەلگەن ئالاقىلىرىنى بەردى :

«تۆت مىڭ بەش يۈز نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئە-سىرگە ئېلىپ ، قوراللىرىنى تولۇق تاپشۇرۇۋېلىپ ، ئۆزلى-رىنى ئالدىمىزغا سېلىپ يولغا چىقتۇق . ئولجا ـ غەنىيمەت-لەرنى ئېلىپ يۈرۈشكە ئىمكانىيىتىمىز يېتىشمىگىنى ئۈچۈن ساقلاشقا ئادەم قالدۇرۇپ ، قايتىشقا مەجبۇر بول-دۇق . يول شارائىتى ، ئات ـ ئۇلاغ ، تۆگە ترانسپورتىغىلا مۇۋاپىق . تېز ئىش كۆرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن .
خەمىتوف » .

ئىككى قوماندان ئورنىدىن تەڭلا تۇرۇپ كەتتى . ئۇلار ئىك-كى ئەزىمەت بىلەن سەمىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كې-يىن شتاب باشلىقى سىدىقوفنى چاقىرىۋالدى ـ دە ، ئۇنىڭغا

توشۇش ترانسپورتى بۇيرۇقىنى بەردى. كېيىن قوچقاروفنى قوبۇل قىلغان قوماندان ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى تاپشۇردى :

بىرىنچى ، گومىنداڭچىلارغا خەلقنىڭ غەزىپى ئىنتايىن كۈچلۈك . ئەسىرلەرنى كۆرسە ئاچچىقلىرىنى باسالماسلىقى مۇمكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن گارنىزون شتابى مەسئۇل بولۇپ، شەھەرنىڭ قوغداش ، قاراۋۇللۇق خىزمىتى كۈچەيتىلسۇن .

ئىككىنچى ، ئەسىرلەرنى كۈندۈزى ئەمەس ، كەچرەك ئەكىرىش ئۈچۈن خەمىتوفنىڭ ئالدىغا ئالاقىچى چىقىرىلسۇن .

ئۈچىنچى ، ئەسىرلەر شەھەر ئىچىگە ئەكىرىلمەستىن ئۇدۇللا لاگېرغا ئېلىپ بېرىلىپ شەھەر سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن !

تۆتىنچى، ئۇلارنىڭ تەمىنات ئىشلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى گارنىزون تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تۇرۇلسۇن ! ئەھۋال كۆرۈلسە دەرھال قوماندانلىققا دوكلات قىلىنسۇن !

## 6

ساھىبجامال قىزنىڭ قېشىدەك ئېگىلگەن يېرىم ئاي ئېگىز تاغ ئۈستىدىن پۈتۈن سارسۈمبە شەھىرىگە نۇر تۆكۈپ تۇراتتى . كۈندۈزنىڭ شاۋقۇنلىرىدىن خالىي بولغان شەھەر ، ئاخشام ئارامىنىڭ ھوزۇرلۇق قۇچىقىغا چۆككەندى . شوخ دەريانىڭ شارقىراشلىرى بىلەن چوڭ مەسچىت مۇنارىسىدىن خۇپتەنگە ئەزان ئېيتقان مەزىننىڭ ۋارقىراشلىرى خۇددى مۇڭلۇق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى .

ئالتاي گارنىزوننىڭ پۈتۈن سوستاۋى كەڭ مەيدانغا تىزىلغانىدى . دىجورنى دىققەت كوماندىسى بېرىپ ، قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . بۇيرۇقتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش ، ئۇنۋان بېرىش، خىزمەتكە بەلگىلەش ۋە ئىنتىزامنى بۇزغانلارغا تەنبىھ ، جازا

جاكارلاشلار بار ئىدى. شۇ قاتاردا ئابدۇراخمان مۆمىنوف ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان:

«گومىنداڭنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئىككى يۈز ئاتلىق ئەسكىرىنى پۈتۈن قورال-جابدۇقلىرى بىلەن ئىنقىلابىي سەپكە ئېلىپ ئۆتكەن ئابدۇراخمان مۆمىنوفقا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى ۋە شىمالىي فرونت قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كاپىتانلىق ئۇنۋانى بېرىلىپ، ئىستىقلالىيەت ئوردېنى بىلەن تارتۇقلانسۇن، ئابدۇراخمان مۆمىنوف شىمالىي فرونت پەۋقۇلئاددە دىۋىزىيونىنىڭ كوماندىرى قىلىپ بەلگىلەنسۇن.»

## 7

ئەتىسى چاشگاھ مەزگىلى ئىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر توپ ئوفىتسېرلىرى ئەسىرلەر قورشالغان قورۇغا كىرىپ كەلگەندە، باشلىرىنى يەرگە ئەگكەن مەغلۇپلار خۇددى سۇغا چۆشكەن مۇشۇكتەك مۇكچىيىپ، تىترەپ تۇراتتى. توساتتىن بىرىنىڭ «ئاجەنشىنىڭ» دېگەن ئاۋازى ھەممەيلەننى چۆچۈتىۋەتتى. يىغا ئارىلاش ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز شياۋ چىڭنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— شياۋچىڭ، — دېدى ئابدۇراخمان بوينىنى سوزۇپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئالدىغا ئۆتۈشكە شەرەت قىلدى. توپنى يېرىپ چىققان شياۋچىڭ ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ ھۆڭرەپ يىغلايتتى.

— يىغلىما... يىغلىما... شياۋچىڭ، — دېدى ئابدۇراخمان.

شياۋچىڭنىڭ ئىككى كۆزى ئابدۇراخمانغا شۇقەدەر قادالغانىدىكى، ياشلار تاراملاپ ئوت چاقنىغان كۆز گۆھەرلىرى خۇددى

نىشانغا ئىنتىلگەن قارچىغىنىڭ ئەپچىلى ئەسلىتەتتى .

ئابدۇراخمان توپنى بويلاپ ماڭغىنىدا ھەيرانلىق ھاياجانلىرى تولغان كۆزلەر ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئۈزۈلمەيتتى . ئۇ بۇ يەردىكى تەشكىللەش ۋە تەرتىپ ـ تۈزۈم ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن «ئالىي ئەسىرلەر» ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايغا ماڭدى .

ئابدۇراخمان ئىشىكنى ئىچىپلا كىرگەندە ئاق موما يىلەن سەي يەۋاتقان جاڭ زىخۇينى كۆردى . ئۇمۇ ئابدۇراخماننى كۆرۈپلا ئورنىدىن قوزغىلىۋىدى ، چىنىدىكى چاي كىيىملىرىگە تۆكۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاغزى كامارەدەك ئىچىلغان ، قولىدىكى جۈپ چوكا بولسا ، خۇددى ماھىر دىرىژورنىڭ تايىقىدەك تەۋرەنمەكتە ئىدى .

شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇراخمان قوماندانلىق شتابىنىڭ بەش كىشىنى ئىنقىلاش ھەققىدىكى تاپشۇرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى . ئەتىسى ئەسىرلەر ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ ئۈچىنى تاپتى . گۈزەل پىردەۋسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى قانغا بويىغان ئىككى قاتىلنىڭ ئەسىرلەر قاتارىدا يوقلۇقى ئىنىقلاندى .

خەلقنىڭ قان قەرزىنى تۆلىتىۋېلىش ئۈچۈن خەلقنى قاڭغىر قاقشاتقان ۋاڭ لىيەنجاڭ باشلىق ئۈچ مەلئۇنغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى . ئەتىسى ئەل ئويغىنىشتىن بالدۇر ئەسىرلەر ئابدۇراخماننىڭ مەسئۇللۇقىدا قاتتىق نازارەت ئاستىدا غۇلجىغا — مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىختىيارىغا ماڭدۇرۇلدى .



www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## باش قوماندان ھوزۇرىدا

### 1

گېنېرال ئىسھاقبېك ئويچان كۆزلىرىنى ئۇدۇل تامدىكى خەرىتىنىڭ قەيىرىگىدۇر قاداپ، نېمىلەر ھەققىدىدۇر چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئىشىك چېكىلدى. ئىجازەت بىلەن كىرگەن دىجورنى ئالتايدىن گومىنداڭ ئەسىرلىرىنى ئەكەلگەن ئوفىتسېر كىرىشكە رۇخسەت سورىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. گېنېرال رۇخسەت قىلدى.

جەڭگىۋار قەدەم بىلەن كىرگەن يىگىت سالام بېرىپ، ئۆزىنى مىللىي ئارمىيە شىمالىي فرونت ئوفىتسېرى كاپىتان ئابدۇراخمان مۆمىنوف دەپ تونۇشتۇردى. گېنېرال ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول ئۇزاتقاندا كاپىتان ئەدەپ بىلەن تېخىچە تىك تۇراتتى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى قوماندان ۋە ئۆزىمۇ قايتىپ قىزىل دۇخاۋا قاپلىق كرېسلوغا ئولتۇردى. گېنېرال ئەمدى بۇ كېلىشكەن ۋە چاققان، سۆزلىرى چاقماقتەك ياش كاپىتانغا ھەۋىسى كېلىپ، زوقلىنىپ چىن مېھرى بىلەن قارىماقتا ئىدى. ئابدۇراخمانمۇ ھە دېگەندە بۇ يوغان قامەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك، داڭقىنى كۆپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقان كىشىنى كۆرۈش بىلەن ئەيمىنىپ ئۆزىنى سەل سۇر باسقاندەك ھېس قىلدى ـ دە، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ ھەقىقىي ھەربىيگە خاس روھىي ھالەتكە كەلدى. ئۇ،

ئالدى بىلەن ئەسىرلەر ئەھۋالاتىنى مەزمۇنلۇق، ئىخچام دوكلات قىلدى .

قۇبۇقتىكى «قانلىق كېچە» ۋەقەسىنى ئاڭلاپ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن قوماندان ئەھۋال تەپسىلاتىنى تولۇق بىلمەكچى بولدى . ئابدۇراخمان :

— ۋەقە قۇبۇقنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تاشلىنىپ قالغان موڭ-غۇل بۇتخانىسىدا قونغان كېچىسى يۈز بەردى . كېچە تىنچ ئىدى كېيىن شامال چىقتى . شامال كۈچىيىپ بورانغا ئايلىنىشقا باشلى-دى . مەن تەكشۈرۈش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقمىغان بولسام ئىش چاتاق بولىدىكەن . ئەسىرلەرنىڭ بىر تۈركۈمى بوراندىن پايدىلى-نىپ قاچماقچى ، قوشتولغاي بىلەن شوگەي ـ داگەي ئارقىلىق ماناس دەرياسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئۇرۇمچى تەرەپكە ئۆتۈپ كەت-مەكچى بولۇشۇپتۇ . ئۇلار بىزنىڭ مەخپىي (سىكرىتنى) پوست قويغىنىمىزدىن مۇتلەق خەۋەرسىز بولغىنى ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىردىنبىر مۇناسىۋەتچىمىز شىياۋچېڭنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ، ئاندىن بىزنىڭ ئالتە قاراۋۇلىمىزنىمۇ ئۆلتۈ-رۈۋېتىپ ، قوراللىرىنى ئېلىپ قاچقان ، ئۇلار يوشۇرۇن پوستقا دۇچ كېلىشلىرىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان . يوشۇرۇن پوست ئۆ-زىنىڭ مەسئۇلىيەت ھوقۇقىغا بىنائەن قاچقۇنلارغا ئاپتوماتتىن ئوت ئاچقان . نەتىجىدە ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى ئۆلگەن ، قالغانلى-رى يېتىۋېلىپ ساق قالغان . ئۇلار يەنە بۇرۇنقىدەك باش ئەگكى-نى ، تىزلىنىپ قول كۆتۈرگىنى ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە ئىنتى-زام قوللانمىسىدىكى باش ئەگكەنلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈز-مەسلىك دېگەن ماددا بويىچە ئۇلارنى يەنە ئەكېلىپ ئۆز قاتارلىرىغا قوشتۇق . شۇنچە كىشىنىڭ ، جۈملىدىن شىياۋچېڭ بىلەن ئالتە جەڭچىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولغان دىڭ فامىلىلىك ئۇنسۇر قاتارلىق ئالتە جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ ئېتىپ تاشلىدۇق .

— نەق مەيداندىلا ئاتتىڭلارمۇ ؟

— ھەئە، نەق مەيداندا ئاتتۇق.
— بۇير ۇقنى كىم بەردى؟
— مەن بەردىم.
— سىزگە ئۇنداق ھوقۇقنى كىم بەرگەن؟
— ئالتە جەڭچىنىڭ كاللىسى بەردى، يولداش قوماندان، — ئابدۇراخمان جاۋاب بېرىۋېتىپ ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى گېنېرالنىڭ سۇرلۇك كۆزىگە ئوقتەك قادالغانىدى، ئارىدا ئېغىر سۇكۇت پەيدا بولدى. قوماندانمۇ ئابدۇراخمانغا قاتتىق قادالغىنىچە تۇراتتى. ئۇنىڭ ھاياجانغا تولغان قاپقارا يوغان كۆزلىرىدىن يا مۇھەببەت، يا نەپرەت ۋە يا ھەسرەت ئىپادىسىنى بىلىپ بولمايتتى.

## 2

«ئەسىرلەرنى باشقۇرۇش بۆلۈمى» ئەسىرلەردىن ئالتاي ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، ھەممىسىگە بىر خىل فورمىدا ئاق بىرىزېنتتىن ئەمگەك كىيىمى تارقىتىپ بېرىپ، غۇلجا - تېكەس تاشيولىنى ياساش ئۇچاستكىلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى.

ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر دادامتۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ۋاقىتلىق دەم ئېلىش بېرىلدى. بۇ بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى گومىنداڭچىلارنى سۈرۈپ - توقاي قىلىپ، ماناس بويلىرىغا بارغان كۈنلەر ئىدى. قول كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان دۈشمەن «سۆھبەتلىشىش» تەلىپىنى قويغانلىقتىن، ئۇرۇش توختىغانىدى. غۇلجا ۋە باشقا جايلاردىكى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنى تۈگىتىشكە تۇتۇش قىلىنغان كۈنلەر ئىدى. بۇ كۈنلەردىكى ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي ۋە خەلقنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى شۇنچىلىك يۇقىرى ئىدىكى، ئۇلار قەپەستىن قۇتۇلغان قۇش قانات - قۇيرۇقلىرىنى يەلپۈتۈپ، شاختىن شاخقا

www.uyghurkitap.com

سەكرەپ ئويۇنىغىنىغا ئوخشاش، خۇشاللىقىنى ئىچ ـ ئىچىگە سىغدۇرالماي ئەركىن يايراشقا باشلىغانىدى.

ئابدۇراخمان ھەمىشەملا: «سەپداشلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىدىكى بىرىنچى زۆرۈرىيەت» دەيتتى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ خۇلق ئۇنىڭغا ھەر جايدا يېڭىدىن ـ يېڭى تونۇش تېپىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى. بۇ دورەم غۇلجىغا كەلگىنىدىمۇ شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ مۇئاۋىنى — تۇرپانيۇزلۇك قاسىموف ئىسىملىك خۇش چاقچاق، تەمكىن بىر يىگىت بولۇپ، سىياسىي كومىسسارى نوۋگورتلۇق تاتار يىگىتى مۇرات خەيبۇللىن ئىدى. باشقا جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭمۇ تەڭدىن تولىسى دېگۈدەك غۇلجا ياشلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قازاق، ئۆزبېك، شىبە باللىرىمۇ بار ئىدى.

ئابدۇراخمان ھەر ئىشنى خىزمەتداشلىرى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشنى ئىناقلىق پرىنسىپىنىڭ مۇھىم ئامىلى بىلىپ، ئۇنى دائىمىي ئادىتىگە ئايلاندۇرغانىدى. «مەن ... مەن ...» دەيدىغان مەمەدانلىقنى يامان كۆرەتتى. ئۇ بۇ نۆۋەت ئالتايدىن ئىلىغا كەلگۈچە سەپداشلىرى بىلەن خۇددى ئامراق تۇغقانلاردەك بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇ دوستلىرى ئارا تالاشتا قالىدىغان بولدى. بىر كۈنى مۇرات ئۇنى نوۋگورتنىڭ سالقىن سايىلىك گۈزەل كوچىلىرىنى ئارىلىتىپ، ئالمىزارلىق باغ ـ ھويلىلاردا تاتارنىڭ مەدەنىي قىز ـ يىگىتلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، تانسا ـ تاماشا قىلدۇرسا، ئەتىسى يەنە بىر دوستى ئالتىشەھەر مەھەللىسىنىڭ رەتلىك كوچا، باغۇ بوستانلىرىنى سەيلە ـ ساياھەت قىلدۇراتتى. بۇ كۈنلەردە ئابدۇراخمان بالىلىق چېغىدا دادىسى مۆمىن ئاكىدىن كۆپ ئاڭلىغان «پۇلۇڭ ئونغا يەتكۈچە، دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن» دېگەن ئالتۇن گەپنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە بارغانسېرى چوڭقۇر يەتمەكتە ئىدى.

بىراق ، ئابدۇراخماننىڭ هاراق ئىچمەيدىغانلىقى دوستلىرى-
نىڭ ئىچىنى پىشۇراتتى ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ كەمچىلىكىنى چالغان
دۇتارى بىلەن ئېيتقان ناخشىسى يېپىپ كېتەتتى . ئۇ ناخشىنى
ياخشى ئېيتاتتى ، ئاۋازى بەك ساز ئىدى . ئۇ ، ئويناق ، جۇشقۇن-
لۇق ۋە سەنئەتلىك ئىلى ناخشىلىرىنى ھەربىر ئاڭلىغىنىدا
يۈرەك - باغرى ھېس - تۇيغۇلارغا تولاتتى . ئۇ بىر قىسىم
ناخشىلارنى ناھايىتى تېز ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى بىلەنمۇ بەزىلەرنى
ھەيران قالدۇرماقتا ئىدى . كىشىلەر بارا - بارا ئۇنىڭ قەشقەر
ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئۇيلاپمۇ باقماي ، جىڭ ئىلى سەھرالىرىنىڭ
داڭگاللىرىدىن بولسا كېرەك ، دەپمۇ قالدى . ۋەھالەنكى ، قايسى-
بىر كۈنلىرى «قېنى ، مۆمىنوف ، قولاقنى تۇتۇپ ئۆزىمىزنىڭ
تارانچى پەدىسىگە تازا بىر ۋارقىرىمايمىزمۇ » دېگەن چۇقانلارمۇ
ئاڭلىنىپ قالاتتى . بىر قېتىمقى ئولتۇرۇشتا ئۇ غۇلجىنىڭ مەش-
ھۇر ناخشىسى «گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم» ئاھاڭىغا مۇنداق
يېڭى بىر تېكىستنى سىلىپ ئېيتىش ئارقىلىق ھەممىنى قايىل
قىلىۋەتتى :

تەلكىدىن چىقىپ كەلسەم ،
ئىلى باغلىرى بوستان .
بۇلبۇللار قۇلاق سالسام ،
داڭقىڭنى قىلۇر داستان .
ئىلىخو مېنىڭ يۇرتۇم .

تۇرپانيۇزىنى دەيمۇ ،
جېلىليۇزىنى دەيمۇ .
ئاق ئالماڭ ناۋات تۇرسا ،
خەقتىن قەنت تىلەپ يەيمۇ .
ئىلىخو گۈزەل يۇرتۇم...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئابدۇراخماننى ئارىغا ئېلىپ ، ناخشىغا سېلىپ ، دەسلىپىدە غۇلجىنىڭ ھەسەلدىن چىقىرىلغان سىرىق ۋە تاڭسۇق يېۋىلىرىغا ، كېيىن كونياك ۋە ۋوتكىلارغا تويغۇزۇۋال-دى . شۇنداقتىمۇ ئابدۇراخمان ئېھتىيات بىلەن ئىچەتتى . مەست بولۇپ دەلدەڭلەپ يۈرگەنلەرنى كۆرگىنىدە نەپرەت بىلەن قارايت-تى . ئۇنداقلارنىڭ ھەرقايسىسىدىن ھەر خىل ئىبرەت - ساۋاقلى-رىنى ئالاتتى .

ئابدۇراخمان كۈندە دېگۈدەك ھەر خىل تەبىقىلەرگە ئارىلى-شىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش قەھرىمانلىرى ، قوش-لاپ مېدال ئالغان باتۇرلار ، قول ياكى پۇتىدىن ئايرىلغان مەج-رۇھلار ، ئالدىنقى سەپلەردىن خىزمەت بىلەن قايتىپ كەلگەن ئوفىتسېرلار ۋە غۇلجىنىڭ خۇش تەبىئەتلىك ، ئەخلاقىي پەزىلەت-لىك مەردانە يىگىتلىرى ؛ شۇنداقلا تۆت سەر ئىچىپ ئون تۆت سەر مەست بولىدىغان گاڭگۇڭلار ، تىيىنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆمى-لەپ ئۆتىدىغان ساختىپەزلەر ، ھەر - ھەر پوچىلار ، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان قاپاق نوچىلارمۇ بار ئىدى .

قاسىموف ئابدۇراخماندىن غۇلجا تەسىراتلىرى ھەققىدە سو-راپ ۋە ئۆزىمۇ ئانا شەھىرىنىڭ خىسلەت ، خۇسۇسىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ تۇراتتى .

«غۇلجا — راست ئاجايىپ شەھەر ئىكەن ، — دەيتتى ئابدۇ-راخمان ، — ئىلىخو ئىسمى - جىسمىغا لايىق گۈل - گۈلىستان ، باغۇ بوستان يۇرت ئىكەن .»

دەر ھەقىقەت غۇلجا تەڭدىشى يوق ئېسىل يۇرت .

ئەگەر ئالمىسىنى چىشلەر بولساڭ سۈت ياكى كەمپۈت تې-تىيدۇ . بۇنداق ئالمىلارنىڭ تۈرلىرىنىڭ تولىلىقى ، رەڭدارلى-قى ، ئۈزلۈكچۈ… بەزى ئالمىلارنىڭ مەڭزى خۇددى شائىرلار تەسۋىرىدىكى روھى راۋان ساھىبجامال پەرىزات قىزلارنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان رەڭگى - رۇخسارىنى ئەسلىتىدۇ ۋە شۇنداق روھى

راۋان ، خۇلقى جاھان پەرى سۇپەت قىزلارنى غۇلجا يۇرتلىرىدا كۆپلەپ كۆرگىلى ھەم بولىدۇ ، بۇ قىزلار ئاشۇ ئىسىل ئالىملار-دىن رەڭ ئالغانمىدۇر ياكى ئۇ ئىسىل ئالىملار بۇ پەرىشتە سۇپەت چېۋەر قىزلاردىن چىراي ئالغانمىدۇر ؟ دېگەن ئوتلۇق تۇيغۇ ، شېرىن خىياللارمۇ كۆڭۈللەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆتىدۇ . كوچىلاردىن ئۆتكىنىڭدە ، ئالما ساتقۇچى بالىلارنىڭ : «ھەي... ئالماڭ... بوبى ... ئالماڭ... بوبى...» دەپ توۋلاشلىرىمۇ بىر سەنئەت .

بىنەمنىڭ نەم توپىسىنى سىقىمداپ پۇرىساڭ ئىپار - زەپەر پۇرىقى كېلىدۇ . تاغ - ئېدىرلارغا باش باھاردا چىقىپ ، بىنەم يەرلىرىگە قانچىلىك كۆچۈك يەتسە شۇنچىلىك ئاشلىق تېرىۋېتىپ كىرىسەن . كۈزدە بىراق چىقىپلا يىغىۋالىسەن .

تاغ - ئېدىرلىرىنى ئارىلىساڭ ياۋا ئالمىلارنى ، يېلىنلىرى سېلىنىپ كەتكەن ، ئېغىناپ ، كۆشەپ ياتقان كالىلارنى كۆرد-سەن . خۇشبۇي گۈللەر ۋە سۆسەردەك سۇمبۇللارنىڭ ھەربىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ ، مەيلىڭنى مەپتۇن قىلسا ، شېرىن ھىد-لىق ھەسەللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى كۆڭلۈڭنى ئۇرغۇتۇپ ، قەل-بىڭنى مەست قىلىدۇ .

بىر كۈنى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش ئىدى . ئېگىز بويلۇق ، سوزۇق يۈزلۈك ، خېلى سالاپەتلىك بىر يىگىت كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئىسمىنى «باقىيوف» دېيىشتى . باقىيوفنىڭ بوينى خۇددى غازنىڭ بوينىدەك ئاجايىپ بىر قىسما بولۇپ ، كۆلمىسىمۇ كۆرۈ-نۈپ تۇرىدىغان چىشلىرى كىشىنى كۈلكىگە قىستايتتى .

باقىيوف بىردەم «چوڭ سۇپەت كىشى» بولۇپ ، گىدىيىپ ئولتۇردى ، ئازراق ئىچكەندىن كېيىن تۈگمىلىرىنىمۇ يېشىۋې-تىپ ، ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتتى ، گەپ - سۆزلىرىمۇ ئاۋۇپ كەتتى . ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدە گەپ بولسا ئۇ سامانيول-نىڭ نېرىسىدىن چىقاتتى . يەر توغرىسىدا گەپ بولسا ، ماگمىنىڭ گىرادۇسىنى ئۆلچىگۈچى بولۇپ كۆرۈنەتتى . دۇنيا ھەققىدە گەپ

بولسا، ئالتە قىتئەنى ئالا قويماي ئارىلاپ چىقاتتى. بازار ـ ئۇچار توغرىسىدا سۆز چىقسا تۇگمىدىن تارتىپ ئۆگىنىچىگە ھەممىسىنىڭ نەرخىنى بىلەتتى. ئۆزى ھەققىدە بولسا، ئۈچ ۋىلايەتنى بىر ئۆزى ئازاد قىلغاندەك، يوغان گەپلەرنى قىلىپ پاختىۋەنپۇنى ئايىماي ئاتاتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا، پىدائىيلار ئۆزلىرىنى بەس ـ بەس بىلەن تىزىمغا ئالدۇرغىنىدا، ئۇ «شەھەردىن غىپپىدە يوق بولۇپ، سەھرادىكى تۇغقانلىرىنىڭكىگە چىقىپ كەتكەن، كېيىنكى نۆۋەتتە، يالغاندىن ئاقساپ، پۇتىنى تېڭىۋېلىپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىشتىن قېپقالغان، ئاندىن كومىسسىيە مېنى ئالغىلى ئۈنىمىدى، بولمىسا، مەيدانغا چۈشسەم تاغنى تالقان، يەرنى يەكسان قىلىۋېتەتتىم...» دەپ يۈرگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ «يولۋاس تېرىسىنى يېپىنغان باتۇر» بولۇپ ھەممىگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. بۇ چاغدا مۆمىنوفنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىغان بىرى: «بۇ، غۇلجا بويىچە ئاتىقى چىققان پوچى، ئابىت ئالىقاپ دېگەن مۇشۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۆمىنوف ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە نەپرەت بىلەن نەزەر سېلىشقا باشلىدى. ئابدۇراخمان باقىيوفتىن ئۇنتۇلماس ئىبرەت ـ ئۆرنەكلىرىنى ئېلىپ ئولتۇرغىنىدا، قارىمۇتۇق يىگىت تەمبۇرنى چېلىشتىن توختاپ، قىزىق بىر سۆزنى باشلىدى:

«مەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدىن بىرىدە رازۋېدكىچى ئىدىم، باش قوماندان ماڭا كېچىلەپ ئۇرۇمچىگە كىرىپ، رازۋېدكا قىلىپ، تولۇق مەلۇمات ئېلىپ، تاڭ ئاتقۇچە ماناس دەرياسىدىن بۇياققا ئۆتۈش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. ئۇرۇمچىگە كىرسەم ئۇ شەھەر بىز داڭقىنى ئاڭلاپ يۈرگەنچىلىكمۇ چوڭ ئەمەس، ناھايىتى قېيناتامنىڭ ھويلىسىچىلىكلا بار ئىكەن. ئۇنى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا ئارىلاپ ھەممە ئىدارىلىرىگە كىردىم. قارىسام ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۈك ـ تاقلىرىنى تېڭىپ، قېچىشقا تەييارلىنىپ، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ ياتقانىكەن. ئۆزۈمنى

دەڭسەم باقسام ھېچ ھارماپتىمەن .ئەمما خۇمارىم تۇتقاندەك قىلى-
دى . بىر ئۇرام چېكەي دېسەم يانچۇقۇمدا تاماكا تۈگەپ قاپتۇ .
بولمىسا ، تۇنۇگۇنلا توغراكۆۋرۇكتە تۆت كىلو گرام تاماكا ئېلىپ
تۆت يانچۇقۇمغا تولدۇرۇۋالغانىدىم . ئەمدى قانداق قىلدىم ؟ تازا
خورەك تارتىپ ئۇخلاپ ياتقان بىر ئەمەلدارنى پۈتۈم بىلەن مۇنداق-
لا دومىلاتتىم ـ دە ، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر چاڭگال تاماكىسىنى
ئالدىم . ئەمدى ئۇنى ئۇراي دېسەم قەغەز يوق ، ئۇيان ـ بۇيان
ئاختۇرساممۇ بولمىدى . ئاخىرى ئۇنىڭ تامغا تارتقان خەرىتىسىنى
شارتتىدە يۇلۇۋالدىم ـ دە ، يېرىمىنى يىرتىپ خۇددى باقىيوفنىڭ
بوينىدەك قىلىپ تاماكا يۆگىدىم . ئۇنى قىڭغىر چىشلەپ تۇتاشتۇ-
راي دېسەم سەرەڭگە يوق ، ئويلىسام سەرەڭگەمنى بىر ئولتۇرۇشتا
باقىيوف ، ئاداش ، ئۆيدە سەرەڭگە تۈگەپ قېلىۋىدى ، دەپ يانچۇ-
قىغا سالغانلىقى يادىمغا يەتتى . »
بۇ چاغدا ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈۋەتتى .
«ھە ... ھە ... ئاندىنچۇ » دېيىشتى . تەمبۇرچى يىگىت سۆزىنى
داۋام ئەتتى :
«ئاندىن ئۇيان ـ بۇيان قارىسام ئەپيۇن چىرىغىنىڭ قالدۇق
ئوتى تۇتەپ تۇرغانىكەن ، تاماكامنى شۇنىڭدا تۇتاشتۇردۇم ـ دە ،
چەكتىم . ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن . بىر
چاغدا چۆچۈپ ئويغىنىپ سائىتىمگە قارىسام ، سائەتنىڭ تىللىرى
غىلدىر ـ غىلدىر قىلىدۇ ، ئويلىسام ئالدىراشچىلىقتا سائىتىمنى
تاقىدىم دەپ مەنمۇ باقىيوفقا ئوخشاش بىلىكىمگە كومپاسنى تاقى-
ۋالغانىكەنمەن . ئەمدى قانداق قىلاي دەپ ئۇلارنىڭ تام سائىتىگە
قارىسام تاڭ ئېتىشقا چارەك كەم ئوتتۇز مىنۇت قاپتۇ . دەرھاللا
ئاپتوماتىمنى ئاستىم ـ دە ، ماناس نەدەسەن دەپ يۈگۈردۈم .
يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ كاللامغا شۇنداق بىر ئوي كەلدى . رازۋېد-
كىچىلىك ئىشلىرىمنىڭ يادنامىسى ئۈچۈن بىرەر نەرسە ئېلىۋال-
مايمەنمۇ دېدىم ـ دە ، دەرھال بۇرۇلۇپ ماناس شەھىرىگە كىر-

دىم، كىرسەم ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېخىچىلا خورەك تارتىپ ئۇخ-لاۋېتىپتىكەن. ئىككى كاتتىباشنىڭ كاللىسىنى شارت قىلىپ كەستىم ـ دە، ئىككى يانپىشىمغا ئېسىپ، ئۇلارنىڭ ئىككىدىن تۆت ماۋزۇرىنى ئوقلىرى بىلەن بېلىمگە باغلاپ ئىلدام يۈرۈپ كەتتىم. ئالدىراپ چىقىۋېتىپ، دەرۋازىدىكى پوستنىڭ پۇتىغا دەسسەپ ساپتىمەن. ئۇ ئۆلەرمەن چاپاق باسقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇ-لاپ، خۇددى ئۆچكىدەك ۋارقىراپ كەتتى. مەن قاچتىم. بىر چاغدا ۋار ـ ۋۇر ئاۋازلار ئاڭلاندى. كەينىمگە قارىسام ئۇلار بىر پولك ئەسكەر بىلەن مېنى قوغلاپ كېلىۋاتقانىكەن. مەن ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقىغا قايرىلىپ قاراپ، كۈلۈپ كېلىۋېتىپ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كەتتىم. چۆچۈپ قارىسام گومىنداڭنىڭ پوتىيى ئىد-كەن. ئۇنى بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتتىم ـ دە، كېتىۋەردىم. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ قالغىنىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. قارىسام ماناس دەرياسىغا سەل كېلىپ قىرغاق بىلەن تەڭ توشۇپ كەتكەنىكەن. شۇندا تازا قوچقاردەك ئارقامغا يېنىپ بىر سەكرەپ ئۆتۈپ كېتەي دەۋاتسام ئارقامدىن ۋىش قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. قارىسام ئۇ گومىنداڭچىلار ماڭا ئاتقان زەمبىرەك ئوقى ئىكەن. ئوقنى كاپپىدە تۇتۇۋالدىم ـ دە، ئۇنىڭغا مىنىۋېلىپ، دەريا ئۈستىدىن غارقىراپ ئۆتۈپ كەتتىم. ئارقامغا بۇرۇلۇپ يەنە قارىسام مېنى قوغلاپ كەلگەن بىر پولك گومىنداڭ ئەسكىرى دەريا بويىدا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ قاپتۇ. مەن ماناس دەرياسىدىن بۇ تەرەپكە ئۆتۈپلا ئوقنىڭ ئۈچىنى يەرگە بېسىۋىدىم، بىرسى ۋە ··· دېمەسمۇ، چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچسام چۈشۈم، قارىسام ۋارقىرىغان بايىقى باقىيوفنىڭ «ۋە ··· ۋە»، ئاۋازى ئىكەن.»

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا «ۋە ··· ۋە ···» دەپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

# 3

ناغرا ساداسى تاڭ هاۋاسى بىلەن قوشۇلۇپ غۇلجا شەھىرىنى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى . تاڭ بىلەن تەڭ ئويغانغان ئادەملەر بەيتۇللاغا قاراپ خۇددى سەلدەك ئاقاتتى . مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرى ۋە ئىلى گارنىزونىنىڭ تەر-كىبلىرىمۇ خۇددى كېڭىشىپ قويغاندەك ئىككى كوچىدىن بىرلا ۋاقىتتا چىقىپ كەلمەكتە . ئۇلارنىڭ تولۇق جەڭگىۋار هالەتتە بويسېرى قىلىنغان سەپ بويىچە تەكشى تۈرۈشلىرى ۋە چەبدەس قەدەم بىلەن ئاياغلىرىنى تەڭ كەلتۈرۈپ مېڭىشلىرى كىشىگە هاياجان بېغىشلايتتى . ئۇلار ئەل ـ جامائەت بىلەن قۇربان هېيت نامىزىغا كەلمەكتە ئىدى . ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن بەيتۇل-لا قۇببىسىدە چېلىنىۋاتقان جاراڭلىق ناغرىلارمۇ پەدىسىنى يېڭى مۇقامغا يۆتكىدى . كىشىلەر جەڭگىۋارلارغا يول بوشىتىپ بېرەت-تى . ئۇلارغا ئەگىشىپ ۋە ئارىلىشىپ بەيتۇللاغا كىرەتتى ۋە ئۇلار بىلەن يېقىن سەپلەردە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا جاي تالاشماقتا ئى-دى . بۇ ئالامەت ، بۇ كارامەتلەرنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈ-ۋاتقان ئابدۇراخمان مۆمىنوف كىچىك چېغىدىلا دادىسى بىلەن بىللە هېيتگاھ جامەسىگە هېيت نامىزىغا كىرگەنلىرىنى ، كېيىنكى بىرقانچە يىللاردىن بۇيانقى هەربىي تۇرمۇشلارنى ، هازىرقى يېڭى-چە هەربىي هاياتىنى ، خەلقىنىڭ ئۆز ئارمىيىسىنى ئارىغا ئېلىپ ناماز ئوقۇشلىرىنى تەكرار ـ تەكرار ئەسلىمەكتە ئىدى .

نامازدىن كېيىن ناغرىلار يەنە گۇمبۇرلەشكە باشلىدى . ئاب-دۇراخماننى ئارىغا ئېلىپ چىققان ئۈچ ئوفىتسېر سەپتىن ئايرى-لىپ بەيتۇللا ئالدىدا قېپقالدى . ئۇلار بۈگۈن هېيت مۇناسىۋىتى بىلەن دوست ـ بۇرادەرلىرىنى يوقلىماقچى ، شۇ جۈملىدىن بىر-قانچە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىسىدىن هال سورىماقچىدى .

خادىك هارۋىلار ئابدۇراخمانغا غۇلجىنىڭ بىرىنچى كارامىتى

بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى . يۇزلىگەن ـ مىڭلىغان ھارۋا خۇددى بىر ـ بىرىگە چېتىلغان تۆگىلەردەك تىزىلىپ ، بەيتۇللا بىلەن قارىدۆڭ ئارىلىقىدا توختىماي چۆرگىلەپ تۇراتتى . بىر ھارۋىدا قىز ـ چوكانلار ياكى ئاياللار بولسا ، يەنە بىرىنىڭ ياش يىگىتلەر ئولتۇرۇشاتتى .

غۇلجىنىڭ ھارۋىكەشلىكى ئالاھىدە بىر ئىش ئىدى . ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ كوچىلارنىڭ دوقمۇش ـ دوقمۇشلىرىدا ئون يىگىرمىلەپ ھارۋا قاتار تۇرۇشاتتى . ھارۋىكەشلىرىنىڭ تولىسى ئون ـــ ئون ئىككى ياشلىق بالىلار بولاتتى . ئۇلار ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە قاراپ :

ـــ ھوي ئاكا ، ھوي … كېلىڭ ، ئات ياخشى ، نەگە دېسىڭىز ئاپىرىپ قويىمەن ، ـــ دەپ تەكلىپ قىلاتتى .

ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى قارا قاشقا ئات قوشۇلغان ، ئۈستىگە گىلەم سېلىنغان بىر خادىكقا ئولتۇردى . قاسىموف :

ـــ بويىنكېسىككە بارىمىز ، ـــ دېدى . ئون تۆت ياشلاردىكى ئوغۇل :

ـــ بولىدۇ ، ـــ دېدى ـ دە ، خادىكقا لىككىدە ئىرغىپ يېنىچە ئولتۇردى . پېشانىسىگە پۆپۈك ئېسىلغان ئات ئەركىلەپ باشلىرىنى ئويناتقىنىچە يۈرۈپ كەتتى . ئۇلار توغراكۆۋرۈكتىن ئايلىنىپ «نومۇر» (مېھمانخانا)نىڭ ئىككى قەۋەتلىك بىناسى ئالدىدىن ئۆتۈپ ، چوڭ كوچا بىلەن شەرققە قاراپ باراتتى . ئابدۇراخماننىڭ كۆزى بىر ماگىزىننىڭ ئىشىكىگە ئېسىلغان ھەيۋەتلىك ۋىۋىسكىغا چۈشتى . ئۇنىڭغا «غۇلجا ۋىلايەتلىك مەجرۇھلار جەمئىيىتىنىڭ ماگىزىنى» دەپ يېزىلغانىدى . ئۇ كۆزىنى ھۆسنەتلىك ۋىۋىسكىدىن ئالماي ئاستا پىچىرلاپ باراتتى :

«مەجرۇھلار جەمئىيىتى …»

# 4

قارا بۇرۇتلۇق ، قولتۇق تاياقلىق يىگىتنىڭ ئوڭ پۇتى يوتىدىن كېسىلگەنىدى . ئۇنىڭ كۆكسىدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىستىقلالىيەت ئۇچۇن» ، «باھادىرلىق» ، «ساداقەت» ۋە «پىدائىي» مېداللىرى چاقناپ تۇراتتى . ئۇ ، ھېلىدىن ـ ھېلى قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ يۇرۇپ مېھمانلارغا چاي قۇيماقچى بولاتتى . ئۇلار بولسا ، ئۇنى ئاياپ چاينى ئۆزلىرى قۇياتتى ۋە ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلاتتى . ئابدۇراخمان ئۇنىڭ كېلىشكەن سىياقىغا ، كېسىلگەن پۇتىغا ، قولتۇق تايىقىغا ۋە كۆكسىدىكى قاتار ـ قاتار مېداللىرىغا كۆز ئۇزمەي قارىماقتا . قاسىموف چاينى ئىچىۋېلىپ قۇيغاندىن كېيىن ، ئابدۇراخماننى ساھىبخانىغا تونۇشتۇردى :

— شىمالىي فرونتتىن كەلگەن ، — ئۇ ، ئابدۇراخماننىڭ ئالتاي ھاياتى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ ، — گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىككى يۈز ئاتلىق كىشىنى باشلاپ قورال ـ ياراغلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيە سېپىگە ئۆتكەن ... — دېگەندە ، ساھىبخانا ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە ، قولتۇق تايىقىنى توكۇسلىتىپ كېلىپ ئابدۇراخمان بىلەن قايتىدىن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ بەش يۇلتۇزلۇق ئوردېنىغا چىن زوقمەنلىك بىلەن تىكىلدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىشتىياق ئوتلىرى چاقنىغان ئويناق كۆزلىرىدە ھاياجان نۇرلىرى يالتىراپ ، قاپقارا قويۇق كىرپىكلىرىدە خۇشاللىق ئامچىلىرى سىمابتەك لىغىرلىماقتا ئىدى . شۇ چاغدا قاسىموف ، ساھىبخانىنى ئابدۇراخمانغا تونۇشتۇرۇپ ، — ئالىمجان ئاقىلوف ، — دېدى .

ئالىمجاب ياندىشى ئولتۇرغىنىدا ئۇنىڭغا تېخىچىلا چوڭقۇر نەزەر بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئابدۇراخمان ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈندى . ئالىمجان سۆزىنى باشلىدى .

www.uyghurkitap.com

## 5

ئىلى ئازادلىقىنىڭ بىرىنچى ئوقى جاللات لىيۇ بىندىنىڭ مېڭىسىگە ئېتىلغانىدى.

لىيۇ بىندى گومىنداڭ خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنى ئون كۈن ئىچىدە تامامەن تۈگىتىشكە قەسەمياد قىلىپ ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كەلگەن خۇيزۇ ئىدى. ئۇ، كېلىپلا ئىشنى نامازدىن باشلىدى. جۈمەنى بەيتۇللادا، ئەسىرنى خۇيزۇ مەسچىتىدە، شامنى ئۆزبېك مەسچىتىدە، خۇپتەننى تاتار مەسچىتىدە ئوقۇشقا، مەۋلۇت ئۆتكۈزۈشكە، ئاخۇنلارغا زىياپەت ۋە «سوۋغا» بېرىشكە، ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈشكە كىرىشتى، ئەمما ئۇنىڭ ھەرقانداق سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرى ئويغانغان خەلقنىڭ قان - ياش بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىتتىپاقىنى بۇزالمىدى.

كۈزنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى، لىيۇ بىندى ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ساقچى ئىدارىسى دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى موزدوزخانىغا ئورۇنلاشقان كونا چاپانلىق ئىككى نەپەر جەڭچى يەڭلىرىنى شىمايلاپ، جىددىي پۇرسەتلەرگە تەق بولۇپ تۇراتتى. باندىت لىيۇ بىندى دەرۋازىدىن چىقىۋاتقىنىدا ئۇلار ئۇنىڭ دەل مېڭىسىگە ئاتتى. بۇ ئوق ئىلىغا ھۇجۇم باشلاشنىڭ سىگنالى بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن ئوق ئاۋازى قوماچ قورۇغاندەك ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

باندىت لىيۇ بىندى تىك موللاق چۈشۈپ قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. مۆتىۋەر خۇيزۇ ئۆلىمالىرى ۋە باشقا ئاخۇنلارمۇ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش جايىز ئەمەس دەپ ھۆكۈم چىقاردى. ئەمما، بۇ باندىتنىڭ جەمەتلىرى بىر مەخسۇمغا بىر ئارغىماق تەقدىم قىلىش ئارقىلىق نامىزىنى ئوغرىلىقچە چۈشۈرۈپ كۆمدى. كېيىن ئۇ «جا مەخسۇم» پۈتۈن جامائەتنىڭ نەپرىتى ئاستىدا قالدى.

غۇلجا شەھىرى ئۇچۇن بولغان جەڭنىڭ بىرىنچى كۇنى بىز
تەرەپ ئېغىر چىقىملارغا ئۇچرىدى . ئۇرۇش ھۇنىرىنى بىلمەس-
لىك ، قورال - ياراغنىڭ كەم ۋە ناچار بولۇشى ، قىزىپ كەتكەن
خەلقنىڭ قالايمىقان ھالدا توپلىشىپ شەھەرگە كىرىشى بۇنىڭغا
بىر سەۋەب بولدى . گومىنداڭچىلار غۇلجا شەھىرىدىكى بىر قى-
سىم گۆرۇكەش ، سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرۇن ھالدا
قوراللاندۇرۇۋەتكەنىكەن . ئۇلار ئۆيلىرىنىڭ تېمىنى ئېچىدىن تې-
شىپ ، پەقەت سىرتىدىكى كاكىلىنىلا قويۇپ ، تەييارلىنىپ تۇ-
رۇشقانىكەن . ئىنقىلابچىلار ھۇررا توۋلاپ شەھەرگە كىرىشى بى-
لەنلا ئۇلار كۇتمىگەن ، ئويلىمىغان ئۆي - ئۆيلەردىن ئوق ياغدۇ-
رۇشقا باشلىدى . خەلق كۆپ قىرىلىپ كەتتى . بۇنى كۆرگەن
شەھەر ئاھالىسى چىداپ تۇرالماي قولىدا قورالى بارلىرىنى كال-
تەكلەپ ئۇرۇپ سوقۇۋەردى . ئەمما ھەر مىللەت خەلقى دېگەن
ئۇلۇغ . ئۇلار شۇنداق جىددىي پەيتلەردىمۇ خەنزۇلارنى ئۆيلىرىدە
ساقلاپ قۇتقۇزۇپ قالدى . خەنزۇ خەلقىگە تەگمەسلىك ، خەلقنى
ئەزگەن قوراللىق زالىملارغا قارشى تۇرۇش ، ئەگەر ئۇلارمۇ
قوراللىرىنى تاشلاپ ، قول كۆتۇرۇپ تەسلىم بولسا ، زىيان -
زەخمەت يەتكۇزمەسلىك بىزگە باشتىلا ئۇچۇق ئۇقتۇرۇلغانىدى .

شۇنداق قىلىپ غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىنقىلاب-
چىلار تەرىپىدىن ئىگىلەندى ، گومىنداڭچىلار ھەرەمباغ ، لەڭ-
شاڭ ، بايكۆل ، ئايرودروملارنى ئاساس قىلغان بىر ھەربىي رايون
ھۆكۇمىتى قۇردى . شۇ چاغدا ھېلىقىدەك يوشۇرۇن قوراللانغان
گۆرۇكەش ، سودىگەرلەرنىڭ قالغانلىرىمۇ ، گومىنداڭنىڭ شۇ
ھەربىي رايونىغا كىرىۋالدى . شۇ قاتاردا مۇسۇلمانلاردىن شېرىپ
ئەلەمدەك بىر قانچىسىمۇ كىرىۋالدى .

لەڭشاڭ يولىنىڭ شىمالىي قىسمى گومىنداڭچىلاردا ، جەنۇ-
بىي تەرىپى بىزدە بولدى . كېچە - كۇندۇز توختىماي ئۇرۇش
بولۇپ تۇردى . كۇندۇزى گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى ھاۋادىن نىر-

سە ـ كېرەك تاشلايتتى . نەرسىلەرنى تالىشىشمۇ ناھايىتى جىددىي بولاتتى ، بەزىدە ئۇ نەرسىلەر يولىنىڭ بىر يېقىندا — بىز تەرەپلەر-گىمۇ چۈشەتتى . گومىنداڭچىلار پوتەيدىن ، ئاندىن سىرتقا چىقال-مىغاچ ، ئايروپىلاندىن يېقىنلا يەرگە چۈشكەن نەرسىلەرنىمۇ ئا-لالمايتتى . پەقەتلا ئۇلار ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئوق ياغدۇرۇپلا تۇراتتى . بەزىدە ئۇ نەرسىلەرنى كېچىسى بىز توشۇۋالاتتۇق . شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ خېلى جىق قورال ـ ياراغلارغا ، ئوق دورىلارغا ئىگە بولدۇق .

بىز غەربىي ياقتىن ، شاھاجىنىڭ بېغى تەرەپتىن ھەرەمباغقا ھۇجۇم باشلىدۇق . ئەمما گومىنداڭنىڭ ئۇ تەرەپلەردىكى يەر ئاستى ئاكوپلىرىغا تۇتاشقان قەۋەت ـ قەۋەت پىلىموت بىلىنداز-لىرى قانچە قىلساقمۇ بىزنىڭ ئىلگىرىلىشىمىزگە ھېچ ئىمكان بەرمەيتتى . شۇڭا بىز بارلىق كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ لەڭشاڭغا تۇتۇش قىلدۇق . لەڭشاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىنى ، ئاندىن بۇتخاند-نى ئىگىلىدۇق . قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن گومىنداڭچىلار قاچ-تى ، ئۇلار ئايرودرومغا توپلىشىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىش-كە باشلىدى . ئۇزۇن ئۆتمەي قىش چۈشۈپ كەتتى . بۇ كۈنلەردە گومىنداڭنىڭ ئاچال ئارقىلىق ياردەمگە كەلگەن ئىككى مىڭ ئەسكىرىنىڭ ھەربىرى ئىككىدىن گىردە ناننى يېپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىپ كەلگەنلىرىچە دېھقانلارنى قىرىشقا باشلىغان بول-سىمۇ ، ئەمما قاتتىق توڭلاپ كەتكەنلىكتىن ئوق ئاتالماي ، قورال-لىرىنى كۆسەي ئورنىدا قۇچاقلاپلا قېلىشتى . بۇنى كۆرگەن خەلق تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاتلىنىپ ئۇلارنى كالتەكلەپ جايلىۋەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ ئاخىرقى كۈچلىرى پەنجىم غو-لى ، چاپقانيوتا ئارقىلىق قېچىپ تۈگەشتى .

ھەرەمباغنى ئالغان كۈنىمىز ئەھۋال بەكمۇ ئاجايىپ ، بەكمۇ دەھشەتلىك ئىدى . ھەرەمباغ ھەربىي گازارمىسىنىڭ كەڭ ھويلى-سىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قانغا بويالغان . گومىنداڭچىلار

ئەسىر چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنى قولىدىن دەرەخكە مىخلاپ ۋەھشىيانە ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىپ قاچقانىكەن. ھەرەمباغ ئۆيلىرىنىڭ ھەممە تاملىرى تۆت تەرىپىدىن تېشىلگەچكە، بىر باشتىن كىرگەندە ئاخىرىدىن چىقىپ كەتكىلى بولاتتى. شۇنداق سىرلىق تۆشۈكلەردىن ئۆتۈپ بىر چەتتىكى ئىسكىلاتقا كەلگىنىمىزدە شۇم دۈشمەننىڭ كۆمۈپ قويغان بومبىسى پارتلاپ كەتتى. ئەتىسى مەن ئۆزۈمنى دوختۇرخانىدا كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن بىر پۇتۇمدىن ئايرىلىپ مەجرۇھلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ قالدىم، — ئالىمجان رومكىلارنى يېڭىباشتىن تولدۇردى. ئۇلار ئامان قالغانلارنىڭ سالامەتلىكى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھى ۋە ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ تەنتەنىسى ئۈچۈن رومكىلىرىنى جاراڭلىتىپ سوقۇشتۇرۇشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

## ئۈچىنچى باب

# ماناس دەرياسى بويىدا

### 1

ئالتايدىن ئاتلانغان شىمالىي فرونت قوشۇنلىرى قوشتولغاي ئارقىلىق شوگەيگە كەلگەندە ئاجايىپ بىر ۋەقەگە يولۇقتى. يول بويىدىكى جىگدە ئورمىنى ئىچىدىن «پاڭ» قىلىپ بىر پاي ئوق ئېتىلدى ـ دە، ئاندىن :

— توختا، سەنلەر نەگە بارىدىغان ئادەملەر؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەھۋال ئۇقتۇرۇلۇپ سوئال سورىغۇچىنىڭ ئۆزى كىم ئىكەنلىكى سورالغاندا، ئۇ :

— مەن شوگەي گارنىزونىنىڭ باشلىقىمەن، — دېگەن جاراڭلىق جاۋاب كەلدى.

— گارنىزون باشلىقى بولساڭ ناھايىتى ياخشى، بۇياققا كەلگىن...

ئورمانلىقتىن قولتۇق تايىقى تايانغان، دومبىسىگە ئۇزۇن بىر ئوۋ مىلتىقى ئېسىۋالغان، بېشىدىكى قۇلاقچىسىنىڭ ئىككى قۇلىقى خۇددى ئالغۇر ئاپشاركىلارنىڭ قۇلىقىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان، يۈزلىرىنى سېرىق يۇڭ قاپلاپ كەتكەن، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قىزغۇچ كۆك كۆزلىرى چوغدەك چاقناپ تۇرغان بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ خۇددى بەزى ئاجايىپخانىلاردىكى مايمۇنغا قۇلاقچا كىيدۈرۈپ قويغانغا ئوخشايتتى. پولكوۋنىك بىلەن

كاپىتان مۆمىنوف ئۇنىڭغا باشتىن ــ ئاياغ قاراپ چىقتى ــ دە سورىدى :

— گارنىزون باشلىقى سەنمۇ ؟

— ھە ، مەن بولماي چۇ ؟

— ئېتىڭ نېمە ؟

— سىرگېي سىرگىيىۋىچ پاتروشكىن .

— پاتروشكىن ، — دەپ ئاستا تەكرارلىدى پولكوۋنىك ۋە يۇمشاق كۈلدى . پاتروشكىنمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنىچە بۇ ھەيۋەتلىك قوماندانغا باشتىن ــ ئاياغ سەپسالغاچ ھەر خىل سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى . پولكوۋنىكنىڭ كۆڭلىدىن «بۇ ، جاسۇس بولمىسۇن يەنە ؟» دېگەن بىر ئوي چاقماق تېزلىكىدە كەچتى . ئەمما پاتروشكىننىڭ سۆز ــ ھەرىكىتى ۋە قىياپىتىدە قىلچىمۇ سۇنئىيلىك كۆرۈنمەيتتى ، ئۇ تەبىئىي ۋە تەمكىن ئىدى .

چۈشتىنش نەتىجىسىدە ، ئۇ يارامىلىق بىر جەڭچى بولۇپ چىقتى ۋە ئاجايىپ ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ ، قىسمنى نۆۋەتتىكى ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى . كاپىتان مۆمىنوف پاتروشكىننىڭ ھەرىكىتى ۋە ھەربىر سۆزىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن دىققەت قىلماقتا ئىدى .

شوگەي شەھىرى كەڭ ۋە پايانسىز جۇڭغار دالىسىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا بولۇپ ، تۆت ئەتراپىنى چەكسىز چۆل ، قۇم ، قومۇش ، سۆكسۆك ۋە يۇلغۇنلار بىلەن تولغان باياۋانلار ئوراپ تۇراتتى . تەڭرىتېغىدىن شىمالغا ئاققان ماناس دەرياسى تالاي باياۋانلارنى ئارىلاپ ۋە ئايلىنىپ ئەنە شۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا شەرققە بۇرۇلۇپ ئۇدۇللا داگەيگە كېتەتتى . شوگەي ئەنە شۇ دەريانىڭ ئايلىنىشىدىكى جەينەك ئاغزىغا جايلاشقان ، ئۆيلىرى ئاددىي ئىدى . رەتلىك كوچىلىرىغا قاتار ــ قاتار سۆگەت ، تېرەك ، جىگدە ۋە باشقا باراقسان دەل ــ دەرەخلەر سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى . چىرايلىق كوچىلار ، باغلار ، باراڭلىق ھويلىلار ۋە شوخا

بىلەن توسۇلغان تام ، قومۇش قاشالاردىن نۇر چاقنىتىپ تۇرغان رەڭدار مېۋىلەر كۆزلەرنى كۆيدۈرۈپ ، كۆڭۈللەرنى كۈلدۈرەتتى . بۇ باياشاتلىق ۋادىسى ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ شېرىنە بايلىقى ، ئەل - يۇرتىنىڭ پۈتمەس بايلىقى ئىدى .

شوگەينى ئەسلىدە روسىيىدىن قېچىپ كەلگەن ئاق ئۇرۇسلار ئاچقان بولۇپ ، ئۇ يەردە ئۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلار، خەنزۇلار ۋە قازاقلارمۇ بار ئىدى . بىراق بۈگۈنكى كۈندە ئالتايى ئازاد قىلىپ قايتقان قىسىملار بۇ يەرگە كەلگەندە شوگەي شەھىرى پۈتۈنلەي ئادەمسىز بولۇپ ، ئۇنىڭ چىرايلىق كوچىلىرىغا ھەر خىل غازلار ، ئۆردەكلەر ، كۈركىلەر ۋە توخۇلار تولغانىدى . شۇنچە ئۆي - جايلارنى ئىگىسىز قالغان ئىتلار ساقلىغان بولسا ، شوگەينى ئاقساق ئورۇس سىرگې پاتروشكىن ئۆزى يالغۇز سوراۋاتاتتى . بۇ ھەقتە ئۇ قىزىق ھېكايە قىلاتتى .

بۇ يەردىكى گومىنداڭ «ساقچى ئىدارىسى» ساۋەنگە قاچقان . ئاندىن باشقا سودىگەرلەردىن تاكى كۆكتاتچىلارغىچە ھەممىسى قېچىپ كەتكەن . شۇنىڭ بىلەن رۇسلارمۇ بىرەر ئېھتىمالدىن ئەنسىرەپ ، بالا - چاقىسىنى قومۇشلۇقلار ، ئورمانلار ئارىسىغا يوشۇرۇپ ، كۈندۈزى شەھەردىن چەتلىگەن ، كېچىلىرى كېلىپ مارىلاپ يۈرگەن . ئۇيغۇر ، قازاقلارنىڭ تولىسى پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن .

شۇ كۈنلەردە بۇ يەردە گومىنداڭنىڭ قۇبۇقتىن قاچقان بىر پولك ئەسكىرى كېلىپ قالغان . «گارنىزون قوماندانى پاتروشكىن» ئۇلارغىمۇ بۈگۈنكىدەك ھەيۋىتىنى كۆرسىتىپ يولنى توسۇغان ۋە : قوراللىرىنى تولۇق تاپشۇرمىسا، بۇ يەردىكى قورال‌لىق قىسىملارنىڭ ئۇلارنى تىرىك ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان . ئۇلار «ماقۇل» بولۇپ ، قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرماقچى بولغان . ئەمما شۇ چاغدا بىر قېرى ئەسكەر گومىنداڭچىلارنىڭ پولكوۋنىكىغا پىكىر بايان قىلىپ : «ئۇنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈ-

شەيلى ، توختام تۈزۈشەيلى » دېگەن . پولكوۋنىكمۇ قوشۇلغان . بۇ چاغدا «گارنىزون قوماندانى پاتروشكىن : «مەن باشلىقنى باشلاپ چىقاي ، سىلەر مۇشۇ يەردە توختاپ تۇرۇڭلار » دەپ ، ئارقا ئىشىك بىلەن قېچىپ كەتكەن .

— ھەتتەڭگەي ، شۇ كۈنى ئون ئورۇس بولغان بولسا ، مىلتىققا ئىگە بولاتتۇق، — دەپ ھە دەپ كۈلەتتى پاتروشكىن . ئاندىن ئۇ ساۋەندە گومىنداڭچىلارنىڭ كېچە - كۈندۈزلەپ خەندەك كولاپ ، ئاكوپ - پوتەيلەر ياساۋاتقانلىقىنى ئېيتتى .

پاتروشكىننىڭ ئېيتقىنى دەرۋەقە راست ئىدى . شۇ كۈنلەردە گومىنداڭچىلار ساۋەن شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئوراپ كەڭلىكى ئۈچ مېتىر ، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر خەندەك كولاشقا پۈتۈن خەلقنى ھاشارغا ھەيدەپ ، چاملارنى بۆلۈپ بېرىپ ، كېچە - كۈندۈز ئارامسىز ئىشلەتمەكتە ئىدى . ئۇلار : بۇ خەندەكلەرگە سۇ تولدۇرۇۋەتسەك ئىلى ئوغرىلىرى كېچىسى كېلىپ ھۇجۇم قىلسا ، ھەممىسى قاراڭغۇدا سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ ، دەپ ئوچۇقتىن - ئوچۇق جار سېلىشاتتى . ئەمما كىشىلەر: «نېمە قىلىۋاتىسىلەر ؟ » دەپ سورىغانلارغا : «نېمە قىلاتتۇق ، ماۋۇ تىرىكتاپلارغا گۆر كولاۋاتىمىز» دېيىشەتتى .

— بىز ساۋەننى بىر پاي ئوق ئاتماي ئالىمىز ، — دەيتتى پاتروشكىن پولكوۋنىكقا چاقچاق قىلغاندەك قاراپ .

— قانداق ؟

— قانداق بولاتتى ، بۇ يەردە قاسىمئاخۇن دېگەن بىر قىمارۋاز بار . ئۇنى يولغا سالىمىز - دە ، شوگەيدىن قېچىپ كەلگەن بولۇپ ، ئېشىكىنى ھاڭرىتىپ ساۋەنگە بارىدۇ . بىز توغرۇلۇق ئاللا - چۇقان سالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قاچىدۇ ! ساۋەن بىزگە قالىدۇ...

پولكوۋنىك كۈلۈۋەتتى ۋە :

— دېمەك ، ساۋەننى بىر ئېشەك ھاڭرىتىش ئارقىلىق ئالىـ

مىز دېگىن، — دېدى.

— ئەلۋەتتە ئالىمىز، پولكوۋنىك، — دەيتتى پاتروشكىن جەزم قىلىپ.

— ئۇنداقتا ساۋەننى ئېلىشنى ساڭا تاپشۇرىمەن...

— خوپ، پولكوۋنىك، — پاتروشكىن قولتۇق تايىقىنى توكۇلدىتىپ مېڭىۋېتىپ دەيتتى، — پولكوۋنىك، ساۋەننى ئالغاندا ماڭا قانداق خىزمەت بېرىسىز؟

— ساۋەننىڭ گارنىزونلۇقىنى...

— ها... ها... ها...

## 2

«ئالتە ئاي ئاتقان پاختا بىر پوغا يارىماپتۇ» دېگەندەك، گومىنداڭچىلارنىڭ خەلقنى قاقشىتىپ شۇنچە «ھەشەم» بىلەن كولاتقان گوداڭلىرى ئاقىۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا بالا بولدى. گومىنداڭچىلار ساۋەندىن كېچىسى قاچقانىدى. قاراڭغۇدا قاچقانلار ئالدىراپ - تېنەپ ۋە ھولۇقۇپ يۈرگەنلىرىدە، يول ۋە ئۆتكەللەرنى تاپالماي چوڭقۇر خەندەكلەرگە دومىلاپ چۈشۈۋەرگەن. پۇت - قوللىرى سۇنۇپ ياتقانلارمۇ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئاتقانلارمۇ ئاز بولمىغان...

ئالتايدىن كەلگەن ئەسكەرلەر مىللىي ئارمىيە ئىككىنچى ئايرىم ئاتلىق برىگادىنىڭ باش شتابى — ساۋەن شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىسىدىكى يوغان دەرۋازىسى شەرققە قاراپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ھويلىغا ئورۇنلاشقانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپلا كوچىلارغا ئامانلىق ئېلانلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىنتىزام قائىدىلىرى ئۆيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا چاپلاندى. گۆشگىردىپەز ۋە كاۋاپچىلارنىڭ بازىرى بەك قىزىپ كەتكەنىدى. ھاراق - شاراب، گازىر - پۇرچاق، ئاچچىقسۇ، جىياڭيۇ ۋە سەي - پەي



www.uyghurkitap.com

ساتىدىغان خەنزۇ، خۇيزۇ تىجارەتچىلىرىنىڭ دۇكانلىرىمۇ ئەتى-گەندىن- كەچكىچە بوش بولمايتتى.

## 3

ئابدۇراخمان مۆمىنوف كىرگەندە پولكوۋنىك شتاب باشلىقى خەمىتوف بىلەن توپوگرافىك خەرىتە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈ-زۈۋاتاتتى. ئۇ، بوسۇغا تۆۋىدە تىك توختاپ سالام بېرىش بىلەن ئۆزىنىڭ مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىن ھەربىي لازىمەتلىكلەر ئەكەلگەنلىكىنى قىسقىچە دوكلات قىلغاندىن كېيىن قول ئۇزاتقان ئوفىتسېرلار بىلەن كۆرۈشتى.

پولكوۋنىك لامپا پىلىكىنى سەل ئۇلغايتىپ قويغاندىن كې-يىن، ئالدى بىلەن كولۇمىسىرەپ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئابدۇراخ-مانىنىڭ كاپىتان ئۇنۋانى، «ئىستىقلالىيەت» ھەم «باھادىرلىق» مېداللىرىنى مۇبارەكلىدى. ئابدۇراخمان ئالدى بىلەن سۆزىنى بۈگۈنكى ئەكەلگەن ئۈچ ماشىنا مەھسۇلاتىدىن باشلاپ، ئاندىن ئالتاي بىلەن ئىلى مۇساپىسى، ئەسىرلەرنىڭ يول ياساش ئۇچاس-تىكىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «بىز، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ قورۇلۇش ئارمىيىسى» دەپ ئاتىغانلىقى، تۇرمۇش- تەمىنات، كىيىم- كېچەك ۋە داۋال-نىش جەھەتلىرىدە ئەھۋاللىرى ئىلگىرىكىدىن ياخشى ئىكەنلىكى-نى بىردەك ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئالاھىدە بايان قىلدى. ئابدۇ-راخمان ئۆز ئەھۋالىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ مىللىي ئارمىيە باش شتابى ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ تەيىنلەنگەن-لىكى، ئالدىنقى سەپكە، ئۆز قىسمىغا قايتىشنى تەكرار تەلەپ قىلىسىمۇ، قوماندانلىقنىڭ خىزمەت زۆرۈرىيىتى بىلەن رەت قىل-غانلىقى، ھېلىمۇ شۇ ئۈمىدتە ئىكەنلىكىنى ئۆز قوماندانىغا ئىل-تىجا بىلەن ئىزھار قىلدى. پولكوۋنىك ئادىتىچە يۇمشاق كولۇما-

سىرىدى ۋە :

— ئىنقىلاب جەڭچىسى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق ئورۇننىڭ ھەممىسىلا فرونت ، — دېدى .

شۇ ئەسنادا ھويلىدىن پودپولكوۋنىك خەمىتوفنى سورىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە خەمىتوف ئىجازەت ئېلىپ ئىلدام چىقىپ كەتتى . ئابدۇراخمان بىلەن پولكوۋنىك ئادەتتىكى ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىشكە باشلىدى . ئابدۇراخمان «پىيادە قىسىملار قوللانمىسى»نىڭ بىرىنچى قىسمى بولغان «ھۇجۇم تاكتىكىسى»نىڭ نەشرگە بېرىلگەنلىكىنى ، «ئاتلىق قىسىملار تۈزۈلۈشى» نىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىنىدە پولكوۋنىك رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى . پولكوۋنىك ئارقىدىنلا كەلتۈرۈلگەن ئۈچ ماشىنا جابدۇقنىڭ بىر ماشىنىسىنى بىرىگادا شتابىغا ، بىر ماشىنىسىنى كەڭساي ئاتلىق پولكىغا ، يەنە بىر ماشىنىسىنى دۆربىلجىن ئاتلىق پولكىغا بېرىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى .

— مەن ئۆزۈممۇ ئالدىنقى سەپكە بارماقچىمەن ، ئەتە ئەتىگەندە بىللە ماڭىمىز ، — دېدى پولكوۋنىك .

— خوپ ، يولداش پولكوۋنىك .

پولكوۋنىك دىجورنىنى چاقىرتىپ : كاپىتان مۆمىنوفنى ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى ھەمراھلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش بۇيرۇقىنى بەردى . دەس تۇرۇپ ئىجازەت ئالغان مۆمىنوف جەڭگىۋار قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى .

## 4

كەڭساي ئاتلىق پولكىنىڭ شتابى موساۋەن توغراقلىقىغا جايلاشقانىدى . موساۋەن ماناس دەرياسىغا تەخمىنەن يىگىرمە كىلومېتىرچە كېلەتتى . كەڭساي پولكىنىڭ شۇ دەريانى بويلاپ

تۇتقان ئابرونى شىمالدا ساۋەن تەۋەسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىدا چۆچەك پولكى ئارقىلىق شىخەنزىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى خۇيزۇ پولكىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىگە تۇتىشاتتى. مۇشۇ ئۇزۇن مۇساپە مەنزىلى بولغان ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ بىزنىڭ ئاكوپلار، شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ بولسا، گومىنداڭ-چىلارنىڭ ئاكوپ، بىلىنداژ ۋە پوتەيلىرى سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ ئارىلىقتىكى دەريا خۇددى يىلان يولىدەك ئەگمەچ ئاقاتتى. بۇيان ئەگىگەن يېرىدىن بىز تەرەپ، ئۇيان ئەگىگەن يېرىدىن دۈشمەن تەرەپ سۇ ئىچەتتى.

تارىخقا شۇنىسى سىر ئەمەسكى، بىزنىڭ قىسىملار بۇ يەرگە كەلگەن كۈنلەردە ماناس دەرياسى بويلىرىلا ئەمەس، ھەتتا ماناس شەھىرىمۇ بوشاپ قالغان، گومىنداڭچىلار ماناس كۆۋرۈكىنىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلاپ ئالدىراپ قېچىپ بولغان. شەھەر ئون بەش كۈنلەپ بىكار تۇرغان؛ بىر بۇيرۇق بويىچە دەريادىن ئۆتمەي توختىغىنىمىزدا ئۇلار ئاستا - ئاستا مارىلاپ كېلىپ بۇ يەردە پەيدا بولغانىدى.

ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى بىزنىڭ چارلاش پونكىتىمىزغا ئوب-دانلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىزنىڭ پونكىتلار توغراق ياكى جىگدى-لەرنىڭ ئۇچىغا ۋە ياكى جىغانلارنىڭ ئارىسىغا ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، ئەتراپ ۋە ئۇستى شاخ - شۇمبا بىلەن نىقابلانغان بولات-تى. پونكىت نۆۋەتچىلىرى دۈشمەننىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، مې-ڭىش - تۇرۇشلىرىنى، ھەتتا ئادەم ۋە ئاتلىرىنىڭ رەڭگىنى دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپ، ۋاقتى - قەرەلى بىلەن دەپتەرگە يې-زىپ، قاراۋۇللۇق ۋە قوماندانلىق ئورۇنلىرىغا مەلۇماتلار بېرىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە پولك شتابى ئالدىنقى سەپ ئىسكادرونى-دىن تېلېفون ئارقىلىق جىددىي بىر مەلۇمات ئالدى. ئۇلار گو-مىنداڭچىلار تەرەپتىن تۆت كىشى كېچىسى بىلەن بىز تەرەپكە

www.uyghurkitap.com

قېچىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى . قېچىپ كەتكەنلەر ئىككى ئۇيغۇر ، ئىككى خوتۇنۇ بولۇپ ، ئەسكەر ۋە ھارۋىكەشلەر ئىكەن .

ئەھۋال مۇنداق ئىدى : ماناس دەرياسى بويىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىگە تەمىنات توشۇش ئۈچۈن سەيسىگە تۇتۇلغان ھارۋىكەشلەرنى بىر تۈركۈم ئەسكەرلەر يالاپ ئەكەلگەچكە ، ئاۋۇ ئىككى خوتۇنۇ بالىسى ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قالىدىكەن ــ دە ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسكەرلىك ئەھۋاللىرىنى ۋە دەريانىڭ ئۇ يېقىدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلايدىغانلىقىنى ئېيتىدىكەن . ئۇ يەرگە كەچ كەلگەن ھارۋىكەشلەرمۇ قايتۇرۇلماي ، جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇش ئۈچۈن قوندۇرۇپ قېلىنىدىكەن . ئاخشىمى ئاتلار ئارىسىدا ياتقان ھارۋىكەشلەر راستتىنلا بىزنىڭ قىسىم مەزىنلىرىنىڭ خۇپتەنگە ئەزان ئېيتقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلايدىكەن ــ دە ، يۈرەكلىرى تىپىچەكلەشكە باشلايدىكەن . شۇ ئەسنادا ھېلىقى خوتۇنۇ باللارمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىدىكەن ، قېچىشقا مەسلىھەتلەر بىرىپ ، قەسەملەر قىلىپ ، يول ۋە ئۆتكەللەرنى ئېيتىپ ھارۋىكەشلەرنى ئىشەندۈرىدىكەن ــ دە ، تۆتەيلەن بىرلىشىپ بىز تەرەپكە قاچىدىكەن .

خوتۇنۇنىڭ بىرى ئەمدىلا ئون يەتتە ياش بولۇپ ، چىڭخەيلىك موللىنىڭ بالىسى ئىكەن . ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان يېرىدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ ، كۆرمىگەن كۈلپەتلىرى قالمايدىكەن ، بولۇپمۇ تاماق تەرىپىدىن بەك قىينىلىدىكەن . ئۇ ماناس دەرياسى بويىغا كەلگەندىن تارتىپ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتكەن چاغلىرىمۇ بولغانىكەن . ئۇ ئۆزىدەك بىر دەردمەن بىلەن دىلداش بولىدىكەن ــ دە ، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرىدىكەن . ئاقىۋەتتە بۇ مۇسۇلمان ھارۋىكەشلەر بىلەن تېپىشىپ بىر تەرەپكە ئۆتىدىكەن .

پولكوۋنىك بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ زوقمەنلىك بىلەن كۈلۈۋەتتى ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلدى . ئەمدى ئاۋازى ئېخمۇ ساز مەزىنلەرنى تەيىنلەپ ، بەش ۋاخ ناماز ۋاقتىدا ئېگىز پەشتاقلاردا ئەزان ئېيتىشنى تاپىلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىز ئېگىز پەشتاقلارنى

ياساپ، ماناسقا قاراپ ئەزان ئېيتىدىغان بولدۇق.
ئۇلار چۇشلۇك غىزانى پولك شتابىنىڭ گازارمىسىدا يېدى. گۆشلۇك شورپا، ئاپئاق بولكىلار تەخسە - تەخسىلەپ كەلتۈرۈلگەندە پولكوۋنىك يۇمشاق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
— جەڭچىلەرنىڭمۇ مۇشۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھەئە، — دېدى مايور يۇنۇسوف. يۈزلىرىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ چىقاتتى. بۇ چاغدا ئالىيۇمىن قوشۇقلارنى قويۇۋاتقان ساھىبجامال سېستىرا رەيھان نېمىشقىدۇر پىسسىڭگىدە كۈلدى - دە، لېۋىنى بىلىنەر - بىلىنمەس چىشلىگىنىچە كاپىتان مۆمىنوفقا كۆز قىرىدا بىر قاراپ قويۇپ چەبدەس قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى. يۇنۇسوف سۆزىنى داۋام ئەتتى:
— بولكىنى بىر كىلوگرامدىن سەككىز يۈز گرامغا چۈشۈرسەكمىكىن دېگەن پىكىر بار، يەپ بولالماي ئۇنى ئاتقا بېرىۋاتقانلار بار ئىكەن.
سۆز بىر كىلوگرام بولكا، ئۈچ يۈز گرام گۆش، گۈرۈچ ۋە كۆكتات ھەققىدە باردى. بۇ چاغدا پولكوۋنىك يەنە يۇمشاق كۈلۈمسىرەپلا قويدى، ئەمما ھېچنېمە دېمىدى.
تاماقتىن كېيىن كاپىتان مۆمىنوف ئۈچىنچى ئىسكادرونغا بېرىپ دوستى جاپپارنى يوقلاپ كېلىشنى، دوستى جاپپارنىڭ ئىسكادرون كوماندىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، پولكوۋنىك سائىتىگە قارىدى. مۆمىنوفمۇ سائىتىگە قارىدى. سائەت دەل بىر ئىدى. يۇنۇسوف:
— ئۈچىنچى ئىسكادرون ئالدىنقى لىنىيىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە، — دېدى.
— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى، — دېدى مۆمىنوپ كۈلۈپ، ئۇ ئىككى ئاتلىق يىگىتنىڭ باشلامچىلىقىدا، پولك كوماندىرىنىڭ قولىلا قاشقا ئېتىغا مىنىپ ئالدىنقى لىنىيىگە باردى.

www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى ئىسكادىرون ماناس دەرياسى بويىدىكى ئەتراپىنى ئاق جىغان، جىگدە ۋە قومۇشلار قاپلىغان بىر قاپچىغايدا ئىدى. ئات ئاۋازىنى ئاڭلاپ زىمىلانكىدىن بېشىنى چىقارغان پاكىنەك ئوفىتسېر ئىلدام قايتتى. ئارقىدىنلا ئوتتۇرا بويلۇق، كېلىشكەن بىر ئوفىتسېر چىقىپ گەمە ئاغزىدىكى ئاكوپتا تۇرۇپ ئاتلىقلارغا قارىدى ۋە ۋارقىرىۋەتتى:

— ئابدۇراخمان...

ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. جاپپار ئابدۇراخماننىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن زىمىلانكىغا باشلاپ ماڭدى. پەلەمپەي بىلەن ئاكوپقا چۈشكەندە ئاندىن زىمىلانكىغا كىرگىلى بولاتتى. ئۇلار كىرگەندە، ئۈچلۇق ئىشىكىدىكى سارغۇچ ساقاللىرى بىر ئاز ئۆسۈپ كەتكەن ئاق سېرىق ئوفىتسېر يىغىلغان ئورۇن - كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ژۇرنال كۆرۈۋاتاتتى. مىلەتزە قايرىلىپ مېھمانلار كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئۇ ئورنىدىن تەق تۇردى - دە، ژۇرنالنى زىمىلانكىنىڭ گېزىت چاپلانغان پەنجىرىسىگە قويۇپ كىرگەنلەر بىلەن كۆرۈشتى. زىمىلانكىغا قېلىن قومۇش سېلىنغان بولۇپ، قومۇش ئۈستىدە ئالتە ئورۇن قاتار يىغىلغانىدى. جاپپار ئابدۇراخمان بىلەن يېڭىباشتىن تولۇق تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ئالتە ئورۇن ئىگىلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇلار ئىسكادىروننىڭ مۇئاۋىنى، سىياسىي مۇئاۋىنى، دوختۇرى، ئىمامى ۋە خوجىلىق باشلىقى ئىدى. ھازىر ئۆيدە ئۆزىدىن بۆلەك يەنە ئىككىلەن بار ئىدى. ئۇلار ئابدۇراخماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كىگىز ۋە كۆرپىلىرىنى يايدى. مۆمىنوف ئۇلار بىلەن مۇڭداشقاچ بۇ ئاجايىپ ئۆينىڭ ئاستى - ئۈستىگە چوڭقۇر نەزەر بىلەن سەپسالماقتا ئىدى. ئۆينىڭ ئۈستى ئاق جىغان ۋە قومۇش بىلەن قېلىن قىلىپ يېپىلغان بولسىمۇ، تام - تورۇسلىرىدىن يەنىلا قۇم - شېغىل چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇنىمىغانىغا قويماي چاي كەلتۈردى. بىرەيلەن ئاق شېكەرنى ئالىيۇمىن قوشۇق بىلەن كۇ-

رۇشكىلارغا كۈرەپ سالماقتا ئىدى. ئابدۇراخمان چاقچاق قىلدى:

— ئازراق سالايلى! ئاي ئاخىرىغىچە يەتسۇن!...

— يېتىدۇ، — دېدى ئۇ ئاق خالتىدىكى شېكەرنى يۆلەپ توختىتىپ.

— گومىنداڭغا ئەسكەر بولدۇق، دەپ ھايۋاننىڭ كۈنلىرىدىنمۇ كەچۈرگەنىكەنمىز، — دېدى جاپپار ئارىنى جىملىق ئارىلىدى. بۇ سۇكۇتلۇك پۇرسەتلەردە ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئاشۇ قەبىھ ئۆتمۈشنىڭ قانلىق كارتىنىلىرى، گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ كالتەكلىرى، ئەسكەرلەر ئۆزى تاماق قىلىپ ئىچىدىغان گوگوزىلار، تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان قىزىل قوناقلار... بىر - بىر ئۆتمەكتە ئىدى. چاي داۋامىدا ئابدۇراخمان ھېلىقى پەنجىرىگە قويۇلغان ژۇرنالنى ئېلىپ ۋاراقلىدى. ئۇ «شەرق ھەقىقىتى»نىڭ نۆۋەتتىكى بىر سانى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىر شېئىرغا كۆزلىرى قادىلىپلا قالدى. ئۇ، ئۇلۇغ شائىر ئالېكساندىر پۇشكىننىڭ «چائادايىفقا» ناملىق شېئىرى ئىدى. ئابدۇراخمان مۇنۇ مىسرالىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

ئەي دوستۇم، ۋەتەنگە جاننى تىككەنمىز،
كۆڭۈل ئارزۇلىرى پىدادۇر ئاڭا.

ھۆرىيەتپەرۋەر شائىرنىڭ ئۆلمەس مىسرالىرى ئۆزىدىن يۈز يىللار كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئازادلىق فرونتلىرىدا ئاكوپلار ئارىلاپ يۈرگەنلىكى، يېڭى بىر مۇھاكىمىنىڭ جەڭگىۋار ماۋزۇسى بولماقتا ئىدى.

ئابدۇراخمان پولك شتابىغا قايتىپ كەلگەندە كۈن ئۇپۇقتىن پەسلەپ باراتتى. ئۇ، توغراقتا تارتىلغان كىنو ئېكرانىنى كۆرگىنىدە ھەۋەس بىلەن:

— كىنو كېلىپتۇ ـ دە، — دېدى .
— قانداق كىنوكىنا ؟
— «ئالېكساندىر ماتروسوف» .
— ۋاھ ، بۇ ئاجايىپ كىنو .

ئابدۇراخمان «ئالېكساندىر ماتروسوف» كىنوسىنى غۇلجىدا ئىككى قېتىم كۆرگەنلىكى ، ئۇن كۆرسىمۇ ئەرزىيدىغان كىنو ئىكەنلىكى ، سولدات ماتروسوفنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقى ، ئۇنىڭ دۈشمەن پىلىموتى ئوت ئېچىۋاتقان بىلىنداژ تۆشۈكىنى ئۆز كۆكرىكى بىلەن توسۇپ ، قىسىمنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يول ئاچقان تەڭداشسىز جاسارىتىنى ئېيتىپ بەرگىنىدە ، كوماندىرلارنىڭ ھاياجىنىدىن ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالدى .

كىنو ۋاقتىدا ئابدۇراخمان ئالاھىدە مەرھەمەتكە مۇيەسسەر بولدى . نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە كوماندىرلاردىن يىراقراق ئورۇندۇق قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئابدۇراخمان ئويلىنىپ ئولتۇرمىغانىدى . پەقەت چىراغ ئۆچكەندىن كېيىن ، رەيھان قاتارلىق تۆت سېسترانىڭ ئۆزىگە ياندىش ئولتۇرغانلىقىنى سەزگەندىلا ، ئاندىن بۇ چىرايلىق ئىلتىپات ئورۇندۇقنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە باشلىدى . رەيھان ئۇنىڭدىن غۇلجا ئەھۋالىنى سورىماقتا ئىدى . بۇ ئۆزىنى غۇلجا ئۈچەدەرۋازىلىق ، دەپ تونۇشتۇردى . يېنىدىكى شادا پاچاق سېرىق قىزنى «ماروسە» ، يەنە بىرىنى «دىنا» دېدى . بۇ ئىككىسى پىروتكا ئىدى . يۇمىلاق يۈزلۈك ، قارا قاش قىزنىڭ ئىسمى ئامىنە بولۇپ ، ئۇ ئوشۇقچە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي چېچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپلا ئولتۇراتتى .

— قاچان قايتىسىز ؟
— كىنودىن كېيىن .
— ياق ، غۇلجىغا دەيمەن .
— ئەتە .
— ئۇھ ... — دېدى رەيھان . ئۇ ئاۋازىنىڭ بولەكچە چىد-



www.uyghurkitap.com

قىپ كـەتكەنلىكىنى ئـۆزىمۇ سەزمەي قالدى ۋە دەرھال يەرگە قارىۋالدى .

## 5

جۇتلۇق بىر ئەتىگەن ئىدى . ساۋەننىڭ قار قاتقان كوچىسىدا يۇرگەن ھەربىيلەرنىڭ ئۆتۈكلىرىنىڭ تەڭ قەدەم ئالغانلىرىدا ئۇن. لۇك غاچىلداشلىرى دىققەتكە سازاۋەر ئىدى . بۇ كىچىككىنە شە. ھەرنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان مەركىزىي كوچىسىدا ئەتى. گەنلىك ھايات ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتاتتى . توپ ـ توپ قاغىلار قاقىلدىشىپ ئۇچۇشماقتا ، بامداتتىن يانغان جامائەتمۇ ئۆيلىرىگە قايتماقتا ئىدى . مەسچىت ئالدى كۆۋرۈك تۈۋىدىكى كۆك مىلەڭ. زىلىك ئىشىكى قىبلىگە قاراپ تۇرغان پالتاخۇن ئاشپەزنىڭ ئاش. خانىسىدىن بولسا ، سەي قورۇۋاتقان ساپلىق ساداسىغا تەڭكەش بولۇپ قىڭراق ئاۋازى ئاڭلىناتتى . سودىگەرلەرمۇ دۇكانلىرىنى ئەمدىلەتىن ئېچىشقا باشلىغان ، شۇ ئەسنادا ، توغرا كوچىدىن چىقىپ كەلگەن كەسمە چاچلىق ، زىلۋا بويلۇق ، بۇغداي ئۆڭلۇك خەنزۇ چوكان ئۇدۇل كەلگىنىچە بىزگە تونۇش برىگادا شتابىنىڭ يوغان دەرۋازىسىدا تۇرغان ئىككى پوست ئالدىدا توختاپ :

— مەن سىلەرنىڭ سىجاڭىڭلار بىلەن كۆرۈشمەن ، — دېدى . ئۇ ، ئۇيغۇرچىنى يېرىم ـ يارتا يامىدايتتى .

— نېمە ئىشىڭىز بار ؟

— سىجاڭنىڭ ئۆزىگىلا ئېيتىدىغان گېپىم بار .

ئەسكەرنىڭ بىرى قاراۋۇلخانىغا خەۋەر قىلدى :

— بىر خەنزۇ ئايال سىجاڭ ـ سىجاڭلا دەيدۇ ، — دېدى ئۇ . ماۋزۇر ئاسقان قارامتۇل دىجورنى چىقىۋىدى ، ئايال يەنە بايىقى گېپىنى تەكرارلىدى . ئۇنىڭ ئەپتى ۋە ئەلپازى ئوسال ئىدى . ئۇنى دىجورنى ئارقىلىق شتاب باشلىقى خەمىتوف قوبۇل

قىلدى . ھېلىقى چوكان سۆزگە تەمشىلىدىيۇ ، نىمە ئۈچۈنكى دۇ-دۇقلاپ ، كۆزىگە غىلىلىدە ياش ئېلىش بىلەن بېشىنى سەل ئېگىپ ، لېۋىنى چىشلىگىنىچە توختاپ قالدى .

— ئېيتىڭ ، ھەرقانداق ئىش بولسا ئېيتىۋېرىڭ ، — دېدى خەمىتوف مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ .

چوكان سەل سىڭارىيان ئولتۇرۇپ سۆزگە كىرىشتى :

— گومىنداڭچىلار قېچىشقا ئۇندىگەندە بىز قاچماي قېپقالغان ، بىز ئۇلارنىڭ سىلەر توغرۇلۇق تارقاتقان تەشۋىقاتلىرىغا ئىشەنمىگەنىدۇق . ئىشەنگەن بولساق ، بىزمۇ ئۇلار بىلەن قېچىپ كەتكەن بولساق بوپتىكەن ... — دېدى ئۇ ئەمدى بۇرنىنى مىشىلدىتىپ راستتىنلا يىغلىۋەتتى . ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ۋە تەمكىنلىكىگە قارىغاندا خېلى سەۋىيىلىك ئىدى . ئارىنى ئارىلىغان جىملىقنى بۇزۇپ خەمىتوف يەنە سورىۋىدى ، چوكان كەسكىن سۆزلىدى ، — سىلەرنىڭ ئىككى ئەسكىرىڭلار كېچىسى ماڭا باسقۇنچىلىق قىلدى...

— نىمە ؟ — خەمىتوف ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى چەكچەيگەنىدى . ئۇ جىددىي سورايتتى ، — قاچان ؟

— كېچىدە .

— بۈگۈن كېچىدىمۇ ؟

— ھەئە .

— ئۇلارنى كۆرسىڭىز تونۇمسىز ؟

— بىرىنى تونۇيمەن .

— قانداق تونۇيسىز ؟

— سۇغا بارغىنىمدا ، ئۇمۇ ئات سۇغارغىلى بارغانىكەن ، شۇ چاغدا كۆرگەنىمەن .

— سىلەر سۆزلەشكەنمۇ ؟

— يا ... ياق .

— ئىرىڭىز بارمۇ ؟
— يو ... يوق ، — ئۇ بېشىنى ئىغىر چايقىدىيۇ ، نېمىشقىدۇر سەل قىزاردى . بۇ هال ئۇنىڭ ئىرىنىڭ قىچىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى . ئۇ سۆز يۆتكىمەكتە ئىدى ، — قېرى ئاتا - ئانام ، ئىككى ئۇكام بار . دادام ئاڭلىق ئادەم ، شۇنىڭ يولىيورۇقى بىلەن بىز بىر جەمەت كىشىلەر قاچماي قېپقالغان ، — دېدى .
خەمىتوف چوكاننىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئادىرىسىنى ئېنىق يېزدۋالدى . ئۇنىڭغا تەسەللىلەر بېرىپ جامائەتنىڭ خاتىرجەم بولۇشلىرى ھەققىدە ھەقلىق گەپلەرنى ئېيتتى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامىنى بۇزغان ھەرقانداق كىشىگە قاتتىق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى تەكرار ئىزھارلاپ ، چوكاننى ئىشىككە ئۇزىتىپ چىقتى .

## 6

— مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىۋارلىرىغا نېمىلەر ھارام ؟
— ۋەتەنگە ۋاپاسىزلىق ھارام .
— يەنىچۇ ؟
— قۇرئان تۇتۇپ بايراق ئالدىدا بەرگەن قەسەمگە خىيانەت قىلىش ھارام .
— ......
— ......

تۇنۇگۇن كېچە قاراۋۇللۇقتا چىققانلارنىڭ ھەنىنىۋاسى كەڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشاتتى . ئىشىككە يېقىن قويۇلغان مەشتە سۆكسۆك ئوتۇنى گۇرۇلدەپ يېنىۋاتاتتى . تالادا بولسا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى . ئۆيدە سۇرلۇك كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى .
برىگادا سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى كاپىتان زاھىروف

ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتكىنىدىن كېيىن پودپولكوۋنىك خەمتوف قىسقا ، ئەمما كەسكىن سۆز قىلدى . ئەمدىكى سۆز سەمىمىيەتنى سىناشتىلا قالغانىدى . ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان قانۇن بىلگۈچ ئورنى-دىن دەس تۇرۇپ سۆزگە ئىجازەت ئالدى . ئۇ تۈرىنى ئەگچى ھەسەن ، دەپ تونۇشتۇردى . ئۇ ، ئاشۇ كېچىسى خەنزۇ چولپان بىلەن بولغان ۋەقەنى ھېچبىر يوشۇرماستىن ئېنىق ئېيتتى ۋە بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ چوڭ ئەيىبكار ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ ئامىل ئالدىدا باش ئەگدى . بۇ چاغدا يەنە بىرنىمۇ تۇرغۇزۇلدى . زاھى-روف ئۇلاردىن سورىدى :

— راستمۇ؟

— راست .

— راست ...

— بىراق بۇ ئىشقا مېنىڭ رولۇم چوڭ ، — دەيتتى ئوڭ تەرەپتە تۇرغان گۇرەنلىك ئاق سېرىق يىگىت ، — مەن چوڭ تۇرۇپ ، ھاي دېيىشىنىڭ ، يامان ئىشتىن توسۇشىنىڭ ئورنىغا ئىشنى باشلاپ بېرىپ ، كېيىن كوچىدا كۆزەت قىلىپ تۇردۇم . ھەممە گۇناھ مەندە .

— ياق ، — دەيتتى ھەسەن ، — ھەممە گۇناھ مەندە .

زاھىروف رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى قەييۇموفقا ، ئاندىن خەمى-توفقا قارىدى . ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن «ئەمدى قانداق قىلىش كې-رەك؟ ...» دېگەن مەنە ئىپادىلەنمەكتە ئىدى . خەمتوف بۇيرۇق بەردى :

— بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ ھەربىي فورمىلىرى ئېلىن-سۇن ! ئىككى كىشىنىڭ ھەربىي فورمىلىرى ھەش - پەش دېگۇ-چە ئېلىپ تاشلاندى .

زاھىروف سۆزىنى داۋام قىلدى :

— مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىنتىزام قوللانمىسىغا خىلاپلىق قىلغان ، ئارمىيە ئىنتىزامىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغان بۇ جىنا-

يەتچىلەر گۇمپاق[1]قا تاپشۇرۇپ بېرىلسۇن !

بىرنەچچە كۈن كېيىنكى تۇمانلىق بىر كۈن . ساۋەن شەھىرى سۈرلۈك سۈكۈناتقا چۆككەن ، ئەتراپ جىمجىت ئىدى . بۇ جىمجىتلىقنى سەپ بويىچە بېرىۋاتقان توپ ـ توپ ئەسكەرلەرنىڭ ئاياغلىرىدىن چىققان غاچىلداشلار بىلەن ئۇلارغا بېرىلىۋاتقان كوماندا ئاۋازلىرىلا بۇزۇپ باراتتى . بۇ ھەربىيلەر نېمە ئۈچۈنكى بۇگۈن جەڭگىۋار مارشلىرىنىمۇ ئېيتماستىن ، كوماندىغىلا پۈتلىرىنى كەلتۈرۈپ باراتتى . كوچىلاردىن چىقىۋاتقان كىشىلەرمۇ ئاڭلىمىغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ «ئوچوق سوت» بولىدىغان مەيدانغا قاراپ ئاقماقتا .

كوچىلار ۋە ئەتراپلارغا قاراۋۇل قويۇلغان ، مەيدانغا ھەربىيلەر رەت ـ رېتى بىلەن تىزىلغانىدى . مەيداننىڭ شەرق تەرىپىگە توپلانغان جامائەت بولسا ، ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىگە زوقلانغاندەك كۆز ئۈزمەي قارىشاتتى ۋە ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ، چەبدەس ـ چېۋەرلىكلىرى ھەققىدە ھەۋەس بىلەن سۆزلىشەتتى . ئۇلارنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگە غۇژمەكلىشىپ توپلانغان خەنزۇ ئاھالىسىمۇ نېمىلەر ھەققىدىدۇر ئۆزئارا پىچىرلىشىپ سۆزلەشمەكتە ئىدى . دەل شۇ چاغدا مەيدانغا بىرىگادا كوماندىرى ، پولكوۋنىك ، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى پودپولكوۋنىك زاھىروف ۋە باش شتاب ۋەكىلى كاپىتان ئابدۇراخمان مۆمىنوف ، بىرىگادىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى ، رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقلىرى ، ھەربىي مۇخبىرلار ۋە يەرلىك جامائەت ئەربابلىرى بىلەن سوت ـ ساقچى خادىملىرى كىرىپ كەلدى .

بىرىگادا سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى كاپىتان زاھىروف سوت باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن تەڭلا ئىككى جاۋابكار قورال-

[1] گۇمپاق — ھەربىي قاماقخانا .

لىق مۇھاپىزەتچىلەر ئاستىدا مەيدانغا ھازىر قىلىندى. ئوپۇر ـ توپۇر باشلىنىپ يەنە جىمىقتى. رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى پورۇتچىك قەييۇموف جاۋابكارلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ ئۆتكىنىدىن كېيىن كاپىتان زاھىروف برىگادا كوماندىرىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. پولكوۋنىك جەڭگىۋار ھالەتتە، جاراڭلىق تەلەپپۇزدا قىسقىلا سۆزلەپ كەڭ جامائەتنىڭ، شۇ جۈملىدىن خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ خاتىرجەم بولۇشلىرىنى تەكرار تەكىتلەپ، بىزنىڭ پەقەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگىلا قارشى ئىكەنلىكىمىزنى، مىللىي ئارمىيە ھەقىقىي خەلق ئارمىيىسى، خەلقنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامىنى بۇزغان ھەرقانداق ھەربىكەتلەرگە قىلچە يول قويۇلمايدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن «ھەربىي تەرتىپنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغان، مىللىي ئارمىيىنىڭ شەرەپلىك نامىغا داغ چۈشۈرگەن، خەنزۇ ئايالنىڭ نومۇسىغا تەگكەن ئىككى جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن!» دەپ جاكارلىدى. ئۇلار نەق مەيداندا، جامائەت ئالدىدا، قېلىن قار ئۈستىدە ئېتىپ تاشلاندى.

ساۋەن شەھىرى ۋە خەلقى 1945 ـ يىل قارا قىشتا، ئەنە شۇنداق نادامەت ۋە ئادالەتلەر تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالدى.

## تۆتىنچى باب

# كۆكۈللۈك كۈنلەر

كۈنلەر ئۆتەر ئاينى قوغلاپ ،
يىلمۇ يېتەر پەسىلگە .
باتۇر يىللار قۇچاق ئاچقان ،
بىزنىڭ يېڭى نەسىلگە .

### 1

تېلېفون جىرىڭلىدى . گارنىزوندىن ئۇرۇلغان تېلېفوننى ئالغان ئابدۇراخمان ، قاسىموفنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى .

ئابدۇراخمان ئۆتكەن ھەپتە ئىككى قېتىم ئىزدەپ بېرىپ تاپالماي قايتقانلىقىنى ئېيتتى . قاسىموفنىڭ بۈنىڭغا ئىقرار بولۇپ ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن خەتلىرى ئۈچۈن رەھمەتلەر ئېيتىپ ، ئاخىرىدا ئۇنى بۈگۈن بىللە كىنو كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى . ئابدۇراخمان سورىدى :

— قايسى كىنو ئىكەن ؟

— «گۈزەل ۋاسلىسا » .

— قايسى كۈلۈبتا ؟

— ل .مۇتەللىپ بېغىدا .

— ماقۇل .

— ئۇنداقتا مەن سائەت بەشتە توغراكۆۋرۈكتىكى ئوسمانقا-رىنىڭ ئاشخانىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرىمەن .
— نىمانچە بالدۇر ؟
— باشقا گەپلەرمۇ بار .
— ......

توغراكۆۋرۈكتە هايات قاينىماقتا ئىدى . ئىشىك - دېرىزى-لىرى كۈنگەيگە قارىغان ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى سۆگەتلەر سايى-سىگە قويۇلغان كارىۋاتلار بىلەن سەينا ۋە قىزىل تاۋار پەردىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئىچكەركى ئازادە خانىلاردا ناخشا - ناۋا ياڭرى-ماقتا ، كۆڭۈللەر يايرىماقتا ئىدى .

ئاي كۈلگەن گۈزەل ئاخشام ،
ئېيتسام تۈگىمەس ناخشام .
نۇر بەردى ، نىجات بەردى ،
يارىم ئۆزى ياققان شام .
يارەي ... ئاي كۈلگەن گۈزەل ئاخشام ...

ئابدۇراخمان بىلەن قاسىموف ئاشخانىدىن چىققاندا ئۇ تەرەپ-تىكى قوش ئات قوشۇلغان خادىكتا يانتۇ ئولتۇرغان قارىقۇمچاق بالا قامچىسىدىن قاس چىقىرىپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى :
— كوماندىر ئاكىلارهوي ، ئات ياخشىغۇ .
— هارۋىغا چۈشمىمىزمۇ ؟ — دېدى قاسىموف .
— كـوچىلارنى كۆرۈپ ماڭمايلىمـۇ ، ۋاقىت تېخى بالدۇر-غۇ ، — دېدى ئابدۇراخمان سائىتىگە قارىدى . ئۇلار ئۇدۇل تەرەپ-كە قاراپ ئۇن زاۋۇتى تەرەپكە ماڭدى . ئۇلار ئانچە ئۇزۇن ماڭماي-لا پاترون بەلگىسى تاقىغان ئىككى ئەسكەرنىڭ بىر ئوفىتسېرنى هەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئاڭغىچە ئوفىتسېرمۇ ئالدىدىن كېلىۋاتقانلارنىڭ پاگون - فورمىلىرىغا قاراپ ئۈلگۈردى - دە ،

توختاپ سۆزلىشىشكە ئىجازەت سورىدى ۋە :

— سالام ، يولداش كاپىتان ، — دەپ ئابدۇراخمانغا يۈزلەندى .

— هوي ... كامىلوفمۇسىز ؟ — دېدى ئابدۇراخمان . كامىلوف : شىمالىي فرونتتىن غۇلجا هەربىي گوسپىتالىغا داۋالىنىش ئۈچۈن كەلگەنلىكى ، بۇگۈن كوچىغا ئالدىراش بىر ئىش بىلەن هەربىي فورمىسىز (پاگونسىز ) چىقىپ قالغىنىدا بۇ پاترون بالىلارغا ئۇچراپ قېلىپ ، هەيدىلىپ كېلىنۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قىزاردى . ئابدۇراخمان جەڭگىۋار پاترونلارغا ۋە قاسىموفقا قاراپ ئۇنىڭغا بۇ بىر نۆۋەت كەچۈرۈلۈش قىلىشنى ئۆتۈندى . قاسىموف كامىلوفنىڭ ئوڭايسىزلانغان قىياپىتى ، قىزارغان يۈزى ، سەمىمىي سۆزىگە قاراپ پاترونلارغا كەچۈرۈلۈش قىلىشقا رۇخسەت بەردى . ئىجازەت ئالغان جەڭچىلەرمۇ جەڭگىۋار قەدەم بىلەن پاترونلۇق مەنزىلىگە يۈرۈپ كەتتى . ئاندىن كېيىن ئابدۇراخمان بىلەن كامىلوف ئادرېسىنى ئېنىقلىۋېلىشقانلىرىدىن كېيىن خوشلاشتى .

ئوفىتسېرلار ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ باراتتى . ئابدۇراخمان كامىلوفنىڭ ئەخلاقلىق ، راستچىل ، قەيسەر يىگىت ئىكەنلىكى هەققىدە هېكايە قىلىپ باراتتى . كوچىلاردىكى هۆپپەرلەرنىڭ هەر خىل ئاۋازلىرى ، مايلامچى بالىلارنىڭ ساندۇقلىرىنى چوتكا بىلەن چېكىپ چىرايلىق نەغمە چېلىشلىرى ، خادىكچىلارنىڭ ئادەم قىچقىرىشلىرى ، پۈزۈر ۋە رەڭدار ئىلىخو ئاتلىرىنىڭ بويۇن - باشلىرىدىكى قوڭغۇراقلىرىنىڭ سايراشلىرىمۇ بىر مۇزىكا ئىدى .

ئۇلار ئۈن زاۋۇتىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە زاۋۇت گۇدۇكىنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىردىنلا ياڭراپ ، پۈتۈن غۇلجىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى . ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتكىنىدە

ساي بويى «ئۇ . قا . ق كۈلۈبى»[1] تەرەپتىن كەلگەن ئۈچ قىزغا ئۇچراشتى . قىزلار خۇددى بويسىرى قىلىنغان ئەسكەرلەردەك تەگمۈتەك بولۇپ ، باشتىن ـ ئاياغ ئوخشاش فورمىدا يېشىل گۈللۈك شىپۇڭدىن كۆڭلەك ، نوقۇت رەڭ ئاياغ ، ئاق رەڭلىك پايپاق كىيگەن ، زەپىراڭگۈللۈك نىپىز ياغلىقنى ئاددىيلا چىگىۋەلگەنىدى . ئۇلار بۇ سۆلەتلىك ئوفىتسىرلارغا ئۇچرىشىپ قالغىنىغا ئوڭاي-سىزلىنىۋاتقاندەك بىر قىزىرىپ ، بىر ئاقىرىپ ، يەرگە قاراپ چاچلىرىنى تاراپ ، گاھى ئاستا پىچىرلاپ كەلمەكتە ئىدى . ئاڭ-غىچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكىسى :

— سالام ، هۆرمەتلىك كوماندىرلار ، — دېدى . بۇ رەيھان ئىدى . ئۇنى ماناس دەرياسى بويىدا ، هەربىي فورمىدا كۆرگەن ئابدۇراخمان ئەمدى بۇنداق سالاپەتتە كۆرۈپ ، ھە دېگەندىلا تونۇ-ماي قالغان ، ئەمما قاچان ، قەيەردە كۆرگەنلىكىنى ئويلىماقتا ئىدى . سالامدىن كېيىن ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە تو-نۇشتى . ئوڭ تەرەپتىكى ئويناق كۆز قىزنى «خۇرشىدە» ، سول تەرەپتىكى سۇمبۇل چاچلىقىنى «نۇربانۇ» دەپ تونۇشتۇرغان رەي-ھان نۆۋەتتە ئابدۇراخمان بىلەن قاسىموفنى ئىسىم ـ فامىلە ۋە هەربىي ئۇنۋانلىرىغىچە تولۇق تونۇشتۇرۇپ :

— يولداش مۆمىنوف بىلەن بىز فرونتتا تونۇشقانىدۇق ، — دېدى ۋە بىر تاتلىق كۈلۈمسىرەپ ئابدۇراخمانغا ، ئاندىن قىزلارغا كۆز قىرىدا قاراپ قويدى .

— ھە قىزلار ، هازىر قاياققا مېڭىشىڭلار ؟ — سورىدى قاسىموف .

— باغقا .

— بىر دوستىمىزنىڭكىگە .

ئىككى خىل گەپنىڭ ئىككى ئېغىزدىن تەڭلا چىقىشى قىز-

---

① «ئۇ . قا . ق كۈلۈبى» — ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز كۈلۈبى .

لارنىڭ ئۆزلىرىنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى . ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈۋەت-
تى . ئۇلارنىڭ كاككۇك ئاۋازىدەك ساز كۈلكىسىنى ئاڭلىغان
كىشىلەر قىزلارغا قاراشماقتا ، قىزلار قىزىرىپ ، بىر - بىرىنى
تېخىمۇ چىڭ قولتۇقلىشىپ ، كۆز بېقىشماقتا ئىدى .

— قايسىسى راست ؟ — دەپ سورىدى قاسىموف .

— ھەر ئىككىسى راست - دە ، — دېدى ئابدۇراخمان
كۈلۈپ تۇرۇپ .

— راست ، — دېدى رەيھان ، — باغ بىلەن ئايلىنىپ ئاندىن
بىر دوستىمىزنىڭكىگە بارماقچىدۇق ، — رەيھانمۇ دەرھال سورى-
دى ، — ھە ، سىلەر ئۆزۈڭلارچۇ ؟

— بىزمۇ باغقا .

— بىر دوستىمىزنىڭكىگە ، — دېگەننى قوشۇپ قويدى ئاب-
دۇراخمان .

قىزلار يەنە بىر كۈلۈشتى ۋە ئۆز ئاكىلىرىغا ئەركىلىگەندەك
ناز بىلەن سۆزگە كىرىشتى :

— ئۇنداقتا ، باغقا بولسا ، يولىمىز بىر ئىكەنغۇ ، — دېدى
رەيھان .

— سىز بىلەن بىزنىڭ ھەرقاچان يولىمىز بىر ، بىراق
ھايھاي كۆڭلەكلەرنى كىيگەندە يېنىۋالامسىز نېمە ؟ — دېدى
ئابدۇراخمان .

— يوقسۇ ، يولداش كاپىتان ، بىز ئۇنداق ئاپتاپپەرەسلەردىن
ئەمەس ، — دېدى رەيھان . قىزلار كۈلۈشتى . بۇ چاغدا ئۇپۇققا
يەسلەپ بېرىۋاتقان كۈننىڭ ئالتۇن زەررىلىرى ئوفىتسېرلارنىڭ
قىپقىزىل رەڭدار پاگونلىرىدىكى يۇلتۇز ، كۆكرەكلىرىدىكى مې-
داللىرىدا ئوتلار چاقنىسا ، جانان قىزلارنىڭ كىيىم گۈللىرى ۋە
قول - قۇلاقلىرىدىكى ئۈزۈك ، ھالقىلىرىغىمۇ نۇردىن سىۋىت
بېرىپ ، كۆز - كۆڭۈللەرنى كۆيدۈرمەكتە ، سۆيۈندۈرمەكتە ئىد-
دى . ئۇلار كۆرگۈچىنىڭ پۇتلىرىنى تەڭ كەلتۈرۈپ ماڭغانلىرىچە

نوۋگورتنىڭ بوستان تىرەكلىك گۈزەل كوچىسىغا قاتارلىشىپ كىرىپ كەتتى.

## 2

«ل. مۇتەللىپ ئىستىراھەت بېغى» (ئىلگىرى ۋاڭ قەدىرنىڭ بېغى دەپ ئاتىلاتتى)نىڭ يېشىل سىرلىق، تۆمۈر رېشاتكىلىق يوغان دەرۋازىسى چوڭ كوچىغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئىدى. شۇ كوچىدىن ئاشۇ سۇپەت ۋە سالاپەت بىلەن باغقا كىرىپ كەلگەن بىزنىڭ بايىقى قىزلار بىلەن ئوفىتسېرلار مەيداننى بويلاپ ماڭدى. باغنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى بۇ كەڭ ۋە گۈزەل سەينا «تۇغ مەيدانى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ مەيدان 1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ بايرام تەنتەنىسى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈشى ۋە مۇشۇ يەردە مىللىي ئارمىيىگە ئىنقىلاب تۇغىنىڭ تاپشۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن شۇنداق دەپ ئاتالغان. دەل مۇشۇ تاپتىمۇ بۇ ھەشەمەتلىك مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل سىرلىق ھەيۋەتلىك موما ئۈستىدە ئىنقىلاب بايرىقى جەۋلان قىلىپ تۇراتتى. بىزنىڭ بايىقى سەيلىچىلىرىمىز ئاشۇ نۇرلۇق بايراقنىڭ سايىسى سۆيگەن سەينالارنى ئارىلاپ، مۇنبەرنىڭ يېنى بىلەن گۈلزارلىق تەرەپكە قاراپ كېتىپ باراتتى. بۇ چاغدا بۇ يەردە ۋاسكېتبول ئويناۋاتقان ياشلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر ئەمدى بۇ كېلىشكەن قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەربىيچە قاتارلىشىپ، پۇتلىرىنى تەڭ كەلتۈرۈپ مېڭىشلىرىنىمۇ تاماشا قىلماقتا ئىدى.

سەيلىچىلەر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، يازلىق كۇلۇب تەرەپكە ماڭدى. بۇ چاغدا تاختاي توسمىلىق يازلىق سەھنە تۇۋىدىكى تىرەككە ئورنىتىلغان رادىئو كانىيىدىن «جان ئەنجان» كىنوسىدىكى «ياخشى» دېگەن ناخشا ساداسى ياڭراشقا باشلىدى.

قىز - يىگىتلەر يولنى ئۇدۇل بوقىتقا تارتتى . بوقىتلار ئېرىق بويلىرىدا ۋە كۆلنىڭ ياقىلىرىدا ئىدى . بۇ گۇلزارلار ۋە ئالمىلار ئارىسىدىكى خىلمۇخىل ئورۇندۇقلاردا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان ياكى بىلىيارت ئويناۋاتقان جامائەتمۇ بىزنىڭ تاماشىچىلىرىمىزغا زوقلىنىپ ھەۋەس بىلەن قارايتتى . ئۇلار گۇلزار - ئەترىزلارنى ئارىلاپ كېلىپ ، يوغان ئاق ئالما ئاستىدىكى سالقىن سايىلىك ، قىزىل سىرلىق ئۇستەل ، ئورۇندۇقلىرى ۋالىلداپ تۇرغان بوقىتقا ئورۇنلاشتى . ئاق خالاتلىق ، ئىنچىكە بوي كۇتكۇچى قىز قىرلىق ئىستاكانلاردا ماروژنى كەلتۈردى . ئابدۇراخماننىڭ تاماق تەكلىپىگە قىزلار ئۇنىمىدى . شۇنداقتىمۇ كەمپۇت ، پىچىنە ئالدۇردى . بۇ چاغدا ئالمىنىڭ ئېگىلگەن شاخلىرىدىن لىمونىنىڭ شېرىن ھىدلىرى تېمىۋاتقاندەك تۇيۇلسا ، ئەتراپتىكى گۇللەرنىڭ ئېسىل ئەترلىرى قوشۇلۇپ بۇ ئەپچىل خانىدانىنى جانلارنىڭ جاھانى ، جەننەتۇل مەئۋانىڭ باغۇ ئېرەملىرىگە ئايلاندۇرۇۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى .

ئېھ !... ئىلىخو... باغلىرىڭ بالغا ، تاغلىرىڭ مالغا تولغان شەھەر . تەرىپۇ تەسۋىرىڭگە ئالتۇن قەلەممۇ ئەرزىيدىغۇ ...

## 3

شۇ ھەپتىنىڭ پەيشەنبىسىدە (جۈمە كۈنى دەم ئېلىناتتى ) ئابدۇراخمان بىر تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋالدى . ئۇنىڭغا چايغا چاقىرغان ساھىبخانىنىڭ ئۇچەدەرۋازىدىكى ئادرېسىمۇ يېزىلغان بولۇپ ، ئاستىغا «سۇلتانۇۋا» دېگەن فامىلە پۇتۇلگەنىدى . شېئىر بىلەن يېزىلغان ئۇ تەكلىپنامىدە مۇنداق مىسرالار بار ئىدى :

سائەتنىڭ ھەر چىكىلدىشى ئۆمۈر ئۇچۇن بىر نەپەس ، مىنۇتلارنىڭ چامدىمىدا تاغدەك مەزمۇن ، مەنە بار .

ئۆتكەن كۈنلەر ، ئايلار ئۆمرى يىللار ئۆچۈن سىر ئەمەس ،
پۇرسەتلەرنىڭ مەنزىلىگە چىراغ ياققان جاللار بار ...

ئابدۇراخمان بۇ مىسرالارنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇغان چېغىدا مۇنۇلارنى ئويلاپ قالدى . «سۇلتانىۋا كىم ئىدى ؟ » ھە- قىقكى بۇ رەيھان ئىدى .

رەيھانلارنىڭ ئۆيى ئۇچدەرۋازىنىڭ شەرقىي كوچىلىرىنىڭ بىرىدە ئىدى . جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان سۇۋادان تېرەكلىك ئۇزۇن كوچا تۈپتۈز ۋە پاكىز بولۇپ ، ئىككى قاسناقتىكى ئىمارەتلىرى رەتلىك ، ھەممىسى دېگۈدەك باغ ھويلىلىق ئىدى . رەيھانلارنىڭ قوش قاناتلىق ، قوڭۇر سىرلىق دەۋازىسىمۇ ئاشۇ كوچىغا ئېچىلاتتى .

ئابدۇراخمان بىلەن قاسىموف قاتارلىشىپ كىرىپ كەلگەندە ، شۇ ئۆينىڭ كۈتكۈچىسى سۈپىتىدە قاسىموفنىڭ يولدىشى زۆھرەبۈۋىنىڭ كۈلۈپ چىقىشى ئابدۇراخمانغا ھە دېگەندە ھەيران قالارلىق تۇيۇلدى . ئۇ ، قەدىردان دوستىنىڭ چوكىنى بىلەن قېرىنداشلارچە تىنچلىق سوراشقىنىدا «بەلكى بۇ ئولتۇرۇشتا يولداش قاسىموفنىڭ رولى بولسا كېرەك...» دېگەنلەرنىمۇ كۆڭلىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى . ئاڭغىچە رەيھان ، ئاپىسى خالىدە ھەدە ۋە بىرقانچە قىز ـ چوكانلار بىلەن يىگىتلەرمۇ چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى . چىرايلىق ھويلا ، ھېسسىي ھارارەتلىك بۇ يىگىتنىڭ پۈتۈن ئىشقى ئېتىبارىنى ماگنىتتەك تارتىپ ، مەيلىنى مەپتۇن قىلماقتا ، لىمون ، مەنپەسى ، تارغىل ۋە ئاپورت ئالمىلارمۇ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارىلاپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا . يوغان تاش كۈپتىكى باراقسان سۆگەتگۈل ، ئويمانلاردىكى سەبدەگۈل ، چۇغلۇق ، مودەن ، گۈلئەنبەر ، مىرزىنگۈل ، تاجىگۈل ، ئالمۇتاگۈل ، لەيلىگۈل ۋە زەپىرەڭگۈللەرمۇ خۇشبۇي ئەتىرلىرىنى ئايدىماي چېچىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى . ئالتە تۈۋرۈكلۈك ئاپئاق

تاملىق ياسىداق پېشايىۋانىنى بويلاپ كۆنگەيگە كەڭ ئېچىلغان يې-
شىل سىرلىق ئىشىك - دېرىزىلەردىن بولسا، ئۆيدىكى ئوت
چاقناپ تۇرغان جاھاز - جابدۇقلار، زىلچا - گىلەملەر، سىم
كارىۋات ۋە كۆرپە - تۆشەكلەر، ئۇستىللارگە تىزىلغان قەنت -
گېزەكلەر بىلەن ساڭزا، سامبۇسا قاتارلىق تۈرلۈك بېزەكلەر
كۆرۈنمەكتە ئىدى.

زۆھرەبۇۋى، خالىدە ھەدىنىڭ تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى ئۇققان
ئابدۇراخمان باشقىدىن ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ
ئۆتكەندە قاسىموفنىڭ ئۆيىگە بارغىنىدا خۇش پېئىل، مېھماند-
دوست، ئوچۇق سۆز زۆھرەبۇۋىدىن بەكمۇ رازى بولۇپ قايتقاند-
دى. قاسىموف نۆۋەتتە ئۆيدىكىلەرگە ئالدى بىلەن ئابدۇراخمان
مۆمىنوفنى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆيدىكىلەرنى — رەيھاننىڭ ئاپىسى
خالىدە ھەدە، ئاكىلىرى ئالىمجان، سۇلايمان سۇلتانوفلارنى ۋە
باشقىلارنىمۇ تونۇشتۇردى. پەقەت قىزلار ھەققىگە كەلگەندە:

— قېنى، رەيھانەم، ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭ، — دېدى ئۇ.
رەيھان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ خۇرشىدەنى، نۇربانۇنى، مېھرىئايىنى
ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى غازدەك غادىيىپ ئولتۇرغان بادامقاپاق
تۇرانتاينى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوڭايسىز-
لانغاندەك بولۇپ ئىلدام چىقىپ كەتتى. چايلار قۇيۇلۇشقا باشلىد-
دى. ئەرلەر ئۇيان - بۇياندىن سۆزگە كىرىشمەكتە ئىدى. ئابدۇ-
راخماننىڭ كۆزى بولسا، پات - پاتلا سۇلايمان سۇلتانوفنىڭ
كاستۇملۇق كۆكسىدىكى «باھادىرلىق ئۇچۇن» مېدالىغا چۈشەت-
تى. ھاۋا رەڭ باستوندىن كاستۇم - بۇرۇلكا، بېشىغا بولسا،
قىزىل مانچېستېر دۇخاۋا دوپپا كىيگەن، قارا قاش، قاڭشار-
لىق، قارامتۇل، سۇلايمان سۇلتانوف ئۆزىنى سالماق تۇتۇشى،
تەمكىن ۋە تەملىك سۆزلىرى بىلەنمۇ ئابدۇراخماننىڭ دىققىتىنى
داخىل قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىڭ ئۇرۇشىدا ئېغىر ياريلد-
نىپ، ساقايغىنىدىن كېيىن دوختۇرنىڭ قىسمىغا قايتىشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رۇخسەت قىلىنمىغانلىقى ۋە يولىنى ئۇقۇشقا بىنائەن ئالمىشىپ بانكىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقىنىدا، ئابدۇراخمان تېخىمۇ تەلپۈنۈشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇ جەڭ ئۇرۇشى ھەققىدىكى قەھرىمانلىق قىسسىلىرىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار ئىدى.

— جەڭ ئۇرۇشى، — دەپ باشلىدى سابىق روتا كوماندىرى سۇلايمان سۇلتانوف، — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى ئەڭ شىددەتلىك ۋە تارىختا داستان بولارلىق ئۇرۇشلارنىڭ بىرى…

— ھە قېنى، داستىخان ئۇرۇشىغىمۇ داخىل بولغاچ ئاڭلايلى! — ئالىمجان سۇلتانوفنىڭ كۆلكە ئارىلاش ئاۋازى بۇ جىمجىتلىقنى ئارىلىماقتا ئىدى.

سۇلايمان سۇلتانوف جىگدىكى گومىنداڭ ئىستىھكاملىرى نەچچە يۈزلىگەن پوتەي ۋە بىلىنداز، كېسەك ۋە تاشتىن قوپۇرۇلغان خىلمۇخىل زىمىلانكا، ئۇ يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەم ئۇلارنى ھۆركىرەتكەن ئامېرىكا قوراللىرى، مانا مۇشۇنداق مۇنتىزىم قوراللار بىلەن قوراللانغان گومىنداڭچىلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان باتۇرانە جەڭ ئۈستىدە سۆزلەۋاتقىنىدا چىرايلىق چىنىلەردىكى قەنت چايلارمۇ سوۋۇپ قالماقتا ئىدى.

ئابدۇراخمان ئارىلاپ قىسقا - قىسقا سوئاللارنى بېرەتتى، سۇلتانوف سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— جەڭ ئۇرۇشىدا بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ئاجايىپ جاسارەت كۆرسەتتى، بولۇپمۇ شىبە ئاتلىق دىۋىزىيونى بىلەن موڭغۇل دىۋىزىيونىنىڭ ئوينىغان روللىرى ئىنقىلاب تارىختا ئالتۇن قەلەم بىلەن يېزىلىشىمۇ ئەرزىيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئاز بولسىمۇ، ئىشلىرى ساز بولدى. جىق يىگىتلىرىنى قۇربان بەرگىنىگە قارىماي، قان كېچىپ يۈرۈپ بولسىمۇ بەلگىلەنگەن نىشاننى ئىگىلىمەي قويمىدى، — دېدى.

مۆمىنوف بىلەن سۇلتانوف قەدىناس دوستلاردەك مۇڭدى-

شىپ، شىخو ئۆرۈشى قاتارلىق ۋەقەلەر ئۈستىدە پاراڭ قىلىشقانلىرىدا ھەممەيلەن ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا قاراپ قالغانىدى.

خالىدە ھەدىنىڭ كۈلۈمسىرەپ كىرىپ چاي ئىقلاپ قويماقچى بولۇشى ئولتۇرۇشقا يېڭى كەيپىيات بېغىشلىدى.

نەرسىلەرنىڭ يىغىلىشقا باشلىغىنىنى پەملىگەن ئالىمجان سۇلتانوف چىنىلەر ئاۋازىغا چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ:

— «بەزىدە خۇدا بىلەن روسۇل، بەزىدە ساتار بىلەن ئۇسسۇل» دەپتىكەن، باياتىن ماۋۇ كوماندىرلار قورالىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتتى. ئەمدى بىردەم ماۋۇ غەزەل ساندۇقىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىساق قانداق؟ قىزلار زېرىكىپمۇ قالمىسۇن يەنە، — دېدى.

— قىزلارنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇقمۇ نېمە، — دېدى ئابدۇراخمان مەنىلىك كۈلۈپ.

— ياقەي، ئۇنداق قىزىق سۆزلەر بولسا كىممۇ زېرىكىدۇ، — دەيتتى قىزلارمۇ.

— ياقەي، بىزمۇ ئۇنداق گەپلەرنى تازا ئاڭلايمىز، لېكىن ئەمدى ئازراق ناخشا ـ پاخشىمۇ ئاڭلىساق دەيمىنا، — دەيتتى ئالىمجان پاتېفوننى تەييارلاۋېتىپ، — قويمايمۇيا؟

— قويۇڭ، قويۇڭ، ئاڭلايمىز.

پاتېفوندىن «چىن مودەن خانىم» ناخشىسى ياڭراشقا باشلىدى. كېيىن سادىر ناخشىلىرى ئاڭلانغاندا ئولتۇرۇش ئەھلى ھەممە دىققىتىنى جەملەپ سادىرنىڭ بەزى قوشاقلىرىغا ئاستا غىڭشىپ ئاۋاز قوشتى:

يامۇلنىڭ ئىچى زەيلىك،
بۇ دەردلەرگە نېمە دەيلىك.
دەرد تارتقانلار بىرلىشىپ،
ياخشى كۈننى ئىزدەيلىك...

ئىستراھەت ۋاقتىدا سۇلايمان سۇلتانوف ئۆزىنىڭ ئائىلە تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ: چوڭ بوۋىسىنىڭ قەشقەر بەش-كېرەملىك ئىكەنلىكىنى، دادىسى سۇلتان ئاكىسىنىڭ ئەنجاندا، ئاكىسى ئالىمجاننىڭ ئالمائاتىدا، ئۆزىنىڭ غۇلجىدا تۇغۇلغانلىقى-نى، دادىسى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغاچقا، گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەينەكلىك ئىشكاپىنىڭ ئاستىنقى تارتمىسىدىن بىر ئالبومنى ئالدى. ئۇ ئال-دى بىلەن ئابدۇراخمانغا دادىسىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى.

## 4

تۈن تۇمانى ئاسماننى قاپلىغان، غۇلجا شەھىرى جىمجىت ئۇيقۇدا ئىدى. بۇ جىملىقنى قەيەرلەردىدۇر قاۋىغان ئىتنىڭ ئاۋا-زىلا بۇزۇپ تۇراتتى، ئادىتىچە ھەر ئەتىگىنى ئەدەبىي كىتاب ئوقۇيدىغان، ئاخشىمى بولسا «ئىلىخودىكى كۈنلەردە» دېگەن خا-تىرىسىنى يېزىشنى تەرك ئەتمەيدىغان ئابدۇراخمان ھازىرمۇ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ، رەيھانلارنىڭ ئۆيىدىكى ئول-تۇرۇش ھەققىدە «كۆڭۈللۈك زىياپەت» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، ئۇنىڭ قەھرىمانى سۈپىتىدە سۇلايمان سۇلتانوفنى ئالاھىدە تەس-ۋىرلەپ، ئۇنىڭغا «ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان، خۇش تەبىئەت-لىك يىگىت ...» دەپ خاراكتېرىستىكا بەردى. قىزلارنىڭمۇ ھەرقايسىسىغا لايىغا تون پىچىپ، رەيھاننى: كۆڭلىدە نىمە بول-سا، شۇنى دەۋالغۇچى؛ خۇرشىدەنى: سىرلىق سومكا؛ گۈلچېھ-رەنى: كۆزى بىلەن كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى؛ ھېلىقى تۇرانتاي دېگەن-نى بولسا، سۈنئىي قونچاق، يالغان بىلىمدان، ياسما تەكەببۇر، پەرداز مەستانىسى... دەپ كېلىپ ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىسىدىن

يادىدا قالدۇرغان ماۋۇ كۇپلېتىنى خاتىرىسىگە يېزىپ قويىدى :

ئەۋۋىلى دوست بولۇرسىز ،
ئاخىرىدا سۇس بولۇرسىز .
مەگەر سۆيسەم مەست بولۇرسىز ،
لېۋىم تەگسە دىماغىڭگە .

ئابدۇراخمان ئىككى جەينىكىنى ئۈستەلگە تىرەپ ، ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالغان بېشىنى كۈچ بىلەن يۆلەپ ، قانداقتۇر چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈپ ئولتۇرغىنىدا ، ئۇنىڭ ئويچان كۆزى تومپۇچكا تۆپىسىدە تۇرغان گۈللۈك كونۋېرتقا چۈشتى - دە ، گۈللۈك كونۋېرتتىن تەكلىپنامىنى ئېلىپ ، سۇلتانىۋانىڭ ھېلىقى بىر كۇپلېت ھارارەتلىك مىسرالىرىنى يەنە بىر نۆۋەت ئىخلاس بىلەن ئوقۇدى . ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن ئېتىبارى رەيھان تەرەپكە كۆچمەكتە ئىدى .

رەيھان ئاپىسى ۋە ئاكىلىرى ئالدىدىلا ئەمەس ، يەڭگىلىرى ، ئۇكىلىرى ۋە دوستلىرى ئارىسىدىمۇ ئەتىۋارلىق قىز ئىدى . ئۇنىڭ مانا شۇنداق يېقىملىق ئوبرازى ھازىر ئابدۇراخماننىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا بىرمۇبىر ئەكس ئەتمەكتە ئىدى . شۇ ئەسنادا قەيەردىندۇر ئېتىلغان ئوق ئاۋازى يىگىتنىڭ ئوتلۇق خىيالىنى بۇزدى . ئۇ ئۆزىنىڭ تالاغا چىققۇسى كەلگەنلىكىنى سەزدى - دە ، تۇجۇركىسىنى يېپىنچاقلاپ ئاستا ماڭدى . ئۇ تالادىن قايتىپ كىرگەندە سائەت ئون ئىككى بولغانىدى . شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچىنچى كۈننىڭ پېشىن مەزگىلىدە ئابدۇاخمان چوڭ كوچىدا خۇرشىدە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇ ئابدۇراخماننى نېرىدىن كۆرۈش بىلەنلا بىر تۈرلۈك كۈلۈمسىرەپ ئاستا توختاپ ، تىنچلىق سورىدى :

— ياخشىمۇسىز ؟

— يامان ئەمەس . ئۆزىڭىز چۇ، نەدىن كېلىۋاتىسىز ؟

— بىر دوستۇمنىڭكىدىن كېلىۋاتىمەن ، — خۇرشىدە سېرىق سومكىسىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. ئۇ بۈگۈن بۆلەكچىلا ياسانغان ، چاچلىرىنى تاراپ ، هال رەڭلىك يىپەك ياغلىقىنى بويىنىغا ئوراپ ، ئاياغلىرىغىمۇ ئالاھىدە سىۋىت بەرگەنىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۇ نېمىشقىدۇر بىر كۈلۈپ ، بىر قىزىرىپ يەرگە ، بىر يىگىتكە قارايتتى ، چېچىنىڭ پۆپۈكلۈك ئۇچىنى تارايتتى ، ھەرىكەت ھەم قىياپىتىدە قانداقتۇر چۈشىنىكسىز بىر كەيپىيات ئىپادىلەنمەكتە ئىدى .

ئۇ ئابدۇراخماندىن :

— ھازىر نەدىن كېلىۋاتىسىز ؟ — دەپ سورىدى ـ دە ، ئوتلۇق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئوقتەك قادىدى .

— كومىنداتتىن كېلىۋاتىمەن ، — دېدى يىگىت .

— ئىشلار بەك ئالدىراش ئوخشىمامدۇ ؟

— ئانچىمۇ ئەمەس ، — ئابدۇراخمان راستىنلا ئالدىرايتتى . ئەمما ئۇ قىزنىڭ «ئىشلار بەك ئالدىراش ئوخشىمامدۇ ؟» دەپ كۈلۈشلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلگۈسى كېلەتتى .

«ئوتقا چىققان خوتۇننىڭ ئوتتۇز ئېغىز سۆزى بار» دېگەندەك ، خۇرشىدەنىڭ زەنجىرسىمان سۆزلىرىنىڭ ھېچ ئاخىرى چىقمايۋاتاتتى . مانا ئەمدى ئۇ مەقسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ گەپنى رەيھان تەرەپكە توغرىلىدى . ئابدۇراخماننىڭ ئۇنىڭ بىلەن قاچان ، قەيەردە ، قانداق تونۇشۇپ قالغانلىقىنى سوراپ ، چىرايىنى سۆرۈنلەشتۈرۈپ :

— تالاي ئاكوپلارنى ئارىلىغان كىشى ئۇ ، — دېدى .

ئابدۇراخماننىڭ تەنلىرى توك تەگكەندەك جىغىلداپ كەتتى . ئېنىقىنى ئېيتقاندا ، ئۇ ئۆزى پۇزۇر ، كۆڭلى قوتۇر بۇ قىزدىن يىرگىنىپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا كۆڭلىنى كۆندۈرۈپ تىڭشىماقتا ئىدى . خۇرشىدە ئەمدى ھېچ

ھېيىقماستىنلا رەيھاننى يامانلاشقا باشلىدى . ئۇنى قولىدىن ئىش كەلمەسلىكتە ، كىيىمىنى رەتلىك كىيمەسلىكتە ئەيىبلەپ ، ئاغ-زىدىن ئوتلار چاقنايتتى . ئابدۇراخمان ئۇنىڭ ئوغىدەك غەيۋەتلىرىنى چىدام بىلەن ئاڭلاۋېتىپ ، كۆكسى كەڭ ، كۆڭلى تار بۇ قىزنىڭ مۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە قايتا يېقىنلاشماسلىقى ئۈچۈن ئەدەپلەپ قويۇشنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ ، غەزەپ ئوتلىرىنى يىگىتلىك كۈچى بىلەن ئۆچۈرۈپ تۇراتتى ، ئۇ :

— مەدەنىي مىللەت كىشلىرى قىلغىلى گەپ تاپالمىسا دوستلىرىنى ماختايدىكەن ، بىزنىڭكىلەر بولسا پۇرسەت تاپسىلا دوستلىرىنى قاپسايدىكەن . بىز بۇ خىل ئىللەتنى قاچانمۇ...

شۇ ئەسنادا ئاتلىرىنى ئويىنىتىپ كەلگەن خادىكچىنىڭ پوش - پوشلىرى سۆزنى بۆلۈۋەتتى . بۇ چاغدا پۇرسەتنى پەملىگەن قىز قىزارغان يۈزنى يەردىن ئالماي ۋە تۇزۇكمۇ خوشلاشماي نېرىدا كۆرۈنگەن ئايالنى ۋارقىرىغان بولۇپ ، سومكىسىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئىلدام كەتتى .

# 5

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبىسىنىڭ بايرام كۈنى ئىدى . بايرام تەنتەنىسى تۇغ مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلەتتى . بايراملىق ياسانغان خۇشال - خۇرام كىشىلەر ۋە ھەر خىل ھۆپىگەرلەر قىزىل لوزۇنكىلار ئېسىلغان كوچىلاردىن كېلىپ ، «ل .مۇتەللىپ ئىستىراھەت بېغى»نى ئادەملەر قاينىمىغا ئايلاندۇرماقتا ئىدى . ئۇلار مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ھەربىي پاراتىنى كۆرۈشكە خۇمار ئىدى .

ھەربىي پارات سائەت ئوندا باشلاندى . بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ، مىللىي ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلىرى ، ئالتۇن ئوردېن-

لىق ، خىلمۇخىل مېداللىق خەلق قەھرىمانلىرى ، جامائەت ئەر-بابلىرى قاتارلىقلار مۇنبەردە تۇرۇپ يوقىرى ھاياجان ۋە قايناق ئالقىشلار بىلەن پاراتنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە ئىدى .

ئالدى بىلەن ئىلى گارنىزونىنىڭ قىلىچلىق قىسىملىرى ، ئاندىن قىزىل پاگونلۇق شتابىستلار بىلەن ھەربىي دوختۇرخانى-نىڭ ئاق خالاتلىق خادىم ، خادىمەلىرى كرېست بەلگىلىك سومكا ۋە ساندۇقلىرىنى ئېسىپ ئۆتمەكتە ئىدى . شتاب ئوفىتسېرلىرى-نى باشلاپ ئۆتكەنلەرنىڭ ئالدىنقى رېتىدە جەڭگىۋار قەدەمگە قى-لىچىنى توغرىلاپ كاپىتان مۆمىنوف باراتتى .

دوختۇرلار قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ئەزىمەتلەرچە دەسسەپ ، جەڭ-گىۋار بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بارغان سىېسترا رەيھان ئىدى . ئۇنىڭغا ھەربىي يوپكا بىلەن پىلوتكا ۋە قىسقا قونچلۇق قىزىل چىگرىن ئۆتۈك ، بولۇپمۇ چېكىسىگە سەل سىڭارىيان قوندۇرۇپ قويغان يۇلتۇزلۇق ئىسپانكىسى شۇقەدەر ياراشقانىدىكى ، كۆرگۈ-چىلەرنىڭ جانلىرى سۆيۈنمەكتە ئىدى . ئارقىدىنلا ئاپتوماتچىلار ئەترىتى ، پىلىموتچىلار ئەترىتى ، مىناميوتچىلار ئەترىتى ئۆتتى . ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار مارشلىرىنىڭ ياڭراق ساداسى گۈزەل ئىلىخو ئاسمىنىدا پەلەكلەرگە پەرۋاز قىلاتتى :

كۈچلۈك قوللاردا قۇدرەتلىك قورال ،
گاڭغا ئايلاندى مۇشتۇملارىمىز .
بىزدە يېڭىلىش يوق ، چوقۇم بولمايدۇ ،
چۈنكى ئۆسمەكتە قوشۇنلارىمىز .

بۇلۇتلار ئارىلاپ ئېگىز ئۇچىدۇ ،
ئەنە ، ئاسماندا لاچىنلارىمىز .
يەردە تانكىلار ، مىنا ، زەمبىرەكلەر ،
دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىمىز .

يۇرۇڭلار بارايلى ئالدىنقى سەپكە ،
ئاتاكا قىلايلى دۈشمەننى قوغلاپ .
ئېتىلىڭ پىلىموتنى ، تاشلاڭ گراناتنى ،
دۈشمەنگە بېرەيلى ئەجەللىك دەككە .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغلىق ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

## ئالتاي ئوت ئىچىدە

ئاكوپ ئاتلىغان ئاتلار ،
تىزگىن سىيرىپ كىشنەيدۇ .

— ئاكوپ قوشاقلىرىدىن

### 1

گېنېرال ئىسھاقبېك گىلەملىك پولدا ئۇيان - بۇيان ماڭ-ماقتا . «سىۋېرناي» ماركىلىق پاپىرۇستىن ھە دەپ ئىس پۇرقى-راتماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئوت چاقنىغان كۆزى بىردىنلا تامدىكى لېنىن سۈرىتىگە قادىلىپ قالدى . بۇ جىددىي پەيتتە لېنىن ئۇنىڭ-غا نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە يول كۆرسىتىۋاتقاندەك تۇ-يۇلماقتا ئىدى . شۇ ئەسنادا ئىشىك چېكىلىپ پولكوۋنىك ئىمى-روف كىرىپ كەلدى .

— يولداش قوماندان ، چاقىرىقىڭىز بويىچە كەلدىم ، — ئۇ دوكلات قىلىپ تىك تۇردى . گېنېرال ئىمىروف بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا ئولتۇرۇش ئىجازىتى بېرىپ ئۆزىمۇ كرېسلوغا ئولتۇر-دى . ئۇنىڭ كەيپىياتىدا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان جىددىيەتنى كۆرگەن ئىمىروف بىرئاز ھەيران بولدى . گېنېرال كەسكىن تەلەپپۇزدا :

— ئالتاي قولدىن كەتتى، — دېدى.

— ھە؟ ... — ئىمىروف ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئوت چاقناشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تورمۇزىنى تەڭشەپ ئۇلگۇرگەن گېنېرال ئادەتتىكى تەمكىن تەلەپپۇزدا سۆزلەپ ئىمىروفقا ۋەقەنى ئۇقتۇردى.

گومىنداڭ جاللاتلىرى بىتىمگە تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، باندىت ئوسماننى ئالداپ سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ سېرىق پاچاق ئەسكەرلىرىنى قازاقچە ياساپ، ئوسماننىڭ ئېگىز تۇماق قۇيرۇقچۇقلىرىغا قوشۇپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، 1947 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېچىسىدە ئالتاينىڭ مەركىزى سارسۇمبە شەھىرىنى بېسىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمى ئارقىسىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتايدىكى دەلىلقان قىسىملىرى قۇبۇق ۋە دۆربىلجىنلەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

— ئالتاي ئوت ئىچىدە، ئالتاينىڭ بۇ نۆۋەتتىكى ئىشىغا يەنە سىزنى بۇيرۇيمەن، — دېدى گېنېرال.

— خوپ، خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشىغا ھەرقاچان تەييارمەن، — دېدى پولكوۋنىك كەڭ كۆكسىنى تىك تۇتۇپ، قوماندانلار ئارىسىدىكى كېڭەش يۇتكەندىن كېيىن، فرونت قوماندانى ئىمىروف جەڭگىۋار قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى.

كەچ. ئىمىروف كىرىپ كەلگەندە گېنېرال لېيتېنات ئىسھاقبېك ئۇستەل ئۇستىدىكى قالپاقلىق ئېلېكتر چىرىغى تۈۋىدە بىر نەرسە يېزىۋاتاتتى. ئۇ پولكوۋنىك ئىمىروفنى مەغرۇرانە كەيپىياتتا كۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ «ئالتاينى ئازاد قىلىش پىلانى»، تاللىغان ئوفىتسېرلىرى، تەلەپ قىلغان لاۋازىمات نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەستىقلىدى.

— قالغان ئىشلارنى دەللىقان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلار-سىلەر، — دېدى گېنېرال.

— خوپ، يولداش قوماندان، — دېدى پولكوۋنىك.

ئۇنىڭ تاللىغان ئوفىتسېرلىرىنىڭ تىزىملىكىنىڭ ئىچىدە ئالتاي شارائىتلىرىنى ئوبدان بىلىدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان كاپىتان مۆمىنوف بار ئىدى. ئىمىروف تېلېگرامما ئارقىلىق ئوتتۇرا يۆنىلىشتىن پودپولكوۋنىك خەمىتوف قاتارلىق بىر قانچە ئوفىتسېرنىمۇ كېچىلەپ چاقىرتىۋالدى. ئۇ، خەمىتوفنى بۇ قېتىمقى پەۋقۇلئاددە فرونت شتابىنىڭ باشلىقلىقىغا، مۆمىنوفنى بولسا ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا، گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ كۆرسەتمىشى بويىچە باش شتاب رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكىلىشى ئەمدىلا تەستىقلانغان بورتالا ساقچى ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى، پودپولكوۋنىك يۈسۈپجاننى رازۋېدكا ئىشلىرى مەسئۇللۇقىغا بەلگىلىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن، ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ شىۋىرغانلىق ئىدى. تەقمۇتەق بولغان «ئورال» ماركىلىق يېپيېڭى ماشىنىلار مەلۇم ئۇچاستىكىدا، جەڭگىۋار ھالەتتە قاتار تۇراتتى. شۇ كۈنى كېچىدىن بىلەن يورۇپ كەتكەن جەڭگىۋار قوشۇن ئىككىنچى كۈنى دۆربىلجىنگە ھەيۋەت بىلەن كىرىپ باردى. كېچىسى كوماندىۋاندىيە كېڭەشىدە ئالتاي قىسىملىرىنىڭ قوماندانى دەللىقان ئالتاينى ئۆزۈل - كېسىل ئازاد قىلىشقا قەسەمياد قىلدى. قانخور قۇيرۇچۇقلار بىلەن گومىنداڭ جاللاتلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمىز، دەپ جاكارلىدى. كوماندىرلار كېڭەشمىشى تاكى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. كېڭەشمىنىڭ ئاخىرىدا ئىمىروفنىڭ ئالتاينى ئازاد قىلىش يېڭى تاكتىكىسىنى ئاڭلىغاندا دەللىقان ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. ئۇ «قانداق تاكتىكا» ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بەتتىن كۆرىسىز.

# 2

— ھەي... كېمەڭنى بۇياققا ئەكەل.

— نېمە؟... ئۇ...

— سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ ئالتايغا بارىدىغان يۈكلىرى. كېمەڭنى تېز ئەكەل.

بۇرچىن كېچىكىدە يىگىرمە ماشىنا قاتار توختىغانىدى. ئۇ- نىڭدىن چۈشكەن ياغ چاپانلىق «شوپۇر» (ئۇ ئىمىروف ئىدى) قولىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ، دەريانىڭ قېشىدا تۇرۇپ ئۇ قاتتىد- كىلەرگە قازاقچە، رۇسچە ۋارقىرىدى. ماشىنىلارغا ئاق برېزېنت يېپىلغان. ھەربىر ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئىككىدىن «قىزىل ئەس- كەر» تولۇق ھەربىي فورما ۋە جەڭگىۋار ھالەتتە ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ سۇر شىنىل، تۆمۈر قالپاق، ئوغاق - بولقىلىق بايراق- لىرى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك ئىدى. ماشىنىلارغا بې- سىلغىنى «سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ يۈكلىرى» ئىكەنلىكد- نى ئاڭلىغان كېمىچىلەر كېمىنى ھەيدەپ كەلدى. مانا ئەمدى ئاخىرقى ماشىنىمۇ ئۆتۈپ بولدى. ئارقىدىنلا بىر پوشتەك بىلەن ئاق برېزېنتلەر ئاستىدىن ئىرغىپ چىققان مىللىي ئارمىيىنىڭ مىلتىق ۋە ئاپتوماتلىق جەڭگىۋار ئەزىمەتلىرى بۇرچىننىڭ ئىدارە - جەمئىيەتلىرىگە يۈگۈرۈپ كىرىپلا كەتتى. ئۇزۇن ئۆت- مەي قالايمىقان ئاۋازلار قايناشقا باشلىدى. شىددەتلىك جەڭ يېرىم سائەتچە داۋام قىلدى. قۇيرۇچۇقلار ئاتلىرىنى يايداق مى- نىپ پېتىراپ قاچماقتا ئىدى. ئاڭغىچە بىزنىڭ قازاق يىگىتلەر بۇ قوشۇنىنىڭ ئەلگە ئامانلىق ئەكەلگەن مىللىي ئارمىيە ئىكەنلىد- كى، خەلقنىڭ قورقماسلىقى، قورالى بارلارنىڭ قورالىنى تاپشۇ- رۇپ ئەل بولۇشى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇشنى باشلىۋەتكەنىدى. يىغا - زارلار پەسلەپ، ھەر خىل ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلىشقا باشلىدى. قازاق كەمپىرلەر بىلەن چاللار جەڭچىلەرنى كۆرگەنلە-

www.uyghurkitap.com

رىدە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قورال تۇتقان قوللىرىغا ۋە پېشانىلىرىگە سۆيەتتى.

بۇ چاغدا بۇرچىن بىلەن سارسۇمبە ئارىسىدىكى «ئالاقاق» يولىغا ئاتلىق بۆكتۈرمىلىرىمىز ئورۇنلىشىپ بولغىنىدى. ئارقىدىكى قۇبۇق بىلەن بۇرچىن ئارىسىدىكى ساۋۇر تاغلىرى قاپتىلىدا قالغان «بۆكتۈرمە» قىسىملارمۇ ساليوت بىلەن تەڭ ئات يۈگۈرتىپ يېتىپ كېلىشتى.

قىسىملار ئالاقاق تۆزلەڭلىكىدىكى كەڭ بىر جىراغا توپلانغاندا، بۇرچىندىن قاچقان قۇيرۇچۇقلارنىڭ قولغا چۈشكەن چوڭ توپى ئات - قوراللىرىدىن ئايرىلغان هالدا بىر چوڭقۇردا دۈگدەرىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا مەجبۇر قېتىلىپ قالغان بىر تۈركۈم قازاق ئەزىمەتلىرى مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىرىدىكى قازاقچە ياسىنىۋالغان گومىنداڭ «مەسلىھەتچىلىرى بىلەن رادىستلار»نى پاش قىلدى. دەلىلقان بىلەن پولكوۋنىك ئىمىروف ئەزىمەتلەر بىلەن ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى تېزلىكتە ئاتلاندۇردى. ئۇلار قوراللىرىنى ئۈنىتىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغانلىرىچە سارسۇمبىگە قاراپ كەتتى.

«بۇرچىندىن قېچىپ كەلگەنلەر» سارسۇمبىگە قويغا قاشقىر تەگكەندەك هاي - هايلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار «سوۋېتنىڭ مىڭ ماشىنىدا قىزىل ئەسكىرى كېلىپ بۇرچىننى بېسىۋالدى. بىز جېنىمىزنى ئېلىپ ئاران قېچىپ كەلدۇق. ئۇلارنىڭ قوراللىرى ئۆزى ماڭىدىكەن. تىرىك ئادەمنى يۇتۇپ كېتىدىغان، بالادەك زەمبىرەكلىرى بار ئىكەن، قاچمىساڭ تىرىك قالمايسەن، قاچ...» دېيىشىپ سارسۇمبىدىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە تاغ شەھىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

بۇ دەهشەتلىك خەۋەردىن قاتتىق هودۇققان ئوسماننىڭ باندىت قۇيرۇچۇقلىرى كۆرۈنگەننى بۇلاپ سارسۇمبىنى تاشلاپ بە-

دەر قاچتى .
مىللىي ئارمىيىنىڭ دەلىلقان بىلەن ئىمىروف باشلىغان قىد-
ىسىملىرى سارسۇمبىگە يېڭىباشتىن كىرىپ كەلگىنىدە ، بۇ تاغ
شەھىرى قىيامەت قايىنىمىغا ئايلانغانىدى . باشلىرى يېرىلغان ،
تەنلىرى تىتىلغان ، قولىلىرى سۇنغان ، كۆزلىرى قويۇلغان قا-
زاق ، ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، خۇيزۇ دەردمەنلەر قوماندانلارنىڭ ، كو-
ماندىر ۋە جەڭچىلەرنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ قانخور
گومىنداڭچىلار بىلەن قۇيرۇچۇقلاردىن قىساس ئېلىپ بېرىشنى
تەلەپ قىلاتتى .
دەلىلقان ماشىنا ئۈستىدە تىك تۇرۇپ ، توپلانغان جامائەتكە
ئالتاي ئاھالىسىنىڭ گومىنداڭ جاللاتلىرى بىلەن ساتقۇن ئوسمان
قۇيرۇچۇقلىرىنىڭ قانلىق تاپىنىدىن ئەمدى ئۇزۇل - كېسىل
ئازاد بولغانلىقىنى جاكارلىدى . بۇ چاغدا ، قايناق چۇقان ۋە ھۇررا
سادالىرى سارسۇمبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى .
ئاندىن دەلىلقان ئارمىيىگە كەسكىن بۇيرۇق بەردى :
— قۇيرۇچۇقلار قوغلانسۇن ! قورال تاشلاپ بويسۇنغانلارغا
زىيان - زەخمەت قىلىنمىسۇن ! قارشىلىق قىلغان دۈشمەن قەت-
ئىي قىرىپ تاشلانسۇن !

# 3

«قەھرىمان مىللىي ئارمىيە ئالغا !»
سەپلەرنىڭ ئالدىدا ئات سالغانلار مايور قوچقاروف ، كاپىتان
مۆمىنوف ، كاپىتان كەرگەبايوف ۋە كاپىتان بەختىيوفلار ئىدى .
سارتۆپىدىكى جەڭ تاكى كۈن قايرىلغۇچە داۋام قىلدى . قۇي-
رۇچۇقلار قانچە قېتىم دەۋرەپ كەلگەن بولسىمۇ ، ھەر نۆۋەتتىكى
ئەجەللىك زەربە بەدىلىگە يۈزلەپ ئۆلۈكلىرىنى قالدۇرۇپ قېچىش-
قا مەجبۇر بولاتتى . يۇرتنىڭ بېشىغا ، بولۇپمۇ قازاق خەلقىغە ،

بەتبەخت قۇيرۇچۇقلارنىڭ كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى ئۆز كۆ-
زى بىلەن كۆرگەن ، خالايىقنىڭ قانلىق زارىنى ، ئاھۇپەريادىنى ،
دۇئا - تەلەپلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ئەزىمەتلەر قەھ-
رىمانلىق جاسارەتلىرىنى نامايان قىلماقتا ، مەردلىكلىرىنى مەي-
داندا كۆرسەتمەكتە ئىدى .

كۈن ئېگىلىپ باراتتى . سارتۆپىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىكى
قاتتىق ئېلىشىش ئاقىۋەت قۇچاقلاشما جەڭگە ئايلىنىپ كەتتى
ئۆلۈپ دومىلاپ چۇشۇۋاتقان ئات ، ئادەملەرنىڭ ، ئوقلارنىڭ ئا-
ۋازلىرى ، ھۇررا سادالىرى ، قۇيرۇچۇقلارنىڭ ئەرۋاھ قىچقىرىپ
توۋلاشلىرى ، تاغ - تاشنىڭ گۇمبۇرلەشلىرى قوشۇلۇپ ، ئاسمان
ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك زىلزىلە پەيدا قىلماقتا ئىدى . ئاقىۋەت
تۆت سەپ بويلاپ ئاتاكىغا تەڭ ئاتلانغانلارنىڭ ھۇررا ساداسى بىلەن
باندىتلار بىتچىت بولۇپ قاچتى . شۇ ئەسنادا قىيادىن ئۆرلەپ
بىرىۋاتقان ئابدۇراخماننىڭ ئېتىغا ئوق تەگدى ۋە ئات سايغا دومى-
لاپ كەتتى . ئۇنىڭ كانۋىيى مۇرات ئېتىنى دالدىدا قالدۇرۇپ ،
چاتقال بىلەن قورام تاشلار ئارىسىدىن ئۆمىلەپ كەلگىنىدە ،
يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان ئابدۇراخمان ئۆلگەن ئاتنىڭ باغرى-
دا بىھوش ياتاتتى . مۇرات كوماندىرنى يۆلەپ ، ئۇنىڭ نەچچە
يېرىدىن يېرىلغان بېشىنى تىزىغا ئېلىپ تىڭشىدى ، ئېغىر نەپەس
ئالغىنىنى ئاڭلاپ يۈرىكى جايىغا چۈشتى .

— يولداش كوماندىر ، يولداش كاپىتان ، — دەپ چاقىراتتى
مۇرات . ئەتراپتىن ۋىژىلداپ ئوقلار ياغماقتا ئىدى . ئاڭغىچە
ئۆمىلەپ سىبىستىرامۇ يېتىپ كەلدى . ئۇ مۆمىنوفنى بۇ ھالدا
كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى - دە :

— ئاھ ... كاپىتان ... — دەپ ۋارقىرىۋەتتى . تونۇش ئاۋاز-
نى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاران ئاچقان ئابدۇراخمان :

— رەي...ھا ... نەم ... — دەپ ئاغزىنى ئارانلا مىدىرلى-
تالىدى .

— يولداش كاپىتان ... — رەيھان ، ئابدۇراخمانغا ئېڭىشىپ تەلمۈرمەكتە ئىدى . يەنە ئوق ۋىژىلدىدى . ئۇلار كاپىتاننى بۇ ئەپسىز يەردىن پەسكە يۆتكىمەكچى بولۇشتى . ئەپسۇسكى ، ئابدۇراخماننىڭ بىر قولى سۇنغانلىقى ئۈچۈن ، بويىنغا گىرە سالدۇرۇپ يۆتكەش مۇمكىن بولمىدى . رەيھان ئاخىرى سومكىسىدىن بىر بولاق بىنتنى ئالدى ـ دە ، بىر ئۇچىنى كانۋوي مۇراتقا تۇتقۇزۇپ ، بەللىك ياسىدى . ئۇنى ئابدۇراخماننىڭ كۆكرىكى ئارقىلىق قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ساق قولىنى ئۆزىنىڭ بويىنغا گىرە سالدۇرۇپ ، تەڭنە قىلىپ كۆتۈرگىنىچە تۆۋەنگە ئەچۇشۇپ كەتتى .

رەيھان ئابدۇراخماننىڭ يارىلىرىنى تېڭىۋېتىپ مۇراتقا ئىش تاپشۇردى ، مۇرات دەرھال ساي تۆۋىنىگە ئات چاپتۇرۇپ كەتتى . ئۇ يەردە شتاب لاۋازىمەتلىرى ئورۇنلاشقان ماشىنىلار بار ئىدى . رەيھانلارنىڭ ئەترىتى تۈنۈگۈن كېچىلەپ غۇلجىدىن ئالتايغا كېلىپ ، ئاشۇ ماشىنىلار بىلەن بۇ مەيدانغا يېتىپ كەلگەنىدى .

بۇيرۇق بويىچە رەيھان ئابدۇراخمانغا ھەمراھ بولۇپ ، رەندىلەرنى ئېلىپ ماڭغان ماشىنا بىلەن يەنە سارسۇمبىگە كەتتى .

## 4

دەھشەتلىك مەنزىرە مۇڭلۇق مازار كەيپىياتىنى ئالغانىدى . مىللىي ئارمىيىدىن ئەجەللىك زەربىلەرنى يەپ ، قان يۇتۇپ قاچقان قۇيرۇچۇقلار نېرىقى تاغنىڭ تازا يامان بىر يېرىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ رازۋېدكا ئىسكادرونى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى . قەھرىمان رازۋېدكىچىلار خىللانغان ئات ، قوراللارغا ئىگە بولسىمۇ ، ئەمما دۈشمەن بىلەن سان جەھەتتە كۆپ پەرق قىلغاچقا ، ھەرقانچە تىركەشسىمۇ ئاقىۋەت دۈشمەن ئاتلىرىنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالدى . قۇيرۇچۇقلار قەھرىمان رازۋېدكىچىلارنى ئاتقا دەسسى-

تىپ، قامچىلاپ، سىرتماق بىلەن سۆرەپ ئۆلتۈرگەنىنىڭ تاشايـ-نىدا، ئۇلارنىڭ بىر تۇركۇمىنى دەرەخلەرگە تېڭىپ، ئاستىغا ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت قويۇپ بېرىپ قاچقانىدى. بۇ يەرگە قوغلىغۇ-چى قىسىملار يېتىپ كەلگەندە، قوۋزاقلىرى كۆيگەن يېرىغان دە-رەخلەردە ئەللىك ئالتە ئەزىمەتنىڭ قاپقارا تەنلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇلار پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان، كاپىتان ھوشۇروۋ، ئابدۇكېرىم، پورۇتچىك ساغىتوف، پودپورۇتچىك قاناتبېك، پىر-راپورچىك توختىغۇلار باشلىق كوماندىر - جەڭچىلەر بولۇپ، تولىسى قازاق يىگىتلەر ئىدى[1].

مانا بۇ ئۆزلىرىنى «قازاق خەلقىنىڭ ھامىيسى، دىنىنىڭ ھىمايىچىلىرى» ھېسابلىۋالغان ۋەھشىي گومىنداڭ قۇيرۇقچۇقلىـ-رىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرىدىن قانلىق ۋە قايغۇلۇق بىر كۆرۈنۈش ئىدى.

كۆزى ئەمدىلا ئىلىنگەن كاپىتان مۆمىنوف زەمبىرەك ئوقىـ-نىڭ تاغ - تاشنى تىترىتىپ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— نېمە؟... ئوق ئاۋازىمۇ؟... — سورايتتى مۆمىنوف.

— ھەئە، ئوق ئاۋازى.

— نېمىگە ئېتىلغان ئوق؟

— ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى شەرىپىگە.

— ھە؟... نېمە؟... — ئابدۇراخمان بېشىنى كۆتۈرۈشكە تەمشەلگەنىدى. رەيھان ئىلدام كېلىپ تۇتۇۋالدى.

— يولداش كاپىتان، سىز مىدىرلىماڭ، — دەيتتى رەيھان بۇيرۇق ۋە يېلىنىش ئاھاڭىدا. ئاڭغىچە قاتىرىسىغا ئېتىلغان ئون بىر پاي زەمبىرەك ئاۋازى تاغ - تاشنى تىترىتىپ گۈمبۈرلىدى.

---

[1] ھاجى نەبى ۋەلىيوفنىڭ «كېرەي خەلقىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى» دېگەن ئەسىرىـ-دە: «يۇسۇپجان پولكوۋنىك باشلىق ئاتمىش كىشى توگەل ئوقتا تۇتۇلۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلـ-دى» دېيىلگەن.

ئاپئاق تۆشەكتە ئوڭدىسىغا يىتىپ سوكوتلوك نەپەس ئىلىۋاتقان ئابدۇراخمان بۇ ئاۋازنى كوچ بىلەن، ئىغىر موڭ بىلەن تىڭشىدىماقتا ئىدى. چونكى بۇ ئاۋاز 9 - ئاينىڭ 15 - كونىدىن باشلاپ ئوت ئىچىدە قالغان ئالتاينىڭ قايغولوق ئوتتوز بىر كونىنىڭ تاماملانغانلىقى، ئالتاي ئازادلىقى يولىدا قوربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ ئۆلمەس روهى ئوچون بىرىلگەن ئاداققى جەڭگىۋار سالىيوت ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

# تاشقا يېزىلغان تارىخ

مېنى كۆتكىن ۋە مەن قايتارمەن ،
ئۆلۈملەرنى قالدۇرۇپ داغدا .
ئىشى ئوڭدىن كېلىپتۇر دېسۇن ،
كۆتمىگەنلەر مېنى شۇ چاغدا .

— «مېنى كۈتكىل» ناملىق شېئىردىن

## 1

ئالتاي فرونتىدىن غەلىبە بىلەن قايتقانلار ئەمدى يەنە ئېھتىياج فرونتلىرىغا بارماقتا ئىدى . ئابدۇراخمان مۆمىنوفقا ئالاھىدە بۇيرۇق بويىچە مايورلۇق ئۇنۋانى ۋە «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنى بېرىلگەن ، يارىسى خېلى ئوڭشالانغاندىن كېيىن غۇلجىغا ئالاھىدە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۇ ئەمدى كەڭسايدىكى ساناتورىيىدە دەم ئالماقتا ئىدى . ساپ ھاۋالىق بۇ گۈزەل ساناتورىيە ئۇنىڭغا پەقەت جىسمانىي ۋە روھىي دەرمان بېغىشلاپلا قالماستىن ، بەلكى «ئىدىلىخودىكى كۈنلەر» ناملىق خاتىرىسىنىڭ نۆۋەتتىكى بۆلۈملىرىگە «كەڭسايدىكى گۈزەل ساناتورىيە»دىن ئىبارەت مۇنەۋۋەر بابلارنى بەخش ئېتىپ ، ئۇنى كەڭتاشا تەسۋىرلەش ۋە تەرىپلەشنىڭ يېتەرلىك ئىمكانىيەتلىرىنى بەرمەكتە ئىدى . ئۇ ، تەلكىدىن تارتىپ ،

تاكى سايرام ساھىلىگىچە بولغان بۇ گۈزەل ۋادىنى خۇددى شائىرا-
نە تەسۋىرلەپ، قەلەم قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە يازماقتا ئىدى.
تەلكە ئورمانلىرى ئارىسىدىكى ھەسەل ساندۇقلىرى، گۈل-
گىياھلارنىڭ گۈزەللىكى، كۈمۈشتەك سۇنىڭ ئۇرغۇپ ئېقىشلى-
رى، كەڭسايىنىڭ چەشمە بۇلاق، بۈيۈك داۋانلىرى، ئاق باش تاغ
ئۈستىدىن قارىغاندا گۈزەل سايرامنىڭ خۇددى تاشئەينەكتەك
كۆن نۇرىدا يالتىراپ كۆز چاقنىتىشلىرى، ئۇ يەرلەردىكى ئاق
ئۆيلەر، يامراپ يۈرگەن ماللار، يېشىل توقايلاردىكى تاغ ئالمىلى-
رى، سۆلەتلىك قارىغايلار سايىسىدىكى كۆپكۆك چىمەنلەردە ئارام
ئېلىۋاتقان ئاتلار، ئاق خالاتلىق سانىتاركا قىزلاردەك چىرايلىق
قېيىنلار ۋە بۇدۇر چاچلىق جانانلاردەك مەجنۇنتال، تاغ تېرىكى
ۋە بۆلجۈرگەنلەر؛ كەڭساي بولىكىخانىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس-
سىق ناننىڭ خۇش پۇراقلىرى، دوختۇر دورىلىرىنىڭ گۈل-
گىياھ ھىدلىرىغا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاجايىپ بىر
تۇرلۇك يېقىملىق تۈيغۇنىڭ تەنگە ھۇزۇر، كۆڭۈلگە ئارام بېغىش-
لاپ جاننى جەۋلان قىلدۇرۇشلىرى سەھىپىلەردىن خۇددى ماھىر
رەسسام كارتىنىسىدەك مۇناسىپ ئورۇنلارنى ئالماقتا ئىدى.
خۇش ناۋالىق بىر ئەتىگەن ئىدى. ئابدۇراخمان ئادىتىچە
بالدۇر تۇرۇپ تالاغا چىقتى-دە، ئۆزىگە تونۇش بۇلاق بويىغا
ماڭدى. ئۇ تاشلار باغرىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان بۇلاق يېنىدىكى
يېشىل دۆڭدە — يوغان چىپار تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سۈزۈك
سۇنىڭ ئۇرغۇپ ئېقىشلىرىنى ۋە بۇلبۇلنىڭ ئەتىگەنلىك پەيزىنى
سۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇلبۇللار تاغ-تاشنى تىلغا كىرگۈ-
زۈپ چاڭلداپ سايرىماقتا؛ ئەتىگەننىڭ شوخ ۋە ئويناق ھاۋاسى
يۈز-كۆزنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە، كۆڭۈلنى ئۇرغۇتۇپ، يۈرەك-
لەرنى ئەركىلىتىپ باغ-باغ ئەتمەكتە ئىدى. ئاشۇنداق ئارامى
پۇرسەتلەردە چېلىنغان پۇشتەك ئاۋازى تاغلار تىنچلىقىنى بۇزدى.
دەسلىپىدە «بۇگۈن نېمىشقا بالدۇر پۇشتەك چېلىندى-ھە؟»

دەپ ئويلىغان ئابدۇراخمان غۇلجىنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى شۇ ھامان ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئورنىدىن ئىلدام تۇردى ــ دە، تەييارلىق ئۈچۈن ياتاققا ماڭدى.

ئۇ كەلگەندە سېستىرا قىزلار ئاپئاق كىرلىكلەرنى يېيىۋاتقان ئورۇن ــ كۆرپىلەرنى خۇددى قىلىچتەك قىر چىقىرىپ يىغىۋاتقان ئىدى. بۈزغۇن چاچلىق، ئاق پوسمىلاق شورا ئابدۇراخمانغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ:

— ياخشىمۇسىز، يولداش مۆمىنوف؟ — دېدى.

— ياخشى، شورا قىز، بۈگۈن پەيزىڭلار باشقىچىغۇ؟

— مانا، يولداش مۆمىنوف سىزگە، — شورا ئەركىلەپ تۇرۇپ قولتۇقىدىكى چىرايلىق قىر چىقىرىپ قاتلانغان ئاق سۇرۇپ كۆڭلەك ـ تامبالنى ئابدۇراخماننىڭ ئاق ياستۇقى ئۈستىگە قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. شورا ئالىيۇمىن كۈرۈشكىلارنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە ئابدۇراخمان ياسىنىپ بولغانىدى. ئۇ كىيىنىشلىرىنى شوراغا تەستىقلاتماقچى بولۇۋىدى، شوخ قىز ئىلدام ئالدىغا كېلىپ:

— سىمىرنا، — دەپ كوماندا بەردى. مۆمىنوف تاققىدە تىك تۇردى. شورا ئۆزىگە خۇددى كوماندىرلارچە سۈر ۋە سالاپەت بېرىپ مايورنى تەكشۈرمەكتە، ئۇيەر ـ بۇيېرىنى تۈزەشتۈرمەكتە ئىدى. ئۇ، ئابدۇراخماننىڭ ياسىنىشىنى تولۇق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ بولغىنىدىن كېيىن، ئابدۇراخماننىڭ ئۇدۇلىدا جەڭگىۋار ھالەتتە تىك تۇردى ـ دە:

— ۋولنا، — دەپ، راھەت كوماندىسى بېرىپ كۈلگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئابدۇراخمان تالاغا چىققاندا بىر توپ جەڭچىلەر ئاشخانا ئالدىغا سۇ سەپمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا سايرام تەرەپتىن، ئېگىز داۋاننىڭ بۇلۇت سۆيگەن شەرقىي تاغ ماڭلىيىنى سۆيۈپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈننىڭ ئالتۇن نۇرلىرى كەڭسايدىن ئىبارەت بۇ گۈزەلـ

www.uyghurkitap.com

لىك ۋادىسىغا سىۋىت بىرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . يېشىل قارى-
غاي ، ئاق قېيىن ، تال ـ تېرەك ۋە گۈل ـ گىياھلارنى ئارىلاپ ،
تاشتىن تاشقا سەكرەپ ئېقىۋاتقان كەڭساي بۇلاقلىرىنىڭ كۈمۈش
سۇلىرى بىلەن يېشىل يوپۇرماقلاردا ئەكس ئەتكەن كۈننىڭ ئال-
تۇن نۇرلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرماقتا ئىدى . شۇ ئەسنادا پۇش-
تەك چېلىنىۋىدى ، ھەممەيلەن ئاشخانا تەرەپكە مېڭىشقا باشلىدى.
ئابدۇراخمان تىزىۋېتىلگەن نەرسىلەرنى كۆرۈپ خوجىلىق خادىم-
لىرىغا چاقچاق قىلاتتى :

— نەسىردىن ئەپەندى خۇدانىڭ ھەممە كۈنى بايرام بولسى-
چۇ ، دەپتىكەن...

— يولداش مايور ، — دەپ سۆز باشلىغان قىزىل پاگونلۇق ،
خام سېمىز ، ئاق سېرىق پۇروتچىك ھەسەلگە مىلەنگەن ئاپئاق
بولكىنى ماچىلدىتىپ چايناۋېتىپ ، پىخىلداپ سۆزلەيتتى ، —
يولداش مايور ، بۆلەك كۈنلەرمۇ بۇ كۈندىكىدىن قېلىشمايدىغۇ ؟
پەقەت ئۈچ كۈنلا شېكەر يوق بولۇپ قالدى . ھېلىقى قاپاق باش
زاپخوز ئېغىر مەست بولۇپ ۋاقتىدا چىقالمىغانلىقتىن ...

— چاقچاق ـ دە ، يولداش پۇروتچىك ، — دەيتتى مۆمىنوپ
كۈلۈپ .

## 2

«گارنىزون دىققەت ! ھۆرمەتكە ئوفىتسېرلار... »

جەڭگىۋار كوماندا ئاۋازى تاغ ـ تاشتىن سۇرلۇك سادا قاي-
تۇرماقتا ئىدى . دىجورنى ھۆرمەت قەدەملىرى بىلەن كەلگىنچە
ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان رەھبەرلەرگە ھەربىي سالام بىلەن دوكلات
قىلدى :

— يولداش گېنېرال ، مېھمانلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن
كەڭساي گارنىزونى مەيداندا تەييار ، دىجورنى كاپىتان بەختىيا-

روف .

گېنېرال ئىسھاقبېك بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى بىر پىكاپتا بولۇپ ، ئۇلار ئىككى تەرەپتىن چۈشكەندى . ئىلگىرى كەلگەن دىجورنى گېنېرالغا دۈچ كېلىپ قېلىپ ئۇنىڭغا دوكلات قىلىشنى باشلىغاندا ئەخمەتجان قاسىمى كېلىپ سالامغا قول كۆتۈرۈۋېتىپ، ھودۇققان دىجورنى «راھەت» دەيمەن دەپ «ھۆرمەت» دەپ ۋار-قىرىۋەتتى . بۇ چاغدا تاتلىق كۈلۈمسىرىگەن ئەخمەتجان قاسىمى «راھەت» دەپ كوماندا بېرىپ قويۇۋىدى ، ئەتراپتا كۈلكە كۆتۈ-رۈلدى . قىزارغان دىجورنىنىڭ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى . ئاشخىچە ئۈچ چوڭ ماشىنا كېلىپ قاتار تۇردى . ئۇلاردىن ھال سوراش ئۆمىكى-نىڭ يۈك - تاقلىرى ۋە سەنئەتچىلەر چۈشمەكتە ئىدى . مېدىتسى-نا گۇرۇپپىسىنىڭ قاتاردا رەيھانمۇ بار ئىدى . ئۇنىڭ نۆكچە بوي زىلۋا قامىتىنى ماش رەڭ ھەربىي يوپكا بىلەن پلوتكا شۇنچە گۈزەللەشتۈرگەنىدىكى ، بۇ سۇمباتقا كۆكسىدىكى «ساداقەت» مې-دالىنىڭ قوشۇلۇشى خۇددى گۈلزار ئىچىگە ئېلېكتىر لامپۇچكى-سىنى يورۇتۇۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ ئويناق كۆزىگە بى-رىنچى بولۇپ ئۇچراشقىنى مايور مۆمىنوفنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى بولسىمۇ ، لېكىن شۇ مىنۇتلارنىڭ پۈرسىتى پەقەت نېرىدىن قا-راشقىلا ئاران ئۈلگۈرەتتى . ھال سوراش مۇراسىمى ۋاقتىدا ئەخ-مەتجان قاسىمى ئادىتىچە ئاز ، ئەمما ساز سۆز قىلدى . ئاندىن گېنېرال ئىسھاقبېك مۆمىنوف قاتارلىقلارغا مېدال تەقدىم قىلدى . ئۇ ، مايور ئابدۇراخمان مۆمىنوفنىڭ كۆكسىگە «ساداقەت» ، «باھادىرلىق ئۈچۈن» دېگەن مېدالنى قوشلاپ تاقى-غاندا گۈلدۈراس ئالقىشلار كەڭسايى ساھىلىنى بويلاپ يىراق - يىراقلارغا تارقالماقتا ئىدى . نۆۋەتتە سانا تورىيىدىكىلەرگە ۋاكالىتەن مايور مۆمىنوف سۆز قىلدى . ئۇ :

— ۋەتەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ، ئانا سۈتىنى ئاقلاش ، شانۇ شەرەپنى ساقلاش ئۈچۈن ، جېنىمىز پىدا ، — دېدى ، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ئوبدان ئوخلانغىنىنى ئېيتىپ، ئەمدى قىسمغا، خىزمەت ئورنىغا ئەۋەتىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاخىرىدا ئويۇن باشلاندى. ئىلى تىياترىنىڭ ئاتاقلىق ناخشىچىسى تۇرسۇنئاي نۆۋىتىدە «ئوقۇپ ... ئوقۇپ» دېگەن ناخشىسىنى ئىجرا قىلغاندىمۇ خۇددى ئابايامقىدەك قايناق چاۋاكلار تاغۇ تاشنى تىترىتىۋەتتى.

## 3

ئەخمەتجان قاسىمى گېنېرال ئىسھاقبېك بىلەن مۇڭداشقاچ مېڭىپ، ئارامى پۇرسەتلىرىنى ساي ساھىلىدىكى يېشىل قىرغاقلاردا ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئارتىسكىلار بولسا، سۇ بويلىرىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ رەڭدار گۈللەردىن تۈتام ـ تۈتام دەستىلەپ تىزماقتا ۋە بەزىلىرى كىمخابتەك چىمەنزار ئارىسىدىن «تۆتقۇلاق» ئاختۇرۇپ يۈرمەكتە ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن گېنېرال سايىنىڭ بىر يېرىگە بارغاندا سول تەرەپكە بۇرۇلدى ـ دە، يان بېغىرلاپ ئېگىزلەشكە باشلىدى. سەل ماڭغاندىن كېيىن ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ كۆزى كۆكتاش باغرىغا قېنىق قىزىل رەڭ بىلەن يېزىلغان خەتكە چۈشتى. ئۇ توختاپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. خەت ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئەمما مەزمۇنى راۋان ئىدى. ئەخمەتجان ئەپەندى رەسمىي شېئىرىي تەلەپپۇزدا، رىتىم ۋە تۇراقلىرىنى تولۇقلاپ ئوقۇشقا باشلىدى:

مىلتىق ئۇچى نەيزىدە،
تاشقا تارىخ خەتلىدۇق.
گومىنداڭغا قارىتىپ،
ئوت، ئوقلارنى بەتلىدۇق.

قىساس ئوتى يالقۇنلار،
قەلبىمىزنىڭ قېتىدا.

www.uyghurkitap.com

ئاكوپلاردىن ئاتلىدۇق،
ئىلىخونىڭ ئىچىدا.

ئاتاكىدا ئوق تېگىپ،
يارىلاندى پېشانەم.
گۈزەل كەڭساي تېشىدا،
قالسۇن مېنىڭ نىشانەم.

قەشقەر ئوغلى يازدىم مەن،
ئۆچمەس قىلىپ خېتىمنى.
ئەسلەر مۇندا كەلگەنلەر،
ئابدۇراخمان ئېتىمنى.

ئەخمەتجان قاسىمى بۇ شېئىرنى يۇقىرى ئىنتوناتسىيە بىلەن يەنە بىر تەكرارلىدى ـ دە، «ئابدۇراخمان ئېتىمنى ...» دەپ ئاستا پىچىرلىدى. شۇ ئەسنادا، غولنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن تۆۋەنلەپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئوفىتسېرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئابدۇراخمان سەپداشلىرىنى ئاستا تارتقۇچلاپ توختاشقا ئۈندىدى. گېنېرال ئۇلارغا كېلىۋېرىشكە ئىشارەت قىلدى. ئوفىتسېرلار ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، تەڭ قەدەملەر بىلەن پەسلەپ كەلمەكتە ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئابدۇراخمانغا قول ئۇزىتىۋېتىپ:

— ئابدۇراخمان سىزمۇ؟ — دېدى.

ئابدۇراخمان ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى. ئەپەندىم ئۇنى مېداللىرى ئۈچۈن يېڭىباشتىن تەبرىكلىدى ۋە شېئىرنىڭ بىر يېرىگە مۇنداق پىكىر بەردى:

— «ئەسلەر مۇندا كەلگەنلەر» دېگەننىڭ ئورنىغا «ئەسلەر ئەزىز ئەۋلادلار» ياكى «ئەسلەر ئەبەد ئەۋلادلار» دەپ ئېلىنسا قانداق؟

تېخىمۇ ئۇئۇيسىزلىنىشقا باشلىغان ئابدۇراخمان :
— بولىدۇ ... بولىدۇ ... — دېگەننى ئاران دېيەلىدى. ئاندىن ئەخمەتجان قاسىمى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولى ئۆز نۆۋىتىدە قورالنىڭ رولىدىن كەم ئەمەسلىكىنى ئېيتتى :
— بىزدىمۇ كەلگۈسىدە گۈللەنگەن ئەدەبىيات - سەنئەت بولىدۇ ، مەدەنىيەت - مائارىپنى ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرمەي تۇرۇپ خەلقنى ئويغاتقىلى ، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ ، — دېدى . گېنېرال بولسا ، سۇرلۇك سالاپىتى بىلەن باش ئىشارىتى ئارقىلىق بۇ قاراشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە ئىدى . ئەخمەتجان قاسىمى مېڭىشقا تەمشىلىۋېتىپ :
— يولداش مۆمىنوف ، سىز يېزىڭ . يېزىشنى تاشلىماڭ ، سىزنىڭ قەشقەردىن چىقىپ ، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىنقىلابىي سەپكە ئۆتكىنىڭىزگىچە بولغان ۋەقەلەرنىڭ ئۆزى چوڭ بىر تارىخ . چوقۇم يېزىشقا تېگىشلىك ، يېزىلماي كۆمۈلۈپ قالسا ، ئۇۋال بولىدىغان بىر ئاجايىپ تارىخ . ئۇلارنى چوقۇم يېزىش كېرەك ، سىز چوقۇم يېزىڭ ، — دېدى .
— خوپ ... بولىدۇ ، ئەپەندىم ، — ئابدۇراخمان ئەمدى تېخىمۇ غالىبانە قەدەم بىلەن چاماپ دوستلىرىغا ياندىشىپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇ ، ئەخمەتجان قاسىمىدەك بىر كاتتا رەھبەرنىڭ مۇنداق بىر ئاددىي ئوفىتسېرنى شۇنچە مۇپەسسەل بىلگىنىگە ھەيران قالماقتا ئىدى . ئۇ ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ پەقەت ئادەتتىكى بىر رەھبەرلا ئەمەس ، بەلكى ھەممە بىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار بىر ئىلمىي ئەرباب ئىكەنلىكىنى ئانالىز قىلىپ باراتتى .

## 4

— سالام ، يولداش مايور ، — ئىشىكتىن كىرىپلا تاقىقىدە توختاپ چاس بەرگەن رەيھان تېخىچە قولىنى چۇشۇرمەي تىك تۇراتتى . ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر شەپقەت ھەمشىرىمۇ ھەمراھ

ئىدى . قىزلارنىڭ جەڭگىۋار سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىلدام كەلگەن ئابدۇراخمان ھەر ئىككى قىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوستانە تەبرىكلەشتى . ئاڭغىچە ئاق ئاليۇمىن چۆگۈندە چاي ئېلىپ شورىمۇ كىردى . ئابدۇراخمان ئۇنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . چىچەن شورا «ھازىر كىرىمەن» دېدى ـ دە ، بىر تۇرلۇك تاتلىق كۇلۇمسىرى-گىنىچە ۋالىلداپ تۇرىدىغان بۇژغۇن چاچلىرىنى يەلپۈتۈپ چىقىپ كەتتى . ئابدۇراخمان ئاق سىرلىق تومپۇچكىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن تاشكەنتنىڭ مەشھۇر قۇلۇپنىك مۇرابباسى ، ئالمائاتىنىڭ چاقماق قەنتى ، قىرغىزىستاننىڭ بىلىق كونسېرۋاسى ۋە كەڭسايىنىڭ ساپ-سېرىق ھەسلىنى ئالدى . رەيھانمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سومكىسىنى سىڭگارىيان قىلىپ غۇلجىنىڭ ئاتاقلىق لىمون ، مەنپەسى ئالمىلى-رى ۋە سىيادان سەپكەن توقاچلىرىنى ئېلىپ ئۈستەلگە تىزدى . كۆپ ئۆتمەي شورا يەنە كىرىپ كەلدى . ئۇ ، ئابدۇراخماننىڭ رۇسچە نېمىلەرنىدۇر دېيىشى بىلەن ئىلدام چىقىپ كەتتى ـ دە ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىككى ئوفىتسېر بىلەن ئىككى سېسترا قىزنى باشلاپ كىردى . ئابدۇراخمان ھەر ئىككى تەرەپنى بىر ـ بىرىگە تونۇشتۇردى . شۇ جۈملىدىن شورانى ئالاھىدە تىلغا ئې-لىپ : «غۇلجا نوۋگورتتىن . ئەسلىي پېروتكا ، ھازىر مېنىڭ رۇسچە مۇئەللىمىم» دېدى . شورا خۇش تەبىئەتلىك قىز ئىدى . ئۇ ، ئابدۇراخماننى ئۆز ئاكىسىدەكلا ياخشى كۆرەتتى . چۈنكى بۇ ئىككىسى خەنزۇ تىلىدا تولا مۇڭدىشاتتى . شورانىڭ دادىسى ۋاڭ ئۇستا سائەت ياسايدىغان كىشى بولۇپ ، ئىلغار ئىدىيىلىك ، ئىنـ-قىلابىي ئىرادىلىك ئادەم ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ دەرپەر دېرىزىلىك ئەپچىل دۇكىنىنى ئىلىدىكى ئىلغار خەنزۇ ئىنقىلابىي كۈچلىرى-نىڭ مەخپىي مۇنبىرى ۋە ياكى ئۆز ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا ، بىر مۇھىم پونكىتىغا ئايلاندۇرۇپ ، ئالاھىدە ئىش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاقىۋەتتە بىر جاسۇس مۇناپىقنىڭ كاساپىتىدىن

گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھارپىسىدىكى قانلىق بېسىقتۇرۇشنىڭ بىر كېچىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن . بۇ ئەھۋاللاردىن ئاپىسى داشا ئارقىلىق تولۇق خەۋەر تاپقان شورا ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا پىدائىيلارنى تىزىملاش پونكىتىغا كېلىپ ئەسكەرلىككە خەتلەنگەن . ئاپىسى داشا يىغلاپ تۇرۇپ : «مېنىڭ ئوغلۇم يوق ، مۇشۇ قىزىم گومىنداڭ قاتىللىرىدىن دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ » دېگەن . شورا ئاپىسىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇرۇش سەپلىرى ، بولۇپمۇ لەڭشاڭ ئۇرۇشىدا ئاتاقلىق مىللىي قەھرىمان رىزۋانگۈل ھاشىم قاتارلىق قىزلار بىلەن بىللە سېستىرالىق قىلىپ ، قانلىق مەيدانلارنى مەيدىسى بىلەن ئۆمىلەپ كېزىشلەر ئارقىلىق ئاجايىپ جاسارەت كۆرسىتىش ئەسناسىدا گرانات پارچىسى تېگىپ ئىككى يېرىدىن يارىلانغان ، «پىدائىي » ۋە «ساداقەت » مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان . ھەربىي گوسپىتالدا ئوبدان داۋالانغاندىن كېيىن «كەڭساي ساناتورىيىسى » تەشكىل قىلىنغاندا بۇ يەرگە كەلگەنىدى . باياتىن بېرى تەكلىپ ۋە تەكەللۇپ بىلەن بەند بولۇپ كەتكەن ئابدۇراخمان ئەمدى رەيھانغا قاراپ :

— رەيھانەم ، سىز سەنئەتچى دوستلىرىڭىزدىن بىرقانچىسىنى باشلاپ كىرسىڭىز قانداق ؟ — دېۋىدى ، رەيھان دەرھاللا تالاغا ماڭدى . ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇرسۇنئاي ، گۈلسۇمئاي ، تۇران قاتارلىق تۆت قىز بىلەن ئىككى يىگىتنى باشلاپ كىردى . ئولتۇرۇش ئەمدى يېڭىباشتىن جانلىنىپ كەتتى . ناخشا ـ ناۋانىڭ شوخلۇقى شەرقىي تەرەپتىكى جانلارنى جىلۋىلەندۇرۇپ ، قۇلاقلارنى دېرىزىلەرگە داخىل قىلماقتا ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## يەتتىنچى باب

# غۇلجىدا

### 1

مايور مۆمىنوف باش شتابنىڭ ئوقتۇرۇشىنى ئالغانىنىڭ ئەتىسىلا ساناتورىيە بىلەن خوشلىشىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ، ئۈچىنچى كونى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەلىپى ۋە تەكلىپى بويىچە ئۆزىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۈچۈن گوسپىتالغا باردى. سېستىرالار بىلەن مەجلىس ئېچىۋاتقان رەيھان ئابدۇراخماننىڭ ئالدىغا ئىلدام چىقىپ كەلدى ـ دە، كۆرۈشۈپ تۇرۇپ:

— كىرگىنىڭىزنى تونۇگۈن ئۇققانىدىم، — دېدى.

— كىمدىن؟

— شامالدىن، — قىز كۈلۈپ جاۋاب بەردى.

— شامالمۇ سىزنىڭ مەيلىڭىزگە مايىل ئىكەن ـ دە، — دېدى ئابدۇراخمان چاقچاق قىلىپ.

رەيھان ئابدۇراخماننى ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. تېگىشلىك ئىشلار پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنى بۆلۈمگە باشلاپ كىردى ـ دە، پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. رەيھان نېمىشقىدۇر بىر تۈرلۈك قىزىرىپ ۋە ئەركىلەپ تۇرۇپ شورا ھەققىدە سوئال قويدى.

— ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى قىز، — دېدى ئابدۇراخمان جاۋابەن.

— ياخشى قىز ئىكەن، چىرايلىق ئىكەن، — رەيھان بىلد-

نەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى . ئابدۇراخمان قىزنىڭ قىلىقىدىن ئاللىنېمىلەرنىدۇر ھېس قىلدى ۋە ئەتەي گەپ ئاچتى :

— شورا ھەققىدە سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— چىرايلىق قىز ئىكەن ، ئۇنىڭغا مېھرىم چۈشۈپ قالغانىدى ، شۇڭا مېھرىمنى ئۈزەلمەيۋاتىمەن ، — رەيھاننىڭ ئۈنلىرى سەل ئېگىز - پەس چىقماقتا ئىدى . شۇ ئەسنادا ئاق پوسمىلىق دىجورنى دوختۇرنىڭ ئىشىكتىنلا گەپ قىلىپ كىرىشى ئارىدىكى سۈكۈتنى تۈگەتتى . ئابدۇراخمان رەيھان ۋە دوختۇر بىلەن خوشلىشىپ ئۇزاش تەرەددۇتىنى قىلدى .

ئابدۇراخمان كېتىۋېتىپ ئويلايتتى : رەيھان شورا ھەققىدە گەپ سورىغاندا نېمە ئۈچۈن قىزىرىدۇ ؟ ئۇ مېنى ئالا كۆڭۈل دەپ ئويلامدىكىنا ؟ ھەر ھالدا قىزلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا سەگەكرەك بولۇش زۆرۈر ئىكەن . ماشىنىنىڭ سىگنالى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزدى . ئۇ كەينىگە قايرىلىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان رەيھاننى كۆردى - دە ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ تېرەكلىك كوچىغا كىرىپ كەتتى .

كەچقۇرۇن ئىدى . تېلېفون جىرىڭلىدى . ئابدۇراخمان تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى - دە ، تەمكىن ئاۋازدا :

— كىم ؟ — دەپ سورىدى .

— مەن قاسىموف ، تۈنۈگۈنكى ۋەدىمىز بويىچە بۈگۈن كەچتە رەيھاننىڭ يېنىغا بارمايمىزمۇ ؟

— بۈگۈن گوسپىتالدا رەيھانەم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم ، ئىشلىرى بەك ئالدىراش ئوخشايدۇ .

— ھە ، شۇنداقمۇ ؟

— ھەئە ، شۇنداق .

— ھەي ئابدۇراخمان ، ئۇنداق بولسا ، ئاخشاملىققا كىنو كۆرىمىزمۇ ؟

— نېمە كىنو ئىكەن ؟

— «تاشكۆل» .
— «تاشكۆل ؟»
— ھەئە .
— ماقۇل ، كۆرسەك كۆرەيلى ، ئېسىل كىنو ئۇ .
— ئۇنداق بولسا ، مەن بېلەت ئېلىپ ساقلاپ تۇرىمەن .
— ماقۇل ، قەيەردە ئۇچرىشىمىز ؟ قايسى كۇلۇبتا ئىكەن ؟
— ئۆزبېك يازلىق كۇلۇبىدا . مەن توغراكۆۋرۈكتە ، شۇ كۇلۇبنىڭ دوقمۇشىدا ساقلاپ تۇرىمەن .
— سائەت نەچچىدە ؟
— سەككىزدە .
— ......

ئاخشام ئىدى . ئاي ئىلى ۋادىسىغا گۈزەللىك نۇرلىرىنى ئايىماي تۆكەتتى . ئېلېكتىر نۇرلىرىغا چۈمگەن توغراكۆۋرۈكتە بولسا ھايات قايىنىماقتا ئىدى . ھۆپپىگەرلەر بىلەن خادىكچىلارنىڭ خېرىدار قىچقىرىپ توۋلاشلىرى ، ئاشخانىلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا ۋە پاتېفون ئاۋازى ، مەستلەرنىڭ ھەر خىل ۋارقىراشلىرى بۇ قاينام - تاشقىنلىق كوچىنى دولقۇنلار دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى . تۈرلۈك تاماقلار ، ئالما ، ئۈزۈم ، كاۋاپ ۋە باشقىلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى كۆزلەرنى ئوينىتىپ ، كۆڭۈللەرنى كۈلدۈرەتتى .

گارنىزون تەرەپتىن كەلگەن قاسىموفلار قاتارلىشىپ «نومۇر»[1] نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ يېنىدا يولدىشى زۆھرەبۇۋى ، قىزى مېھراي ۋە ئۇنىڭ بىر قولىنى تۇتقان رەيھان كېلىۋاتاتتى . رەيھاننىڭ يېنىدا خۇرشىدە دېگەن دوستىمۇ بار ئىدى . كۆپ ئۆتمەي ئابدۇراخمانمۇ يېتىپ كەلدى . ئۇلار قاتارلىشىپ كىنوخانا تەرەپكە ماڭدى .

---

① نومۇر — ئىككى قەۋەتلىك مېھمانخانا بولۇپ ، توغراكۆۋرۈكنىڭ دوقمۇشىدا ئىدى .

## 2

«مەجرۇھلار جەمئىيىتىنىڭ باش ماگىزىنى»دا سودا ـ سې-تىق راسا قىزىماقتا ئىدى . يېڭى مال كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئابدۇراخمان قىبلىگە قارىغان ماگىزىن ئىشىكىنىڭ سېمونت پەلەمپىيىدە زۆھرەبۇۋى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى . ئۇنىڭ قولتۇقىدا سىپتا رەختلەر ۋە كەڭ ئەنلىك ۋولتا قاتارلىق گەزلىمىلەر بار ئىدى . ئابدۇراخمان ئاغىنىسىنىڭ چو-كىنىدىكى چىرايلىق رەختلىرى ، يېڭى ئۆتۈكلىرى بىلەن مۇ-بارەكلىدى .

— چىرايلىق ئىكەن ، ئەرزان ئىكەن ، ئاپامغىمۇ ، ئانىڭغىمۇ ئالدىم ، — دېدى زۆھرەبۇۋى كۈلۈپ ، — سىزمۇ ئوبدان نەرسى-لەردىن ئېلىپ قويۇڭ ، كېرەك بولۇپ قالار ، ئىزدىگەندە تېپىل-ماي قالمىسۇن يەنە ، — دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى . زۆھرەبۇ-ۋى كېتىۋېتىپ ئابدۇراخماننى ئۆيىگە تەكلىپمۇ قىلدى .

ئابدۇراخمان ماگىزىندىن رەڭگارەڭ ماللارنى كۆرۈپ ، مەج-رۇھلار جەمئىيىتىگە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكى-نى ، جەمئىيەتنىڭ كونسايىن بېيىپ ، ئەل ئازادلىقى يولىدا مې-يىپ بولغان ئەزالىرىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھەم دارىلئېتام قۇرۇپ جەمئىيەتتىكى ئاقساق ـ چولاق ، يېتىم ـ يېسىرلارغىمۇ باشپاناھ بولۇپ مەكتەپ قۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ، سانائەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئەسلىمەكتە ئىدى . ئۇ ، سودىنىڭ ئاخىرىدا سەدەپ ساپلىق بىر قەلەمتىراچمۇ سېتىۋالدى ، ئاندىن كىتابخانىغىمۇ كىرىپ ئۆتمەكچى بولدى . ئابدۇ-راخمان ئالدى بىلەن كىتابخانا خادىمى سائادەت بىلەن تىنچلىق سوراشتى . سائادەت سەل سەپكۈنى بار ، ياللپاق يۈزلۈك ، قوپال ئۈستىخانلىق چوكان بولسىمۇ ، مېھرى ئىسسىق ، مۇئامىلىسى سىلىق ئىدى . ئۇ : «مانا يېڭىلىقلار» دەپ ئابدۇراخماننىڭ ئالدى-

غا كىتابلارنى يايغىلى تۇردى . ئابدۇراخمان «شەرق ھەقىقىتى» نى ھەم غۇلجىدا چىقىدىغان چوڭ ھەجىملىك «ئىتتىپاق» ، «كۆ-رەش» ژۇرناللىرىنىڭ يېڭى سانلىرىنى ، ئاندىن «ئايدىڭ» ، «كا-پىتان قىزى» ، «ئېغىر كۈنلەردە» ، «بۆدۆنە» ، «ھەمراھ» ، «يادىكار» ، «لۇشۈن ھېكايىلىرى» ، «چېخوف ھېكايىلىرى» ، ماكسىم گوركىي «ھېكايىلەر» ، «ئارزۇگۈل» ، «ھاجى مۇرات» قاتارلىق كىتابلارنىمۇ ئالدى . سائادەت ئۇنىڭدىن :

— قايسى كۈنى ئالغان ھېلىقى «دەھشەتلىك تېھران» روما-نىنى ئوقۇپ بولدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەئە ، شۇ كۈنىلا ئوقۇپ بولغان .

— ماھىنىنىڭ كەچۈرمىشلىرى قانداق ئاجايىپ - ھە ؟

ئابدۇراخمان «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىيۇ ، ئۇشۇق گەپ قىلىشنى خالىمىدى . ئۇ سائادەت بىلەن خوشلاشتى - دە ، ئالغان-لىرىنى مەيدىسىگە تاڭغان پېتى چىقىپ كەتتى .

## 3

كەچ كىرىشى بىلەنلا بۇزۇلۇشقا باشلىغان ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىماقتا ئىدى . يامغۇر ياغسا «بەرىكەت ياغدى» دەيدى-غان غۇلجىدا مانا ھازىر سەل يامغۇرى بىراقلا قۇيۇلۇشقا باشلى-دى . دېرىزىلەردىن شارقىراپ ئېقىۋاتقان تامچىلارنى كۆرۈپ ئول-تۇرغان ئابدۇراخمان غۇلجا توغرىسىدا قاچاندۇر قەشقەردە ئاڭلى-غان ئاجايىپ بىر سۆزنى ئەسلىمەكتە ئىدى . بىر چاغلاردا غۇلجى-غا بىرىپ كەلگەن كىشىدىن بىر ئادەم : «غۇلجا قانداقراق شەھەر ئىكەن ؟» دەپ سورىسا ، ئۇ كىشى : «ئاسماننىڭ تەرەتخانىسى ئىكەن ؛ كىگىزچىلىك بۇلۇت كەلسە ، كۆلدەك يامغۇر ياغىدى-كەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن .

يامغۇر دەرھەقىقەت غۇلجا ئۈچۈن ئېتىقادىدا بەرىكەتنىڭ ،

بەختىنىڭ باشلىنىشى ئىدى . ئۇنىڭ پايانسىز ، مۇنبەت بىنەملىرى پەقەت يامغۇر بىلەنلا سۇغىرىلاتتى . «بىنەم» دەپ ئاتالغان يەرلەر ئاساسەن تاغ ـ ئېدىرلاردا بولۇپ ، قارامتۇل ، يۇمشاق توپىسىدىن خۇددى ئىپار ھىدىدەك خۇش پۇراق كېلىپ تۇراتتى . ئۇ يەرلەرنى ئوغۇتلاش ، سۇغىرىش ھاجەتسىز ، دېھقانلار ئەتىيازدا ئۇرۇق چې-چىپ قويۇپ قايتىپ كىرگىنىچە بۇغداي پىشقاندا ئاندىن يىغىۋې-لىشقا چىقاتتى . «غۇلجا — شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئامبىرى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىمۇ ئەنە شۇنىڭدا ئىدى . مانا شۇ تاپتا يېغىۋاتقان يامغۇرغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇرغان ئابدۇراخ-مان غۇلجىنىڭ ئەمدىكى ئامەت ئالامەتلىرىنى قىياس قىلماقتا ئىدى .

يامغۇرنىڭ غەزىپى ئاستا ـ ئاستا پەسلەشكە باشلىدى . ئەم-دى ئالەمنى تۈن جىملىقىنىڭ سىرلىق سۈكۈناتلىرى باسماقتا ئىدى . سېرىق سوكنا تۈجۈركىسىنى يېپىنچاقلىغان ئابدۇراخمان ئورۇندۇقنى ئېلېكتر چىراغىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلاپ كىتاب ئو-قۇشقا كىرىشتى .

ئابدۇراخمان سائىتىگە قارىدى . سائەت تىلى ئون بىر يېرىم-نى كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئۇ بىرنېمە ئالماقچى بولۇپ ئۆرۈلگىنىد-دە ، ئاپايام ئەكېلىپ ئۈستەلدە قويۇپ قويغان 1946 ـ يىلقى بىر گېزىتكە كۆزى چۈشتى . ئۇ گېزىتنى ئالدى ـ دە ، كۆرۈشكە باشلىدى . كۆزى بىردىنلا ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ-نىڭ ئاقسۇدا گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن جادىغا بېسىلغانلى-قى ھەققىدىكى قايغۇلۇق خەۋەرگە قادالدى . ئابدۇراخمان بۇ خە-ۋەرنى ۋە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋاپاتى مۇنا-سىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن نۇتقىنى ، شائىرنىڭ مۇشۇ بەتكە بېرىل-گەن شېئىرلىرىنى ئوقۇدى ، بولۇپمۇ «ياشلىق ئۆگەن» بىلەن «يىللارغا جاۋاب» دېگەن شېئىرلارنى ئوقۇغان ۋاقتىدا ، شېئىرىي ھېسسىياتىنىڭ ھارارىتى ئۇنىڭ تەن ۋە تومۇرلىرىغا ئېلېكتر

ئېنېرگىيىسىدەك ئاقتى. شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ گومىنداڭ قانخور-لىرىغا قايىنىغان غەزىپى ئىچ - باغرىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى. ئۇ شۇنداق شېئىرىي شىجائەت تۇيغۇسىغا تولغان ھالدا شائىرنىڭ ئىجاد ھەيكىلى سۇپىتىدە ئۇنىڭ ماۋۇ ئۆلمەس مىسرالىرىنى، شېئىرىي ئۆرنەكلەر خاتىرىسىنىڭ ئالاھىدە بىر يېرىگە جىرايلىق گۈللەپ كۆچۈرۈپ قويدى:

«ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ۋاقتى بىراق.
يەرتىلسا كالپىندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلدۇ بىر يوپۇرماق.»

«ياشلىق چاقماقسەن چېقىپ ئۆچىسەن،
ئەۋرىشىم چېغىڭ مۇشۇ، ئۆگەنگىن، ئۆگەن!
قاراڭغۇ دىل چۆلىگە بىر كۈن چۆكىسەن،
ئادەم بولۇش دۇلدۇلىغا سالمىساڭ يۈگەن!»

ئابدۇراخمان دەپتىرىنى ياپتى، «ئادەم بولۇش دۇلدۇلىغا سالمىساڭ يۈگەن»نى ئاستا تەكرارلىغاچ ئۇخلاشقا ياتتى.

# سەككىزىنچى باب

## يېڭى سەپەر

### 1

مۇنچىدىن يېڭىلا چىققان ئابدۇراخمان ئارمىيە گېزىتى «ئىنقىلاب تېڭى»نىڭ نۆۋەتتىكى سانىنى ئۈستەل ئۈستىدىن ئەمدىلا ئېلىپ تۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلدى. ئىجازەت بىلەن كىرىپ كەلگەن ئېگىز بويلۇق، قىزىل پاگونلۇق جەڭچى ھۆرمەت سالدى-مىغا قول كۆتۈردى ۋە:

— يولداش مايور، سائىتىڭىزنى مۇنچىدا ئۇنتۇپ قالغانىكەنسىز... — دەپ سائەتنى ئۇزاتتى. سائەتنى ئېھتىرام بىلەن تاپشۇرۇۋالغان ئابدۇراخمان تەشەككۇر ئېيتقاچ جەڭچىنىڭ ئادرېسى ۋە ئىسىم - فامىلىسىنى سورىدى:

— يېپىتىر ساتاروف، — دەپلا جەڭچى ئىلدام چىقىپ كەتتى. ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىققان مايور بۇ كېلىشكەن جەڭچىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ «پوبىدا» ماركىلىق فوسفورلۇق سائىتىنى بىلىكىگە تاقىدى. ئۇ قايتىپ كىرىۋېتىپ بىر ئاجايىپ ۋەقەنى يادىغا ئالدى:

ئۇ ۋەقە 1943 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ سارسۇمبىنىڭ چېتىدىكى قاراۋۇلخانىسىدا بولغانىدى.

گازارمىدا قىمار قىزىپ كەتكەنىدى. بەزى ئەسكەرلەر — ئۇتتۇرۇۋەتكەن ياكى پوستىتىن چۈشكەنلەر قاتار ئولتۇرۇشۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىت بېقىشىۋاتاتتى . ئېگىز بويلۇق ، ياغاق يۈزلۈك ليەنجاڭ كىر-
رىپ كەلدى . ئۇ :

— ئاجەنشىڭ ، — دەپ چاقىردى .

— بار ! — ئورنىدىن دەس تۇرغان ئابدۇراخمان ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇردى . ليەنجاڭ يەنە ئۈچ ئەسكەرنىڭ ئىسمىنى چاقىر-دى ـ دە ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى . ئۇلار كىرگەندە، پاكىنەك مۇئاۋىن ليەنجاڭمۇ پىت بېقىپ ئولتۇراتتى . ليەنجاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— بەكمۇ گۆش سېغىنىپ كەتتۇقمۇ ، ئەپچىل يىگىتلەر ، ئاۋۇ دۆڭنىڭ تۈۋىدە قازاقنىڭ بىر موزىيى ئوتلاپ يۈرىدۇ ، شۇنى بىر ئەپلىمەمسىلەر ، ھىھ ... ھىھ ... ھىھ ... — دېدى .

دۆڭنىڭ تۈۋىدىكى بېدىلىكتە تولۇمدەك سەمرىگەن كۆك تورپاق ئوتلاپ يۈرەتتى . بىتەھقىقكى بۇ تورپاق ئۆزىنى باشقىلارغا تۇتقۇزىدىغان ياۋاش تورپاق بولغان بولسا ، ئالىقاچان ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپ بولغان بولاتتى . شۇڭا ، تۆت ئالامان نېرىدا ئولتۇ-رۇپ مۇزاكىرىلەشتى . ئابدۇراخمان :

— باشلىقتىن بۇيرۇق ، بىزدە گۇناھ يوق ، شۇڭا تۇتمىساق بولمايدۇ ، — دېدى .

— قانداق قىلىپ تۇتىمىز ؟

— سىرتماق بىلەن تۇتىمىز .

ئۇزۇن ئالا ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچى سىرتماق قىلىنىپ ، بىر ئۇچى ئېرىققا تارتىلدى . ئەپلىك يەرگە بىر تۇتام بېدە قويۇلۇپ ، موزاي كېلىدىغان يەرگە سىرتماق ئورنىتىلدى .

موزاي ئوتلاپ كېلىپ ، كۆك بېدىنى يېيىشكە باشلىدى . ئالدى پۇتى سىرتماققا كىرىپ بولغاندا ئۇلار ئارغامچىنى بىرلا تارتىۋىدى ، موزاي تىك موللاق چۈشتى ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ ، تىلىنى چىقىرىپ خۇددى كىچىك بالا ھۆكرەپ يىغلىغاندەك مۆڭ-لۈق ھۆركىرەۋاتقان موزاينىڭ تۇمشۇقى دەرھال بوغۇلدى ـ دە ،

ئەجەل مەيدانىغا كەلتۈرۈلدى . بۇ چاغدا قىمار ۋە باشقا ئىشلار بىلەن بەند بولۇۋاتقانلار ئىشلىرىنى تاشلاپ ئولجىنىڭ ئەتراپىغا گۈررىدە ئولاشتى .

ئالدىراپ كىرگەن بىرى مەلۇم قىلدى :

— يى... يىڭجاڭ كېلىۋاتىدۇ .

ئۇلار موزايىنى سۆرەپ بۇلۇڭغا ئېلىپ بېرىپ تۆپىسىگە تۆت قۇچاق كۆك بېدىنى تاشلاپلا قويۇپ جاي - جايلىرىغا ئولتۇرۇشتى . ئاڭغىچە ئاتىنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، ئېگىز بويلۇق يىڭجاڭ پاچاقلىرىنى سوزۇپ كىرىپ كەلدى .

ئۇلار يىڭجاڭنى سۇپىغا تەكلىپ قىلىشتى . تەكلىپ قىلىنىغان سۇپىدىكى مەينەتچىلىكتىن سەسكەنگەن يىڭجاڭ :

— ماۋۇ كۆك بېدەڭلار ئەجەبمۇ ياخشىكەنغۇ . هۇزۇرلىنىپ بىر ئولتۇرۇۋالايچۇ ، — دېدى - دە ، بېدە ئۈستىگە گۈپپىدە ئۆزىنى تاشلىۋىدى «هو...» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئۆزىمۇ سەت ۋارقىرىۋەتتى . يۈركى جايىغا چۈشكەندىن كېيىن ئۇ سېمىز كۆك موزاينى كۆرگەندە خۇنۇك كۆزلىرى ئويناپ ، كالاچ ئاغزى كالچاراپ كەتتى .

— كىشىلەر كۆردىمۇ ؟

— يا... ياق ، هېچكىم كۆرمىدى .

— ئۇنداق بولسا ، تېزلىكتە يىغىشتۇرۇڭلار ، ماڭىمۇ سېمىزرەك يېرىدىن ئازراق ئەۋەتىشنى ئۇنتۇماسىلەر .

هايت - هۇيت دېگۈچە موزاينىڭ بىر سانى قازانغا ، يەنە بىرى سېرىق كاناپ تاغارغا كىرىپ بولغاندى ...

تېلېفوننىڭ تۇيۇقسىز جىرىڭلىشى ئابدۇراخماننىڭ خىيال يىپىنى ئۈزدى . ئۇ ، باش شتاب سىياسىي بۆلۈمىدە مەجلىس بارلىقىنى ئۇقۇپ ، فورمىلىرىنى پۇختىلاپ ، تەييارلىقلىرىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى .

مەجلىسنىڭ ئاخىرىدا ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدە-

نىڭ ۋەكىللىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شىخوغا بارىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى ئوقۇلدى . نۆۋەتتىدە مايور مۆمىنوفمۇ «بار» دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى . تەييارلىقلار پۈتكەن ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى ئارا خىزمەتلەر ھەققىدىكى تاپشۇرۇقلارنى تايىن قىلغاندىن كېيىن ، ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە چوڭ ـ كىچىك تۆت ماشىنا بىلەن شىخوغا يۈرۈپ كەتتى .

## 2

مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ شىخودىكى باش شتابى تاشيولنىڭ بويىغا جايلاشقانىدى . ئۇنىڭ قىبلىگە قارىغان ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن سېرىق سىرلىق ئىشىكى كىشىنى جەلپ قىلاتتى . غۇلجا باش شتابتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ماشىنىسى شۇ شتابنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا توختاپ مايور مۆمىنوف قاتارلىقلار شتابقا كىرىپ كەتتى ، ماشىنىلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلار ماشىنىنىڭ كىرلوسىدا كۆزلىرىنى ئالايتىپ ياتقان بىر جۈپ ئۆلۈك جەرەننى تاماشا قىلماقتا ئىدى . كابىنكا پەلەمپىيىدە پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ تاماكا ئوراۋاتقان ئوتتۇرا بويلۇق ، قىزىل پاگونلۇق مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ياش كوماندىرى پودپورۇتچىك ماخمۇت ماختىنىش ئاھاڭىدا سۆزلەيتتى :

— بىزنىڭ مايور ئىككى جەرەننى بىر پاي ئوق بىلەنلا ئېتىۋالدى ئەمەسمۇ ؟

— راستمۇ ؟

— راست بولمايچۇ ، ئىككى جەرەن قاتار يانداش تۇرغانىدى . بىزنىڭ مايور مارىلاپ كېلىپ ، تازا قارىغا ئېلىپ…

شتابتىن چىققانلار سۆزنىڭ ئاخىرىنى ئۈزۈپ قويدى . ئۇلار ئەمدى ھەربىي تەمىنات ئىدارىسىنىڭ مېھمانخانىسىغا ماڭدى .



www.uyghurkitap.com

ھەربىي تەمىنات ئىدارىسى شىخونىڭ شەرقىي شىمال كوچىسىدىكى بۇلاق بويىدا بولۇپ، ھەيۋەتلىك يوغان دەرۋازىسى جەنۇبقا — بۇلاق بويىغا قارايتتى. دەرۋازىدىن كىرىشتە ئوڭ ياقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز ئىمارەت كىيىم - كېچەك ئىسكىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالغا قارىغان قوش قاناتلىق ئىشىكى ئالدىدا كەڭ ھويلا بار ئىدى. ھويلىنىڭ شىمالىدا غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ئىشىك ۋە دېرىزىلىرى كۈنگەيگە قارىغان قاتار ئىمارەتلەر ئوزۇق - تۈلۈك ۋە تۈرلۈك ھەربىي لازىمەتلىك ئىسكىلاتلىرى ئىدى. مۇشۇ يەردىن ئارقا ھويلىغا ئۆتكەندە ھەربىي تەمىنات ئىدارىسىنىڭ ھەيۋەتلىك پېشايۋانلىرى ۋە يېشىل سىرلىق ئىشىك - دېرىزىلىرى كۈنگەيگە قاراپ تۇرغان مېھمانخانىسى بار ئىدى. مېھمانلارنىڭ ماشىنىلىرى مانا مۇشۇ ئارقا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى.

## 3

تاماقتىن كېيىن كاپىتان زاھىروف مايور مۆمىنوفنى بىردەم ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلدى. سىم كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقان بولسىمۇ، ئۇيقۇسى كەلمىگەن مۆمىنوف ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئارقا ئىشىك ئارقىلىق بۇلاق بېشىغا كەلگەنىدى. بۇ كۈنلەردە بۇ يەرلەردىكى سان - ساناقسىز بۇلبۇللار ئاللىقاچان كېتىپ قالغان، ئالتۇن كۈز باشلانغان چاغ ئىدى. سۆلەتلىك قارىياغاچلار، سۇۋادان تېرەكلەر ۋە سۆگەتلەرنىڭ ھازىرقى يېرىم يالىڭاچ ھالىتى خۇددى ئۆمۈر بويى ئىشلەپ ھالىدىن كەتكەن بوۋاي - مومايلارنىڭ مۈكچۈك قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى. ئەتراپتىكى سان - ساناقسىز ئۆيلەر بىلەن كوچىلاردا ھايات قايناپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ يەردە قانداقتۇر بىر تۈرلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم

سۇرمەكتە ئىدى . بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت ھېسابسىز بۇلاقلاردىن ھاسىل بولغان قارا سۇنىڭ تۇرۇلۇپ قالغان ساپسېرىق غازاڭلار توسمىسىدىن شارقىراپ ئېقىشلىرى ، نېرىراقتىكى بۇلۇڭدە دانلاپ يۇرگەن بىر توپ توخۇلارنىڭ قىيقاس ـ سورەنلىرى بۇزۇپ تۇراتتى . مۆمىنوف ئالتۇن يوپۇرماقلىق قاشنى بويلاپ كېلىپ ، چىلانلىق باغنىڭ تۆۋىنىدىكى بىر بۇلاقنىڭ بويىدا توختىدى . شېغىل ۋە قۇمدىن قايناپ چىقىۋاتقان ، ئېرىق بىلەن پەسكە ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇيى ئۇنىڭ مەيلىنى مەپتۇن قىلماقتا ئىدى . ئۇ ، بۇلاقنىڭ بۇژغۇنلىرى ، ئۇرغۇشلىرىغا ئىشتىياق بىلەن قاراپ تۇراتتى . شۇ ئەسنادا ئۇ قاتتىق قاراسۇ كۆۋرۈكىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر يىگىتنىڭ پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەتكە كەڭ تارقالغان «جەڭچى قەھرىمان باللار» ناخشىسىنى ئېيتىشى مايورنىڭ مەيلىنى مەھلىيا قىلىشقا باشلىدى :

جەڭچى قەھرىمان باللار ،
خەلقىمدىن سالام سىزگە .
جەنۇب خەلقىگە كۆيگەن ،
قەلبىمدىن سالام سىزگە .

قىزىل پاگونلۇق ، پالۋوي سومكا ھەم يان قوراللىق ھەيۋەتلىك كوماندىرنىڭ ئۆز ئالدىدا قاراپ تۇرغىنىنى كۆرگەن ناخشىچى ئاۋازىنى ئاستا پەسلىتىپ قاراسۇنى بويلاپ كەتتى .
مۆمىنوف يىگىتكە تاكى كۆزدىن غايىب بولغۇچە قاراپ قالدى . ئۇ ئاشۇ ئالتۇن ياپراقلار ئۈستىدە ، قۇملۇق قاشتا ، ئويناق سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ سومكىسىدىن يېشىل تاشلىق دەپتىرى بىلەن قەلىمىنى ئالدى ـ دە ، شۇ كۈننىڭ خاتىرىسىنى يېزىشقا باشلىدى . شۇ ئەسنادا ئاق چىلەكنى ئوينىتىپ ۋە غىڭشىلىتىپ ، قانداقتۇر يېقىملىق ناخشىنى غىڭشىپ دۆڭدىن پەسلەپ چۈشكەن

چىرايلىق چوكاننىڭ بۇلاق بېشىدىكى كوماندىرنى كۆرۈپ ، چىلان شېخىنىڭ ئۇچىنى ئوينىغان بولۇپ ئاستا توختاپ قېلىشى مايورغا بۇلاق بويىنى بوشىتىشىغا بېرىلگەن بېشارەت بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ، ئورنىدىن تۇرۇپ ، قاراسۇنى بويلاپ بۇلاق بېشىدىن يىراقلاشتى .

ئابدۇراخمان نېرىراقتىكى دوڭغاق سۆگەت تۈۋىدە تۇرۇپ ، قاراسۇدىكى ئۆردەكلەرنىڭ ئويۇنىنى كۆرمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ بىردىنلا ئابايامقى ياش ئوفىتسېر ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ سۇغا چىققان چوكاننى قەيەرگىدۇر شەرەت قىلىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى . چوكان بولسا ، قارا توم چېچىنى كەينىگە تاشلاپ سۇ ئېلىپ ئىلدام چىقىپ كەتتى . ھېلىقى ئوفىتسېر ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تۇتقىنىچە ئېگىز دۆڭدە چوكان كەتكەن تەرەپكە قاراپ غادىيىپ تۇراتتى .

«ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ، شاللاق يىگىت ئىكەن - دە» دېدى ئابدۇراخمان ئىچىدە .

## 4

گېنېرال ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى شىخو مەركىزىي فرونت قوماندانلىق شتابىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى ۋە مايور مۆمىنوف قاتارلىق باش شتاب ئوفىتسېرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەيدانغا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى .

مەيدان — مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ ئاساسىي ئابرونى بولغان «ئورمانباغ» (يەنسخەي) قارىياغاچلىقى ئارىسىدىكى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان كەڭ سەينا بولۇپ ، ئۇ يەرگە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتاقلىق «ئازاد نىشانلىق پولكى» ، «شىخو ئاتقۇچى پولكى» ۋە «ئارتىللىرىيە دىۋىزىيونى»

(زەمبىرەكچىلەر قىسمى)نىڭ تاللانغان تەركىبى تىزىلغانىدى. ئۇلارنىڭ پاگونلىرىدىكى يۇلتۇز ۋە شىپاللار، كۆكرەكلىرىدىكى مېداللار، پېشانىلىرىدىكى كاكارلار، قوللىرىدىكى قوراللار كۈن نۇرىدا ۋالىلداپ كۆزلەرنى چاقنىتاتتى. قىلىچلىق مايور كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا كوماندا بەردى:

— دىققەت! ھۆرمەتكە ئوفىتسېرلار...

سەپ ئالدىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى ھۆرمەت سالىمىغا قول كۆتۈرۈپ قېتىپ تۇراتتى. دىجورنى بېشىدىن ئېگىز تىك تۇتقان قىلىچنى قائىدىگە توغرىلاپ جەڭگىۋار قەدەم بىلەن قوماندانلارنىڭ ئالدىغا باردى ــ دە، تاققىدە توختاپ دوكلات قىلدى:

— يولداش گېنېرال، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيىنىڭ «ئورماناباغ» ئايرونىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى مەيداندا تەييار. دوكلات قىلغۇچى ئازاد نىشانلىق پولكى ۋاقىتلىق كوماندىرى پودپولكوۋنىك ئابدۇللايوف.

گېنېرال ۋاڭ جېن قولىنى چۈشۈرمەستىن مېڭىپ مەيداندىكىلەرنىڭ مەركىزىي مەنزىلىگە كەلدى ــ دە:

— جەڭگىۋار مىللىي ئارمىيىگە سالام! — دېدى.

«ھۇررا... ھۇررا... ھۇررا... ۋەتەن ئۈچۈن، ئازادلىق ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!» دېگەن ياڭراق ئاۋازلار پۈتۈن ئورماناباغ ۋادىسىنى ھەيۋەتكە تولدۇردى. ئاندىن گېنېرال ۋاڭ جېن ئاز، ئەمما ساز سۆزلىدى.

«ياشىسۇن جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ بۈيۈك ئازادلىق ئىنقىلابى.»

«ياشىسۇن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى.»

ھۇررا سادالىرى دولقۇنسىمان داۋالغۇپ پەلەكلەردە پەرۋاز

قىلاتتى. ھەربىدى مۇخبىرلار ئاپپاراتلىرىدىن نۇر چاقناتماقتا ئىدى.

ھەربىي پارات باشلاندى. باشلىقلار مۇنبەردە تۇرۇپ پارات قوبۇل قىلماقتا ئىدى.

قىسىملار ھۆرمەت قەدىمى بىلەن يۈرۈشنى باشلىدى. ئالدى بىلەن نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى مەھكەم تۇتقان باشلامچى كالوننا، ئاندىن ئاپتوماتچىلار، پىلىموتچىلار، مىناميوتچىلار مەيداندىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قاۋۇل ئاتلىرىنى ئويناتقان زېنىت توپچىلار، زەمبىرەكچىلەر، تانكا قاپقاقلىرىدا تىك تۇرۇپ سالام بېرىۋاتقان قەھرىمان تانكىستلار، برونېۋىكچىلار ئۆتتى. جەڭگىۋار قەدەملەر تاۋۇشى بىلەن قايناق چاۋاك ساداسى يەر يۈزىنى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى.

ئاخىرىدا ئات ئويۇنلىرى باشلاندى. جەڭگىۋار ئەزىمەتلەر ئاتنى چاپتۇرۇپ، ئىككى يانغا سەكرەپ مىنىشەتتى. ئاتنىڭ باغرىغا مۆكۈنۈپ چاپتۇراتتى، ئات ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ مۈرىسىدە تىك تۇرۇپ سالام بېرەتتى.

ئاخىرىدا قىسىملارنىڭ مارش ياڭرىتىپ ئۆز تەرەپلىرىگە قايتىشى بىلەن كۆرەك ئاياغلاشتى.

## 5

ئەتىگەن ئىدى. تەڭرىتاغلىرى ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ ئالتۇن زەررىلىرى كۆز لىباسىنى كىيگەن پايانسىز ئورمانباغ ئېتەكلىرىگە نۇردىن سىڭىتلەر بېرىپ، ئاجايىپ گۈزەللىك دېكوراتسىيىسى بەخش ئەتمەكتە ئىدى. تەرەپ - تەرەپلەرگە، تاغلارغا قەدەر ئۇلانغان ئاكوپلار، زېمىلانكىلارنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرى بىلەن تېلېفون سىملىرىدا بالقىغان قۇياشنىڭ ئەكس نۇرلىرى كۆزلەرنى چاقنىتاتتى. يەر ئاستى ئاشخانىسىنىڭ مورىسى-

دىن تىك كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۈتۈنلەر خۇددى شەھەردىكى زاۋۇتلار-نىڭ تۇرخۇنىنى ئەسلەتتى . ئەتراپتىن ئەتىگەنلىك مەشغۇلاتنى باشلىغان ھەربىيلەرنىڭ ھەر خىل ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى . قەيەر-دىندۇر ئاتنىڭ ئاچچىق كىشنىگەن ئاۋازى كېلەتتى .

مايور مۆمىنوف يوغان قارىياغاچنىڭ يېنىدىكى ئېرىقنىڭ قېشىدا چىملىرى سارغىيىپ سولاشقان ۋە قىرو باسقان دۆڭدە تۇرۇپ ئەتراپنى تاماشا قىلماقتا ئىدى . زېمىلانكىدىن ئېڭىشىپ چىققان مايور تاھىروف ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلدى . چاي داۋامىدا مايور مۆمىنوف ئۆزى ئولتۇرغان ۋە ئاخشامدىن بېرى يېتىۋاتقان سىم كارىۋاتقا قايتا - قايتا قاراۋەگەندى . تاھىروف بۇ كارىۋات-نىڭ گازارمىغا كېلىش تارىخىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى :

— بىر قېتىم شىخو ھەربىي تەمىناتىنىڭ باشلىقى مايور ئەخمەتجان خىزمەت بىلەن بىزنىڭ زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيونىغا كېلىپ قونۇپ قالغانىدى . ئۇ ، ماختاپ قويسا ، بولۇپمۇ «پولكوۋ-نىك» دەپ قويسا ، خۇش بولۇپ تېرىسىگە سىغمايلا قالىدىغان ئاجايىپ بىر ئادەم ئىدى . ئاخشىمى ئۇنىڭغا كارىۋاتنىڭ قۇلاقلى-رىنى بوشىتىۋېتىپ ، ئورۇن راسلاپ بېرىپ ، ئۆزۈم ئاۋۇ ئۆيدە ياتتىم . يېرىم كېچە بولغاندا ئەخمەتجاننىڭ خورەك ئاۋازى مېنى ئويغىتىۋەتتى . مەنمۇ قاتتىق يۆتەل بىلەن ئۇنى ئويغىتىۋەتمەكچى بولدۇم . خورەكتىن توختىغان ئەخمەتجان ئىنجىقلاپ ، كارىۋاتنى غىچىرلىتىپ ، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈشكە باشلىدى . بىر چاغدا كارىۋات تاراققىدە ئۆرۈلدى - دە ، گۈپپىدە چۈشكەن ئەخمەتجان قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى . مەنمۇ دەرھال لامپىنى ياندۇرۇپ كىر-سەم ، كۆزلىرى ئالايغان ئەخمەتجان قورسىقىنى پومپايتىپ دۈم-باقتەك ياتاتتى ، ئۇ ئالدىراپ - سالدىراپ سۆزلەيتتى :

«ئەخمەت ئەپەندى ، بۇ نېمە كارامەت ؟ — مەن كۈلكىدىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋېلىپ ، — «قانداق قىلىمىز ، يولداش پول-

كوۋنىك ، فرونتلاردا يۈرگەن بىزنىڭ كۈنىمىز مۇشۇ . مەنمۇ بۇ كاساپەت كارنۋاتنى كۆندە ئالتە ۋاخ ئوڭلايمەن» دېدىم .

«بۇ... بۇ... بولماپتۇ . بۇ قېتىم سىلەرنىڭ ماشىنا تەمىناتقا بارغاندا كوماندىرلارغا لايىق كارنۋات ئەۋەتەي .»

«رەھمەت سىلىگە ، يولداش پولكوۋنىك» دېدىم دەرھاللا .

«قانداق؟ بىرنى ئەۋەتسەم بولامدۇ ؟»

«بولسا ، ئۈچ كوماندىرغا بىردىن ئۈچ كارنۋات ئەۋەتسىلە تولىمۇ ياخشى بولاتتى ، يولداش پولكوۋنىك .»

«بولىدۇ ، ئەۋەتىمىز» دېدى ئۇ . راست دېگەندەك ئۈچ كارنۋات ئەۋەتىپتۇ . بىزنىڭ تەمىنات بۆلۈم كومىسسارى تۇردىيوفنىڭ ئېيتىشىچە ، كارنۋاتلارنى زاپخوز ، كاسسىرلارنىڭ ئاستىدىن تارتىۋېلىپ ئەۋەتىپ بېرىپتۇ . ئۇلارغا :

«سىلەر ياغاچ كارنۋاتتا ياتساڭلارمۇ بولىدۇ . ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىرلار پۇتى سۇنۇق ، مايماق كارنۋاتلاردا يېتىۋېتىپتۇ» دەپ ۋارقىرىغانمىش .

كارنۋات ھېكايىسىنى ئاڭلاپ مايور مۆمىنوف كۈلۈۋەتتى . بۇ چاغدا كانۋوي توغراپ تىزىلغان ئاپئاق بولكا بىلەن قورداق ئەكىردى . كەينىدىن دىۋىزىيون سىياسىي كومىسسارى كاپىتان قەييۇموفمۇ كىرىپ كەلدى . چايدىن كېيىن ئۇلار بۆلۈملەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ماڭدى .

مايور مۆمىنوف بۇ قىسىمنىڭ قىرائەتخانىسى ۋە يەر ئاستى كۈلۈبىنى كۆرگەندە ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدى . گازارما كۈلۈبىنىڭ ئالدى تەرىپىدە سەھنىسى ، ئارقا تەرىپىنىڭ بىر يېنىدا قىرائەتخانىسى ، يەنە بىر يېنىدا سىياسىي بۆلۈم بار ئىدى . سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى پودپۇروتچىك نەجمانوف ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ :

— ھازىر قىسىم بويىچە ئومۇميۈزلۈك ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتۇق ... — دېدى . قەييۇموف دەرھاللا

سۆزىنى تارتىۋېلىپ :

— ھەربىر ساۋاتلىق جەڭچى ـ ئوفىتسېر ۋە ئوفىتسېرلارغا ئىككىدىن ساۋاتسىزنى كۆتۈرە بەردۇق ، — دېدى زاھىر مۆمىنوف زوقمەنلىك بىلەن سورىدى :

— شۇنداق قىلىپ قانچە كىشىنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى ؟

نەجمانوف دەرھال جاۋاب بەردى :

— ھازىر رەسمىي ساۋاتلىق بولغانلار بىر يۈز سەكسەن كىشى ، چالا ساۋات بولغانلار يەتمىش بەش كىشى ، بۇ يىل قىسمىمىز بويىچە ساۋاتسىزلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈگەتمەكچىمىز ، چۈنكى باش سىياسىي بۆلۈم بۇ ئىشقا قەغەز ـ قېرىنداش قاتارلىق ماتېرىياللارنى يېتەرلىك ئەۋەتىپ بېرىۋاتىدۇ .

ئابدۇراخمان ھاياجانلانغان ھالدا شۇنداق دېدى :

— بىز ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىر ئۆي ۋە گازارمىلىرىنى ئىنقىلابنىڭ ماكانىغىلا ئەمەس ، مەدەنىيەت مەكتەپلىرىگىمۇ ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك .

ئاندىن ئۇلار رېمونتخانا ۋە زەمبىرەك ، تانكىلارنىڭ يەر ئاستى گاراژلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، تەنتەربىيە مەيدانىدىكى تورنىك ۋە گارلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ، ئات قورۇسى تەرەپكە ماڭدى .

كوماندىرلار ئات قورۇلىرىنى ئارىلاپ چىققانلىرىدا ، غۇلجىدىن ئۇرۇمچىگە ئۇچقان ئىككى ئايروپىلانمۇ تەگرىتاغلىرىنى تىلىپ سۇرلۇك غارقىرىغان پېتى شەرققە قاراپ قاتار باراتتى . مۆمىنوفلار مەسلىھەتكە بىنائەن شۇ كۈنى شىخوغا جەم بولۇپ ، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يەنە غۇلجىغا يۈرۈپ كەتتى .

# توققۇزىنچى باب

# بەشىنچى كورپۇس

## 1

گېنېرال ۋاڭ جېن رەھبەرلىكىدە، مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بەشىنچى كورپۇسى قىلىپ تەشكىل قىلىندى. بەشىنچى كورپۇس شتابى بۆلۈم، گارنىزون، گوسپىتال، تەمىنات ۋە باشقارمىلاردىن باشقا، ئاساسەن ئون ئۈچىنچى، ئون تۆتىنچى دىۋىزىيىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەربىر دىۋىزىيىنىڭ تەركىبىدە بۆلۈم، بۆلۈمچىلەردىن بۆلەك يەنە ئۈچ پولكتىن ئارمىيە بار ئىدى. كورپۇس شتابى بۇرۇنقى باش شتابنى ئاساس قىلغان ھالدا غۇلجىدا تۇراتتى. ئون ئۈچىنچى دىۋىزىيە قەشقەرنى شتاب قىلىپ، قىسىملىرى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلاردا؛ ئون تۆتىنچى دىۋىزىيە شىخونى شتاب قىلىپ، قىسىملىرى ئۈرۈمچى، ئالتاي ۋە چۆچەكلەردە تۇرۇشقا تايىن تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئارمىيە ئارا چوڭ پالىروپكا ئىشلىرى جىددىي باشلىنىپ كەتتى.

مايور ئابدۇراخمان مۆمىنوف ئون ئۈچىنچى دىۋىزىيە شتابىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇللىرىدىن بىرى بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى رەتلەش، تەشكىللەشتە تون ـ كۆن ئارامسىز ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە مىللىي ئارمىيە قاتارىدىكى ئالتە شەھەرلىك ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈ-

دەك ئاشۇ ئون ئۈچىنچى دىۋىزىيە تەركىبىگە بەيلەنمەكتە ئىدى . شۇڭا ئىشلار ئىلىدىن ئالتايغىچە ، شىخودىن ئورمانباغقىچە ۋە چۆچەكلەرگىچە قاتناشنى تەلەپ قىلاتتى .

سۇزۇك ئاپتاپلىق بىر پەيشەنبە كۈنى ئىدى . ئالدىنقى ئاي-روپىلان بىلەن كەلگەن مايور مۆمىنوف چۇشلۇك تاماقنى غۇلجىدا يەپ ، يەنە مەخسۇس ماشىنىدا پولكوۋنىك ئىمىروف بىلەن بىللە ئوتتۇرا فرونتقا — شىخوغا يۇرۇپ كەتتى .

## 2

جۇمە ، دەم ئېلىش كۈنى بولۇشىغا قارىماي ، ئورمانباغ مەيدانىدا چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈلدى . بۇ يىغىلىشقا سابىق مىللىي ئارمىيىنىڭ ئورمانباغ ئابرونىدا تۇرۇشلۇق ئۈچ قىسمىنىڭ بارلىق تەركىبى توپلانغانىدى. پولكوۋنىك ئىمىروف مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، ئۈچ تەرەپنى ئوراپ تۇرغان جەڭگىۋار سەپنىڭ ئالدىدا ، «زىس» ماركىلىق ماشىنىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىمەكتە ئىدى . ئۇ ، قىرىقىنچى پولكىنىڭ ئۇرۇمچىگە بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . ئاندىن يۇقىرى ھاياجان بىلەن شۇنداق دېدى :

— ئۇرۇمچىدە بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىنى مىڭلىغان - مىليونلىغان خەلق ۋە ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرماقتا . ئۇلار جەڭچىلىرىمىزنى كۆردىمىز دەپ تەقەززا بولماقتا . چۈنكى ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ داڭقىنى ئاللىقاچان ئاڭلاپ بولغان . بىز ئۇرۇمچىگە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دېگەن نامىمىز ، سالاپىتىمىز ۋە سالاھىيىتىمىز بىلەن بارىمىز ، بىز ، ھەر كۈنى ، ھەر سائەت ، ھەر مىنۇتتا ئۆزىمىزنىڭ خەلقنىڭ ئارمىيىسى ئىكەنلىكىمىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز ، شەرەپلىك نامنى ساقلىشىمىز ، ئۇنىڭغا

قەتئىي ھۆرمەت قىلىشىمىز، ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ سوپىتىدىگە ساقچى بولۇشىمىز، ئىنقىلابىي ئىنتىزامغا، شۇنداقلا بىر-بىرىمىزگە مەسئۇل بولۇشىمىز لازىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مايور مۆمىنوف بۇ يەردىكى ھەرقايسى قىسىمدىن ئون ئۇچىنچى دىۋىزىيە ئىختىيارىغا بارىدىغان ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەرنىڭ ئېنىق سانلىرىنى ھەم ئۇلارنى غۇلجىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قاچان ماشىنا ئەۋەتىلىشى تېلېگراممىا ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. ئۇلار شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە غۇلجىغا يۈرۈپ كەتتى.

3

غۇلجا شەھىرى ئالتۇن ئاپتاپ ھۇزۇرىغا چۆمگەنىدى. سۇزۇك ئاسماندا ئالا - بۇلا كەپتەرلەر سۆزگەنلىرىنى سايرىتىپ جەۋلان قىلىپ يۈرەتتى. ھۆپۈپگەرلەرنىڭ خىرىدار قىچقىرىپ ھەر خىل توۋلاشلىرى بۇ چوڭ ۋە باغرى باياشاتلىققا تولغان شەھەرنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ باراتتى.

«ئېگەر - جابدۇق زاۋۇتى»دىن چىققان مۆمىنوف سايكۆۋرۇك ئارقىلىق «ئۇ. قا. ق كۇلۇبى»نىڭ ئالدى بىلەن كەتمەكچى بولۇپ، ئۇن زاۋۇتىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى قىزغا ئۇچرىشىپ قالدى. قىزلارغا ھەربىي فورما شۇقەدەر ياراشقانىدىكى، ئۇلارنىڭ گۈزەل رۇخسارى ۋە رەڭدار پاگون، نۇرلۇق كاكارلىرىدا چاقنىغان كۈننىڭ ئالتۇن شولىسى كوچىلارنى كۈلدۈرۈپ، كۆڭۈللەرنى كۆيدۈرۈپ، كۆزلەرنى مەپتۇن - مەھلىيا قىلىپ تۇراتتى. ئىككى قىزنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسى رەيھان ئىدى. ئۇ ئابدۇراخماننى نېرىدىنلا تونۇۋالدى. رەيھاننى تونۇۋالغان ئابدۇراخمانمۇ قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي كېلەتتى. قىزلار ئابدۇراخمانغا يېقىنلاشقاندا قەدىمىنى ئاستىلات-

تى ـ دە، تەڭلا توختاپ سالامغا قول كۆتۈردى. رەيھان:

— سىزدىن كىتاب ئارىيەت ئالاي دەپ بارسام يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنىكەنسىز، — دېدى. «يىراقلارغا» دېگەننى ئۇ ئالاھىدە تەلەپپۇز قىلىپ يەنە يەرگە قارىۋالدى.

— ھەئە، ئالتايغا بېرىپ كەلدىم.

— ئىشلار بەك ئالدىراش ئوخشىمامدۇ؟ — ئابدۇراخمانغا يەنە بايىقىدەك قارىغان قىز، — شىخولارغىمۇ بېرىپ كېلىپسىز، — دېگەننى قوشۇپ قويدى.

ئابدۇراخمان ئوڭايسىزلىنىپ قىزارماقتا ئىدى. ئۇ:

— ھەربىي ئىش دېگەن شۇ ـ دە! — بىرئازدىن كېيىن ئۇ يەنە دېدى، — كىتاب كېرەك بولسا، يۈرۈڭ، ھازىر ئېلىڭ.

— ھازىر بىز بويىنكېسىككە كېتىۋاتىمىز. قايتىشىمىزدا يېنىڭىزغا كىرىپ ئەكېتىمىز.

— ماقۇل.

ئۇلار خوشلاشتى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن قىز كەينىگە قايرىلىپ قاراپ:

— يولداش مۆمىنوف، — دەپ قىچقاردى ۋە ئويناقلىقىغان ئوغلاقتەك ئەركىلەپ يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، مايورغا نېمىلەرنىدۇر دەپ قويۇپ كۈلگىنىچە قايتتى.

4

تولۇن ئاي مەشرىقتىن ئاستا ئۆرلىمەكتە، ساماۋى ئاسماندا سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار چىراغتەك چاقنىماقتا ئىدى. ئېلېكتر لامپۇچكىلىرى ئىلىخو ئاسمىنىغا ئەكس نۇر قايتۇرغاندەك گۈزەل غۇلجا كېچىسىگە رەڭدار سىۋىتلەرنى بەرمەكتە ئىدى. كەچلىك سەيلىگە چىققان، كىنوغا كېتىۋاتقان ۋە كىنودىن يانغان يىگىت ـ قىزلار جۈپ ـ جۈپى بىلەن ھەر تەرەپلەرگە ئۆتۈشمەكتە

ئىدى . بىلەكلىرىگە قىزىل بەلگىلەرنى تاقىغان ، نەيزىلىك مىلتىقلارنى ئاسقان ھەيۋەتلىك ۋە سۈلەتلىك پاتىرونلارمۇ كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى . ھەربىي كۈلۈپتىن چىققان ئەر - ئاياللار ئايدىڭ كوچىنى لىق تولدۇرغانىدى . ئۇلاردىن ئارقىدىراق چىققان ئابدۇراخمان رەيھاننى ئۆز بۆلۈمىگە تەكلىپ قىلدى . قىز سائىتىگە قارىۋېتىپ :

— كېتەيمىكىن ، دىجورنىلىك ۋاقتىم ... — دېدى .

— تېخى بالدۇرغۇ ، يۈرۈڭ .

— يېڭى كىتابلار بارمۇ ؟ — ئىككى قولىنى گەدىنىگە ئېلىپ ئەركىلىگەندەك كېرىلىپ كۈلدى قىز .

— يېڭى كىتاب دەمسىز ؟ كونىسىمۇ بار ، يۈرۈڭ .

ئازادە بۆلۈم ، ئالتۇن رەڭلىك ئىشكاپ ، ئۈستەل ، ئورۇندۇق ۋە قىزىل سىرلىق پولدىكى پاياندار گىلەم گۈللىرىدىن ئېلېكتر نۇرلىرىنىڭ ئوتلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقنىماقتا ئىدى . ئابدۇراخمان تۇجۇركىسىنى سېلىپ ئاسقۇچلۇق ئىشكاپقا ئىلدى ۋە رەيھانغىمۇ تۇجۇركىسىنى سېلىۋېتىشنى تەكلىپ قىلدى . ئۇ ئىشكاپتىن شاكىلات ، پىرەندىك ، كونسېرۋا ئالغىلى تۇرۇۋىدى ، رەيھان :

— بولدى ، يولداش مايور ، ئاۋارە بولماڭ ، — دېدى .

— بۈگۈن سىزنى بىر مېھمان قىلىۋالاي دەيمەن .

«بۈگۈن» سۆزى قىزنىڭ قەلبىگە دوققىدە تەگكەندەك بولدى . ئۇنىڭ ئويناق كۆزى ئابدۇراخمانغا قادىلىپلا قالدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ چاندۇرمىدى ، بىرنېمە دېيىشكە ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ ، ھېچنېمە دېمىدى . ئاڭغىچە ئابدۇراخمانمۇ كېلىپ ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە رەيھانغا ئۇدۇل ئولتۇردى . تەكلىپ - تەكەللۇپلار داۋام قىلاتتى . ئۇلار ئويان - بۇياندىن سۆزلەشمەكتە ئىدى . سىلىق ۋە مۇلايىم ، كۆڭۈل ئوۋلاش سۆزلىرى ئارىنى سەگىتىپ تۇراتتى . قانداقتۇر بىر سۆزنىڭ سەۋەبى بىلەن سۆھبەتنىڭ داۋامى

ھايات ھېكمەتلىرى ھەققىدىكى پاراڭلارغا تولۇپ كەتتى. ئابدۇراخمان:

— ھالال نىيەتلىك ئادەمنىڭ كۆڭلى گۈلزارلىق باغقا ئوخشايدۇ. گۈلزارلىق باغ ھاياتقا ھۇزۇر بېغىشلىغاندەك، كۆڭلى پاك ئادەممۇ خۇش تەبىئەتلىك بولىدۇ. خۇش تەبىئەتلىك ئادەمنىڭ كۆڭلى خاپىلىقتىن خالىي بولىدۇ. خۇش كۆڭۈل كىشى خۇددى ئېچىلىپ تۇرغان گۈلگە ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. رەيھان:

— مەسىلەن، سىزدەك، — دەپ كۈلدى.

— ھەئە، خۇددى سىزدەك، — ئابدۇراخمانمۇ بىر تاتلىق كۈلدى ۋە قىزغا كەمپۈت تۇتتى. شۇ ئەسنادا قەيەردىندۇر داڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. رەيھان سائىتىگە قارىدى ۋە:

— نۆۋەتچى ئىدىم، ۋاقىت ئاز قالدى، باراي، — دېدى.

— يەنە يېرىم سائەت بار ئىكەنغۇ؟

— شۇنداق بولسىمۇ بالدۇرراق بارغىنىم ياخشى.

— ئۇنداق بولسا مەن سىزنى ئۇزىتىپ قوياي.

قىز كۈلدى. ئابدۇراخمانمۇ تەييارلاندى. مېڭىۋاتقان رەيھاننىڭ يانچۇقىغا بىر تەخسە كەمپۈتنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي قاچىلىدى.

— كېچىسى زېرىكىپ قالماسلىقىڭىزغا ئەسقاتار، — دېدى ئۇ.

— زېرىكىپ قالمىسۇن دېسىڭىز بارارسىز، — دېدى رەيھان شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ.

— ھە، راست … سىزگە مۇھىم بىر گېپىم بار ئىدى.

— نېمە گەپ؟

— بارغاندا دەرمەن.

— ماقۇل، — ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ ئىلدام قايرىلدى - دە، — سىز بارغۇچە زېرىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن «ئايدىن» ھېكايىلىرىنى بېرىپ تۇرۇڭ، — دېدى.

— بولىدۇ ، — ئابدۇراخمان كىتاب ئاختۇرۇۋېتىپ ، — سىز ئۇ كىتابتىكى قايسى ھېكايىنى ياخشى كۆرىسىز ؟ — دېدى .

— سادىغالىق كېتەي كوماندىرنى ، — قىز خۇددى كاككۇك-تەك كۈلۈۋەتتى . ئۇنىڭ ساز ئاۋازى سەرەمجان ئۆينىڭ جاھازىلى-رىدا ئالتۇن قوڭغۇراقتەك جاراڭلىماقتا ئىدى . ئۇلار كۈلۈشكەن-لىرىچە ئىشىكتىن چىقتى .

## 5

«سادىغالىق كېتــەي كومانــدىر قانــداق ئاجايىــپ ھېكايە - ھە ؟» رەيھان ئۆزىچە ۋىلىقلاپ كۈلمەكتە ئىدى . ئۇ «شۇنىڭ بىلەن كوماندىرنىڭ قويىنىغا كىرىپ بويىنىغا گىرە سېلىپ ياتتىم» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇپ ئاستا پىچىرلاپ دەيتتى . ئايدىنىڭ ئۆزى-مۇ شوخ قىز بولسا كېرەك ... قىزلاردىمۇ ئاشۇنداق يازغۇچىلار چىقىدىكەن - ھە ؟ ئۇ كىتابنى يەنە ۋاراقلاشقا باشلىدى . «شېرىن كەلدى» ، «ئالتــۇن ئۈزۈككــە ئالماس كۆز» قاتارلىق تونۇش ھېكايىلەرنىڭ گۈزەللىك كۈچى ئۇنى يېڭىباشتىن ئۆز باغرىغا تارتماقتا ئىدى .

ئابدۇراخمان ئالتۇن نۇر چاقنىغان گوسپىتال دېرىزىسىگە يېقىنلاشقانسېرى تېخىمۇ ئېھتىيات بىلەن قەدەم تاشلايتتى . ئۇ ، سۈزۈك ئەينەككە بويىنىنى سوزۇپ قارىغىنىدا پۈتۈن پىكرى - زىكرى بىلەن كىتابقا مەھلىيا بولۇپ كەتكەن قىزنى — ئاق خالاتقا ئورالغان خۇشاللىقنىڭ يۈلتۈزىنى كۆردى . ئۇ دېرىزە تۈۋىدە بىردەم جىم تۇردى ، ئاندىن ئويلاشقا ، ئاستا مېڭىشقا باشلىدى . ئۇ نېمىلەرنى ئويلايتتى ؟ !...

ھۆرمەتلىك كىتابخان ، بىزگە ياخشى مەلۇمكى ، ئابدۇراخ-مان بىلەن رەيھان بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن بولسىمۇ ، لېكىن مۇھەببەت ھەققىدە ئوچۇق - ئاشكارا بىرەر ئېغىز سۆز

www.uyghurkitap.com

قىلىشمىغانىدى . چۈنكى ، ئابدۇراخمان ئادەملەرنى ئالداشنى راۋا كۆرمەيتتى ، شۇنداقلا ھەربىي تۇرمۇش ۋە تۈزۈمنىڭ ھەر خىل جىددىيەتلىرىمۇ ھەربىر پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلىرى ئالدىدا قال- دۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى . لېكىن ھەر ئىككى كۆڭۈلدە «سەھچىپى سان» بار ئىدى . شۇڭا بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمەت ئىنتىلىش كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ ۋە ئۆسۈپ باراتتى . ئابدۇراخمان مۇنداق ئويلايتتى : «قەشقەردە ئارزۇگۇل بار ، يەتتە ـ سەككىز يىل بولدى ، ئۇ ھازىر ئون سەككىزلەرگە كىردى . ناۋادا قەشقەرگە كېتەلمەي قالسامچۇ ؟... رەيھاندەك ئېسىل قىزنى قولدىن كەتكۈ- زۈپ قويماسلىق كېرەك ، يەنە مەلۇم ۋاقىت پۇرسەت كۈتۈشۈم كېرەك . رەيھانمۇ بۇ ھەقلەردە گەپ سورىمىدى . ئەگەر سوراپ قالسا ، ئوچۇقنى ئېيتىشىم كېرەك . بولمىسا ئاقىۋەتى ياخشى بولمايدۇ ... » ، «ئەگەر رەيھان بىلەن توي قىلسام ، قەشقەرگە كېتىشكە توغرا كەلسە ، ئارزۇگۇل ۋە ئاتا ـ ئانام ئالدىدا تازىمۇ سەتچىلىك ـ دە . ئۇنداقتا قەشقەرگە كەتمىسەمچۇ ؟ !... ياق ، بولمايدۇ . ئاتا ـ ئانامنىمۇ كۆرەلمەيمەن ، بىچارە ئانام نېمە ھالدىكىن !... »

ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى خىيالى ئەنە شۇنداق ئىدى . ئەمدى قەشقەرگە كېتىشكە توغرا كەلدى . نېمە دېيىش كېرەك ؟ بۇنى قانداق تىل بىلەن ئىپادىلەش كېرەك ؟ !

ئابدۇراخماننىڭ كونا ئوتلىرى ئۇستىگە يېڭى ياغلار سېپىل- مەكتە ، يۈرەك ـ باغرى ھارارەتلەر ئوتخانىسىغا ئايلانماقتا ئىدى . «رەيھان نېمە دەر ؟ » دېگەن مۇشۇ ئويلار ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى .

ئابدۇراخمان ئۇزاپ چىققاندا ئاي غەربىي ئۇپۇقنى بويلاپ تاغ تۆۋىنىگە پەسلەپ بارماقتا ئىدى . باياتىن بۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ئۆچەكەشكەندەك ئارىلىشىۋالغان ئىگىز بويلۇق ، چىقىر كۆز ، ئاقساق ئوفىتسېرنىڭ ئاغزى بېسىلماي كاسىلدىشى ، كۆڭۈلداش-

لارنىڭ سىردىشىشىغا تازىمۇ كاشىلا بولدى . ئابدۇراخمان ئاقىۋەت نەتىجىسىز قايتىشقا مەجبۇر بولغانىدى . ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان رەيھان گوسپىتال هويلىسىدىكى گۈللۈكنىڭ چېتىگىچە بىللە كەلدى . ئۇ ، ناز بىلەن ئەركىلەپ تۇرۇپ :

— بىر گېپىم بار دېگەنىدىڭىزغۇ ؟ — دېدى .

— هەئە .

هەر ئىككىسى ئاستا توختىدى . ئويناپ تۇرغان يۈرىكى هارارەتكە تولغان قىز ئىنتىزارلىق بىلەن سۆز كۈتمەكتە ئىدى . ئاردىنى ئارىلىغان جىملىقنى يىگىتنىڭ ئېگىز - پەس تىنىقلىرى ۋە قىسقا - قىسقا يۆتىلىشلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى ، ئۇنلىرىمۇ ئېگىز - پەس چىقاتتى ، ئاقىۋەت ئۇ بارلىق كۈچىنى ئاغزىغا يىغىپ مەقسىتىنى ئېيتتى :

— مەن قەشقەرگە كېتىدىغان بولدۇم ، — دېدى .

— هە ؟ — رەيھان كەينىگە بىر قەدەم داجىپ كەتتى ، ئاۋازىنىڭ قانداق چىققانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى ، بېشىدىن بىر چېلەك مۇز سۇيى قۇيۇلغاندەك بولدى . ئارىغا ئېغىر ۋە مۇڭلۇق سۈكۈنات چۆكتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئالەم ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ ، پەلەك پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ يىغلىغان پېتى كەينىگە بۇرۇلۇپلا كىرىپ كەتمەكچىمۇ بولدى . ئەمما بۇ «سىناش سۆزى» بولۇپ قالسىچۇ ، دېگەننى دەرهال يادىغا ئالدى - دە ، تاقەت تەڭپۇڭنى تەڭشىدى . بۇ چاغدا كەچ كۈزنىڭ سوغۇق سالقىنى يۈز - كۆزنى يالاپ ئۆتمەكتە ۋە ئارىغا چۆككەن سۈرلۈك سۈكۈناتنى ئېرىق بويىدىكى ئالمىنىڭ ئەگمەچ شېخىدا ساڭگىلاپ قالغان بىرنەچچە تال غۇژمەك غازاڭنىڭ غەلۋىسىلا بۇزۇپ تۇراتتى . رەيھان ئەھۋالنى ئۇقۇپ ، ئېنىق ئىشەنچ هاسىل قىلغىنىدىن كېيىن تاقەت تەسۋىسى ئۈزۈلدى - دە ، ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى . ئابدۇراخمان قىزغا يېقىنلىشىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى . ئەمما رەيھان قولىنى ئاستا بوشاتتى - دە :

— بىز ... بىز باشتا تونۇشمىساق بوپتىكەن ... — دېدى ئۇ ئەمدى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى . ئارىنى يەنە جىملىق ئارىلىدى . بۇ جىملىقنى قىزنىڭ نازۇك ئېسەدەشلىرى بۇزماقتا ئىدى . ئۇ تىترەك ئارىلاش :

— كىتابلىرىڭىزنى ئاچقىپ بېرەي ، — دېدى

— ياق .

— نېمىشقا ؟

— قالغان كىتابلىرىمنىمۇ سىزگە ئامانەت قىلىمەن . ساقلايسىز .

— قاچانغىچە ؟

— تاقىتىڭىز يەتكۈچە .

ئۇ ئەندىككەندەك بېشىنى تىك كۆتۈردى ـ دە ، ئابدۇراخمانغا قادىلىپ قاراپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇلتۇرۇپ بىرىۋاتقان ئاي ياكى دېرىزىدىن چاقناۋاتقان ئېلېكتىر نۇرلىرىدەك ئۇمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىماقتا ئىدى . رەيھان ئەمدى بىردىنلا يىگىتنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى . ئۇ ، يۈزىنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە يېقىپ ، كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ ، ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلىماقتا ئىدى . ئابدۇراخمان بولسا ئۇنىڭ مەشۇت يىپتەك يۇمشاق چاچلىرىنى سىلايتتى . ئابدۇراخمان بىردىن قىزنىڭ ئىككى مەڭزىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى ـ دە ، پېشانىسىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ ئۇچنى سۆيۈپ قويدى . بۇ ، ئادەتتىكى سۆيۈش ئەمەس ، بەلكى ئاتىنىڭ بالىنى ، ئاكىنىڭ ئۇكىنى سۆيگىنىدەك ئامراقلىقنىڭ ئەڭ ئالىي بەلگىسى ئىدى .

ئۇلار ئايرىلىشتى . ئابدۇراخمان كۆككۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئاي شولىسى چۈشكەن ئالملىق بىلەن يۈرۈپ كەتتى . رەيھان گۈلزارلىقنى بويلاپ نۇر شولىلىرىنى ئارىلاپ گوسپىتالغا كىرىپ كەتتى .



www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# شىنجاڭ قىزى

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# ئىچكىرى ئۆلكىدىكى كۈنلەر

مەن بىر پېقىر ، بىچارە ،
دەردىمگە ئىزدەپ چارە .
ئالەم كېزىپ يۈرىمەن ،
كوچا قويماي كېزىمەن.
قايغۇ ـ ھەسرەت بېشىمدا ،
شىنجاڭ قىزى قېشىمدا .
چاققۇر… چۇققۇر… چاققۇر… چۇق .

1

ئاشپۇزۇلنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى . چاقچۇقچى ئايالنىڭ مۇڭلۇق ئـاۋازى ئـاشخانا بوسۇغىسىغـا يېقىنلىششى بىلەن ئاستا ـ ئاستا پەسلىمەكتە ئىدى . ئاجايىپ بىر ئايال — ئېگىز بوي ، قارامتۇل ، قاتاڭغۇر ، ئۇچلۇق بۇرۇن بۇ خوتۇنىنىڭ سولغۇن چىرايىدىن چاڭ ئۆرلەپ ، چوڭقۇر چاناقلىرى ئىچىدىكى قاپقارا كۆزلىرىدىن بولسا ، كۆرگۈچىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئوت چاقناپ تۇراتتى . قات ـ قات ياماق قارا سىيامبۇ چاپىنىدىن پۈتۈن بىر ئۆمۈرنىڭ كۈلپەت تارىخى ئەكس ئېتەتتى . ئۇ بىر تۇرلۇك نازۇكلۇقنى ئىپادىلىگۈچى بارماقلىرى بىلەن ئالقىنىدىكى چاقچۇقنى ئاستا غىچىرلاتقاچ ئاۋاق بويىنىنى سوزۇپ ئاش-

خانىغا قاراشقا باشلىۋىدى ، ئىشىككە يېقىن بۇلۇڭ تەرەپتىكى بىر ئۇستەلگە ، ئىككى ھەربىينىڭ ئالدىغا تاماق تارتىۋاتقان كۆك خالاتلىق ، خام سېمىز ، كالتە چاچ ، پومزەك چوكان قاپاقلىرىنى تۈرگەن ھالدا :

— كەت... ماڭ كەت ... — دەپ گۆلەيدى . دىۋانە ئايال ئوتلۇق كۆزلىرىنى سەل - پەل يۇرۇپ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنى-مەس لىڭشىتىپ ، مىيىقىدا بىر تۇرلۇك كۇلۇمسىرىدى . ئۇنىڭ بۇ كۇلۇمسىرىشىدىن بىر ئالەم نادامەتلىك نەپرىتى ئىپادىلىنەتتى . ئۇ كېتىشكە تەمشىلىۋىدى ، ھېلىقى ھەربىيلەرنىڭ بىرى ئۇنى چاقىرىۋېلىپ بىر موما بەردى . بىر مومىغا ئېرىشكىنى ئۈچۈن تەكرار تەزىم قىلىپ تۇرغان بۇ ئايالنىڭ يېنىدا ياماق خالتىنى ساڭگىلىتىپ ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر قىزمۇ مۆڭلى-نىپ تۇراتتى . قىزنىڭ قىياپىتىگە ئاۋۇ ئايالنىڭ يامان ئەپتى ياماق بولالمىغاندەك كۆرۈنەتتى . قىزنىڭ لىباسى «يەتمىش يەر-دىن يامالغان ، پاتمەمنىڭ كۆڭلەكى »نى ئەسلىتەتتى . ئۇ قىزنى ئاشۇ ياماق كىيىم ھەر خىل يامان كۆزلەردىن يوشۇرۇپ كېلىۋات-قاندەك تۇيۇلاتتى . ئەسكى كىيىملەر قېتىدىكى قىز خۇددى ئەخ-لەتلەر ئارىسىغا ئارىلىشىپ قالغان ئېسىل مونچاقتا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ سولغۇن چىرايى چاڭ - توزانغا چۆمۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن قاپقارا قاش - كىرپىكلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئويناق كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى .

دىۋانە ئايال ئالغىنىدىكى ئاق مومىنى ئىككىگە بۆلدى - دە ، بىر بۆلىكىنى قىزغا بەردى . ئۇلار مومىنى ئېغىزلىرىغا سالغاچ كېتىشكە تەمشىلىۋىدى . ھېلىقى ھەربىي ئۇلارنى يەنە چاقىردى . چاقىرغۇچىغا قايرىلىپ قارىغان قىزمۇ ، ئايالمۇ قات-تىق چۆچۈپ كەتتى . چۈنكى بۇ ھەربىي ھېلىقى قىزغا قادىلىپلا قالغانىدى . ئايال «بۇ ئاپەتنىڭ قىزىمغا كۆزى چۈشۈپتۇ - دە» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقاندا ، ھەربىينىڭ كۇلۇپ يېنىغا شەرەتلىشى

ئۇلارنى تېخىمۇ قورقۇتىۋەتتى. ئايال نان چايناۋاتقان ئاغزىنى ئاچقىنىچە غەزەپ ئىچىدە ئۆرتەنمەكتە. قورقۇپ كەتكەن قىزمۇ ئايالنىڭ پېشىنى تۇتۇپ پاناھلانماقتا ئىدى. ئاڭغىچە ھەربىينىڭ يۇمشاق كۇلۇپ يېقىنلىشىشى، مۇئامىلىسى ئۇلارنى ئەجەبلەندۇر- مەي قالمىدى. ئايال شۇ تاپتا ھەربىيگە باشتىن - ئاياغ سەپسېلى- ۋېتىپ «بۇ بىر هارامزادە ئوخشايدۇ. ئالداپ - سالداپ قىزىمنى قولغا چۈشۈرۈشنى پەملەۋاتىدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن- لەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. بىراق، ھەربىي كۇلۇپ تۇرۇپ:

— بىز خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، بىز خەلقنىڭ ئۆز بالى- سى. بىزدىن قورقماڭلار، — دېدى.

ئايال يەنىلا چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن بۇ ئاجايىپ ھەربىي- گە باشتىن - ئاياغ سەپسالاتتى. ھەربىينىڭ سەمىمىي سۆزلىرى ئۇلارنىڭ قەلبىنى قاپلىغان قات - قات مۇزلارنى خۇددى ئىللىق باھار ئاپتىپىدەك ئاستا - ئاستا ئېرىتىشكە باشلىدى.

يۈرەكنىڭ سۆزى يۈرەككە ياقىدۇ، پاكىز سۇمۇ دەريادا ئاقىدۇ. ئايال ئېسىل سۆزلۈك بۇ ئاجايىپ ھەربىيگە چىن مېھرى بىلەن قاراشقا، ئىشىنىشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇ ھەربىي ئاۋۇ كۆك خالاتلىق گازىر كۆز پومزەكنىڭ «كەت، قەلەندەر» دەپ قوغلاشلىرىغا يول قويماي ئايال بىلەن قىزنى تاماق جوزىسىغا — ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇشقانىدى. چاقچۇقچى ئايالنىڭ ئاجايىپ قوشاقلىرى ئىچىدىكى «شىنجاڭ قىزى قېشىمدا» دېگەن سۆزى ئابايىملا بۇ ھەربىينىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى. ئۇلار ئەمدى سەمىمىي سىردىشىشقا باشلىدى:

— بۇ قىزچاق راستتىنلا شىنجاڭ قىزىمۇ؟

— ھەئە، شىنجاڭ قىزى.

— ئىسمى نېمە بۇ قىزچاقنىڭ؟

— گۈيخۇا.

— ھە؟... نېمە؟... گۇيخۇا؟
— ھەئە، ئىسمى گۇيخۇا.
— راستمۇ؟ — دەپ قىزغا قارىدى ھەربىي.
— ھەئە، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى قىز.
— قايسى مىللەتنىڭ قىزىسەن؟
— ئۇيغۇر قىزىمەن.
— گۇيخۇا... گۇيخۇا... راستتىنلا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق گۇلدەك قىز ئىكەن.
— شىنجاڭ قىزى قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالغان؟ بۇ قىز قانداقچە سىزنىڭ قىزىڭىز بولۇپ قالدى؟ — ھەربىي بۇ ئايالغا ئەمدى سىز دەپ خىتاب قىلماقتا ئىدى.
ئايال بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالدى.
ھەربىي بۇ ئايالغا ئارتۇقچە ئەنسىرىمەسلىكنى ئېيتتى. ئايالنىڭ ئەپتى ئىزىغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەربىي:
— بۇ قىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟ — دېدى.
— بۇنى... بۇنى بىلىشنى خالىساڭلار سۆزلەپ بەرسەم بېرەي، بىراق بۇنى مۇشۇ قىزنىڭ ئۆزى سۆزلىگىنى ياخشى. ئۇ مەندىن ئوبدان سۆزلىيەلەيدۇ. قىنى سۆزلەپ بەر، قىزىم، — دېدى ئايال قىزغا قاراپ.
مەدەت، مەسلىھەتلەردىن دەرمانلانغان قىز سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

## 2

قەشقەر قىزى گۇلقىز بىلەن بىز قىسسىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، ئۇ ئۇرۇمچىدىن ئۇزاپ ئىچكىرىسىگە كەتكىنىدە ئايرىلغانىدۇق، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىشلار سەگەك كىتابخانغا ئوبدان



www.uyghurkitap.com

مەلۇملۇم . بىز ئەمدى ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلايمىز .

خاراباتى ياڭ زىڭيۇەن پۇتۇنلەي چىرىپ كاردىن چىققان بىر تەييار تاپ ، تىرىك مۇردا ئىدى . باشتىلا ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن پىڭ تەتەينىڭ ئىچكىرىگە كىلىپ پىكاپلارغا چۈشۈشى يوققا چىقىپ ، كۆرگۈلۈكنى يەتكۈچە كۆردى . كەچكىچە يانپاشلاپ ياتىدىغان ، ئۆلگۈدەك خورەك تارتىپ ئۇخلايدىغان ، ھەتتا تەرەتكە چىقىشقىمۇ ھەرىكەت قىلمايدىغان ياڭ زىڭيۇەن تازا لەقۋا بىرنېمە ئىدى . ساتىدىغان نەرسىلىرى تۈگەپ ، تاپا ـ تەنىلەرگە تولا ئۇچرىغان ياڭ زىڭيۇەن كېيىنچە ئانچە ـ مۇنچە مىدىرلاپ تالا ـ تۈزگە چىقىدىغانمۇ بولدى . لېكىن بارىدىغان يېرى يەنىلا قىمارخانا ، قاۋاقخانا ئىدى . ئۇتتۇۋالغانلارغا ۋە چوتار ئالىدىغان جەزخورلارغا ھەر خىل كۈچۈكلىنىپ ئانچە ـ مۇنچە «سەيسە» ئېلىپ تاپاۋەت قىلاتتى . بەزىدە ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ قالسا ، ئۆزىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئۇتتۇۋالاتتى ـ دە ، چاپىنىنىڭ يېڭىنى ساپماي ، كۆرۈنگەنگە گۆلىيىپ ، گوركىرەپ يۈرەتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۇنى بىلىدىغانلار «بۇگۈن ئۆلۈك ياڭغا جان كىرىپتۇ» دېيىشەتتى . ياڭ زىڭيۇەننىڭ بەزىدە شۇمشىيىپ ، گەدەنلىرى ئىدىگە كىرىشىپ كېتەتتى ـ دە ، كەچكىچە چىشىنى شوراپ ، بېزىرىپ يۈرەتتى . مۇنداق چاغلاردا ، ئۇ ئۇتتۇۋالغان ياكى جىق چوتار ئالغان ۋە ياكى شۇ يەرگە يېڭى پەيدا بولغان ، ئەھۋالى ئوبدانراقلارغا ئىلاج قىلىپ يېقىنلىشاتتى ـ دە ، «پالانى قاۋاقنىڭ ھارىقى ياخشى ، پالانىنىڭ پاھىشىخانىسى پاكىز ، سەتەڭلىرى ياخشى» دەيتتى . شۇنداق قىلىپ گاھىدا بەزى مەردلەرگە مەنزۇر بولۇپ قالاتتى ـ دە ، تۇتاملاپ پۇل ، چىنىلەپ سېرىق ھاراقلارغىمۇ سازاۋەر بولاتتى . قايسىبىر چاغلىرى ئۆلگۈدەك مەست ھالەتتە كېلىپ ، پىڭ تەتەي ۋە گۇيخۇالارنى «تەييارتاپ ھارام تاماقلار ، جانغا جازا مۇناپىقلار» دەپ تىللاپ ، قولىغا چىققاننى ئېتىپ

ئالەمنى مالەم قىلاتتى .

تاۋۇز چاغىنىنىڭ تازا كۆڭۈللۈك كۈنلىرى ، قىمار راسا قىزىپ كەتكەنىدى . ئون نەچچە يەردە تاۋكا ئۆزۈلگىنىنى . دەڭ-شاڭچىلارنىڭ : «مەيشۇاڭ ، مەيدەن »[1] دەپ ۋارقىراشلىرى قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى .

ياڭ زىڭيۇەن بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بىر پۇلسىز قالغانلىقىغا تىت - تىت بولۇپ ھەسرەتلەنمەكتە ئىدى . ئۇ ، بىر تاۋكانىڭ يېنىدا ، ئىچى ئادىغان ھالدا ئويۇن كۆرۈپ ئىككى تىزىنى قۇچاق-لاپ ئولتۇراتتى . دوغىلاق بىرىنىڭ ئۇدا ئىككى قېتىم دىڭزىغا قويۇپ ئۇتتۇرۇۋەتكىنىنى كۆرگەندە يانلىرىنى سىلاپ ، تامىقىنى چاكىلدىتىپ قويىدى . ئۇ ، دوغىلاق ، كەڭ يۈزلۈك يوغانچى قى-مارۋازنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەنلىكىنى ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى «دا-ۋاڭ » دەۋاتقانلىقىنى ئابايام ئاڭلىغانىدى . ئاڭغىچە داۋاڭ نۆۋىتىدە بارى - يوقىنى «دىڭزا» دەپ قويىدى - دە ، قوللىرىنى قېقىشتۇ-رۇپ زوڭلا ئولتۇردى . ئۇنى شىنجاڭدىن كەلگەن باي سودىگەر بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىغان ياڭ زىڭيۇەن :

— ئەكەل ، مەن ئوينايمەن ، — دېدى - دە ، جانان پىيالى-نىڭ پوسىنىسىنى موككىدە كۆتۈردى . كۆردىكى ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۈچ شىشىخالىنىڭ بىردىن ئۈچ كۆزى مىختەك قادىلىپ تۇراتتى . ئاڭغىچە «يو» دەپ ۋارقىرىغان ياڭراق ئاۋاز ئەتراپنى بىر ئالدى . ئالەم ئايلانغاندەك بېشى پىرىدە قايغان ياڭ زىڭيۇەن خۇددى قۇشقۇنغا زوڭ ئولتۇرغان ئېشەكتەك ئارقىسىغا لەسسىدە ئولتۇ-رۇپ قالدى . چوتارچى ھەممە پۇللارنى ساناپ بولۇپ ئەڭ ئاخىرىدا «بىر» خانىدىكى دىڭزىغا قويۇلغان ھېلىقى پۇللارنى سانىغىلى تۇردى . بۇ چاغدا داۋاڭ ۋە باشقىلار بەكمۇ خۇشال ئىدى . ياڭ زىڭيۇەن بولسا ، قېرى قوتازدەك پۇشۇلداپ بىخۇدلارچە ئولتۇرات-

---

① مەيشۇاڭ ، مەيدەن — جۈپنى ساتىمەن ، تاقنى ئوينايمەن ، دېگەن سۆزلەر .

تى . پۇل سانىلىپ بولدى .
— قېنى ، پۇلنى چىقار ، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇنىڭغا داۋاڭ .
— ......
— ھەي... ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن .
— تېپىپ بېرىمەن ، — ياڭ زىڭيۈەننىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا ، بىر تېپىك بىلەن ئوڭدىسىغا چۈشتى . ئاڭغىچە داۋاڭ ئۇنى نەچچىنى دەسسىۋەتتى . چاپىنىنى چۆرۈپ تاشلىغان داۋاڭنىڭ يانپىشىدىكى يان قورالىنى كۆرگەن ياڭ زىڭيۈەننىڭ يېلى چىقىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى . ئاخىرىدا ئاتاقلىق جەزىخور لاۋ سۇڭ مادارغا ئارىلىشىپ ئىشنى پۈتتۈردى .
لاۋ سۇڭ قىمارۋازلارنىڭ نوچىسى ئىدى . ئېنىقىنى ئېيتقاندا ، بۇ خېلى بىر مەرد ئادەم ئىدى . ئۇ ھە دېسىلا قورال ياكى مۇشت كۆتۈرىدىغانلارنى «دۆۋىسى بەش تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان نائەھلى خۇمسىلار » دەيتتى . شۇڭا لاۋ سۇڭ ئارىلاشسا ھەرقانداق ئىش پۈتمەي قالمايتتى . چۈنكى ئۇ ئىلگىرىمۇ ياڭ زىڭيۈەنگە «قارىغا ئوينىماسلىق » ھەققىدە نەچچە نۆۋەت نەسىھەتلەر قىلغان ، قەرزلىرىنىمۇ تۈگىتىشىپ بەرگەندى . بۇ دورەممۇ شۇنداق قىلدى :
— قانداق نېمىسەن ؟ يەنە قارىغا ئويناپسىنا ؟ مانا ئەمدى ھەربىرىنىڭ پۇلىغا تۇتۇلۇپسەن . تۇتۇلغاندىمۇ ئۇنداق ـ مۇندىقىغا ئەمەس ، دىڭزىغا[1] تۇتۇلۇپسەن تېخى ، — دەيتتى لاۋ سۇڭ گۆشىيىپ تۇرغان ياڭ زىڭيۈەنگە زەردە بىلەن قاراپ . ئۇ «ئاله ! » دېدى ـ دە ، ئۆز تاۋكاسىدىكى پۇلدىن شاراقلىتىپ ساناپ بەردى .
ئەتىسى ئەتىگەندە لاۋ سۇڭ چوڭ كوچا ئاغزىدا ياڭ زىڭيۈەنگە ئۇچرىشىپ ، داڭ قېتىپلا قالدى . چۈنكى ياڭ زىڭيۈەن بېشىغا

---

① دىڭزا — ئۇتتۇرسا بىرنى ئۇتتۇرىدىغان ، ئۇتۇۋالسا بىرگە ئۈچنى ئالىدىغان قىمارنىڭ بۆلەكچە بىر تۈرى . خەنزۇلار ئارىسىدا «دىڭزىغا ئوغرى ئوينايدۇ » دېگەن تەمسىل بار .

پۆپەك قىستۇرۇلغان قىزنى يېتەكلەپ كېتىۋاتاتتى. لاۋ سۇك بۇ قىزنىڭ ئەسلىي زاتى، تەرجىمىھال تەپسىلاتىنى قىسقىچە بولسى-مۇ بىلەتتى. چۈنكى، بىر قېتىم ياڭنىڭ چوكىنى بىلەن خانىم گۈيخۇا ھەققىدە ئۇنىڭغا ئازراق ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. لاۋ سۇك، ياڭ زىڭيۈەن بىلەن ئالاھىدە سۆھبەتلەشتى. ئۇ:

— بازاردا ساتالمىسام مابەنزىگە بېرىۋېتىمەن، — دېدى.

— تېخى كىچىككۇ، — دېدى لاۋ سۇك قىزغا نېرىدىن قاراپ.

— ئۆلمەيدۇ، — دەپ سەت ھىجايدى ياڭ زىڭيۈەن.

— بولمىسا، ماڭىلا بەرگىن، بالام يوققۇ؟ مەن بالا قىلىۋا-لاي، يەنە قاراپ تۇرماسمەن، قىمار - پىمارمۇ ئوينارسەن، — دەپ يۇمشاق كۈلۈمسىرىدى لاۋ سۇك.

— لاۋ سۇك ئاكا، ھېلىغۇ شىنجاڭلىق بىر مايماق قىز ئىكەن، سەندىن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن دېگىنە… مەنمۇ ئانچۇۋالا نامەرد ئەمەس، ئالساڭ ئال.

ئالدى بىلەن لاۋ سۇك قىزنىڭ بېشىدىكى پۆپەكنى يۇلۇپ تاشلىدى، ئاندىن ئۇنى:

— يۈر، قىزىم، — دەپ بۆلەك يولغا باشلىدى. مۆلدۈرلىگەن قىز كۆزلىرىنى يەنە ياشلىدى.

## 3

ياڭ زىڭيۈەننىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ چىرايلىق چوكىنىنىڭ كېلىشكەن قەشقەر پىروتكىسى ئى-كەنلىكىنى بىز باشتا كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. ياڭ زىڭيۈەن ئەمدى شۇ چوكاننى «پۇل» قىلماقچى بولدى. ئۇ، چوكىنىنى ئالدى بىلەن ئالدىدى، كېيىن زورلىدى.

«تاماشىخانا» ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ياڭ زىڭيۈەن ئەم-

دى چوكىنىنى ھەر ئەتىگەندە ئاشۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ ، كەچتە ئەكېلىدىغان بولدى . بۇ خورلۇقتا ، بۇ ھاقارەتكە ، بۇ نومۇسسىز-لىققا دۇچار بولغان چوكان ئاخىرى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى .

يامغۇرلۇق بىر ئاخشام ئىدى . ئاچ قورساق ياش زېڭيۇەن ئارقا كوچىدىكى كۇڭ لوخەننىڭ قاۋاقخانىسىغا كىرىپ ، كۆك لوبۇنى زاكوسكا قىلىپ راسا ئىچتى . ئاندىن ئۇ ئادىتىچە ئارقى-سىغا يۆلىنىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ، كونا ئورۇندۇقنى غىچىرلىتىپ قوپقىنىچە ئېغىناپ يۇرۇپ كەتتى .

ئەتىسى ئەتىگەندىلا «شىبىلۇ» كوچىسىدا بىر ئايالنىڭ ۋار-قىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئادەملەر ئولاشتى . ئاق يۈزلۈك ، چېڭگىلەك چاچ ئايال چۇلدۇرلاپ سۆزلەيتتى :

— يۇندىنى تۆكۈپ بولۇپ قارىسام ئاشۇنداق تۇرۇپتۇ ئەمەس-مۇ ؟ قورقۇپ كەتتىم .

كىشىلەر كۆردىكى ، ھېلىقى ئايال كۆرسەتكەن ئەۋرەزدىن ئادەمنىڭ ئاسمانغا قارىغان قارا لاتا ئاياغلىق پۇتى چىقىپ تۇراتتى ، ئۆلگۈچى يۇندىدىن تارتىۋېلىندى . بۇ ياش زېڭيۇەننىڭ ئۆلۈ-كى ئىدى . ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ھەيران قالمىدى ھەم ئەجەبلەنمى-دى . شۇنىڭ بىلەن چىرىكلىكنىڭ ئەۋرىزىگە ئايلانغان بۇ چىرىك جان ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى .

## 4

لاۋ سۇڭ چىرايلىق قىزچاقنى يېتىلەپ خۇشال - خۇرام كىرىپ كەلگەندە خوتۇنى جاڭ يى بەسەي توغراۋاتاتتى . ئۇ ئەھۋال-نى ئۇققىنىدىن كېيىنكى خۇشلۇقى ئېرىنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ خۇرسەن قىلىۋەتتى . ئۇلار گۇرۇچ تامىقىنى دەرقەمتە ئولتۇرۇپ يېيىشتى .

— يە ، گۇيخۇا ، يېگىن ، — دەيتتى موماي ئانا دۇفۇنى

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قاچىسىغا سېلىۋېتىپ، ئۇ قىزغىنا زوقمەنلىك بىلەن يېيىش - يېيىشلاپ قارايتتى. تاماقتىن كېيىن جاڭ موماي ئۇنى كىيىندۈرۈش ئۈچۈن نەرسە - كېرەك ئالغىلى بازارغا ماڭماقچى بولدى. لاۋ سۇڭ ئۇنىڭغا:

— گۈيخۇانىمۇ بىللە ئېلىپ بارغىن. كىيدۈرۈپ كۆرۈپ خوپ كەلگىنىنى، ئوبدانراقىنى ئالغىن، — دېدى.

— ئوبدان دېدىڭ، لاۋ سۇڭ، يۈرە، قىزىم...

## 5

ئاي شالاڭ بۇلۇتلارنى ئارىلاپ ئاستا ئۈزمەكتە، ئاسمان ئاستى ئاخشام ئارامىغا چۆكمەكتە، دېرىزىگە يېقىن ياتىدىغان گۈيخۇا بولسا، ئاسمان ئالىمىنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرمەكتە ئىدى. جاڭ موماي ئاستا قىچقاردى:

— گۈيخۇا! گۈيخۇا!

— ھە، — گۈيخۇا موماي تەرەپكە ئۆرۈلدى.

— مەن سېنى ئۇخلاپ قالدىمىكىن دەپتىمەن.

— ياق، ئۇخلىمىدىم. ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

— ئۇيقۇڭ كەلگۈچە ھېلىقى گەپلىرىڭنىڭ ئايىغىنى ئېيتىپ بەرمەمسەن ئەمىسە؟

— ......

— ھە، ئېيتە...

— قەيەرگە كېلىۋىدۇقا؟

— ياڭ زىڭيۇەنىڭ سېنى ئۇرغان يېرىگە.

— شۇ كىچىككىنە ئىش تۈپەيلى مېنى قاتتىق ئۇرغاندا كەمەرنىڭ تۆمۈرى تېگىپ بېشىمنى يېرىۋەتتى. ئاغرىققا چىدىماي «ئاپا» دەپ ۋارقىراپ سالپتىمەن، ھە، ئاپاڭ قېنى؟ ھەي ھايۋاننىڭ بالىسى، ئاپا دەيسىنا دەپ يەنە قاتتىق دۇمباللىدى. ئېسىمدە

يوق . «ئاپا» دەپ سالساملا ئۇراتتى . ئۇ ، ئاپامنى ئاغزىمغا ئالدۇرمايتتى ، — گۆيخۇانىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ ئېسەدىمەكتە ئىدى . جاڭ موماي ئاچچىق ئۇھ ··· تارتتى ۋە : «لاۋ سۇڭ» دەپ ئېرىنى قىچقىرىپ باقتى .

لاۋ سۇڭمۇ ئۇخلىمىغانىدى . ئۇمۇ ئېغىر ئۇھ ··· تارتتى ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، كاڭدىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ غاڭزىسىغا تاماكا تولدۇرۇپ ، ئۇنى خۇددى تۆگە سۇ سۈمۈرگەندەك سۈمۈرۈشكە باشلىدى . ئۆينى ئېغىر جىمجىتلىق قاپلىغانىدى . بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت گۆيخۇانىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس يېنىك ئېسەدىشى بىلەن لاۋ سۇڭنىڭ غاڭزىنى شورىشىلا بۇزۇپ تۇراتتى .

— يىغلاۋاتامسەن ، گۆيخۇا ؟ — دېدى جاڭ موماي قولىنى ئۇزىتىپ گۆيخۇانىڭ چېكە چاچلىرىنى سىلاۋېتىپ .

— جاڭ يى ، — دېدى لاۋ سۇڭ ئايالىنى قىچقىرىپ .

— ھە ، نېمە دەيسەن ؟

— بىز شىنجاڭغا كېتەيلى ! قانداق دەيسەن ؟

— ئىلگىرى شۇنداق دېسەم ئۆزۈڭ ئۇنىمىغانتىڭغۇ ؟

— ئۇ گەپلەرنى قوي ، ئەمدى كېتەيلى ! مۇشۇ بالىنى ئۆزدىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىر كۆرۈشتۈرەيلى ! بىزنىڭ ئىنسان بولۇپ ئالەمدە قىلغان ياخشى ئىشىمىزنىڭ بىرى شۇ بولۇپ قالسۇن .

جاڭ يى ئەسنىدى ، ئاندىن ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . لاۋ سۇڭ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— يادىڭدىمۇ ، جاڭ يى ، بىزنىڭ ھېلىقى راخت كېپىلى بىلەن تۇغۇلغان قىزىمىز ئۆلگەندە سەن قانچىلىك يىغلىغانىدىڭ ؟ بۇ قىزنىڭ ئاپىسى بىچارە ھازىر نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇر - ھە ؟

ھۆكرەپ يىغلىۋەتكەن گۆيخۇا بېشىنى دەس كۆتۈرۈپ دېرد-

ـزىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى . ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلىماقتا ئىدى .

— يىغلىما ، قىزىم .

— يىغلىمىساڭچۇ ؟ — ئەمدى جاڭ يىنىڭ ئۇمۇ بۇرنىنى مىشىلداتماقتا ئىدى .

— يىغلىما ، يىغلىمىغىن ، — دەيتتى لاۋ سۇڭ ، — سېنى ئاتا ـ ئاناڭ بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرمىسەم مېنى ئادەم ئىكەن دېمە ، گەپ شۇ . خاتىرجەم بول ، — دېدى لاۋ سۇڭ ئاستا قوپۇۋېتىپ ، ئاندىن ئۇ ئالدى ئوچۇق ، ئىزىلىق ئاق كۆڭلىكىنى يېپىنچاقلىدى ـ دە ، كەشىنى سۆرەپ ، ئاستا مېڭىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى .

## 6

ئاخشامدىن بېرى يېغىشقا باشلىغان سىم ـ سىم يامغۇر تاڭ بىلەن تەڭ توختىدى . كۆز ھاۋاسى كوچىلارنى سۆرۈنلەشتۈرمەكتە ئىدى . كۈن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ مەشرىق مۇھىتىدىن ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى . «ئادەم دېڭىزى» ئاتالغان شەھەر قوينىدىكى ھايات قاينىمى خۇددى ئوكيان دولقۇنىغا ئوخشايتتى . سېۋەتلەپ تۇخۇم ، توخۇ ، ئۆردەك ، غاز ، بېلىق ، توشقان ، يىلان ، چىرىلدايدىغان تومۇزغا ۋە باشقىلارنى سېتىۋاتقانلار ھەر يەردە مىژىلدايتتى . لاۋ سۇڭ كەڭ كوچىدا ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا كۆز سېلىپ ، ئويچان ھالەتتە كەلمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ كۆزى كوچا ئايلانمىسىدا توپلانغان توپقا چۈشتى . ئۇ كۆردىكى ، توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر «جىپ» ماشىنا دىرىلداپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا قوچقاردەك قاڭشار بۇرۇن بىر ھەربىي ھاكاۋۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ ، بىر قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ، يەنە بىر قولىنى شىلتىپ ، شاللىرىنى چاچقان ھالدا چالۋاقاپ سۆزلەيت-

تى . توپنى يېرىپ ئۆتتۈرىغا كىرگەن لاۋ سۇڭ ساقچىلارنىڭ تۇسۇشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن ، ئۇدۇللا ھېلىقى ھەربىي — ئەجنەبىينىڭ ئالدىغا باردى . كۆردىكى ، ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئالىقاندەك يېرى زېدە بولغان ، ھەربىي شۇنىڭغا قايىنماقتا ئىدى . ۋەقە ماشىنىنىڭ رىكشىغا ئۇرۇلۇپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان بولۇپ ، ياماق چاپانلىق رىكشىچى ھەربىينىڭ ئالدىدا بۇرنىنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇپ مۆكچىيىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپ چېكىسىمۇ جاراھەتلەنگەنىدى . لاۋ سۇڭ غەزەپ بىلەن :

— ھەي ، سىنىڭ ماشىناڭ ئادەمدىنمۇ ئەزىزمۇ ؟ — دېدى . ھەربىي بىر ھومىيىۋىدى ، ساقچىلار لاۋ سۇڭنى بۇ يەردىن ھەيدەشكە تۇتۇش قىلدى ، — ماڭە ، غالچىلار ... — لاۋ سۇڭ ساقچىلارنىڭ قولىنى قېقىۋەتتى . «گەنسا - گەنسا ...» باشلاندى ، ئاڭغىچە ھەربىي كابىنكىغا كىرىپ ئىشىكنى غەزەپ بىلەن ياپتى - دە ، ماڭماقچى بولدى . لاۋ سۇڭ ئىككى قولىنى كېرىپ ماشىنىنىڭ ئالدىنى توسۇدى . شىددەتلىك گۈرۈلدىگەن ماشىنا بىردىنلا چاپچىدى - دە ، ئالدىدىكى ئادەمگە پەرۋامۇ قىلماستىن دەسسەتكەن پېتى خۇددى قاماقتىن قاچقان قاراقچىدەك قاچتى . قىيا - چىيا باشلاندى .

## 7

ئاشخانىدا باشلانغان ھېلىقى ھېكايىنىڭ ئاخىرى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ چېدىرىدا ئاياغلاشتى . ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شتابى شۇنچە پاكىز ، شۇنچە رەتلىك ئىدى . ئۇلارنىڭ مۇئامىلە ، مۇناسىۋەتلىرى ئادەملەر ئىلگىرى كۆرۈپ كەلگەن ھەربىيلەرنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشاشمايتتى . سىلىق سۆزلىرى ، كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى ، خۇش خۇلقىدىن ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئالامەتلىرى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى .

ھورى چىقىپ تۇرغان ئاق مومىنى «قەلەندەر» لەرگە بەرگەن ھېلىقى ئوتتۇرا بوي ، بۇغداي ئۆڭ ھەربىيىنىڭ ئېتى ۋاڭ دەيچۇەن بولۇپ ، مەلۇم قىسىمنىڭ سىياسىي كومىسسارى ئىدى . ۋاڭ دەيچۇەن ئەسلىي شەنشىلىك بولۇپ ، ئاتىسىدىن كاتىپلىك قىلىپ ، ئۆگەي دادىنىڭ قولىدا ئۆسكەن ، ئازادلىق ئارمىيە قاتارىغا ئۆت- كەندىن باشلاپ ھايات يولىنى تېپىپ ، ياماقلىرىنى يېپىپ ، كۆڭ- لى كۆلگەن بىر كىشى ئىدى .

ۋاڭ دەيچۇەن گۈيخۇانىڭ سەرگۈزەشتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن :

— سىز تولۇق خاتىرجەم بولۇڭكى ، قىزىم بىلەن بىللە بارىمەن دېسىڭىز سىزنىمۇ شىنجاڭغا بىللە ئېلىپ بارىمىز ، ئە- گەر بارمايمەن ، ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلمايمەن دېسىڭىز ، تەقدىرى- ڭىزگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىمىز ، — دېدى . جاڭ يى يىغلاپ تۇرۇپ :

— بۇ قىزنى ئاتا - ئانىسى بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرۈش — لاۋ سۇڭ ئىككىمىزنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيىمىز ئىدى . ئۇ رەھمەت- لىك ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئاشۇنداق ئۆلۈم بىلەن ئارماندا كەتتى . ئەمدى ئۇ مەرھۇمنىڭمۇ روھى خۇش بولسۇن ! بۇ … بۇ بالىنى سىلەرگە قوشاي ، سىلەر ئېلىپ بېرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار . مەن سىلەرگە ئىشەنىدىم ، مېنىڭ تېنىم ئاجىز ، شىنجاڭدەك ئۇزاق يەرگە بارالمايمەن ، — دېدى - دە ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى .

جاڭ يى بىلەن گۈيخۇا يىغلىشىپ ، قۇچاقلىشىپ ۋىدالاشتى .

— جاڭ ئانا ، مەن سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن ، — دېدى گۈيخۇا .

— ئۇنتۇمايمەن دېگىنىڭگە رەھمەت ، گۈيخۇا ، مەندىن رازى بول ، ئاتاڭغا ، ئاناڭغا مەندىن سالام ئېيت ، — دېدى جاڭ يى يامغۇردەك ياشلىرىنى تۆككەن بويى تىترەپ خوشلىشىپ . ۋاڭ

دەيچوەن كانۋويغا :

— لى شوينىڭ چاقىرغىنى ، — دېدى . ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىشىك چېكىلىپ ئايال ئاۋازى ئاڭلاندى . ئىجازەت بىلەن كىرگەن كەسمە چاچلىق نۆكچە بوي ، بوغداي ئۆڭ ، ھەربىي فورمىلىق قىز تاققىدە توختاپ سالام بېرىپ :

— يولداش جېڭۋېي ، چاقىرىشىڭىز بويىچە كەلدىم ، — دەپ تىك تۇردى .

باياتىن باشلىرى تۇرلۇك خىياللارغا خومدان بولۇپ ئولتۇرغان گويخوا ياش يوقى كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ چوڭ باشلىقنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئاجايىپ قىزغا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىماقتا ئىدى . ۋاڭ دەيچوەن ھەربىي قىزغا :

— سىزگە بىر ئىش تاپشۇرىمەن ، — دېدى .

— بېجىرىشكە تەييارمەن .

— بىر ئىش ئەمەس ، بىر گۇل تاپشۇرىمەن .

لى شويىڭ بىر تاتلىق كۈلۈمسىرىدى . ئۇ ، گويخوا ھەققىدە ئاللىقاچان ئاڭلاپ بولغانىدى .

— ماۋۇ شىنجاڭ قىزى ، قارىڭا ، — دېدى ۋاڭ دەيچوەن .

قايرىلىپ قارىغان لى شويىڭ قەپەسكە چوشكەن دالا قۇشىنىڭ بالىسىدەك شومشىيىپ ۋە مۆلدۈرلەپ ئولتۇرغان گويخوانىڭ ئالدىغا باردى ، كىرلىشىپ كەتكەن چېكە چاچلىرىنى سىلىدى . ئۇنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ھالدا لىققىدە ياش كەلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى باب

# ئايالال ئەترىتى

### 1

«قەيسەر قىزلار قوشۇنى» ھازىر جەڭگىۋار بىر يىڭ بولسىمۇ ، ئامما ئۆگىنىپ قالغان ئىبارىلەردا «ئايالال ئەترىتى» دىگەن ئىلگىرىكى نامىنى ساقلاپ قالغانىدى .

بۇ جەڭگىۋار يىڭ ئىلگىرى بىر لىيەن بولۇپ ، ئۇنىڭ تەركىبىدە تۆت پەي بار ئىدى . لى شۇيىڭ شۇ لىيەننىڭ سىياسىي كومىسسارى ئىدى . كېيىن بۇ لىيەن يىڭ بولۇپ تەشكىللەنگەندە شۇ يىڭنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەنگەنىدى .

لى شۇيىڭ ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەقىقىي كەمتەرلىكى ، سەمىمىيلىكى ، تىرىشچانلىقى ، پىلانچانلىقى ، سەرەمجانلىقى ، بولۇپمۇ ئايالار زاتىدا ئاز ئۇچرايدىغان سالماقلىقى ، كەڭ كۆڭۈللۈكى قاتارلىق خىسلەت — خۇسۇسىيەتلىرى بىلەنمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . ئۇ ، بەزى يېنىك تەبىئەتلىك چاكىنا قىزلاردا بولىدىغان ھەر خىل يامان ئىللەتلەرنى بەكمۇ يامان كۆرەتتى . بەزىلەر ئۇنى «جۇڭگونىڭ زوياسى» دەپمۇ ئاتىشاتتى . ئۇنىڭ ئۆزى قايسىبىر ئىبزىلەڭگۇ ، لۆم — لۆم ، لايغەزەل يىگىتلەرنى كۆرگەندە «ئىككىمىزنى ياراتقاندا خۇدايىم نىمىشقىمۇ ئادىشىپ كەتكەندۇر — ھە» دەپ كۈلۈپمۇ قوياتتى . ئۇنىڭغا مۇنداقلا قارىغاندا سەھرايى ، قوپال قىزدەك

كۆرۈنسمۇ، ئەمما شۇ ئىغىر ـ بېسىق مىجەزى، تەمكىن تەبىئىـ
تى ئاستىغا جۇڭگو قىزلىرىغا خاس بىر زىلىلىق يوشۇرۇنغانىدى.
لى شۇيىڭ، گۇيخۇانى ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان «چېۋەر قىزلار» بىرىنچى لىيەنىنىڭ سىياسى كومىسسارى بەيخۇاغا بەردى ۋە بەزى ئىشلارنى ئالاھىدە تاپىلىدى.

گۇيخۇا ئازادلىق ئارمىيە فورمىسىدا تولۇق جەڭگىۋار ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ خۇش پىچىم قامىتىگە ھەربىي كىيىم شۇقەدەر ياراشقانىدىكى، ئۇ ھازىر گۈزەللىك بابىدا پەقەت قەشقەر قىزلىرى ياكى پۈتۈن ئۇيغۇر گۈزەللىرىگىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق شىنجاڭ قىزلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر بۈيۈك شاھانە سىپىمانىڭ نۇرلۇق ئەۋرىشكىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر گۈزەللىكىگە خاس قاپقارا ۋە قويۇق قاش ـ كىرپىكلىرى ئاستىدىكى شەھلا كۆزلىرى خۇددى گۈلزارلىق ئارىسىغا رەڭدار ئېلېكتر لامپۇچكىلىرى ياندۇرۇپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. ھازىر ئۇنىڭ فورمىسىغا پەرۋانە بولغان ھەربىي مۇخبىرلار ئاپپاراتلىرىنى ئوينىتىپ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى.

گۇيخۇا بىلەن بەيخۇا خۇددى بىر شاختا ئېچىلغان جۈپ قوشماق گۈللەردەك كۆپ كۆزلەرنىڭ مەيلىنى مايىل، قەلبىنى قايىل قىلماقتا ئىدى.

گۇيخۇانىڭ ھەربىي ھاياتىنىڭ بىرىنچى مەشىقى «يۈك ـ تاق تېڭىش»تىن باشلاندى. بۇ مەشىقنىڭ تېزلىك سۈرئىتىنى، تەلەپكە لايىق پۇختا، ئىخچام، ئەپچىللىكى قاتارلىق تەرەپلىرىنى مۇناسىۋەتلىك باشلىقلار سائىتىگە قاراپ تۇرۇپ تەكشۈرەتتى، كىيىمنى قانداق كىيىپ، تاماقنى قانداق يېيىش، پۇت كەلتۇرۇش، ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈش، مېڭىش، تۇرۇش، سالام بېرىش ۋەھاكازالارنى گۇيخۇا ئۈچ كۈندىلا ئۆگىنىۋالدى. ئەمدى ئۇ بارلىق ئىشتىياقى بىلەن قورال مەشقىغە چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ ھەممە قىزلارنىڭ جانلىق بىر قونچىقىغا ئايلانغانـ

دى . قايسىلا قىز ، ئۇنىڭغا ئۆگىتىشكە ئامراق ئىدى . كۆپىنچە بەيخۇانىڭ ئۆزى ئۆگىتەتتى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆگەتكىنىنى گۈيخۇاغا خۇددى تۇخۇمغا رەڭ يۇققاندەك يۇقاتتى ، قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپ ئۆزلىشىپ قالاتتى . ئۇنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ ئۇستۇنلۇكىگە ئۆزىنى مۇشۇ ھەقتە «ئالاھىدە» ھېسابلايدىغان بەيخۇامۇ ھەيران قالماقتا ئىدى . بەيخۇا ياتاقتا يەر بوشىتىپ گۈيخۇانى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى . ئۆزلۇكسىز خاتىرە يازىدىغان ، كىتاب كۆرىدىغان ، كېچىلىرى ئاز ئۇخلايدىغان بەيخۇا قوينىڭ قوزىسىدەك ئۇخلايدىغان ، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىگىمۇ ئۆزىنىڭكىدەكلا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ، كۆيۈنۈپ ئاسرايدىغان گۈيخۇادەك بىر سەمىمىي ھەمراھقا ھەمنەپەس بولغىنى ئۈچۈن تولىمۇ خۇش ئىدى .

لى شۈيىڭ گۈيخۇا ھەققىدە بەيخۇادىن ۋە باشقىلاردىن ئۇقۇپ ، بىلىپ تۇرغانىنىڭ تاشايىنىدا ، ئىلاجى ۋە ئىمكانى بولسىلا ئۆزى كېلىپ گۈيخۇا بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتى . بىر ئاخشامقى مەجلىسنىڭ ئاخىرىدا ۋاڭ دەيچۈەن لى شۈيىڭدىن سوراپ قالدى :

— ھە ، لى شۈيىڭ ، ھېلىقى شىنجاڭ گۈلىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ ئاڭلىسام ئۇ بەك ئەقىللىق قىز ئىكەن . بەك تىرىشچان ئىكەن دەيدىغۇ ؟ ... — سىياسىي كومىسسار ئىللىق كۈلۈمسىرىدى .

— راست ، — دېدى لى شۈيىڭ ، — ئۇ ، كۆرگەننى كۆزدىن قاچۇرمايدىغان بىر شۇڭقار ئىكەن...

ئەمدىكى گەپ شۇ شۇڭقار ھەققىدە كۆچتى . ئاڭلىمىغانلار بىلىشكە قىزىقتى . لى شۈيىڭ سۆزلەپ بېرىشكە كىرىشتى . بەيخۇا ئۇنىڭكىنى تولۇقلاشقا تىرىشتى...

مەشغۇلات مىزگانى چىلىندى . ئۇنىڭ سۇرلۇك ساداسى قەشقەر قىزى قىسمىسىنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى ئوفىتسېرلار ئاۋازى بىلەن قوشۇپ ئاخشام ئارامىنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە ئەكەت-

مەكتە ئىدى.

## 2

گۈيخۇا ئۇيغىنىپ كۆزىنى ئاچتى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى ۋاللىدىغان قولچىراغ شولىلىرىنى كۆرگەنىدى. ئۇ لى شۇيىڭنىڭ يۇمشاق كۇلكىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا يۈرىكى جايىغا چۈشتى. چۈنكى كېچىسى ياتاق تەكشۈرۈپ كىرگەن لى شۇيىڭ گۈيخۇانىڭ يوتقىنى ئېچىلىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، تۈزەپ قويغىنىدا ئۇ ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئاڭغىچە بەيخۇامۇ ئويغىنىشقا باشلىۋىدى.

— تىنچ··· ئۇخلاڭلار، — دېدى لى شۇيىڭ ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس ئاۋازدا، مىدىرلاۋاتقان گۈيخۇا جىم بولدى. ئاڭغىچە لى شۇيىڭمۇ چىقىپ كەتتى.

ئۇيقۇسى قاچقان گۈيخۇا ھېلىمۇ خىيال قايناملىرىدا ئۆزۈپ يۈرەتتى. باياتىنقى شەپىدىن ئويغىنىپ كەتكەن بەيخۇا گۈيخۇانىڭ ئەسنەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئاستا سورىدى:

— ئويغاقمۇسەن، گۈيخۇا؟

— ھەئە.

— باياتىن ياتاققا ئادەم كىردىمۇ؟

— ھەئە.

— كىم ـ كىملەر؟

— لى يىڭجاڭلار.

— ھە··· — دېدى بەيخۇا باش تەرىپىنى تۈزەشتۈرۈپ يەنە ياتتى. ئۇ، سوزۇپ بىر ئەسنىدى. شۇ چاغدا بۇلۇڭ تەرەپتە ياتقان بىر قىز جۆيلۈمەكتە ئىدى: «ياق··· ياق ھېلىقى يىگىتما؟··· ياق··· ئۇ··· ئۇنداق ئەمەس···»

گۈيخۇا بېشىنى يوتقانغا يۆگەپ پىخىلداپ كۈلمەكتە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

بەيخۇا ئاستا دەيتتى :

— «توخۇ داڭگال چۈشەر ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەن شۇ ـ دە...

ئارىنى جىمجىتلىق ئارىلىدى . بەيخۇا بوش ئاۋازدا ئاستا :

— گۇيخۇا... گۇيخۇا... تەرەتكە چىقامسەن ؟ — دېدى .

— ماقۇل .

— يۈرە .

ئىككىسى ئاستا كىيىنىپ ، چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ئاۋايلاپ ياپقانلىرىچە چىقىپ كەتتى .

## 3

ئەتىگەنلىك چېنىقىشتىن قايتقان قىزلار جاسارەت مارشىنى ياڭرىتىپ كەلمەكتە ئىدى . مارشىنىڭ تېكىستىنى ئۆزى يازغان بەيخۇا بارلىق ئىشتىياقى بىلەن باشلاپ بېرەتتى :

يولداشلار ، قېرىنداشلار ،
ئەر ـ ئايال ، قېرى ـ ياشلار .
قولغا قولنى چىڭ تۇتۇپ ،
مەيدانغا قەدەم تاشلا .
ئالغا ...

ئۇلار مەيدان دوقمۇشىدا تارقالدى . گۇيخۇاغا زوقمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قارىغان بەيخۇا ياندىشىپ كېتىۋېتىپ :

— سېنىڭ ئاۋازىڭ نېمانچىمۇ ساز ، — دېدى .

— سىزنىڭكىگە يەتمەيدۇ .

— ياق ، سېنىڭ ئاۋازىڭ مېنىڭلىغان ئاۋازلار ئارىسىدىمۇ ئالاھىدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ . مەن سېنىڭ ئويناق ئاۋازىڭغا ئاشىق

بولۇپ قالدىم ، ھا… ھا… ھا… مەن يىگىت بولغان بولسام چوقۇم ساڭا ئاشىق بولاتتىم… ھا… ھا … — «ئۇنۇمنى بىر كىم ئاڭلاپ قالدىمۇ ؟ » دېگەندەك ئەندىكىپ ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىدىغان بەيخۇا يەنە گۇيخۇاغا قارىدى . ئۇ ، پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئۇمۇ بەيخۇانىڭ كۆزىگە قاراپ بىر تاتلىق كۈلۈمسىرىدى . قوشماق گۈللەر ئاسماقلىشىپ چېدىرغا كىرىپ كەتتى .

## 4

«گۇيخۇانى يىڭ شتابى ئالىدىكەن» ، «گۇيخۇا ئەمدى يىڭ شتابىدا تۇرىدىغان بوپتۇ… لى شۇيىڭ يىڭجاڭ شۇنداق دەپتۇ… » دېگەن مىش ـ مىشلار تارقىلىشقا باشلىدى . بىر كۈنى بەيخۇا بىر مەجلىسنىڭ ئاخىرىدا يىڭجاڭدىن ئۇ ھەقتە سورىۋىدى ، ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

— بۇ ھەقتە سەن قانداق قارايسەن ؟ — دېدى .

— مەن ھېچنېمە دېمەيمەن ، — دېدى بەيخۇا . ئۇ ، يىڭجاڭنىڭ يۈرەك سىرىنى بىلىپ بولغانىدى .

— ئۇنىڭ ئۆزى بىزدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ ، — دېدى بەيخۇا خۇددى مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالغاندەكلا .

— راستمۇ ؟ — دەپ كۈلدى لى شۇيىڭ .

— راست ، — دەپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قىزاردى بەيخۇا . بۇنىڭدىن لى شۇيىڭ بەيخۇانىڭ ئۇنى بەرگۈسى كەلمەيۋاتقىنىنى ئېنىق بىلمەكتە ئىدى .

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ ، — دېدى ئۇ ، — مەن ئۇنى ئاۋۋال ئىستىرويغا تۇرۇپ ، تۇزۇم ـ قائىدىلەرنى ئۆگەنسۇن ! چېنىقسۇن دېگەنىدىم .

— تېخى چېنىقىدىغان خېلى چالىسى بار .

— ئۇنداقتا بۇرۇنقى دوكلاتلار يالغان ئىكەن ـ دە ؟

— ياق... ياق...

لى شۈيىڭ كۈلۈۋەتتى ، بەيخۇا كۈلۈمسىرەپ تېخىمۇ قىزار-ماقتا ئىدى . يىڭجاڭ مەمنۇنىيەت بىلەن :

— بوپتۇ ، يېنىڭدا تۇرۇۋەرسۇن ! ... — دېدى ، ئاندىن ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەپ ، — تەييارلىقلارمۇ پۈتۈپ ، رەتلەشلەرمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى . رەھبەرلىكنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا ، قوشۇن بىرنەچچە كۈن ئىچىدە شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان ئوخ-شايمىز . دېمەكچى بولغىنىم ، بىز شىنجاڭغا بارغۇچە چېنىقىش-لارنىڭ چالىسى تۈگەپ ، جەڭگىۋار تەييارلىق تولۇق بولۇشى شەرت ، بولامدۇ ؟ — دەپ كۈلدى لى شۈيىڭ .

— خوپ ، يولداش يىڭجاڭ ! — بەيخۇا بەزى مەسلىھەت ۋە يوليورۇقلارنى ئالغاندىن كېيىن جەڭگىۋار قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى .

## 5

ئالتۇن ئاپتاپ ئالەم مۆھتىنى بەرىكەت نۇرلىرى بىلەن بېزىمەكتە ئىدى . سۈزۈك ئاسماندا كەپتەرلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى . ئەتىگەندىن باشلانغان جىددىي ھەرىكەتلەر ھەممە دىققەتلەرنى دا-خىل قىلماقتا ئىدى . يۈزلىگەن چوڭ - كىچىك ماشىنا ، تانكا ، برونېۋىكلارنىڭ ماتور ئاۋازى ھايات قايىنىغان چوڭ شەھەردىكى شاۋقۇنلار بىلەن قوشۇلۇپ ئاسماننۇ زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋات-قاندەك تۇيۇلاتتى . ئارقا - ئارقىدىن ئۇچقان ئۈچ ئايروپىلاننىڭ ئالەمنى مالەم قىلىپ بارغان سۈرلۈك ساداسى ھەممە ئاۋازلارنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىپ باراتتى .

— قارىغىنا ، گۈيخۇا ، ئايروپىلاندا نۇر چاقناتقان ئەتىگەندى-كى كۈننىڭ شولىسى قانداق گۈزەل ، — دەيتتى بەيخۇا بىر قولىنى شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىگە چەنلەپ پېشانىسىگە تۇتقىنىچە

خۇددى ئايروپىلانغا سالام بېرىۋاتقاندەك ئاسمانغا قاراپ ، بوينىغا ئاسقان باكلاشكىنىڭ بېغىنى تۇتقىنىچە گويخۇامۇ ياندىش تۇرۇپ ئاسمانغا تىكىلىپ قارىماقتا ئىدى . ئايروپىلانلار ھەيۋەت بىلەن غارقىراپ ، غەربكە قاراپ كېتىۋاتاتتى .

— شىنجاڭغا كېتىۋاتىدۇ ، — دېدى بەيخۇا .

— ئۇھ ... — بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى گويخۇا ، — بىز قاچانمۇ بارارمىز ، — دېگەننى قوشۇپ قويدى .

— بىزمۇ بارىمىز ، يولغا چىقتۇقمۇ بارغىنىمىز شۇ...

شۇ ئەسنادا باشلانغان ھاياجانلىق جىددىيەتلەر ھەرقايسىسىنى ھەريان يۇگۇرتۇپ ، جاي - جايلىرىغا جۆنەتتى . ئوفىتسېرلار ئۆز سەپلىرىنىڭ ئالدىدا جەڭگىۋار ھالەتتە تىك تۇرۇشاتتى .

يۇرۇش بۇيرۇقى بېرىلدى . كۆتۈرەڭگۈ كوماندا ئاۋازلىرى ھەرياقتىن ئاڭلىنىشقا باشلىغان : «ئالغا... ئالغا... ئالغا... بىزنىڭ ئەسكەرلەر قۇياشقا...» دېگەن جەڭگىۋار مارش سادالىرى ئاسمانۇ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ باراتتى .

شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاتاقلىق بىرىنچى دالا ئارمىيىسى غەيرەت - جاسارەت بىلەن غەربكە — شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۈچىنچى باب

## ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار

ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم ،
ئۆتەڭلەردە يېتىپ كەلدىم .
غەم ـ قايغۇغا پېتىپ كەلدىم ،
ئاجايىپتۇر بۇ يوللىرى .

ھاكچى دەرۋازىنى ئېچىپ ،
تىزىمغىچە پانقاق كېچىپ .
ئەتراپىغا لاينى چېچىپ ،
قەدەم قويدۇم شەھەرسىرى .

سەنشىخاڭزا ، پەنتەيخاڭزا ،
ئىمارەتلەر ياڭزا ـ ياڭزا .
بەزىلىرى ئەسكى پاڭزا ،
ئالامەتتۇر كوچىلىرى ...

— موللا ناسىر قەشقەرى

# 1

ئۈرۈمچىدە ئالتۇن كۈز باشلانغان كۈنلەر ئىدى. ئەتراپ خۇددى ئالا - بۇلىماچ سېرىق ئەتلەس يېيىلغاندەك كۆرۈنەتتى. ياپراقلىرى تىللا رەڭگىنى ئېلىشقا باشلىغان دەل - دەرەخلەر گوياكى ئالتۇن سىرغا، ئالتۇن زىرىلەرنى سالغان مۇلايىم موماي، لەۋەن چوكان، جۇۋانلارنى ئەسلەتسە، ئېگىز ۋە سۆلەتلىك بوغدا تېغى بەئەينى ئاق تېرىدىن تۇماق كىيگەن سۇمباتلىق ئەمگەكچى بوۋاينى ئەسكە چۈشۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان يوغان ۋە كۆركەم سۈزۈك ئاق بۇلۇت بولسا، خۇددى بېشىغا ئاق شايى رومال ئارتقان ساھىبجامال جانانىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ دالدىسىدىن ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈن رەڭدار نۇرلاردىن ئۈرۈمچى مەنزىرىسىگە ئاجايىپ سىۋىتلەرنى بېرىپ، چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك بۇ شەھەرنى خۇددى گۈزەل دېكوراتسىيىلىك سەنئەت سەھنىسىدەك ھايات قاينىمىنىڭ بىر ئاجايىپ مۇنبىرىگە ئايلاندۇرغانىدى. ئەتىگەندىن تارتىپ چېلىنىشقا باشلىغان داقا - دۇمباقلار، كاناي - سۇنايلار، نەغمە - ناۋالار، ئېگىز ئاسمانلاردا پەرۋاز قىلىپ موللاقلار ئېتىپ يۈرگەن سان - ساناقسىز كەپتەرلەرنىڭ سۈزگەن ئاۋازلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بۇ شەھەرنى گوياكى شاۋقۇنلۇق ھايات دېڭىزىغا ئايلاندۇرغانىدى. ئەنە شۇنداق شاۋقۇنلۇق دەريالاردەك ھەربىر كوچىلاردىن ئاققان ئادەملەر كالوننىسى خۇددى سەل سۈيىدەك لۆمۈلدەپ، ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي باغچىسى بولغان ئۇلانباي قارىياغاچلىقىغا قاراپ ئېقىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باللىرىنى يېتىلىۋالغان، بەزىلىرىنىڭ قولىدا رەڭدار پلاكات ۋە بايراقچىلار تەۋرەپ باراتتى. بۇلار جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قىسىملىرىنى قارشى ئېلىش ۋە كۆرۈش ئۈ-

چۈن كېتىۋاتقان ئۈرۈمچى جامائىتى ئىدى . ئۇلار ئۇچتاش تېغىدىن تارتىپ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتارلىشىپ تۇراتتى ، چاۋاكلار چالاتتى . بۇ چاۋاك ۋە چۇقانلارغا تامغا تاشلاپ بىرىدىن شۇنداق سۈرلۈك بىر ئەكس سادا كېلىپ قوشۇلاتتىكى ، ئېرىقتىن ئاتتىپ تاملىرى قاندىن پۈتكەن ، جىرا ۋە غارلىرى ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن تولغان بۇ شەھەرنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا يېغىلىپ قالغان ئەرز - ھالىدىن شىپەتلار شىكايىتى داد - پەرياد كۆتۈرۈۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى .

مانا ، چۇقانلارنى ، قايناق چاۋاكلارنى ئارىلاپ «سەككىز دىقەت » مارشىنى ياڭرىتىپ ، ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى ئۈرۈمچىگە كىرىپ كەلمەكتە ئىدى . ئادەتلىرىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدا باشلامچى بولۇپ ، ئاۋازلىرى ساز ۋە گۈزەل «قىزلار ئەترىتى» ماڭغانىدى . تاپشۇرۇق بويىچە «بىرىنچى ئاۋغۇست» ناملىق بايراقنى لەپىلدىتىپ سەپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى زىبا قامەت «شىنجاڭ قىزى» گۈلقىز ئىدى . چاۋاك - چۇقانلار ئۈزۈلمەي قايناپ باراتتى . ئاخىرىدا تانكا ، برونېۋىك ، زەمبىرەك قاتارلىق ئېغىر قوراللار قىسىملىرى كېلىپ توپنىڭ چېتىدە توختىدى . ئۇلار تۆمۈر قالپاقلىرىنى پارقىرىتىپ ئۆز ئەسلىھەلىرىدىن چۈشمەكتە ؛ كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكتە ۋە كىشىلەرنىڭ باللىرىنى باشلىرىدىن ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ ، تانكا ، ماشىنىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزماقتا ئىدى . ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ ، تۇتام - تۇتام كەمپۈت ، پىرەنىكلەرنىمۇ تۇتقۇزۇشاتتى . تەنتەنە دولقۇنى ئۈرۈمچىنى تولدۇرۇپ ھەر يانلارغا يامراپ باراتتى . «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» بولغان شىنجاڭ مىللەتلەر تىياترىنىڭ تاماشىسىنى كۆرگەن ھەربىيلەر شادلىققا تولماقتا ئىدى . ئۇلار ئاشۇنداق شاۋقۇنلار ئىچىدە ئۈرۈمچى باغرىغا كىرىپ باراتتى .

كېيىنكى كۈنلەرنىڭ سۈزۈك ئاپتاپلىق بىر ئەتىگىنى ئىدى .

پۈتۈن ئۈرۈمچى ئەھلى ئەر ـ ئايال ، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق سەلدەك تەۋرىنىپ ، شىمالىي كوچىلارنى بويلاپ ، غۇلجا يولىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى . ئۇلار ئاتىقىنى ئاڭلاپ كۆز ۋە كۆڭۈللىرى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۈرۈمچىگە كىرىدىغان قىسىملىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ماڭغانلار ئىدى . توپ يىقىلغانتاشتىن تاكى «نۇرباغ» ئالدىلىرىغىچە يولنىڭ قاسناقلىرىدا ، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا ، ئۆگزە ۋە تاملاردا سانجاق ـ سانجاق بولۇپ ، غۇلجا يولىغا قاراپ تۇرۇشاتتى . غۇلجا يولىدىن بىرەر ماشىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنسە يا ئاۋازى ئاڭلانسا «ئەنە… ئەنە… كەلدى… كەلدى… » دېيىشىپ پاتىپاراق بولۇشاتتى . كۆن كۆتۈرۈلۈپ ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى تەكشى يورۇتماقتا ئىدى . ئالدىيىشىل كەپتەرلەر سۈزۈك ئاسمانغا گۈل چەككەندەك ئويناپ يۈرەتتى . ئادەملەر ئارىسىدىن «قاچان كېلىدىكىنا ؟ … » «كەلسىمۇ پاتراق كەلسىكەن … » دېگەن ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

«كەلدى… كەلدى… ھاي… توختا ، مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ ، توختا ، ماڭما… ئىتتەرمىسەڭچۇ » دېگەندەك ئاۋازلار كۆچىيىشكە باشلىدى .

مىللىي ئارمىيە — جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بەشىنچى كورپۇس قىسىملىرى بويسىرى قىلىنغان ، ھەممىسى ئوخشاش فورمىدا ماش رەڭ دىگىنال تېرىدىكىدىن شىيرىتما شىم ـ پەشمەت ، باشلىرىغا شۇ رەڭدە قىرلىق قالپاق ، پۇتلىرىغا قىسقا قونچلۇق بىغىر رەڭ چىگرىن ئۆتۈك كىيگەن جەڭگىۋار قوشۇن جاسارەت مارشىنى ياڭرىتىپ ، يولنىڭ تاشلىرىدا بالقىغان قۇياش نۇرلىرىنى كېچىپ ماتانەت بىلەن كىرىپ كەلمەكتە ئىدى . بۇ چاغدا قىيامىغا يەتكەن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ئۇلارنىڭ باشلىرىدا لەپىلدەپ «بىرىنچى ئاۋغۇست» بايرىقىنىڭ يۇلتۇزلىرىدا ، رەڭدار پاگونلاردا ، مېدالللاردا ، مىلتىق ، پىلىموت ، ئاپتو-

مات ۋە گراناتلاردا شولا چاقنىتىپ ، كۆزلەرنى قاماشتۇرماقتا ئىدى . ئالقىشلار ، ئامىنلار… ناخشا ـ ناۋا ، داقا ـ دۇمباق ئاۋازلىرى ۋە يىغا ـ زارلار قوشۇلۇپ بۈگۈنكى ئۈرۈمچى مۇھە-تىنى ئاجايىپ جاسارەت سىمفونىيىسىنىڭ كەڭ سەھنىسىگە ئايلاندۇرغانىدى . مانا شۇ شاۋقۇنلار مۇھىتىنى ئارىلاپ شائىر مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتاقلىق شىخو ئاتقۇچى پولكى (قىرغىنچى پولك ) يۇقىرى هاياجان بىلەن ئۈرۈمچى قويىنىغا كىرىپ باراتتى .

ئۇلارنىڭ پەلەكلەرگە پەرۋاز قىلغان جاسارەت ساداسى ھەر-يان ـ ھەريانلارغا يامراپ باراتتى :

كۈچلۈك قوللاردا قۇدرەتلىك قورال ،
گاڭغا ئايلاندى مۇشتۇملارىمىز . . .①

شۇنداق قىلىپ ، ئىككى جەڭگىۋار قىسىم چەكسىز شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

شۇنىڭدىن تارتىپ ، گومىنداڭنىڭ قانلىق بايرىقى يۇلۇپ تاشلىنىپ ، ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقى جەۋلان قىلىشقا باشلىدى .

## 2

كۆكۈللۈك بىر ئەتىگەن ئىدى . كۈزنىڭ شوخ شامىلى يۈز ـ كۆزنى يالاپ ئۆتەتتى . ئۇۋۇلىرىدىن ئۇچقان سان ـ ساناق-سىز ياۋا كەپتەرلەر بىلەن قاغىلار قاقىلدىشىپ توپ ـ توپ بولۇپ ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا ھەريان ـ ھەريانلارغا كېتىپ باراتتى . قەيەر-

① تېكىستنىڭ ئاپتورى — مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېرى ، مەرھۇم شائىر زەينىدىن سالىھ «بىغ» ئىدى .

لەردىدۇر ھاۋشىغان ئىتلارنىڭ ئۈنى ، ماشىنىلارنىڭ سىگنال ۋە گۈركىرەشلىرى ئاڭلىناتتى ۋە قەيەرلەردىدۇر ئەتىگەنلىك مەشىق-تىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئۈنلۈك ساناشلىرى كېلەتتى . ئۈرۈمچى ئۆزىنىڭ ئەتىگەنلىك ئىشلىرىنى ئەنە شۇنداق باشلىماقتا ئىدى .

ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىگە بەلگى-لەنگەن قىسىملىرى ئۈرۈمچىنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق بىر ئەتىگى-نىدە جاسارەت مارشلىرىنى ياڭرىتىپ ، ئۆز مەنزىللىرىگە يۈرۈپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# تۆتىنچى باب

# ئاقسۇ ئاخشىمى

بۇلۇتلار ئارىلاپ چاقماقلار چاقار،
يىراقتا شاۋقۇنلۇق مۇزات قىيانى.
تاغلاردىن تاشلارغا تەلمۈرۈپ باقار،
تىيانشان باغرىنىڭ ساھىبقىرانى...

## 1

ئاخشامدىن بېرى ئاقسۇ ئاسمىنىنى قاپلاپ تۇرغان قات - قات بۇلۇتلار تاڭ بىلەن تەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. تۈن بويى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئېتىلىپ تۇرغان مىلتىق ۋە پىلىموت ئاۋازلىرىمۇ بارغانسېرى ئازلىماقتا ئىدى. ھېسابسىز ئىتلارنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن قاۋاشلىرى قاراڭغۇ كوچىلارغا سۈرلۈك تۈس بېرەتتى. قەيەرلەردىندۇر ھارۋىنىڭ ئاچچىق غىچىرلاشلىرىغا ئاھاڭداش ناخشا ئاۋازى كېلەتتى. تۇيۇقسىز گۈمبۈرلەپ ئېتىلغان زەمبىرەك ساداسى ئاسمانۇ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، تاغۇ تاشلارنى تىترىتىپ، ھەرياقلارغا كەتتى. ئۇخلاۋاتقان ئادەملەرنىڭمۇ تولىسى ئويغىنىپ كەتتى. پاختىلىق تۇجۇركىسىنى يېپىنىپ، يوتقىنىغا پۇتىنى تىقىپ ئاسما چىراغ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، دەپتىرىنى تىزىغا قويۇپ خاتىرە يېزىۋاتقان بەيخۇامۇ بىردىنلا شۈركۈنۈپ كەتتى. ئىلدام كۆز ئاچقان لى شۈيىڭ

سورىدى :
— نېمە ؟... يەر تەۋرىدىمۇ ؟
— ياق... زەمبىرەك ئېتىلدى ، — ئاستا جاۋاب بەردى بەيخۇا . ئاڭغىچە ئۇ تەرەپتە ياتقان گۈيخۇامۇ ئاستا قىمىرلاپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى . ئىككى باشلىق ئاستا سۆزلەشمەكتە ئىدى .
— نېمىلەرنى يازدىڭ ؟ تۇنۇگۈنكى ۋەقەلەرنىمۇ ؟
— ھەئە .
— ئوبدان قىپسەن ، خاتىرە بولۇپ قالسۇن !
بەيخۇا بېشىنى كۆتۈرمەي خاتىرە يازماقتا ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ نېمىلەرنىدۇر ئويلىماقتا ئىدى . ئۇ قەلەم قىستۇرۇلغان قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ ، جەينىكىنى دەپتەرگە تىرەپ ئولتۇرۇپ لى شۈيىڭدىن سورىدى :
— بىز كەلگەندىن بۇيانمۇ بۇ يەردىكى گومىنداڭچىلارنىڭ يامان ئەلپازى ھېچ پەسلىمەيۋاتىدۇ ، ئۇلار تەسلىم بولغانلار تۇرسا ، نېمىشقا بىز ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ئەسكىلىكلىرىگە يەنىلا يول قويۇپ بېرىدىكەنمىز ؟...
چېدىرنىڭ تورۇسىغا تىكىلىپ نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ ياتقان لى شۈيىڭ بىردىنلا بەيخۇا تەرەپكە ئۆرۈلدى ـ دە ، يەنىلا بوش ئاۋازدا سۆزلىدى :
— ئىلى ئارمىيىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتىدىكەنمىز .
— ھېلىقى بىز ئۇرۇمچىدە كۆرگەن ئىلى ئارمىيىسى كېلەمدىكەن ؟
— ياق ، ئۇلارنىڭ بۆلەك قىسىملىرى كېلىدىكەن ، بىزگە قوشۇلىدىكەن . شۇ چاغدا بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ ، ئاندىن بىز ئىلى ئارمىيىسىنىڭ قەشقەرگە بارىدىغان قىسىملىرى بىللە قەشقەرگە بارىدىكەنمىز .
— ئۇلارمۇ ئۇرۇمچى ئارقىلىق كېلەمدىغاندۇر ؟

— ياق ، تاغدىن ئېشىپ كېلىدىغان يول بار دېيىدۇ ، شۇ يول بىلەن كېلىدىكەن .

— قاچان كېلىدىغاندۇر ؟

— مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كېلىدىغان ئوخشايدۇ…

مىزگان ئاۋازى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈۋەتتى . ھەممە-لەن ئىلدام كىيىنىشكە كىرىشتى . كۆپ ئۆتمەيلا ئەتراپتىن يۈ-گۈرۈش ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . ئاندىن ئادەت بويىچە ئەتى-گەنلىك بىر سائەت سىياسىي ئۆگىنىش باشلاندى .

چايدىن كېيىن ئازادلىق ئارمىيە جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى ئەر - ئايال ئومۇمىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ، سېۋەت - سايمان-لىرىنى ئېلىپ ئەتراپنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ هويلا - ئاراملىرى-نى تازىلاش ئۈچۈن كوچىلارغا يۈرۈپ كەتتى .

## 2

ئاقسۇ — گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە قارشى تاللانغان ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ ئۇۋىسى ، دەھشەتلەرنىڭ دو-زىخى ئىدى . «تەلەمەت دەستى» ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دەھشەت-لىرىنىڭ خاراكتېرلىك ۋە تىپىك مىسالى بولاتتى .

گومىنداڭچىلار تاغ ئىچىدە «تەلەمەت قورغىنى قۇرۇش» ئۈچۈن ئالۋان - ياساق ، سەيسە - سېلىق دېگەننى ئىتتىنىڭ نۆكى-دەك كۆپەيتىۋەتكەنىدى . بۇ سەيسە - سېلىقنى بەگ - بوجاڭ بولغان ئەبلەخلەر تېخىمۇ ئاۋۇتۇپ ، بىرنى يۈز ، ھەتتا مىڭ قىلىپ يۇقىراغا چىچىپ ئۆزلىرىمۇ بېيىماقتا ئىدى . ئۇلار بىگۇناھ كىشىلەرنى خوجايىنلىرىغا چېقىشتۇرۇپ تۇرغۇزاتتى ، تۈرمىلەر-دە تۇرغۇزاتتى ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپمۇ ئېتەتتى . ئەھۋال ئالۋان ئۈ-چۈن ھەتتا بالىلىرىنى سېتىشقا قەدەر بېرىپ يەتكەنىدى . تەلەمەت-كە كەتكەنلەردە «بېرىش بار ، يېنىش يوق…» ئىدى . ئەمگەكچى

خەلق ئۆزىنىڭ پىغانۇ پەريادىنى «تەلەمەت دەستى» ھەققىدە توقۇ-
غان قوشاقلىرى ئارقىلىق ئىزھار قىلماقتا ئىدى:

تەلەمەتكە كەتكەنلەر،
قايتىپ ئۆيگە كېلەرمۇ؟
جاندىن ئەزىز باللارنى،
كۆزلەر يەنە كۆرەرمۇ؟!...

تەلەمەتنىڭ يولىدا،
يېغىر بولدى تاپانلار.
كېچە ـ كۈندۈز تاش يۇدۇپ،
قانغا چۆمدى چاپانلار...

تەلەمەتنى تولدۇردى،
ئۆلگەنلەرنىڭ قەبرىسى.
بىز ئۆلگەندە تۈگەرمۇ،
زالىملارنىڭ جەبرىسى؟...

شۇنداق قىلىپ ئاقسۇ ئاپەتلەرنىڭ، دەھشەتلەرنىڭ دوزىخى-
غا، پاسكىنىچىلىق، مەينەتچىلىك، ئەسكىلىكلەرنىڭ ئەۋرىزىگە
ئايلانغانىدى. ئەخلەتلەرنى نەچچە كۈنلەپ توشۇپمۇ تۈگىتەلمىگەن
ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇگۈن ئومۇمىي سەپەرۋەرلىككە
كېلىپ، ئائىلىلىكلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقىغا جىددىي جەڭ باشلى-
غانىدى. ئۇلار تەرلەپ ـ تەپچىرەپ يوغان سىۋەت ۋە زەمبىللەرنى
كۆتۈرۈپ بىرىشاتتى. باركاللا ئوقۇغان خەلق بولسا، مېۋە ـ
چېۋىلەرنى، چۆگۈنلەپ چاي، داستىخانلاپ نانلارنى كەلتۈرەتتى.
جەڭچىلەر كۈلۈپ، بارماقلىرىنى چىقىرىپ رەھمەت ئېيتىپ، ئۇ
نەرسىلەرنى ئالغىلى يا يېگىلى ئۇنىمايتتى، يېگەن تەقدىردىمۇ
پۇل تەڭلەپ تۇرۇۋالاتتى.

## 3

بەشىنچى كورپۇس جەڭچىلىرىنىڭ بۈگۈن ئاقسۇغا چۈشىدى-غانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر ئاخشامدىن بۇيان پۈتۈن شەھەر-گە پۇر كەتكەنىدى . ئەتىگەندىن تارتىپلا ئاممىۋى ھەرىكەت باشلى-نىپ كەتتى . جەڭچىلەرگە ئەگەشكەن ئاما خۇددى نەچچە كۈن ئىلگىرى ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئېلىشقا چىققانلىرىدەك قى-زىل پلاكات ۋە كىچىك بايراقچىلارنى كۆتۈرگەن ھالدا بەشىنچى كورپۇس جەڭچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى جام يولىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى . كەڭ ئاما ئۆز مەنزىلگاھىدا — يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتار تۇراتتى . ئۇلارنى كۆرگەن بەشىنچى كورپۇس ئون ئۈچىنچى دىۋىزىيە قىسىملىرى نېرىدىنلا توختاپ ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن كەلمەكتە ئىدى . ئالقىش سادالىرى قايناپ باراتتى . «خەلق ئازاد-لىق ئارمىيىمىز بىلەن مىللىي ئارمىيە خۇددى ئۇزاق يىل كۆرۈ-شەلمىگەن قېرىنداشلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى… »

## 4

زىياپەت زالى ياخشى بېزەلگەنىدى . بۇ ئاقسۇدا قېلىۋاتقان قىسىملار بىلەن قەشقەرگە كېتىۋاتقان قىسىملارنىڭ خوشلىشىش زىياپىتى ، يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئازادلىق ئارمىيە قىسىم-لىرى بىلەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشى ئىدى . ئولتۇرۇش ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆت-مەكتە ئىدى . ئىككى تەرەپ بىر - بىرىدىن ناخشا ، ئۇسسۇل ، قىزىق ئويۇن ، شېئىر ، دېكلاماتسىيىلەرنى تەكرار - تەكرار تەلەپ قىلىشاتتى . مىللىي ئارمىيە تەرەپتىن قىزىل پاگونلۇق بىر يىگىتنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ناخشىنى ناھايىتى يۇقىرى ماھا-



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

رەت بىلەن ئورۇندىشى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى . ئۇنىڭ ئاجا-يىپ ناخشىسىغا ، نۇر يېغىپ تۇرغان يۈز ـ كۆزلىرىگە باياتىن بارلىق ئېتىبارىنى ئاتاپ ئولتۇرغان ۋاڭ دەيچۇەن ئۇ يىگىت بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى . ئۇ سۆزىنىڭ نۆۋىتىدە :

— جەڭچىلىرىمىزنىڭ قاتارىدا قەشقەر قىزىدىن بىرى بار ، — دېدى . بۇنى ئاڭلىغان يىگىت ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك تەكرار سورىدى .

— ئۇ ھەقتە ئاۋۇ قىز تازا تەپسىلىي بىلىدۇ . ئۇ ، شۇ قىزنىڭ باشلىقى ، — دېدى ۋاڭ دەيچۇەن نېرىراقتا ئولتۇرغان لى شۇيىڭنى كۆرسىتىپ .

تانسا باشلاندى . قىزىل پاگونلۇق يىگىت بايا ۋاڭ دەيچۇەن كۆرسىتىپ قويغان قىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى . تانسا ئارىلى-قىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدىمۇ يىگىت ئاشۇ قىزغا يانداش ئولتۇر-دى . ئىككىسى ئارىلاپ سۆزلەشمەكتە ئىدى . ئەتراپتىن تىكىلگەن كۆزلەرنىڭ جىلۋىسىنى پەملىگەن چېچەن قىز لى شۇيىڭ ياش يىگىت بىلەن يالغۇز سۆزلىشىشنى بىئەپ كۆردى ـ دە ، نېرىراقتا ئولتۇرغان بەيخۇانى شەرەتلەپ قىچقىرىۋالدى . ئىككى قىز ئۇ يىگىتنى ئارىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ ، بەخىرامان سۆزلىشىشكە باش-لىدى . لى شۇيىڭ ئالدى بىلەن بەيخۇانى تونۇشتۇرۇپ :

— بۇ بىزنىڭ شائىر قىزىمىز بەيخۇا ، قىزلار يىڭى بىرىنچى لىيەننىڭ سىياسىي كومىسسارى ، — دېۋىدى ، بەيخۇا قىزىرىپ ۋە ھاياجانلىنىپ كەتتى .

— ياخشى… ناھايىتى ياخشى ، — دېدى يىگىت ۋە بەيخۇا بىلەن يېڭىباشتىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . يىگىت لى شۇيىڭ-دىن ، — سىزنىڭ ئۆزىڭىزچۇ ؟ — دەپ سورىۋىدى . ئۇ :

— مەن بولسام قىزلار خىزمىتىگە ۋاقىتلىق مەسئۇل-مەن ، — دەپ ئاددىيلا جاۋاب بەردى . ئارىغا بىرئاز جىمجىتلىق چۈشتى . لى شۇيىڭ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ :

— سىز خەنزۇچىنى بەكمۇ راۋان سۆزلەيدىكەنسىز ، — دېۋېدى ، يىگىت كۈلۈپ قويدى .
— ئىسمىڭىز نېمە ؟ — لى شۈيىڭ يەنە ئاستا سورىدى .
— ئۇيغۇرچە ئىسمىم ئابدۇراخمان ، خەنزۇچە ئىسمىم «ئالاجەن-شىڭ» ، — دەپ جاۋاب بەردى قىزىل پاگونلۇق يىگىت .
— بىزنىڭ قوشۇنىمىزدىمۇ بىر ئۇيغۇر قىزى بار ، — دېدى بەيخۇا يىگىتكە قاراپ ، — ئىچكىرىدىن ئەكەلدۇق…
— ھە ؟… نېمە ؟… ئۇيغۇر قىزنى ئىچكىرىدىن ئەكەلدۇق دەمسىزا ؟
— ھەئە ، ئۆزى قەشقەر قىزى ، ئىسمى گۈيخۇا ، بەكمۇ ئەقىللىق ، بەكمۇ چىرايلىق ، — دېدى بەيخۇا .
— گۈيخۇا ؟
— ھەئە ، ئىسمى گۈيخۇا .
بۇ سۆز يىگىتكە بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى .
— ئۇ قىز ھازىر قەيەردە ؟ — سورىدى ئۇ .
— ياتاقتا ، قىزلارنىڭ قاتارىدا … — دېدى لى شۈيىڭ .
— ئۇ قىزنى بىر كۆرسەم بوپتىكەن ، — دېدى ئابدۇراخمان .
— بولىدۇ .
— قاچان ؟
— ھازىر بارساقمۇ بولىدۇ ، — دېدى لى شۈيىڭ . ئەھۋالنى باشلىقلارغا بىلدۈرۈپ قويۇپ ، ئىككى قىز ئابدۇراخماننى باشلاپ ئىلدام چىقىپ كەتتى .
ئۇلار كەلگەندە گۈيخۇا چېدىر دېرىزىسى تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئاق دەپتەرگە خەنزۇچە ئېروگلىفلارنى ئىرماش - چىرماش يې-زىپ ، دەرس تەكرارلىماقتا ئىدى .
— ساڭا ئاكا تېپىپ كەلدۇق ، — دېدى ئىشىكتىن كىرىۋې-تىپ بەيخۇا .

قايرىلىپ قارىغان قىز قىزىرىپ ۋە ھودۇقۇپ ئورنىدىن تىك تۇردى . لى شۇيىڭ كۈلۈپ :

— مۇشۇ قىز شۇ ، — دېدى . ئۇلار كۆرۈشتى ۋە ئولتۇ- رۇشتى .

— ئۇيغۇر قىزىمۇ سىز ؟ — سورىدى يىگىت .

— ھەئە ، — قىز جاۋاب بەردى - دە ، پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى .

— ماۋۇلار سىزنى ئىچكىرىدىن تېپىۋېلىپ بىللە ئەكېلىۋا- تىمىز دەيدۇ ، راستمۇ ؟

— راست ، — دېدى قىزمۇ ئۇيغۇرچىلاپ .

— ئۇ يەرلەرگە قانداقلارچە بېرىپ قالغانسىز ؟

قىز ئۇيغۇرچىدە سەل قىينىلىۋىدى ، دەرھال تۇيغان يىگىت :

— مەيلى خەنزۇچە سۆزلەۋېرىڭ ، مەنمۇ خەنزۇچىنى بىلى- مەن ، — دېدى .

ئەمدى تۇتىدەك تىلغا كىرگەن قىز سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىمىزغا مەلۇملۇق بولغان ئاجا- يىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ، ئاچچىق ئۇھ تارتقان يىگىت ئاخىرىدا :

— سىزنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمىڭىز نېمىدى ؟ — دەپ سورىدى .

— گۈلقىز ، — دېدى ئۇ .

— ھە ؟ نېمە ؟ گۈلقىز ؟

— ئەسلىي ئىسمىم گۈلقىز ئىدى ، — دېدى قىز مەيۈسانە بىر قىياپەتتە بىر تۇرلۇك ئۇلۇغ - كىچىك تىندى .

— ئاتا - ئانىڭىز بارمىدى ؟

— بار ئىدى .

— ئۇلارنىڭ ئاتلىرى نېمىدى ؟

— دادامنىڭ ئىسمى مۆمىنئاخۇن ، ئانامنىڭ ئىسمى ھەمراخان .

— ھە؟ نېمە؟ — يىگىتنىڭ كۆزلىرى كېڭىيىشكە، تەنلىرى تىترەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى زورغا تۇتۇپ يەنە داۋام قىلدى، — ئاتا - ئانىڭىزنىڭ سىزدىن بۆلەك بالىسى بارمىدى؟

قىز تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. «ياق» دېيىشكە تەييار بولدى، يەنە توختىتىۋېلىپ ئاستا سۆزلىدى:

— بىر ئاكام بار ئىدى، مەن كىچىك چاغدا ئاكامنى مۇشۇ مەت ئۇرۇمچىدە ئوقۇتىمىز دەپ ئەكەتكەن. كېيىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ ئالتاي ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئاكامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتا - ئانام يىغلاپ - قاقشاپ ئۇنىڭ نەزىرىسىنى قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن مۇنداق بولدۇم، بىچارە ئانام نېمە بولدىكىن، — قىز ئەمدى گەپ قىلالمىدى. يىگىت مۇڭلۇق بىر ئاھاڭدا تىترەپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئاكىڭىزنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟ ئىسمى نېمىدى؟

— ئاكامنىڭ ئىسمىنى نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن؟ — دېدى قىز قىزىل پاگونلۇق يىگىتكە ياش تولغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلگىنىچە تىك تۇرۇپ، — ئاكامنىڭ ئىسمى ئابدۇراخمان ئىدى.

— ئاھ ... — دېدى يىگىت قاتتىق ۋارقىرىغان پېتى قىزنى باغرىغا بېسىپ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى. باياتىن ئەجەبلىنىپ ئولتۇرغان قىزلار تېخىمۇ ھەيران بولماقتا، تېڭىرقىماقتا ئىدى. يىگىت ھۆڭرەپ تۇرۇپ، — گۈلقىز سىڭلىم... سىڭلىم... ئاكاڭ ئابدۇراخمان مەن، — دېدى.

— ئاكا ... — دەپ ئابدۇراخماننىڭ بوينىغا گىرە سالدى گۈلقىز.

گۈلقىز ھوشىدىن كەتتى. ئاكىسى ۋە سەپداشلىرى ئۇنى قۇچاقلاپ يۆلىۋالدى.

بۇرۇن بۇنداق ھالنى كىنو ۋە كىتابلاردىلا كۆرگەن؛ ھېكايە - چۆچەكلەردىلا ئاڭلىغان قىزلار ئەمدى بۇ ئەھۋال ئالدىدا نېمە قىلارنى بىلمەي ھودۇقۇشماقتا ئىدى. بەيخۇا گۈلقىزنىڭ



www.uyghurkitap.com

مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ ، چاچلىرىنى سىلاپ ئۆپكىدەپ يىغلايد-
تى . شۇنداق قىلىپ ، يوغان چېدىر بىر هازاغىچە يىغا - زارىنىڭ
مۇڭلۇق مۇھىتىغا ئايلىنىپ كەتتى . كېيىن ئۇلار ئابدۇراخمان
بىلەن گۈلقىزنى قول - قولتۇقلىرىدىن تۇتقان پېتى باشلىقلار
ئالدىغا ئەكەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب

# ئەزىزانە قەشقەر

ئىشىكىڭنى ئاچ ، جان ئانا ،
مۇساپىر بالىلىرىڭ كەلدى ...

— خەلق قوشىقى

### 1

قەشقەر قۇببىسىدە ناغرىلار ياڭرىماقتا ، سامالار قىزىماقتا ئىدى . ئۇ يەردىكى قىزغىن كەيپىيات ھەممە يەردىكىدىن ئالاھىدە ئىدى . ھېيتگاھ مەيدانى — ھېيت مەيدانى ، مەئىشەت مەيدانىغا ئايلانغانىدى . مەيداننى بويلاپ ۋە ئارىلاپ تىزىلىپ كەتكەن ئەنجۈر ، ئانار ، ئۈزۈم ، ئامۇت ، شاپتۇل ، قوغۇن - تاۋۇز ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈمەن مېۋە - چېۋىلەرنىڭ پۇراقلىرى كۆڭۈللەرنى مەھلىيا قىلاتتى . قەشقەر كىشىلەرنىڭ روھىي تەسەۋۋۇرىدىكى بېھىشتەكلا بىلىنەتتى . دېمىسىمۇ بۇ شېرىنلىكلەر قەشقەرنىڭ بېھىشى بولغان بەشكېرەم ، نەزەرباغ ، قوغان ، ئاۋات ، يېڭىئۆستەڭ ، ئاراباغلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ ، قەشقەرنىڭ قۇدرىتىنى ، زىنىنىتىنى ، ھۆسنى ، ھالاۋىتىنى نامايىش قىلاتتى .

قەشقەر ئۆزىگە ئازادلىق ئەكەلگەن ئارمىينى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق قىزغىن كەيپىياتى ، قاينام - تاشقىنلىقى ، باياشاتلىقى

ۋە بارلىقى بىلەن — ئۆزىگە خاس مەردانىلىكى بىلەن كۆتۈۋالدى .
قەشقەر باللىرى ئابدۇراخمان بىلەن گۇلقىز ئاخشامدىن بۇيان ئانا شەھىرىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن باغرى قانغۇدەك بەھرىمەن بولۇپ يۈرسىمۇ ، لېكىن ئابدۇراخماننىڭ مەسئۇللۇقى ئارامىنى ئالدىراشلىققا چۆمدۈرۈپ باراتتى . ۋاڭ دەيچۈەن ۋە لى شۈيىڭلار-نىڭ : «ئوبدان ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن بىزمۇ بىللە چىقىمىز ، مەخسۇس ماشىنا بىلەن ئاچىقىمىز » دېگەن مەسلىھەت-لىرىمۇ مۇۋاپىق كۆرۈلمەكتە ئىدى . شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا خەلقنىڭ ئاممىۋى ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىپ كېتىشى ئۇلارنىڭ ئىشىنى يەنە كېچىكتۈردى . پۈتۈن قەشقەر ئاھالىسى چۇقان سېلىپ ئۆزلىرى-نىڭ گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن كىشىلى-رىنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىنى سۈرۈشتۈرمەكتە ئىدى . ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ماسلاشقان ئارمىيە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىككە كەلدى . گومىنداڭ قاراڭچىلىرىنىڭ قان ئىچەر قاتىللىرى ، ساقچى ژاندا-رمىلىرى ، جاسۇس ، پايلاقچى ، ساتقۇن يالاقچىلىرى رېجىم ئاستىدا ئىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتـ-كەنلەر جىنايەتلىرىگە توۋا قىلىپ خەلق تەرىپىگە ئۆتكەنلەر ، ئادالەت ئالدىدا باش ئېگىپ ، قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئاشكارى-لىماقتا ئىدى .
ئازادلىق ئارمىيە ۋە ئون ئۈچىنچى دىۋىزىيە خەلق ئاممىسى بىلەن ئۆملىشىپ ، گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قۇشخانىلىرىنى ، جەسەت ئازگاللىرىنى ، زىندانلىرىنى تەشكىل-لىك ھالدا بىر تەرەپ قىلماقتا ئىدى . ئاقىۋەتتە ئاتمىش تاۋۇتقا قاچىلانغان جەسەت ئۇستىخانلىرى ھېيتگاھ مەيدانىغا كەلتۈرۈ-لۈپ ، ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى . ئاپئاق يوپۇقلار يېپىلغان قاتار تاۋۇتلارنى يىغا - زار بىلەن ئېلىپ ماڭغاندا قەشقەر شەھە-رى چەكسىز ماتەم مۇڭىغا چۆمگەنىدى .

www.uyghurkitap.com

## 2

شەھەر كوچىلىرى ۋە ھېيتگاھ مەيدانى ھېيۋەتلىك ۋە سۈر-لۈك بىر ئەتىگەنــى كۆردى . كوچىلاردا ۋە دوقمۇش ـ دوقمۇش-لاردا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن ئازادلىق ئارمىيە جەڭ-گىۋارلىرى ئارىلاشما ھالدا قاتار ـ قاتار قاراۋۇلغا تۇرغانىدى . پاكىز سۈپۈرۈپ ، سۇ سېپىلگەن كوچىلاردىكى كۈن نۇرىنى كەچ-كەن كىشىلەر كالونىنىسى ھېيتگاھ مەيدانىغا قاراپ ئېقىشقا باش-لىدى ۋە كۆپ ئۆتمەيلا مەيداننى ئادەملەر قايىنىمىغا ئايلاندۇردى . ئاڭغىچە سەھنىمۇ جانلىنىپ ، مىكروفوندىن جامائەتنى تەرتىپكە چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى . شۇ ئەسنادا ماشىنىلار گۈركىرەپ ئۇپۇر ـ تۇپۇر باشلاندى . ماشىنىدا بىر تۈركۈم قانخور جىنايەت-چىلەر قاتتىق نازارەت ئاستىدا مەيدانغا كەلتۈرۈلگەنىدى .

تۈنۈگۈن خەلقنىڭ بېشىدا قانلىق قىلىچ ئوينانقان جاللاتلار بۈگۈن خەلق ئاممىسىنىڭ ئالدىدا شەرمەندىلەرچە شۈمشىيىپ ، تىترىشىپ تۇراتتى . ئەمگەكچى خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ئۇ ئەبلەخلەرنى لەنەت ئاستىدا قالدۇرماقتا ئىدى . ئادالەت سوتى گومىنداڭنىڭ قانخور ، قاتىل ، جاللاتلىرىدىن ئەللىك تۆت نەپەر باش جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى . بۇنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى چىن كۆڭلىدىن ياڭرىتىپ «ياشىسۇن ئازادلىق» دەپ تەكرار ـ تەكرار توۋلاشتى .

## 3

كونىشەھەردىن غۇيۇلداپ چىقىپ كەلگەن ئىككى ماشىنا ئەتراپلىرى باغ ـ باراقسان بىر مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك كوچىنىڭ ئاغزىدا توختىدى . ئۇنىڭدىن چۈشكەن «ئاجايىپ ئەسكەرلەر»نى كۆرۈشى بىلەن باللار پىڭىلداپ قاچماقتا . چوڭ-

ـلار تېگىرقاپ ، نېرىدا تۇرۇپ ئەيمىنىپ قاراشماقتا ئىدى . ئابدۇ-
راخمانغا ياندىشقان گۇلقىز ، يەنە ئىككى ئوفىتسېر ۋاڭ دەيچۇەن ،
لى شۇيىڭ ، بەيخۇا ۋە ئاپپاراتلىرىنى ئاسقان مۇخبىرلار ئاشۇ
كىچىك كوچىنى كۆزلەپ ماڭدى . بۇ چاغدا شۇ كوچىدىن تەڭنە
كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئېگىز بويلۇق ، يالاڭ ئاياغ ئايال «بۇ ئاجا-
يىپ ئەسكەرلەر »نى كۆرۈپلا ھودۇقۇپ كېتىپ ماڭالماي يا قاچال-
ـماي تۇرۇپ قالدى . ئاڭغىچە بۇ ئايالنى تونۇپ ئۇلگۇرگەن گۇل-
قىز :

— پاتەم ئاچا ، — دەپ يىغا باشلىۋىدى ، چىشسىز ئاغزى
كامار دەك ئېچىلىپ داڭ قېتىپ قالغان پاتەمخان :

— ۋاي ... جان ... —دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ
توپىلىق يولغا ئۆزىنى تاشلىغان پېتى ئىككى پۇتىنى ئۇزۇن
سوزۇپ ئولتۇرۇپلا قالدى . ئۇنىڭ قولتۇقىدىكى تەڭنە داراڭگىدە
چۈشۈپ كەتتى . ئۇ ، بارلىق ئاۋازى بىلەن زارلاپ ، نېمىلەرنىدۇر
دەپ ، قاڭغىر - قاقشاپ يىغلىماقتا ئىدى . ئاڭغىچە گۇلقىز
كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدى . ھېلىغىچە يىغا - زار بىلەن
بولۇپ كەتكەن پاتەمخان ئابدۇراخماننى تونۇپلا نالە - پەريادنىڭ
چوڭىنى باشلىدى .يىغا - زارنى ئاڭلىغان كىشىلەر تەرەپ -
تەرەپتىن يۇگۈرۈشۈپ كېلىۋاتاتتى . كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ، ئىك-
كى بالىنىڭ ئارىسىدا ماڭغان پاتەمخان ئۇنلۇك يىغلاپ باراتتى :

— ھەمرا ئاچا... ھەمرا ئاچا... قايدىسەن ؟ ئامراق بالىلىرىڭ
ئاخىرەتتىن قايتىپ كېلىپتۇ... ئاھ ، ھەسرەت... ئاھ ،
نادامەت...

ئابدۇراخمان بىلەن گۇلقىز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالىبۇرۇن
داغۇ ھەسرەتتە ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ھۆڭ-
رەپ يىغلاشقا باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن يىغىباشتىن ھازا ئېچىل-
دى . بىر ھازاغىچە يىغا - زار توختىمىدى . . تۇغقان ، تونۇشلار
تەرەپ - تەرەپتىن دەۋرەپ كەلمەكتە ئىدى .

پاتەمخاننىڭ قوش تۆۋرۈكلۈك چوڭ ئايۋىنى ئادەمگە لىق تولدى. كەڭ ئەنلىك داستىخان سېلىنىپ، مېۋە-چېۋىلەر، قايماق چايلار قويۇلدى. ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ، چاي ئىچىد- ۋاتقاندا، دەرۋازىدىنلا يىغلاپ كىرگەن چوكاننىڭ زىل ئاۋازى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى.

— ئارزۇگۈل كەلدى... ئارزۇگۈل... — دېيىشتى.

ئارزۇگۈلنىڭ قۇچىقىدا بالا بار ئىدى. ئۇ ئۇقچۇپ كىرگەن- نىچە ئابدۇراخماننىڭ ئالدىغا تاشلىنىپ تازا يىغلىدى. ئابدۇراخ- مان ئارزۇگۈلنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ چېكىلىرىگە يام- غۇردەك ياشلىرىنى ئاققۇزماقتا ئىدى. ئارزۇگۈل ئارقىدىنلا گۈلقىزغا ئۆزىنى ئاتتى.

ئايەتلەر ۋە سەۋر - تەسەللىلەر بىلەن يىغا - زار پەسلىدى. پاراڭلار داۋام قىلماقتا ئىدى. ئابدۇراخمان ئارزۇگۈلگە قاراپ:

— سىزنىڭ بالىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

«سىز...» دېگەننى ئاڭلاش بىلەن لاپپىدە قىزارغان ئارزۇ- گۈل بوش ئاۋازدا:

— ھەئە... — دېدى - دە، ئاستا ئېگىلىپ يەرگە قارىۋالدى.

— ئارزۇگۈل، ئوغلىڭىز ئەجەب چىرايلىق ئىكەنغۇ، ئېتى نېمە؟

— ......

پۇرسەتكە پاتەمخان پەرۋانە بولدى. ئۇ:

— ئېتى ئابدۇراخمان، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا ئارزۇگۈل ئېگىلگەن بېشىنى كۆتۈرمەستىن كۆك كىگىزنىڭ تۇ- كىنى يۇلۇپ، بۇرنىنى مىشىلدىتىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئارىغا بىر ئاز جىمجىتلىق چۈكتى، ئابدۇراخمان بالىنى قولىغا ئالدى. ئۇ بالىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ ۋە ئۆزىدىن نېرى تۇتۇپ بۇ ئوماق ئوغۇلغا زوق بىلەن قارىماقتا ئىدى. ئارزۇگۈل بولسا، يەر

تېگىدىن بۇ ھالغا كۆز تاشلىغاچ ئېسەدەپ يىغلايتتى .

پاتەمخان تاماققا تۇتۇش قىلدى . ئابدۇراخمان سەپداشلىرى بىلەن سۇرەتكە چۈشۈۋېلىشنى پىلانلاپ ئۇلارنى باشلاپ سىرتقا ماڭدى .

ئابدۇراخمان بىلەن گۇلقىزنىڭ تۇغۇلغان ئۆيى — بىزگە تونۇش ئۇجمىلىك ھويلا ھازىر پۈتۈنلەي خانىۋەيران بولغانىدى ، شۇنچە گۈزەل ھويلا كونا كېسەكلەر دۆۋىسى ئاستىدا مۇڭلىنىپ ياتاتتى . ئۆيلەردىن پەقەتلا مەشرىق تەرەپتىكى مورىسى بار بىر تاملا ئۆرۈلمەي قالغانىدى . ئابدۇراخمان ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىزنامە بولۇپ قالغان ئەنە شۇ مۇڭلۇق مورىنى دېكوراتسىيە قىلغان ھالدا سەپداشلىرى بىلەن قاتار تۇردى . ئۇنىڭ سول تەرىپىگە گۇلقىز بىلەن ئارزۇگۇل ۋە باشقا قىزلار ، ئوڭ تەرىپىگە بولسا ، ۋاڭ دەيچۈەن ۋە باشقا ئوفىتسېرلار تىزىلغانىدى . كۆڭۈل ئېكرانىدا رەيھاننىڭ جىلۋىسى ۋە ئەتىلا خەت يېزىشنىڭ ئارزۇسى ئۇرغۇيتتى . ئابدۇراخماننىڭ باغرىدا بولسا ، ئارزۇگۇلنىڭ بالىسى كىچىك ئابدۇراخمان ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇراتتى .

ئاپپاراتنىڭ ئۆتكۈر كۆزى سەپنىڭ چېتىدىكى ئاددىي بىر ئادەمنىمۇ ئۆز ئوبرازى تەركىبىگە سىغدۇرۇپ كېتىشكە تىرىشماقتا ئىدى . ئۇ ، ئاددىيلا ئادەم مۇشۇ ۋەقەلەرنىڭ كاتىپى ، مۇشۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

1954 - يىلى ، ھەربىيدىن كەسىپ ئالمىشىپ ئۈرۈمچىدە مەتبۇئات ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىمدە ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئازاد قىلىپ ئىچكىرىدىن ئەكەلگەن بىر ئۇيغۇر بالىسىنىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپى»دە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۇنى ئىزدەپ باردىم ، ئون توققۇز ياشلاردىكى بۇ بالا ئۇيغۇرچىنى ئەمدىلەتىن ئۆگىنىۋاتقانىكەن ، خەنزۇچىنى بولسا بەكمۇ راۋان سۆزلەيدىكەن . شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلىشىشكە توغرا كەلدى . ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللايوف (كېيىنكى چاغلاردا پارتىيە مەكتىپىنىڭ تەرجىمانى ) ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن يېرىم كۈن سۆھبەتلەشتىم . بۇ چېچەن بالا گومىنداڭ ئوفىتسېرى تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ ئىچكىرىگە ئەكېتىلگەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىدىن خېلى نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى .

1943 - يىل قىشتا ، ئالتاينىڭ مەركىزى سارسۇمبە شەھىرىدە بىر ھەربىي يىگىت بىلەن سۆزلىشىپ قالغانىدىم . ئۇ ، ئۆزىنىڭ قەشقەر بەشكېرەم ئاۋاتتىن ئىكەنلىكى ، «ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى»غا ئالدىنىپ ، ساختا سىياسەتنىڭ دامىغا چۈشۈپ ، ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەندى . ئەسكەردىكى ئادەم ئۇستىخانلىرى بىلەن تولغان ئالتاي تاغلىرىنىڭ ساي - جىرالىرىنى بولسا ، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم .

دېمەككى ، ئازادلىق ئارمىيە ئازاد قىلىپ ، ئىچكىرىدىن ئەكەلگەن ئاشۇ ئۇيغۇر بالىسىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى

مىنىڭ بۇ ۋەقەلەرنى سەپكە تۇرغۇزۇشۇمغا ئاساس بولدى . شۇ ئاساستا مەن بۇ روماننىڭ دەسلەپكى جازىسىنى تىكلىگەن بول- دۇم . ئىشەنچىم كامىلكى ، دوستلارنىڭ مەسلىھەت - مەدەتلىرى ۋە تەنقىد ، پىكىرلىرى ئاساسىدا بۇ روماننى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈ- زۈشتىن ئۈمىدۋارمەن .

1977 - يىل ، شىخو - خاڭگۇڭ
1982 - يىل ، ئۈرۈمچى